شەمس نەۋد ئوسمانى

# ئاھ! بىزمۇ "مۇسۇلمان" مۇ؟

www.uyghuronline.net

ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلغۇچى:

**كامىلجان**

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

شمس نويد عثماني

# وآه!.. هل نحن مسلمون؟

ترجمة: ميركامل كاشغري

مركز الترجمة الأويغورية

www.uyghuronline.net

# مۇندەرىجە

ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە ........ 5
كىرىش سۆز ........ 9
زامانىنى چاقىرىۋاتقان سادا ........ 11
ھالالىغا ھېساب بار، ھارامىغا جازا ........ 15
مۇقەددەس ئارمان ........ 25
ئىماننىڭ ھەيۋىتى ........ 29
www.uyghuronline.net
تاش بىلەن تۇخۇم ........ 37
كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ........ 49
ئىككى تەسۋىر ئىككى كۆز ........ 57
ئاخىرەت تەسەۋۋۇرى ........ 67
يۇرتۋازلىق ........ 77
ئاجايىپ تۇيغۇ ........ 81
"ئىمان" ـ خەتەرگە ئالدىنى قىلىش دېمەكتۇر ........ 87
ئەينەكلەر (1) ........ 95
ئەينەكلەر (2) ........ 101
روھىي گۈزەللىك ........ 107
تەۋرەنمەس ئىمان ........ 113
تەڭداشسىز ھەقىقەت (1) ........ 119
تەڭداشسىز ھەقىقەت (2) ........ 129
مۇقەددەس سۆيگۈ ........ 137
بىزگە ھېچنەرسە ئەمەس، مۇھەممەد كېرەك! ........ 145
بىز ۋە ئۇلار ........ 155
"ئەمىنۇل ئۇممە" ........ 165
ئەڭ سۆيۈملۈك ئىككى تامچە ........ 175
قايىنامدىن قىرغاققىچە ........ 185

"سابىقۇنئەۋۋەلۇن" دىن بولۇشنىڭ پەزىلىتى ........ 195
ھەقىقانىيەت پەرۋانىسى ........ 203
ئۆچمەس قۇياش (1) ........ 221
ئۆچمەس قۇياش (2) ........ 229
ياشلىق ۋە پىداكارلىق ........ 245
پىلىسىرات كۆۋرۈكى ........ 259
ئاشىقانە بەندىچىلىك سەپىرى ........ 271
مۇھەببەتكە مۇھەببەت قىلىش ........ 279

www.uyghuronline.net

## ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە:

بۇ كىتاب ھەققىدە پاكىستان ئوقۇغۇچىلار نەشرىياتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇلھەمىد ئەپەندى، «ناۋادا بۇ كىتابنىڭ ھەر بىر ماقالىسى قەلب، روھىڭىزنى نادامەتلىك ئىغراشلارغا تولدۇرۇپ، كۆزلىرىڭىزدىن ئەلەملىك ياشلارنى قۇيۇۋېتەلمىسە، ئۇ چاغدا گويا ئوت شۇنچە يالقۇنلۇق تۇرۇپمۇ تۆمۈرنى ئېرىتەلمىگەندەك بىر ئەھۋال شەكىللىنىپ قالغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ھېچ بولمىغاندا ئوتنىڭ ھارارەتتىن خالى بولالمايدىغانلىقىنى ئىنكار قىلالايدىغان بىرەر ئەقىل ئىگىسى بولمىسا كېرەك» دەپ باھا بەرگەن بولۇپ، مېنىڭچە كىتابقا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق باھا بەرگىلى بولمىسا كېرەك.

چۈنكى پاكىستانلىق مەشھۇر يازغۇچى شەمسى نەۋىد ئوسمانى قۇلىڭىزدىكى بۇ كىتابنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن ساق 10 يىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ساھابە كىراملاردىن ئىبارەت ئىسلام ئاسمىنىدىكى ئۇلۇغۋار چولپانلارنىڭ مىسلىسىز ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدىنمۇ بەكرەك، ئىچكى روھىيەت دۇنياسىنى، تەپەككۇر ئەندىزىنى، دىن ۋە دۇنيا قاراشلىرىنى تېمىلاشتۇرۇپ ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بېرىشكە قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەن. ساھابە كىراملارنىڭ ۋەقەلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەينى چاغدىكى ئوي، خىيالىنى ئىسلامنىڭ تۇپ روھىغا ئۇيغۇن شەكىلدە ئىمكان يار بەرگەن يەرگىچە تەتقىق قىلىپ جانلىق بايان قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە قىممەتلىك ئەمگەكلەرنى سىڭدۈرگەن. ئۇلارنىڭ تارىخنى ئەنئەنىۋى شەكىلدە تارىخىي ۋەقە سۈپىتىدىلا بايان قىلىپ، پۇچەك ھۆججەتلەر دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويماستىن، بەلكى ئۆزگىچە يېڭى بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن تارىخنى يەكۈنلەپ، ئىنتايىن گۈزەل ئوبرازلىق شەكىلدە پىششىقلاپ

ئىشلەپ چىققان ھەمدە نۆۋەتتىكى ئەھۋالىمىزغا سېلىشتۇرۇپ «ئاھ! بىزمۇ ”مۇسۇلمان“مۇ؟!» دېگەن ئاچچىق سوئالغا جاۋاب تېپىشنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ بەرگەن.

مانا بۇ نۇقتىدىن قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب يەكۈنلەنگەن ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئەمەلىي تارىخنىڭ بىر ئەدەبىي ئۆلگىسى بولۇش بىلەن بىرگە كەلگۈسى ئۈچۈن سىزىلغان ناھايىتى قىممەتلىك ئىدىيىۋى چىرتېيوژ بولۇپ، كەڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتچىلىرىغا نىسبەتەنمۇ ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ پايانسىز تېما خەزىنىسىنى، يېڭى دەۋردىكى يېڭى ئۇسلۇب دەرۋازىلىرىنى ۋە قۇلۇپلانغان قەلبلەر بىلەن پەردىلەنگەن كونسېرۋاتىپ نەزەرلەرنى دادىل ئېچىپ بېرىدىغان ئاچقۇچ بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ بىر ئەدەبىي ئەسەر بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى ھەدىسلەرنىڭ ھېچبىرى باشقا كىتابلاردىكىگە ئوخشاش سۆزمۇ سۆز تەرجىمىسى بويىچە ئۆز پېتى نەقىل قىلىنمىغان، بەلكى ئۆزگىچە يېڭى ئۇسلۇب بىلەن مەزمۇن تەرجىمىسى ئىشلىتىلگەن. تارىخىي ۋەقەلىكلەرمۇ تارىخىي تەرتىپكە ئەگەشتۇرۇلۇپ ئەمەس، بەلكى تېمىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ يېڭىچە ئۇسلۇبتا يىغىنچاقلاپ بايان قىلىنغان. شۇڭا كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتابتىكى ھەدىسلەرنى ”مەزمۇن تەرجىمىسى“ بولۇش سالاھىيىتىدىن ئاشۇرۇپ باشقىچە سالاھىيەتتە چۈشىنىۋالماسلىقىنى ئىلتىماس قىلىمىز.

ئەمدى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدىمۇ بىر قانچە ئېغىز توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەسلى بۇ كىتاب مەشھۇر ئالىم شەمسى نەۋىد ئوسمانىنىڭ 1960 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغا قەدەر يېزىپ چىققان ماقالىلىرىنىڭ «ئاھ! بىزمۇ ”مۇسۇلمان“مۇ؟!» دېگەن نام بىلەن ئۈچ قىسىم كىتاب شەكلىدە توپلانغان 11 ـ نەشرىي نۇسخىسى بولۇپ، مەن بىر ئوقۇغان كىتابنى قايتا قولۇمغا ئالمايدىغان مىجەزىم بار تۇرۇپمۇ، ئۇنى ئۇچراتقاندىن بۇيان قانچە ـ قانچە قېتىملاپ تەكرار ئوقۇپ چىقتىم. بەزى ماقالىلەرنى ئىككى، ئۈچ ئەمەس، بەلكى قانچە ئون قېتىم ئوقۇغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ھەر قېتىم ئوقۇغىنىمدا ئۇنىڭدىكى ھەر بىر جۈملە ماڭا نىسبەتەن تېخى تۇنجى قېتىم ئوقۇۋاتقاندەكلا يېڭى مەنە بېرەتتى. ھەتتا بۇ كىتاب قانداقلا يەرگە سەپەرگە چىقسام يېنىمدىن ئايرىلمايدىغان ئەڭ يېقىن سىرداش غەمگۈزارىم بولۇپ قالغان ئىدى. كىتابنىڭ شۇنداق

ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن گەرچە ئۇنى تەرجىمە قىلىپ كەڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن تېزرەك يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى شۇنچە ئارزۇ قىلغان بولساممۇ، ”ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان“ بولماي قالدى. ئاللاھ تائالاغا ھەددى ـ ھېسابسىز شۈكرىلەر بولسۇنكى، شۇنداقتىمۇ دەم ئېلىش كۈنلىرىمدىن پايدىلىنىپ ھەر ھەپتىسى بىرەر ماقالىنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش ۋە ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزىنىڭ مۇنبەر تور بېتىدە شۇنداقلا مەرىپەت ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىش ئارقىلىق كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. شۇنداق قىلىپ، مانا ئەمدىلىكتە كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ 1 ـ قىسمىمۇ پۈتۈپ قولىڭىزغا چىقتى.

ئوردۇچە نەسرىي تىل بىلەن ئاجايىپ تەسىرلىك يېزىپ چىقىلغان بۇ ئەدەبىي ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن قېلىپلاشقان ئەنئەنىۋى تەرجىمە ئۇسلۇبىنى تاشلاپ، ئازاد تەرجىمە ئۇسلۇبىنى قوللاندىم. ماقالىلەرنىڭ 1960 ـ يىللاردىكى پاكىستان ۋەزىيىتىگە بولغان قاراتمىلىقىنى ۋەتىنىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىگە ئۇدۇللاش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان سوئال، تەنقىد، ئاگاھلاندۇرۇشلارنى يېڭىلىدىم. بەزى ئابزاسلارنى ئېلىپ تاشلاپ يېڭىدىن ئابزاسلارنى قوشۇش، ماقالىلارغا قايتىدىن تېما قويۇپ، ئەسەرنىڭ ئوردۇچە پۇرىقىنى خالىس ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىدارىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشتىم. ھەتتا بەزى ماقالىلەرنىڭ قاراتمىلىقىنىڭ چىنلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قامداش ئۈچۈن باشقا ئالىملارنىڭ كىتابلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەسلى ماقالىدىكى ۋەقەنىڭ يېتەرسىز بىلىنگەن قىسمىغا تەپسىلىي جەريان قوشۇپ چىقتىم. مەسىلەن، ”ئۆچمەس قۇياش“ ناملىق ماقالە ئەسلىدە بىرلا قىسىم بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا دوكتۇر ھەمىدۇللاھنىڭ ماقالىلىرىنىمۇ كىرگۈزۈپ ئىككى قىسىم قىلىپ قايتىدىن رەتلەپ چىقتىم. قىسقىسى، ئەسەرنىڭ ئۆزگىچە بايان تەرتىپ ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىپ، ئەسلىدىكى ھېسسىيات ھاياجان، تەسىرلەرنى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگىمۇ ئۆز پېتى سىڭدۇرۇشكە قاتتىق ئەھمىيەت بەردىم. ئەمما ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىشتا زادى قانچىلىك ئۇتۇق قازىنالىغان ياكى قازىنالمىغانلىقىمغا يەنىلا كىتابخانلارنىڭ ئۆزلىرى باھا بەرگىنى توغرۇك. ھەرھالدا ئاللاھ تائالانىڭ مېنى ئۆز رىزالىقى ئۈچۈن شۇنچىلىك خىزمەتكە مۇيەسسەر

قىلغانلىقىغا لەكمىڭلاپ ھەمدى ـ سانالار بولسۇن، ئەگەر ئاللاھ نېسىپ قىلمىسا، ھېچبىر ئىش قولۇمدىن كەلمىگەن بولاتتى.

ئاخىردا قېرىنداشلارنىڭ كىتابنى ئوقۇپ يىغلاپ سالغان پەيتلىرىدىكى مەقبۇل دۇئالىرىنى پېقىر تەرجىماندىنمۇ ئايىماسلىقىنى شۇنداقلا مۇشۇ ئەسەرنىڭ پۈتۈپ چىقىشىدا ماددىي ـ مەنىۋى، ھەر تۈرلۈك ھەسسىسى بولغان پۈتۈن دوسلىرىمىزغىمۇ دۇئا قىلىپ تۇرۇشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلەيمەن.

چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن:

كامىلجان كاشغەرى

# كىرىش سۆز

ئاھ! بىزمۇ "مۇسۇلمان"مۇ؟!

مەن بۇ سوئالنى تارىخىي ماقالىلىرىم ئۈچۈن ماۋزۇ قىلىپ تاللاشتىن ئىلگىرى ئۇ پەقەت «ئاھ! مەنمۇ "مۇسۇلمان"مۇ؟!» دېگەندىنلا ئىبارەت ئىچكى پىغانىم ئىدى. چۈنكى ساھابە كىراملارنىڭ ھاياتىغا ئائىت ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ئەينىكىدە ئۆز ئەكسىمنى كۆرۈشكە ئىنتىلگەن ھەرقانداق چاغدا، بۇ سوئال گويا نادامەتلىك پىغانىمنىڭ چۇقانىغا ئايلىنىپ قەلب، روھىمنى زىلزىلىگە سېلىشقا باشلايتتى.

كېيىنكى چاغدا «بەلكىم جەمئىيەتتىكى يەنە باشقا نۇرغۇن ھەدە ـ سىڭىل، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىممۇ بۇ تارىخىي ۋەقەلەرنى ئوقۇغىنىدا مەندىن بەكرەك ئازابلىق پىغانلارنى چېكىشى، ئۇلارنىڭ قەلبىدىنمۇ ھەسرەت، نادامەتنىڭ تەۋبىكار چۇقانلىرى تېخىمۇ شىددەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى مۇمكىن» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم. شۇڭا بۇ پىغانلىق نالەمنى ئۆزۈم بىلەنلا چەكلەپ قويماستىن، باشقا نۇرغۇن ھەدە ـ سىڭىل، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم بىلەن ئورتاقلاشقۇم كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى «ئاھ! مەنمۇ "مۇسۇلمان"مۇ؟!» دېگەن سوئالنىڭ ئورنىنى «ئاھ! بىزمۇ "مۇسۇلمان"مۇ؟!» دېگەن ماۋزۇ ئىگىلىدى.

ئاللاھقا چەكسىز شۈكرىلەر بولسۇنكى، ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئوقۇرمەنلىرىم ماڭا، ماقالىلىرىمدىن نەقەدەر چوڭقۇر تەسىرلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. ساھابە كىراملار ھاياتىنىڭ مۇقەددەس ئەينەكلىرىدە ئۆز ئەكسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن ئاز بولمىغان كىتابخانلارنىڭ نادامەت ئىچىدە قىممەتلىك كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ نالە قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قەلبىدىنمۇ

«ئاھ! بىزمۇ ”مۇسۇلمان“مۇ؟!» دېگەن ئەلەملىك چۇقانلارنىڭ ئىختىيارسىز كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ماڭا مەلۇم قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ئاشۇ بىباھا دۇردانىلەرنىڭ قىممىتى ھەققىدە زادى نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قىلىۋاتىمەن. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ ھەقتە توختىلىپ، شېھىتنىڭ قېنىدىن قالسىلا ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسە دەل كۆز يېشى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

ئەسلىدە مەن «نائۇستا قەلەمكەشلىكىم بىلەن قارا كۆلەڭگۈلۈك گۇناھكارانە ئەمەللىرىم ساھابىلەرنىڭ مۇقەددەس نۇرانە ھاياتىغا يېپىلغان پەردە بولۇپ قالمىسا بولاتتى» دەپ ناھايىتى قورققان ئىدىم. ئەمما ئاللاھقا ھېسابسىز ھەمدىلەر بولسۇنكى، ئەمەلىيەتتە قەلب، كۆزلىرىم شاتلىقتىن يىغلىماقتا. چۈنكى ئاللاھ تائالا قەلب ئارمىنىمنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ساھابە كىراملارنىڭ ۋەقەلىكى بىلەن ئۇقۇرمەنلىرىمنىڭ تەسىرلىك كۆز ياشلىرىنى ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن بەختىيارلىقنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇپ بەرگەن بولسا كېرەك.

ئىلاھىم! چوقۇم شۇنداق بولغاي ئامىن! سىلەرمۇ ماڭا ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن شۇنداق دۇئا قىلىپ قويۇڭلار. بۇنىڭ ماڭا قىلغان قانچە كاتتا ئېھسانىڭلار بولىدىغانلىقىنى شۇنداقلا ئۆزەڭلارنىڭمۇ قانچە كاتتا ئەجىرگە ئىگە بولىدىغانلىقىڭلارنى سورىمايلا قويۇڭلار. شۇنى بىلىپ قالساڭلار كۇپايىكى، بۇ ئارقىلىق ھەممىمىزنىڭ كېمىسى مۇرات ساھىلىغا يېتىۋالسا ئەجەب ئەمەس.

شەمس نەۋىد ئوسمانى

## زامانني چاقىرىۋاتقان سادا

ئۇھۇد تاغلىرىدىن "ئى سەئىد! قاياققا كېتىۋاتىسەن؟! ماڭا ئۇھۇد مەيدانىدىن جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرى پۇراۋاتىدۇ" دېگەن ئاجايىپ يارقىن، جاراڭلىق سادا ياڭراۋاتماقتا ئىدى. بۇ دەل ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاشىقانە ئاۋازى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىمان ھەم ئىشەنچكە تولغان روھى ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنزىلىگە يېتىۋېلىشقا ئالدىراۋاتاتتى. قەلب، روھدا تىنىمسىز تېپىچەكلەۋاتقان بۇ بىقارار ئىشتىياق ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق جەڭ مەيدانىدا، قورشاۋ ئىچىدە قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇپ تاشلىماقتا ئىدى.

بۇ دەل مۇجاھىدلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كۇپپارلارنىڭ تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىشى تۈپەيلى ھەممە ئەتراپنى مالىمانچىلىق قاپلىغان، قانلار دەريا ـ دەريا بولۇپ ئېقىۋاتقان، قىلىچ، نەيزىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشلىرى، ئىنسانلارنىڭ قىيا ـ چىيالىرى ئاسمان ـ زېمىننى لەرزىگە سېلىۋاتقان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىقىنىغا كېرىپ بولغان ئۇرۇش غەلىبىسى مۇجاھىدلارنىڭ مۇداپىئە ئارقا قىسمىدىن سادىر بولغان كىچىككىنە بىر خاتالىق تۈپەيلى بىردىنلا قولدىن كېتىپ قالغان بىر چاغ ئىدى.

ھەممەيلەن جىددىيچىلىك، مالىمانچىلىق كەلكۈنىگە غەرق بولغان بولۇپ، جىھادنىڭ ئاسمان ـ زېمىننى تىترىتىدىغان ياڭراق سادالىرى خەتەر ۋەھىمىسىنىڭ قارا بۇلۇتلىرى ئىچىدە غايىب بولماقتا ئىدى. ئاللاھنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىنىڭ شېھىت قىلىنغانلىق غۇلغۇلىسى، ئىمان ھەم ئىشەنچنىڭ تاغدەك تەۋرەنمەس قەدەملىرىنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتماقتا ئىدى. ۋەھىمە ھەم ئۈمىدسىزلىكنىڭ دەھشەتلىك چاقماقلىرى بارچە ھاياتلىق ئاسمىنىدا چاقناۋاتاتتى. تۇيۇقسىز قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ پات ـ پاراقچىلىقىدا قارىغۇ قىلىچلار دوست ـ دۈشمەننى ئايرىماستىن، كاللا

كېيىنچە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك نۇرلۇق جامالى، گەرچە يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقيالارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئاستىدا قانغا بويالغان بولسىمۇ، ئۇرۇش ئوتىنىڭ زۇلمەتلىك ئىس ـ تۈتەكلىرى ئارىسىدا، ئاجايىپ بىر خىل خاتىرجەملىك نۇرىنى جىلۋىلەندۈرۈپ تۇرماقتا ئىدى. پەۋقۇلئاددە بىر تەمكىنلىك بىلەن ئەتراپقا ئۈمىد نۇرى چېچىپ، گويا ئۇلۇغۋار، ئېغىر سىناقلارنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە ئەڭ يۇكسەك ساماسىدىن ئىسلام تارىخىنىڭ بۇ ئازابلىق باسقۇچىغا، ھەق بىلەن باتىلنىڭ بۇ ھەل قىلغۇچ ھايات ماماتلىق جەڭدىي كۆرىشىگە نەزەر سېلىۋاتماقتا ئىدى.

”ئى سەئىد قاياققا كېتىۋاتىسەن؟! ماڭا ئۇھۇد مەيدانىدىن جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرى پۇراۋاتىدۇ“

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ زەپمۇ يېقىملىق ساداسى ئۆلۈم دەھشىتى ۋە قالايمىقان قىيا ـ چىيالار قاپلىغان ئۇرۇش مەيدانىدىكى جىمىكى ئاۋازلارنى بېسىپ چۈشۈپ، ئۇھۇدنىڭ قانغا بويالغان تاش تۇپراقلىرىنى سۆيگەنچە تاغلارنىڭ ئېگىز چوققىلىرىغا ئۇرۇلۇپ، قايتىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئەكس سادا ياڭراتماقتا ئىدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆت ئەتراپىنى مەھكەم چىرماپ تۇرغان ئۆلۈم قورشاۋىنى بۆسۈپ چىققىنىچە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق ئەھۋالدا قوزغالماي مەھكەم ساقلاشنى بۇيرۇغان) تاغ باغرىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ ئارقا سەپ مۇداپىئە قىسمى تەرەپكە بوراندەك ئېتىلىپ كېتىپ باراتتى.

ئەسلىدە مۇجاھىدلارنىڭ مۇداپىئە قىسمى مۇسۇلمانلار قولغا كەلتۈرگەن ئۇرۇش ھېلىسىدىن ئىبارەت ئالۋۇن كەبى بىردەملىك غەلىبىنى كۆرۈپ «ئەمدى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىزمۇ ئولجا ـ غەنىمەتلەردىن بەھرىلىنەيلى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ”مۇداپىئە ئىستىھكامىنى مەھكەم ساقلاش كېرەك“ دېگەن ھۆكۈمىنىڭ مۇددەت سائىتى توگەپ بولدى» دەپ خاتا ئويلاشقان ئىدى. نەتىجىدە ئۇلار غەيبىكە باغلانغان ئىشەنچ بىلەن تاشقى مەنزىرىلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇش بولۇۋاتقان، كۆزلەر قەلبلەرنى ئالداۋاتقان، دۇنيانىڭ يالتىراق مال ـ غەنىمەتلىرى ئاخىرەتنىڭ پىداكار شەيدالىرىنى ئۆزگە مەپتۇن قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئاشۇنداق ۋەزىيەتنىڭ دەل ھۆكۈمگە ئىتائەت قىلىش سائىتى ئىكەنلىكىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويۇشقان ئىدى.

ئەنە شۇ بىر قىسىم مۇجاھىدلارنىڭ سەبىيلەرچە خاتالىقى پۈتكۈل ئىسلام تارىخىغا نىسبەتەن ئاجايىپ ئاچچىق ساۋاقتا تولغان زور داۋالغۇش بولۇپ قالغان ئىدى. ئەنە شۇ بىرقانچە قەدەملەرنىڭ دەلدۈگۈنۈپ كېتىشى ئاسمان - زېمىننى تىترىتىپ ئىنسانىيەتنىڭ ھۇلىنى تەۋرەتكەن ئىدى. ئەمما ئېغىر سىناقلارنىڭ بۇ زۇلمەتلىك قارا قۇيۇنلىرى ئارىسىدا ھېلىھەممۇ ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناۋاتاتتى. بۇ دەھشەتلىك قانخور شىۋىرغانلاردا ھەققانىيەتنىڭ مەشئىلى قەتئىي ئۆچمەي يېنىپ تۇرماقتا ئىدى. شۇلاردىن بىرسى بولغان ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ خاتالىق زۇلمىتىنى يورۇتۇپ، ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ھەققانىيەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە، دۈشمەنلەر ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان ئارقا سەپكە قاراپ، شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېتىپ باراتتى. پۈتۈن بەدەنلىرىنى پولات ساۋۇتلار بىلەن ئورىۋالغان دۈشمەنلەر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن قانچە - ئونلىغان قىلىچ - نەيزىلەرنى ئىشقا سالماقتا ئىدى. ئەمما ئۇ يەنىلا دۈشمەنىنىڭ سېپىنى بۆسۈپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. غەزەپ - نەپرەت، زۇلۇم، ئىستىبداتلىقنىڭ ياۋۇز كۈچلىرى ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشقان ھالدا ئاشۇ تەنھا ئىنسانغا تۇشمۇ - تۇشتىن بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ، گەرچە ئۇنىڭ بەدىنىنى ساناقسىز يارىلارغا تولدۇرۇۋېتەلىگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۇنىڭ يۆنىلىشىنى قىلچە بۇرمىلىيالمىدى.

تاش - توقماق، قىلىچ، نەيزە، ئوقيالار تەرەپ - تەرەپتىن توختىماي يېغىۋاتاتتى. ئەمما مەرد - مۇجاھىد ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ھېچ توختىماي، جاراھەتلىرىدىن ئېقىۋاتقان مۇقەددەس قانلىرى بىلەن غۇسۇلى قىلىپ، جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرى تەرەپكە ئاشىقانە مەستانىلىكتە قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئاخىرى سىناق، ئىمتىھانلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتقان بۇ ئىبرەتلىك ھېكايىنى تاماملاش ئۈچۈن ئۆلۈم پەرىشتىلىرى تەبەسسۇم بىلەن يەرگە شۇڭغىدى. ئۇنىڭ تىتىلغان جىسمىنى قالدۇرۇپ، پاك روھىنى چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن ئېتەكلىرىدە كۆتۈرۈشكىنىچە، جەننەتتىكى ئەبەدىيلىك مەنزىلگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

شۇنداق... ئىنسان ئۆلدى. ئەمما ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا پۈتكۈل ئۈممەتكە مەڭگۈلۈك ھاياتلىق جەۋھىرىنى تەقدىم قىلىپ كەتتى. قۇلاق سېلىپ باقسىڭىز، مانا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇھۇدنىڭ بارلىق تاغۇ - تاشلىرىدىن ”ئى سەئىد! قاياققا كېتىۋاتىسەن؟! ماڭا ئۇھۇد مەيدانىدىن جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرى پۇراۋاتىدۇ“ دېگەن ئاشۇ زەپمۇ يېقىملىق، جاراڭلىق سادا

ياڭرىماقتا.

مانا بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇسۇلمانلار ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئاخىرقى بىر تىنىق قالغۇچە قىمىرلىماي مەھكەم ساقلاشنى بۇيرۇغان مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ، دۇنيانىڭ يالتىراق مال ـ غەنىمەتلىرىگە دۇم چۈشمەكتە.

مانا بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇسۇلمانلار مۇستەبىت كۈچلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچۇن ئارقا سەپنىلا ئەمەس، بەلكى ئالدىنقى سەپلىرىنىمۇ بىكارلاپ، كەڭرى يول ئېچىپ بەرمەكتە.

مانا بۈگۈنكى كۈندىمۇ داۋام قىلىنىۋاتقان ئۇرۇش، رىقابەت مەيدانلىرىدىكى قارىغۇ قىلىقلار شەخسىيەتچىلىك زۇلمەتلىرىدە دوست ـ دۈشمەننى ئايرىماستىن كاللا كەسمەكتە.

مانا بۈگۈنكى كۈندىمۇ خۇددى ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ئۇھۇد مەيدانىدىكى ئىس ـ تۈتەكلەر ئارىسىدا مۇجاھىدلارغا ئۈمىد نۇرى چېچىپ تەمكىن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانغا ئوخشاش، بۇ ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چاقىرىقىمۇ، باتىل كۈچلەرنىڭ ئەسەبىيلەرچە ھۇجۇملىرى بىلەن ھالاكەتلىك قورشاۋلىرى ئارىسىدا گوياكى بىر ئۆچمەس نۇر مۇناردەك مۆمىنلەرنىڭ قەلبىگە ئۈمىد نۇرى چېچىپ، تەمكىن ھالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

ئەمما ئۇنىڭ مۇقەددەس جامالى جاراھەتلەنگەن، ئەگەشكۈچىلىرى بولسا، تەپرىقىچىلىق، مالىمانچىلىق، مەھكۇملۇق قازانلىرىغا دۇملەنگەن.

توغرا، شۇ تاپتا، زامانىمىز ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرماقتا. ئەمما ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جاراڭلىق، ئۆچمەس ساداسى زامانىمىزنى چاقىرماقتا.

”ئى سەئىد! قاياققا كېتىۋاتىسەن؟! ماڭا ئۇھۇد مەيدانىدىن جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرى پۇراۋاتىدۇ“

# ھالالغا ھېساب بار، ھارامغا جازا

چۆل ـ باياۋاننىڭ سوغۇق، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىۋاتقان بىر كېچىسى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ رەھبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قانچىلىغان ھەمراھلىرى بىلەن بىر ئەنسارىنىڭ بېغىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپىگە بىنائەن باغۋەن تېخى يېڭىلا ئۈزگەن خورمىلىرىنى داستىخانغا كەلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەلىپى گويا، سەۋرچانلىقنىڭ جاپالىق يوللىرىدا كېتىۋېتىپ، يوللۇق لەززەت ۋە جائىز نېمەتلەرنى تەلەپ قىلىشنىڭ جىنايەت ئەمەسلىكىنى جاكارلىماقتا ئىدى. خورمىلار ناھايىتىمۇ شېرىن بولۇپ، ئۈستىگە سوغۇق سۇ ئىچكەندە، تەن بىلەن روھلار تەڭلا لەززەتلىنىشكە باشلىدى.

دەل ئەنە شۇنداق لەززەتلىك مىنۇتلاردا ئالەملەرنىڭ بۈيۈك ئۆلگىسى سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك چېھرىدە تۇيۇقسىز قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىك ئالامەتلىرى جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. بۇ ئالامەتلەرگە يەنە قانداق قورقۇنچ ۋە تەشۋىشلىنىش تۇيغۇلىرىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. ناۋادا لەززەتنىڭ تەسىرى ھۇزۇرلىنىش بىلەنلا تاماملىنىپ كەتكەن بولسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ كاتتىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئادەتتىكى بىر ئىنساننىڭ نېمە پەرقى بولسۇن دەيسىز؟!

ئەمما بۇ يەردىكى تەسىرات، روھلارنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى لەرزىگە سېلىپ، تۇرمۇش، ئاچلىق ۋە ئۇنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، تەلەپ ـ تەقەززالىرىدىن يىراق ئاجايىپ بىر يۈكسەكلىككە قاراپ ئىنتىلمەكتە ئىدى. «بۇ ھالقىش ئالدىدا تۇرغىنى زادى قانداق قەدەم؟ ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس سەپەر يۆنىلىشى زادى قاياققا يۈزلەنگەن؟!»

ساھابىلارنىڭ نەزەرلىرى ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن سۆيۈملۈك پەيتەكلىگۈچىسى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تىكىلگەن ئىدى.

- قىيامەت كۈنى كەلگەندە...،- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغ، تاشلارنىمۇ ئېرىتىپ تاشلىغىدەك ۋەزىنلىك ئاۋازى ياڭراۋاتاتتى.

- قىيامەت كۈنى كەلگەندە، مۇشۇ خورما ئۇچۇن جاۋاب بېرىش يەر تەۋرىگەنگە ئوخشاش قاتتىق تۇيۇلىدۇ.

سۇبھانەللاھ! بۇ بىرەر شائىرنىڭ، پەيلاسوپ ياكى ئاسترونومنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى كائىناتنىڭ ئەڭ بۈيۈك ھەقىقىتى بولغان مۇقەددەس ۋەھيى غۇنچىلىرى بىلەن بېزەلگەن، دانىش ئۇستازىنىڭ سۆزى ئىدى. بۇ سۆزنىڭ ئۆتكۈر تەسىرىدە ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، ھەممە ئەزاسىنى بىردىنلا سوغۇق تىترەك باسقان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدىكى ئەمدىلا تېخى يېرىمى چىشلەنگەن خورما قورقۇنچتا ئىختىيارسىز يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ سۆزنىڭ ئۆتكۈر تەسىرى تېخى ئەمدىلا تەم، لەززەتتىن ھوزۇرلىنىشقا باشلىغان ساھابىلارغا ئاخىرەتتىكى خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئەينەن كۆرسىتىپ بەرمەكتە ئىدى.

- مۇشۇ خورما ئۈچۈنمۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟!

- ھەئە، مۇشۇ خورما ئۈچۈن، - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدا ھەققانىيەتنىڭ ئۆچمەس ساداسى قەتئىيلىك بىلەن ياڭرىماقتا ئىدى.

- شۇنداق، پەقەت ئۈچلا نەرسە ئۈچۈن ھېساب بېرىشتىن ساقلىنىپ قالىمىز. ئەۋرەتلىرىمىزنى ياپالىغۇدەك بىر قۇر كىيىم، ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھاياتىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلالىغۇدەك ئوزۇقلۇق، باش تىقالىغۇدەك كىچىككىنە بىر ئۆي.

قارىماققا تولىمۇ ئاددىي تۇيۇلىدىغان بۇ ۋەقە راستىنلا شۇنچە ئاددىيمىدۇ؟! تۈگىمەس - پۈتمەس تۇرمۇش ئېھتىياجلىرى بىلەن شېرىن ئارزۇ - ئارمانلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مىسلىسىز تەقۋالىق، نېمەتنى قەدىرلەشنىڭ بۇ نادىر تۇيغۇسى، ئاللاھنى ھەر دائىم كۆز ئالدىدا كۆرۈپ تۇرۇشتەك بۇ گۈزەل مەنزىرە! مانا بۇلار ھەقىقىي ئىتائەتمەنلىك، ھەقىقىي ئىبادەت، ئاللاھقا بولغان چىن سۆيگۈ بولماي نېمە؟!

مۇسۇلمانلاردا بۇ خىل تۇيغۇ ھەقىقىي روھى بىلەن مەۋجۇد بولغان

چاغلاردا، ئۇلار قاياققا بۇرۇلسا، گويا شۇ يەردىكى تاغ، تاشلارمۇ زۇمرەتكە ئايلانغان ئىدى. مانا ئەمدى بۇ خىل تۇيغۇ يوقىلىۋېدى، باشقىلاردىنمۇ بەكرەك دەل مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى خۇددى ئاڭسىز جانىۋارلاردەك پەرۋاسىز يانچىپ، چەيلەشكە باشلىماقتا. ھەممىگە ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ پۇتىغا شوخا كىرگەنچىلىك يوقىتىشقا ئۇچرىسا، نومۇسلۇق ناشۈكۈرلىكىدىن خىجىل بولۇش ئۇياقتا، ھەتتا ئەرز- شىكايەتلەرگە تولغان دەپتەرلىرىنى، ئاتا قىلىشتا دېگىنىز - ئوكيانىدىن، بەخش ئېتىشتە قۇياش نۇرىدىنمۇ كەرەملىك ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا تاشلىماقتا. مۇشۇ مىنۇتلاردا ئاشۇ ناشۈكۈر ئىنسانلار ئۆز جىسمىدا ۋە ئەتراپىدا كەڭ يېيىلىپ ياتقان، ھەر بىر نېمەتنىڭ قانچىلىغان ئالتۇن تاغلىرىدىنمۇ ۋەزىنلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتسىكەن، ئويلاپ باقسىكەن كاشكى؟!

* * * * * * * * * *

مەدائىنىنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى شەھەرگە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ۋالىيسىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن بۇ گۈزەل مەيدانغا توپلاشقان ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە ھۆرمەت، چوڭقۇر ئەقىدە، ساداقەتمەنلىكلىرى بىلەن خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋالىيلىققا تەيىنلىگەنلىك پەرمانىغا بىنائەن شەھەرگە كىرىش ئالدىدا تۇرغان ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىۋاتاتتى.

ھوقۇق ۋە شان - شەرەپ بىلەن تولۇق قوراللانغان ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەگەر خالىسا، ھازىرقى دەۋردىكى ئەمەلدارلار ھاسىل قىلىپ كېلىۋاتقان مال- بايلىق، زىبۇ - زىننەت، ئەيش - ئىشرەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن بەھرىمەن بولالايتى. ئەمما ئۇ توپلانغان جامائەتكە خەلىپىنىڭ پەرمانىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن ”نېمىنى خالىسىڭىز ۋە نېمىنى بۇيرىسىڭىز جىنىمىز بىلەن ھازىر قىلىشقا تەييارمىز“ دەپ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ساداقەتمەن پۇقرالارغا قاراپ:

- ماڭا پەقەت قورسىقىم تويغۇدەكلا تاماق، ئۇلاغلىرىم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىغۇدەكلا يەم - خەشەك ھازىرلاپ بەرسەڭلار كۇپايە، - دېدى.

ۋالىينىڭ ئۆز پۇقرالىرىدىن تەلەپ قىلىۋاتقىنى ئارانلا شۇنچىلىك نەرسە بولۇپ، گويا ھۆكۈمرانلىقنىڭ تەۋرەنمەس پولات تۈۋرۈكلىرى مانا شۇنداق دەرۋىشلىكنىڭ ئاياق ئاستىدا پاچاقلىنىۋاتاتتى. شاھلىقنىڭ

مەغرۇرانە شان ـ شەۋكەتلىرى مانا شۇنداق سەۋر ۋە قانائەتنىڭ خىلۋەتلىرىدە دىرەكسىز يوقالماقتا ئىدى. مال ـ دۆلەت، ئابرۇي، ئىناۋەتلەرنىڭ ۋال ـ ۋۇل چاقناشلىرى مانا شۇنداق ئاخىرەتكە بولغان ئىمان نۇرى ئالدىدا ئۆچۈپ قېلىۋاتاتتى.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۆكۈمرانلىق، زېمىن، بايلىق، تۇرمۇش ۋە خىلمۇخىل خاھىشلاردىن ناھايىتىمۇ، ناھايىتىمۇ بەك يىراق روھى دۇنياسىغا غەرق ئىدى. ھەر بىر نېمەت، ھەر بىر لەززەتنىڭ يىپىدىن يىڭنىسىگىچە ھېساب ئېلىنىدىغان، ھۆددىسىدىن جايىدا چىقالمىغانلار مەڭگۈلۈك بەختسىزلىككە ھۆكۈم قىلىنىدىغان ئاخىرەتتىكى ئاشۇ قورقۇنچلۇق سوت كۈنىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئاللىبۇرۇن ئۆزىنى ئۇنۇتقان ئىدى. دەل مانا بۇ خىل تەپەككۇر ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىسمى، روھىنى راھەتپەرەسلىك ئىللەتلىرى بىلەن بۇلغىنىشقا قەتئىي يول قويمىغان بولۇپ، ئۇ بايلىق ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاينام، تاشقىنلىرى ئىچىدىمۇ، خۇددى دەرۋىشلەردەك كۈن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ بىر نەچچە قۇر كىيىم ۋە بىرنەچچە پارچە نېمىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. دۇنيا ئۇنىڭغا قانچە يېقىنلاشقانسىرى ئۇ شۇنچە يىراققا قاچاتتى. شۇڭلاشقا ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ يېگىلمەس جەلبكارلىقلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۆزىگە قارىتالمىغان ئىدى.

ئۇنىڭ مەدائىندىكى ھوقۇقىدىن قول ئۈزۈپ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەزكۇر باي ـ باياشاتلىق ئىمتىھان مەيدانىدىن ئۇنىڭ نېمىلەرنى يۇدۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىش ئۈچۈن يول بويىدا مۆكۈنۈپ ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنىلا بۇرۇنقىدەك دەرۋىشلەرچە ئاددىي ـ ساددىلىقىنى، يەنىلا ئاشۇ ئىلگىرىكى پىداكارلىقى ۋە كەمتەرلىكىنى، ھەمدە ئىلگىرى ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرىدىنمۇ ئاز يۈك ـ تاق بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر سۆيۈنۈش ۋە ھۆرمەتنىڭ قايناق ھېسسىياتىدا مۆكۈنگەن يېرىدىن چاچراپ قوپقىنىچە ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنى مەھكەم باغرىغا بېسىۋېلىپ: «سەن مېنىڭ ھەقىقىي قېرىندىشىمسەن! سەن مېنىڭ ھەقىقىي قېرىندىشىمسەن!» دېيىشكە باشلىدى.

بۇ نېمىدېگەن قىسقا، ئاددىي جۈملە، ھە؟! لېكىن ئۇ دەۋرلەردە

ئىبىزدىن چىقىدىغان ھەر قانداق بىر سۆز ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنە، روھىدىن ئايرىلمىغان ئىدى. ھەر قانداق بىر سۆز ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئۇچۇنلا ئىشلىتىلەتتى. بولۇپمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ھەقىقەتپەرۋەر، مەردۇ ـ مەردانىنىڭ بىرسىنى ”قىرىندىشىم“ دەپ ئاتىشى، شۇ قەدەر چوڭقۇر ۋە شۇ قەدەر كەڭ مەنىگە تولغان بولاتتىكى، ھازىرقى دەۋردە يازسا قانچىلىغان كىتاب پۈتۈپ چىقىدىغان ماختاش، مەدھىيىلەر ۋە تۇمەن مىڭلىغان ۋەدە، قەسەملەرمۇ ئاشۇ بىر ئىبىز سۆزگە تەڭلىشەلمەيتتى.

* * * * * * * * * *

مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن تازىمۇ گۈللىنىپ، خەلىپىلىكنىڭ چېگرىسى شەرقتە ھىندى دەرياسىدىن غەربتە ئاتلانتىك ئوكيانغا، شىمالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆكلەم تاغ، جىلغىلىرىدىن جەنۇبتا سەھرايى كەبىر چۆلىگە تۇتاشقان ھەمدە مۇسۇلمانلار فرانسىيىنىڭ جەنۇبىغىچە ئىچكىرىلەپ، كىرىپ بولغان، پۈتۈن دۇنيا خەلقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك كۈچكە ئايلىنىپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقان، ھەتتا ياۋروپادا ئىسلام مەدەنىيىتىنى ۋە ئەرەب تىلىنى قوللىنىش مودىغا ئايلانغان ئاشۇنداق باياشات بىر دەۋرنىڭ ئۇلۇغ خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆز ئادىتى بويىچە خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن قىزلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە كىرىپ باراتتى. تېخى ھازىرلا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن ھېرىپ، چارچىغان قەلب، مېڭىسى ئۆز ئەۋلادلىرىغا بولغان سىغىنىش ۋە مېھرىبانلىقىنىڭ ئىلكىدە پەرزەنتلىرى تەرەپكە بۇرۇلغان ئىدى.

ئەمما ئۇنىڭ ئەمدىلا تېخى دۆلەت خەزىنىسىدىن ھېسابسىز دىنار ـ دەرھەملەرنى يوقسۇللارغا تارقاتقان قولى سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرى تەرەپكە ماڭغاندا، شۇنداق قۇرۇق، گويا كۈن بويى ھېرىپ چارچاپ، ئۆيىگە قۇرۇق قول قايتىۋاتقان دەرۋىشلەرگە ئوخشايتتى.

كىشىلەر زاكات بېرىش ئۈچۈن ئالىدىغان ئادەم تاپالماي شەھەر ئاتلاشقا مەجبۇر بولىدىغان ئاشۇنداق باياشات بىر دەۋردە، خەلىپىنىڭ ئۆيىدە ئاچارچىلىق دېگىلى بولمىسىمۇ يېرىم ئاچلىق ھالىتى بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشماقتا ئىدى. دادىنىڭ ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلىغان قىزلار قارشى ئېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشكىنىچە دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ يېرىم ئاچلىقتىن سارغايغان چىرايى گەرچە دادىغا نىسبەتەن ئانچە يېڭىلىق بولمىغىنى بىلەن،

ئەمما بۇ قېتىم قىزلىرىنىڭ ئىغىزلىرىنى ئالىقانلىرىدا توسۇۋالغانلىقى خەلىپە ئۆمەر ئابدۇلئەزىزنى تەئەججۇپلەندۈرمەي تۇرالمىدى.

ئۇ: «ئى يۈرەك پارىلىرىم! نېمە بولدۇڭلار؟» دەپ سورىدى. ئەمما قىزلىرى ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى.

بۇ سوئالغا ئۇلارنىڭ ئىنىك ئانىسى: «ئۆيدە يەيدىغانغا باشقا نەرسە بولمىغاچقا بۈگۈن ئۇلار پىياز بىلەن پۇرچاقتا قورساق تويغۇزغان ئىدى. شۇڭلاشقا پىيازنىڭ پۇرىقىنى سىلىدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن ئىغىزىنى ئېتىۋېلىپ باردۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

دادا دېگەن ھامان دادا ـ دە، گۆدەك باللىرىنىڭ بۇ ھالى ئۇنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترەتمەي قالمىدى. يۈرەك باغرىدىن ماگمىدەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئازابلىق ھېسلار ئۇنىڭ كۆزلىرىنى نەملىدى. ئەمما ھېسسىياتىنىڭ بۇ شىددەتلىك دولقۇنلىرى يەنىلا خۇددى دېڭىز ئاستىدىكى كۆرۈنمەس ۋولقانلار كەبى ئۆز ئورنىدا قىلىۋەردى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سەۋر ـ قانائەت، پىداكارلىق كەمتەرلىك، ئىمان ۋە تەقۋالىقىنىڭ ئالتۇن تاغلىرىنى قىلچىمۇ تەۋرىتەلمىدى.

— ئى يۈرەك پارىلىرىم!ـ ئۇ مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى ـ سىلەرنىڭ داستىخىنىڭلارنى نازۇ ـ نېمەتلەرگە تولدۇرۇۋېتىش مەن ئۈچۈن ھېچقانچە قىيىن ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ بەدىلىگە داداڭلارنىڭ دوزاخ ئوتىدا كۆيۈشىنى خالامسىلەر؟

دادىسىنىڭ قەلبىلەرنى زىلزىلىگە سالىدىغان بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان قىزلار ئۆزلىرىنى تۇتىۋالالماي قالدى. يۈز، كۆزلىرى يامغۇردەك قۇيۇلىۋاتقان كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ كۆز ياشلىرى ھەرگىزمۇ ئاچلىقنىڭ غېمى ۋە رەنجىشلەردىن ئاققان ئەمەس، بەلكى دادىنىڭ سوئالىغا بېرىلگەن ئۈنسىز جاۋاب بولۇپ، ھەربىر تامچە ياش «ياق دادا، ياق! دادىمىزنى دوزاخقا ئىتتىرىش بەدىلىگە كېلىدىغان ئۇنداق ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ كېرىكى يوق» دەپ جاكارلاۋاتماقتا ئىدى.

* * * * * * * * * *

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ بوۋىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە بىر قېتىم قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن بولۇپ،

پۈتۈن دۆلەتتىن ئاختۇرۇپمۇ خەلىپىدەك ئاچلىق ئازابىغا دۇچار بولغان ئىككىنچى بىر شەخسنى تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك يېمەكلىكلىرىنىڭ مىقدارىنى كېمەيتىۋېرىپ، ئاخىرى كۈن ـ كۈنلەپ ئاچ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. گۆش، ماي، ھەسەللەردەك لەززەتلىك تائاملارنى ئاللىبۇرۇن تەرك قىلغان ئىدى. ئۇ جىسمانىي ئاچلىق ۋە زېھنى پەرىشانلىق ئىچىدە ھاجەتمەنلەرگە ئاشلىق تارقىتىش ئۈچۈن تاغارنى دۈمبىسىگە يۈدىگەن ھالدا يىراق ـ يېقىنغا قاتناپلا يۈرەتتى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر چوڭقۇر ئېچىنىش ئىچىدە ئۇنىڭ غېمىنى يەپ، «قارىمامسىلەر، ئۇنىڭ قىپ ـ قىزىل ئاناردەك مەڭزىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ، قارىداپ كەتكىنىنى» دېيىشەتتى. ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىقتىنمۇ بەكرەك ئۆمەر روزىيەللاھۇ ئەنھۇنى روھى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق پۇچۇلاۋاتقىنى «ئەگەر قول ئاستىمدىكى پۇقرالارنى قەھەتچىلىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىمكانىمنىڭ بېرىچە تىرىشمىسام، بۇ ئازابنى مەنمۇ ئوخشاشلا ئۇلار بىلەن تەڭ تارتمىسام، قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىمغا قايسى يۈزۈم بىلەن جاۋاب بېرىمەن؟» دېگەن ئەندىشىلەردىن ئىبارەت ئۈممەتنىڭلا غېمى ئىدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇ چۆللۈكنىڭ پىژـ پىژ ئاپتاپلىرىغا پەرۋاسىز، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئاچ قورساق دۈمبىسىگە ئاشلىق يۈدۈپ، تەرەپ ـ تەرەپكە توختىماي چاپاتتى.

ئاشۇنداق مۇشەققەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر قېتىم گۆدەك بالىسىنىڭ بىر تىلىم تاۋۇز يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. تېخى ئانىنىڭ سۈتى ئېغىزىدىن كەتمىگەن، ھەتتا كىچىككىنە تۇرۇپلا دادىسى بىلەن ئاچلىق ئازابىنى تەڭ تارتىۋاتقان بۇ گۆدەكنىڭ ئۆز يۈرەك پارىسى ئىكەنلىكىگىمۇ پىسەنت قىلماستىن ئاچچىقىغا چىدىماي ۋارقىراپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدا «پۈتكۈل مۇسۇلمان ئۈممىتى قەھەتچىلىك ئازابىدا پۇچىلىنىۋاتسا، خەلىپىنىڭ ئوغلىنىڭ تاۋۇز يېيىشكە نېمە ھەققى؟» دېگەندىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئاچچىقىدا ئېتىلغىنىچە بېرىپ، بالىسىنىڭ قولىدىكى تاۋۇز تىلىمىنى سىلكىپ تارتىۋالدى ـ دە:

ــ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتى ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتسا، سەن تېخى نومۇس قىلماي تاۋۇز يەۋاتامسەن؟ـ دېدى.

سۇبھانەللاھ! مانا كۆردىڭىزمۇ؟ بۇلار زادى قانداق كىشىلەر؟ ئۇلارنىڭ كۆكرىكىدە سوقۇۋاتقىنى زادى قانداق يۈرەك؟ ئۇلارنىڭ ئىدىيە، تەپەككۇرلىرىچۇ؟

قېنى ئەستايىدىللىق بىلەن بىر ئويلاپ بېقىڭ، مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەڭگۇ زاۋال تاپماس ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنى ئۆز پەرزەنتلىرى، مال - دۇنيالىرى ۋە جانلىرىدىنمۇ بەكرەك سۆيمىگەن كىشى ھەرگىزمۇ مۆمىن بولالمايدۇ» دېگەن ھەدىسىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى ۋە شەرھىسى بولماي نېمە؟

دۇنيا ھەرقانچە قىممەت تۆلەش ئارقىلىقمۇ سېتىۋېلىشقا قادىر بولالمىغان ھەم مەڭگۇ قادىر بولالمايدىغان روھلار مانا شۇنداق كەمتەرلىك ۋە قانائەتچانلىقنىڭ روھى ئىدى. دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا نېمەتلەر ۋە ئەڭ گۈزەل ئارزۇ- ئارمانلارمۇ قىيامەتنىڭ غېمىدىن غاپىل قالدۇرالمىغان روھلار ئەنە شۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىق، پىداكارلىق، ئىمان ۋە تەقۋالىقنىڭ روھى ئىدى. لېكىن ھازىرقى ئىنسانلار ئەنە شۇ روھلارنىڭ پىداكارانە، مىننەتسىز قان، تەرلىرى بەدىلىگىلا بوگۈنكىدەك نەپەسلىنىشكە سازاۋەر بولغانلىقلىرىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئاللاھنى، ئاشۇ قەدىرلىك روھ ئىگىلىرىنى، جۈملىدىن ئۆز - ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان تۇرۇقلۇق، يەنىلا ”بىز مۇسۇلمان“ دەپ توختىماي جار سالماقتا. ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان ھېسابى ھەم جازىسى بار نېمەتلىرىنى توي - تۆكۈن، چاي، چىللاق، نەزرە، مەۋلۇدلاردا شۇنداقلا رېستوران، تانسىخانىلاردا پەرۋاسىز دەسسەپ - چەيلىمەكتە.

ۋەتىنىمىزدە بىر چىشلەم ھالال لوقمىنى يۇتۇشتىن ئىلگىرىمۇ «بۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئالدىدا نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمەن؟!» دېگەننى چىن قەلبى بىلەن ئويلايدىغان مەسئۇلىيەتچان مۇسۇلمانلار زادى قانچىلىكتۇ؟!

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىز ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بۇ مۇسۇلمان ئۇممىتىنىنىڭ غېمىگە ئورتاقلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئازابىغا ئازابلىنىش ئارقىلىقلا قەلبى راھەت ھېس قىلالايدىغان پىداكار ئەزىمەتلەر زادى قانچىلىكتۇ؟! بىزدىكى نۇرغۇن پۇلدار بايۋەچچىلەر ۋەتىنىمىزدىكى ھەددى - ھېسابسىز تۇل، يېتىملارنىڭ ئاچلىق ۋە موھتاجلىق ئازابىدا تۆكۈۋاتقان قانلىق ياشلىرى كېيىمگە يۇقۇپ قېلىشىدىن ياكى ئۇلارنىڭ كۆن بويى ئىچكەن سۇيىدىنمۇ كۆپرەك ئاققۇزغان ھوسۇلسىز، ئاچچىق تەرلىرى بۇرنىغا پۇراپ قېلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرسا، قاچۇرىدۇكى، دەرھال قولىنى ئۆڭكۈردەك چوڭقۇر يانچۇقىغا تىقىپ ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىزغا تەر ۋە كۆز ياشلىرىنى بىر قېتىم بولسىمۇ سۈرتىۋېلىشىغا ئەرزىگۈدەك قەغەز ياغلىق سۇنۇپ بېرىشكىمۇ يارىمايدۇ. رېستوران، تانسىخانىلاردا نەچچە ئون مىڭ يۈەننى بىر قېتىملىق تاماق

بۇيرۇش ئۇچۇن بۇزۇپ چاچسا، چاچىدۇكى، تاماقلىرىنىڭ ئىشىندىلىرى ۋە داستىخانلىرىنىڭ قېقىندىلىرىغا تەڭ كەلمەيدىغان ئازراقلا پۇل بىلەن بىرەر تۇل، يېتىمنىڭ ئىلمان تۇرمۇشلۇق بولۇپ قالالايدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ. يەنىلا ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس ئالغان ئاشۇ مۇسۇلمانلىق پولات ماركىسى ئۇلاردىن بىردەممۇ نېرى بولمايدۇ. يەنىلا ئۇلار مۇسۇلمانلىقتىن سۆز ئېچىشتا پەيلاسوپ، دىنى سورۇنلاردىكى تۆرنىڭ خوجايىنلىرى.

ئاھ! خۇدا! ئۇلارمۇ ساھابىلارنىڭ ھاياتى ۋە ئەخلاق پەزىلىتى ئەينىكىدە ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ باقسىكەن كاشكى؟! ئۇلارمۇ ئۆزىدىكى ھەر بىر نېمەتنى شەخسىي مۈلكى قاتارىدا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ شۇنداقلا ۋەتەن ـ خەلقنىڭ ئامانىتى قاتارىدا ساناپ باقسىكەن كاشكى؟! ئۇلارمۇ ئىنساپ بىلەن ”ئاھ! بىزمۇ ”مۇسۇلمان“مۇ؟!“ دەپ، ۋىجدانىدىن سوراپ باقسىكەن كاشكى؟!

## مۇقەددەس ئارمان

مەدىنە كوچىلىرىدا ياڭراۋاتقان ”ئۇھۇد مەيدانىدا ئىسلام خەتەر ئىچىدە قالدى!“ دېگەن بۇ خەتەر سىگنالىنى بارلىق ئاياللار، ئۇششاق باللار، قېرى ـ چۆرە، ئاجىز، مېيىپلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا ئاڭلىغان ئىدى. ھالبۇكى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە جىھادقا قاتنىشىشتىن ھەقىقەتەن ئۆزرىلىك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى مەدىنىدە پاناھلىنىشقا قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈن بۇ ئاجىز ئىنسانلار توپى مۇكەممەل ئورنىغا پاناھگاھلىرىنى تاشلاپ، بەس ـ بەس بىلەن سىرتقا يوپۇرۇلۇپ چىقىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇلار بۈگۈن خەتەر خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا ئۆزۈندىن بۇيان قەلب، روھىدا كۆۋەجەپ تۇرغان شېھىتلىك ئىشتىياقىنىڭ چاقماقتەك بىقارارلىقتا، ئاشىقلارچە جۇنۇنلۇق ئىنتىلىشچانلىقتا تىنىمسىز مەۋج ئۇرۇپ تېپىچەكلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىنىڭ بىردىن ـ بىر ھاسىلى، پۈتكۈل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ بىردىن ـ بىر مۇرات ساھىلى بولغان ئىسلام خەۋپ ئىچىدە قالغاندا ئۇلارغا نىسبەتەن ھەرقانداق خەتەر خەتەردەك بىلىنمەيتتى. ئىسلامنىڭ شەنىگە داغ تېگىش ئالدىدا تۇرغان بۇنداق ۋەزىيەتتە لەۋ چىشلەپ ھايات كەچۈرۈش ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەررەك ئىدى.

بۈگۈن بۇ ئاجىز ئىنسانىيەت كارۋانلىرى ۋەھشىي، باتىل كۈچلەر بىلەن تاكى ئاخىرقى بىر تىنىقى قالغۇچە جەڭ قىلىپ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن، شۇنداقلا سۆيۈملۈك ئىسلامى ئۈچۈن جان ۋە تەنلىرىنى تەقدىم قىلىش ئارزۇسىدا ئۇھۇد مەيدانى تەرەپكە ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئالدىراش كېتىپ باراتتى.

گوياكى ھاياتلىق ئۆلۈمنى قوغلاپ كېتىپ باراتتى. پىداكارلىق ئىشقىدا مەستانە پاناھگاھلار ئورنىدىن قوزغىلىپ خەتەرنى ئىزدەپ كېتىپ بارماقتا ئىدى.

مانا بۈگۈن ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىدە جان پىدالىقنىڭ ئەڭ مۇقەددەس سىمۋولىنى ۋە جاسارەتنىڭ ئەڭ نادىر ئۈلگىسىنى ياراتقان كىشىنىڭ بىر ناتىۋان ئايال ئىكەنلىكىنىمۇ ھەممەيلەن ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ دەل ئۇممى ئەممارە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئوقيا، نەيزىلەر يېغىپ، ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىنى قورشاپ تۇرغان ئاشۇ ھالاكەتلىك ئۆلۈم قاينىمىغا تېزرەك بېرىپ شۇڭغۇپ كېتىشكە ئالدىراۋاتاتتى. بۈگۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا بولغان قايناق مۇھەببەت بۇ ئىمان ۋە ئىشەنچنىڭ ئايال ئۈلگىسىنى گوياكى بىر لاۋۇلداپ تۇرغان چوغقا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئۇ كۆز ئالدىدا پولات سېپىلدەك سەپ تىزىپ تۇرغان دۈشمەنلەرگە خۇددى توپ ئوقىدەك ئېتىلىپ بېرىپ، ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇرۇش قاينىمىغا كىرىپ كەتتى. گەرچە ئۇستى ـ ئۇستىلەپ تېگىۋاتقان قىلىچلارنىڭ زەربىسى ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى چىلىق ـ چىلىق قانغا بويىۋېتەلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى بىر قەدەممۇ ئارقىغا داجىتالمىدى. بۇ ئۇنتۇلماس پىداكار ئانىمىز دۈشمەنلەرنىڭ ۋىجداندىن خالى كۆكرەكلىرىگە ئەركەكلەرچە توختىماي چېپىپ، سەپ بۆسۈپ ئىلگىرىلىگەنچە، ئاخىرى شەيتانىيەتنىڭ قارا قۇيۇنلىرى ھەققانىيەتنىڭ ئۆچمەس قۇياشىنى قورشىۋالغان، ئىسلام ھەقىقەتەنمۇ خەتەر ئىچىدە قالغان جايغا يېتىپ باردى. كۆزنى يۇمۇپ، ئاچقىچە ئۇ يەردىمۇ قانچىلىغان دۈشمەننى يەر چىشلىتىپ، كۇپپارلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋاتقان بۇ ناتىۋان تەنھا ئانىمىزغا شېرىكچىلىك نىجاسەتلىرىدە يۇرەكلىرى ھېسسىز بىر پارچە سېسىق گۆشكە ئايلىنىپ كۈتكەن ئەبلەخلەر تۈشمۇ ـ تۈشتىن ۋىجدانسىزلارچە ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ھەر بىر قېتىم قىلىچ ئۇرغاندا، ”ئاللاھۇ ئەكبەر!“ دەپ نەرە تارتىشلىرى پۈتكۈل ئۇھۇد مەيدانىنى زىلزىلىگە سېلىپ، بارلىق مۇجاھىدلارنىڭ جاسارىتىگە يېڭىدىن ھاياتى كۈچ بەرمەكتە ئىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارىتىپ ياغدۇرۇلىۋاتقان ئوقيالارغا ئۆز جىسمىنى مەردانىلىك بىلەن قالقان قىلىپ، خۇددى تەۋرەنمەس تاغدەك رەسۇلۇللاھنى قوغداۋاتقان بۇ پىداكار ئانىمىزغا ئاسمان ـ زېمىن ۋە بارچە

كائىنات ئاپىرىن ئوقۇماقتا ئىدى. بۇنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلەنگەن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ”يارايسەن! ئۇممى ئامماره يارايسەن! ئىسلام سەن بىلەن پەخىرلىنىدۇ“ دەپ مەدھىيە ئوقۇشقا باشلىدى.

يۈز كۆزلىرى قان بىلەن يۇيۇلۇپ تۇرغان ئۇممى ئەممارە رەزىيەللاھا ئەنها پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇلۇپ: - ياق، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ئارمىنىم يالغۇز بۇلا ئەمەس - دېدى. گويا ئۇنىڭ ھاياتىدىكى تۇگىمەس - پۈتمەس ئەڭ گۈزەل ئارمانى ئەمدىلىكتە بىراقلا ئۆزىنى ئايان قىلماقچى بولۇۋاتاتتى.

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۆلگەندىن كېيىن سېلىنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدا قوپالىسامىلا بولدى. مېنىڭ مانا مۇشۇ بىرلا ئارمىنىم بار. ماڭا دۇئا قىلسىلا يا رەسۇلۇللاھ! ماڭا دۇئا قىلسىلا!

ئۇنىڭ ئاۋازى چوڭقۇر دەردلىك ئىشتىياقتا، ئاجايىپ بىر خىل بىقارار، مۇقەددەس تەلپۈنۈشتە مۇڭلۇق تىترىمەكتە ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. بۇنى كۆرگەن ئۇممى ئەممارە رەزىيەللاھا ئەنهانىڭ پۈتۈن ھاردۇقى بىراقلا چىققاندەك يېنىك بىر نەپەسلىنىپ ھۇشسىزلاندى. ئۇ ھوشسىزلىق ئالدىدا: - ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەمدى مېنىڭ ھېچنېمىدىن غېمىم يوق، يەتمەكچى بولغان مۇرادىم مانا بۈگۈن ھاسىل بولدى - دەپ شىۋىرلىماقتا ئىدى.

ئۇنىڭ چەكسىز مەمنۇنىيەتكە چۆمگەن ھارغىن كۆزلىرى گاھ ئېچىلىپ، گاھ يۇمۇلۇپ، گويا:

ئۆزلىرىنى تىلەپ ئاللاھتىن،
تىلىۋالدىم پۈتكۈل جاھانىنى.
شۇڭا مەڭگۈ قايتا دۇئاغا،
كۆتۈرمەسمەن ئەمدى قولۇمنى.

دېمەكچى بولۇۋاتاتتى.

خوش قېنى ئەمدى ئۆزىمىزگە بىر نەزەر سېلىپ باقايلى! قەلبلىرىمىزنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن بولسىمۇ ئاشۇ پىداكار ئانىمىزنىڭكىدەك بىرەر ئارماننىڭ دېرىكىنى ئۇچرىتالارمىزمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇچۇن دىلرابا جاھانىمىزنىڭ بارچە مەئىشەتلىرىنى بەدەل قىلالارمىزمۇ؟ ئۇممى ئەممارە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ تىلىگەن ئاشۇ بىر دۇئاسى ئۇچۇن بۇ ئەرزىمەس چۇشكۇن ھاياتىمىزنى بولسىمۇ قۇربان قىلالارمىزمۇ؟

ئەمما مىڭ ئەپسۇس، شۇ تاپتا دۇنيانىڭ زىبۇ زىننەت، ئالتۇن كۈمۈش، بايلىقلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى چۇشەپ، ئۇنىڭ چاقناق ئالقۇنلىرى ئىچىدە ئىمانىمىز ئاخىرقى تىنىقلىرىنى تىنماقتا. ئەمما بىز شۇنداقتىمۇ يەنىلا مۇسۇلمان.

شۇنداق. بىز كۈنىگە بىر قانچە قېتىم جايىنامازغا پىشانىمىزنى سۈركەپ قويۇش بىلەن ئۆز نەزىرىمىزدە مۇسۇلمان. ئەمما ئۇلارنىڭ نەزىرىدىچۇ؟! ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىز زادى ”مۇسۇلمان“مۇ؟!

## ئىماننىڭ ھەيۋىتى

ئۇھۇد مەيدانى ئۇرۇش خارابىسىگە ئايلىنىپ، ھەممە ئەتراپنى ماتەم قاپلىغان بۇ قايغۇلۇق كېچە ئاچچىق ئەلەمدە قان تۈكۈرمەكتە ئىدى. بۈگۈن قانغا چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتكەن مەيدان ساھىبلىرى گويا، ئۈممەتنىڭ قانداق روناق تېپىشى بىلەن قانداق زاۋال تېپىشىنى بىر قېتىم تەجرىبە قىلىپ كۆرگەن ئىدى.

ئۇلار بۈگۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ سىزىقىدىن چىقماي مېڭىپ، ئازغىنە بىر توپ ئۈممەتنىڭ قوراللىرى خىل، شۇنچە نۇرغۇن دۈشمەننى بىر دەمدىلا مەغلۇبىيەت ئازگىلىغا ئىتتىرىۋەتكەنلىكىنى كۆردى، ھەمدە يەنە بىر قانچە قەدەملەرنىڭ ئازراقلا خاتالاشقانلىقى سەۋەبى بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە قانداقلارچە پۈتكۈل ئۈممەتنى مەغلۇبىيەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويغانلىقىنىمۇ ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

ئۇلار بۈگۈن ئاچلىق ھەم ئۇسسۇزلۇق ۋە كۆتۈرۈپ قويقۇسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەر تۈپەيلى مادارى قالمىغان ئازغىنە ئىنساننىڭ جۇشقۇن ئىمانى روھ ۋە ھېسلار قوينىدا، بىرلا سىلكىنىش بىلەن تەڭ قانداقلارچە يالقۇنلۇق چوغلارغا ئايلىنىپ، پولات ساۋۇتلار بىلەن قوراللانغان كۈچلۈك دۈشمەننى تىرە ـ پىرەن قىلىۋېتەلىگەنلىكىنى، ھەمدە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت بىرلا پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىش بىلەن تەڭ قانداقلارچە ئەتراپنى مالىمانچىلىق قاپلاپ، قېرىنداشلارنىڭ ئۆز ـ ئارا تونۇشماستىن قالايمىقان كاللا كېسىشكە كىرىشىپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

قىسقىسى، پۇتكۇل دۇنيا مىقياسىدىكى ئۇممەتلەرنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىشى ۋە قانداق زاۋال تېپىشىنى ئاللاھنىڭ سىرلىق خاھىشى تارىختا، ئەنە شۇنداق بىر قېتىم تەجرىبە قىلدۇرۇپ كۆرسەتكەن ئىدى. تەجرىبە ئايىغلاشقاندىن كېيىن پۈتكۇل جاھان مادارسىز ياتاتتى. ھەممە ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلىغان بولۇپ، قانغا بويالغان جەڭ مەيدانى بىر خىل سۈرلۈك سۈكۈتنىڭ قوينىدا پۈشۈلدىماقتا ئىدى. خۇددى تىنماي شاۋقۇن سېلىپ تۇرىدىغان دېڭىزلارنىڭ ھالاكەتلىك دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى بىردىنلا جىمىپ قالغىنىغا ئوخشايتتى.

شۇنداق، بۇ يەردىمۇ ئاجايىپ كۈچلۈك بىر دولقۇن كۆتۈرۈلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئاللاھ مۆمىنلەردىن يەنە بىر قېتىم ئىمتىھان ئالماقچى ئىدى.

بىردىنلا بۇ جىملىقنى بۇزۇپ، دۈشمەنلەر غەلىبە سازلىرىنى چېلىشقا باشلىدى. ئاياللار غالىب ئەرلىرىگە مەدھىيە ئوقۇش ئۈچۈن شەھۋانىي ناخشا، ئۇسۇللىرىنى باشلىۋەتتى. ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بەختىيارلىققا ئېرىشتۈرمەكچى بولۇۋاتقان ئەزىمەتلەرنىڭ قېنىنى ئىچىپمۇ، ئىنتىقام تەشنالىقى قانمايدىغان بۇ ۋەھشىيلەر مۇجاھىدلارنىڭ جەسەتلىرىنى تېپىپ، دەسسەشكە باشلىغان ئىدى. قايسىدۇر بىرى يەردە ياتقان شېھىتنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئېغىزىدا چايناشقا كىرىشتى. مەغرۇر دۈشمەنلەرنىڭ بۇ ئەسەبىي نەرە - چۇقانلىرى زېمىننى تەۋرىتىپ، ئاسماننىڭ باغرىنى تىلماقتا ئىدى.

ئەمما بۇلاردىن سەللا يىراقتىكى تاغنىڭ باغرىدا غەلىبە ھەم مەغلۇبىيەتتىن تەڭلا زەخىملەنگەن مۆمىنلەر سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ قانلىق جاراھەتلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇشقا مەشغۇل ئىدى. مۇجاھىدلاردىن ئۆتۈلگەن ئازراقلا سەبىيلەرچە خاتالىق توپەيلى ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياردار بولغان بۇنداق جان ئالغۇچ مەنزىرىگە ئۇلارنىڭ قەلب ۋىجدانى ئەمدى قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟ ئۇلار گويا قەلب، تەن، روھ، ھەممە ئەزالىرى ئوخشاشلا يارىلانغاندەك، ۋۇجۇدىدىكى بارچە تومۇرچىلاردىن قان دەريا بولۇپ ئېقىۋاتقاندەك ئەلەملىك ھېسسىياتقا چۆمگەن ئىدى. دېمەك،

بۈگۈن مۇجاھىدلارنىڭ روھ، تەنلىرى قان ۋە ياش بىلەن تەڭلا يۇيۇنغان كۈن بولغان ئىدى.

شۇ تاپتا ئۇلارنى قىلىچلارنىڭ بىسى ئەمەس، ئەقىدىلەرنىڭ ئەمەلىيىتى سىنىلىدىغان، بىلەكلەرنىڭ كۈچى ئەمەس، قەلب، روھلارنىڭ قۇۋۋىتى سىنىلىدىغان تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ ئۇلۇغ يەنە بىر مەنىۋى جىھاد مەيدانى كۈتۈپ تۇرىۋاتاتتى. ئاللاھ ئۇنىڭدا ئاشۇ قەدەملىرى تېيىلىپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىي قۇۋۋىتىنى سىناپ كۆرمەكچى ئىدى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنى دۈشمەننىڭ سانى ھەم قورال كۈچىدىن كۆرەمدۇ ياكى ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن خاتالىقىدىنمۇ؟ بۇنى ئوتتۇرىغا چىقارماقچى ئىدى. بۇ باشقا جىھادلارغا سېلىشتۇرغاندا شۇنچە ئاددىي ئەمما ئىنتايىن نازۇك جىھاد ئىدى.

خۇددى ئىككىنچى قېتىملىق جەڭ ئۈچۈن سىگنال چېلىنغاندەك ئۇھۇد مەيدانىنىڭ قارشى تەرىپىدىن قوپال بىر ئاۋاز كۆتۈرۈلۈپ، تاغ چوققىلىرىغا ئۇرۇلغانچە كۆكتە جاراڭلاشقا باشلىدى. بۇ دەل ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئاۋازى ئىدى. تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆز غەلىبىسىنىڭ رېئاللىقىغا ئىشىنەلمەي قالغان كۇففارلارنىڭ ئالاقزادە ۋارقىراشلىرى ئىدى.

ئۇلار: "ئۇھۇد مەيدانىغا غەلىبە بايرىقىمىزنى قادىيالىغىنىمىز بىلەن مۇجاھىدلاردىكى ئىماننىڭ ھەيۋىتىنى سۇندۇرالىدۇقمۇ، يوق؟ ناۋادا بۈگۈنكى بۇ قانلىق قىلىچلىرىمىز ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىستىبداتلىقنىڭ ھەيۋىتىنى تىكلەپ، ئىماننىڭ ھەيۋىتىنى سۇندۇرالمىسا، بۇ غەلىبە ئەمەس، بەلكى چوڭ بىر ئالدىنىش ھەم يېڭىلىش بوپ قالامدۇ؟" دەپ ئويلاشماقتا ئىدى. ئەنە شۇنداق ۋەھىملىك خىياللار ئۇلارنى ئەنسىز ۋارقىراشقا مەجبۇر قىلىۋاتاتتى.

- ئاراڭلاردا مۇھەممەد ھاياتمۇ؟! گەپ قىلىڭلار، مۇھەممەد ھاياتمۇ؟!

يارا، جاراھەتلەر تۈپەيلى مادارسىز ياتقان مۇجاھىدلار ئىمان، غۇرۇرىغا نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان بۇ زەھەرلىك سوئالنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا، غەزەپ بىلەن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە ياردار بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھايات بەخش

نۇرلۇق جامالى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەممىگە تەمكىن قاراپ تۇراتتى. شۇ تاپتا مۇجاھىدلارنىڭ كۆكرەكلىرىدىكى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ۋولقان كەبى غەزەپلىك ھېسسىياتلار دۈشمەنلەرگە جاۋابەن:

- ھەئە! مۇھەممەد ھايات! ئۇ ئاللاھنىڭ زېمىنىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۆچمەس ئاۋازى! ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ دەرد - پىغانلىرى ئۈچۈن ئەبەدىيلىك مەلھەم! ئۇ ئىمان ھەم ئىشەنچنىڭ يىقىلماس ئابىدىسى! ئۇ مەڭگۈلۈك ھەق، ئادالەتنىڭ ئىنقىلابى! دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر كۈچ ئۇنى مەڭگۈ يېڭەلمەيدۇ! مەڭگۈ باش ئەگدۈرەلمەيدۇ! دەپ توۋلىۋەتمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىككىنە بىر ئىماسى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆكرىكىدە شىددەت بىلەن مەۋج ئۇرۇۋاتقان بۇ غەزەپلىك ھېسسىياتلار دولقۇنى ئۆز ئورنىدا قېتىپلا قالدى.

توغرا، ئىسلام ھەرگىزمۇ قارشىلىق بىلدۈرۈشنىڭ ۋەھشىيانە نەرە - چۇقانى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ ئاخىرقى ئاۋازى. ئىجابىي، ئەمەلىي قۇۋۋەتنىڭ بىر نادىر دېڭىزى.

ئەبۇ سۇفيان بۇ دېڭىزنىڭ سىرلىق جىمجىتلىقىنى ئۆلۈم ھەم مەغلۇبىيەتنىڭ سۈكۈتى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاشقا باشلىدى. ئەمما يەنىلا قانداقتۇر بىر نەرسە ئۇنىڭ غەلىبە شاتلىقىغا تىكەن بولۇپ سانچىلماقتا ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن ساراسىمىگە سېلىۋاتقىنى دەل ئىماننىڭ ھەيۋىتى ۋە ھەققانىيەتنىڭ ھاياتلىقى ئىدى. ئۇ بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن يەنە ۋارقىراشقا باشلىدى.

- ئاراڭلاردا ئەبۇ قەھافە (يەنى ئەبۇ بەكرى) ھاياتمۇ؟!

ئۇ بۇ سوئالنى يەنە قايتىلاپمۇ جاۋابقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ئاخىرقى قېتىم تېخىمۇ كۈچلۈك ۋارقىراشقا باشلىدى.

- ئۇنداقتا ئۆمەرچۇ؟! ئېيتىڭلار، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھاياتمۇ؟!

جىمجىتلىق يەنە ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. ئەبۇ سۇفيان ھەر قېتىملىق سورىغان سوئالىغا مۇسۇلمانلارنىڭ جاۋاب بەرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىككىنە بىرنى تىنىدى. ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ غەلىبە قىلالىغانلىقىغا ئەمدى راستىنلا ئىشىنىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ ئۆز لەشكەرلىرىگە قاراپ:

- بۈگۈن ئۇھۇد مەيدانىدا ئىسلام پۈتۈنلەي تۈگەشتى. ئۇلار ھەممىسى ئۆلدى. مانا بىز غەلىبە قىلدۇق - دەپ تەنتەنە قىلىشقا باشلىدى.

بۇ تەنتەنە گويا زەھەرگە مىلەنگەن قىلىچنىڭ زەربىسىگە ئوخشاش مۆمىنلەرنىڭ قەلب، روھىدا زىلزىلە پەيدا قىلىپ، غۇرۇر، ۋىجدانلىرىنى ئۆرتەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ قانلىرى قىزىپ، جاراھەتلىك بەدەنلىرى خۇددى بىر پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ۋولقانغا ئايلانغان ئىدى. مۆمىنلەرنىڭ بىسىۋالغۇسىز غەزەپلىك ھېسسىياتلىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىغىزىدىن ئىتىلىپ چىقىۋاتقان ”ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!“ دىگەن نەرە ساداسى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

- ئى، ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! كاززابلىق قىلما! مانا بىز ھەممىمىز ھايات! بىلىپ قويغىنكى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىزنى شۇنداق ھايات ساقلاش بىلەن سەنلەرنى ھالاكەتلىك ئاقىۋەتلىرىڭگە يەتكۈزمەكچى!

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەبۇ سۇفيانىنىڭ كۆزلىرىگە بىردىنلا قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، گويا بىشى ئۈستىدە شىددەت بىلەن چاقماق چىقىۋاتقاندەك، زىمىن ئايىغى ئاستىدىن چىقىپ كىتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇنچە قانلار بەدىلىگە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى بىراقلا يەر بىلەن يەكسان بولغاندەك تۇيۇلدى. ھېلىدىن بىرى چېلىنىۋاتقان غەلىبە سازلىرىمۇ لاسسىدە توختاپ قالدى. ئۇنىڭ تىخى بايامقى كۆتۈرەڭگۇ مەغرۇر بىشى ئەمدى خۇددى ئۆلۈكنىڭكىدەك مۈرىسىدە ساڭگىلاپ قالغان ئىدى. ئۇ بىر ھازادىن كىيىن دەرھال ئىسىگە كەلدى - دە، بۇ ئوسال ئەھۋالدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنمۇ ياكى مۇسۇلمانلارغا مەنىۋى جەھەتتە بىر ھۇجۇم قىلىپ بىقىش ئۈچۈنمۇ؟ ئىيتاۋۇر، نامەلۇم ھېسلار قوينىدا يەنە ۋارقىراشقا باشلىدى.

- ھۇبەل ئەڭ كاتتىدۇر، ھۇبەل ئەڭ كاتتىدۇر، ئۇززا بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس، ئۇززا بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس.

بۇنىڭغا جاۋابەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىماسى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ياڭراق ساداسى ئاسماننى يەنە لەرزىگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى.

ـ ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا! ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ! ئاللاھ بىزنىڭ مەدەتكارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس! ئاللاھ بىزنىڭ مەدەتكارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس!

ئەبۇ سۇفيان ئەمدىلىكتە، پۈتۈن بەدەنلىرىنى چۇلغىۋالغان ھەيرانلىق، رەشىك ـ ھەسەت، ۋەھىمىلەرنىڭ ئاچچىق ئازابىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئىختىيارسىز قانداقتۇر بىر خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. ئۇ بەلكىم، «ھەق ساداقەت ئۈچۈن جاننى ئاتىۋەتكەنلەرنى ھالسىزلاندۇرغىلى بولسىمۇ، جىم قىلغىلى بولمايدىكەن. ئاللاھنى كائىناتنىڭ تەنھا ياراتقۇچىسى دەپ تونۇيدىغان قەلبلەرنى زېدە قىلغىلى بولسىمۇ، سۇندۇرۇپ تاشلىغىلى بولمايدىكەن. جىھاد مەيدانلىرىدا سىنالغان مۇجاھىدلارغا پەشۋا تەپكىلى بولسىمۇ، قورال تاشلاتقۇزۇپ، بويۇن ئەگدۇرگىلى بولمايدىكەن» دېگەن يەكۈنلەرنى ئويلىغان بولسا كېرەك، بىردىنلا ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى ۋە قاتتىق يېلىنغان ئاھاڭدا: ـ ئى ئۆمەر! پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەم، ماڭا بىر راست گەپ قىلغىن، بىز مۇھەممەدنى ئۆلتۈرەلىدۇقمۇ ـ يوق؟ دەپ سوراشقا باشلىدى.

ـ ياق!، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازىدا ئىماننىڭ زىلزىلىلىك ھەيۋىتى، جاسارەت ۋە تەمكىنلىك شۇنداقلا كۇففارلارنىڭ خام خىيالىغا بولغان مەسخىرىلىك نەپرەت ئورتاق ئىپادىلەنمەكتە ئىدى.

ـ ياق! ئۇ ھايات! ئۇ ھازىرمۇ سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاۋاتىدۇ!

بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ سۇفيان ئىختىيارسىز ھالدا:ـ ئەسلىدە مۇنداقكەن ـ دە، مۇھەممەدنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى تارقاتقان ئىبنى قەمئەگە قارىغاندا، سەن ماڭا نىسبەتەن تېخىمۇ توغرا، ھەق گەپ قىلىدىغان ئادەمسەن ـ دەپ توۋلىۋەتتى.

بۇ كۇففارلار سەردارىنىڭ جاۋابىمۇ ياكى باتىل كۈچلەرنىڭ ئىناۋەت، ئابرۇي ئىمارەتلىرى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن چاغدىكى ئاۋازمۇ؟ بىلىپ بولمايتتى. ئىسلامنىڭ بىر جەڭچىسى كۆپۈرلۈقنىڭ نەزىرىدە كاپىرلاردىنمۇ بەكرەك ئىشەنچلىك ئورۇنغا ئۆتكەن ئىدى. گويا باتىل ھەققانىيەتنىڭ بۈيۈكلۈكىنى، زۇلمەت يورۇقلۇقنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئېتىراپ قىلىۋاتاتتى. جاھالەت ئىسلامىيەتنى ماختاۋاتاتتى. پولات

ساۋۇتلارغا ئورالغان شۇنچە كۈچلۈك دۈشمەنلەر ئاشۇ ئازغىنە ھارغىن ئىسلام جەڭچىلىرىنىڭ ئىمانىي ھەيۋىتى ئالدىدا ئاق بايراق چىقىرىشماقتا ئىدى.

مانا بۇ ئۇھۇدنىڭ قانلىق مەيدانىدىن كېيىن قەلب، ئىدىيە، روھ ۋادىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىككىنچى قېتىملىق ئاددىي ئەمما ئىنتايىن نازۇك جىھادنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

مانا بۇ قورال ئورنىغا ئەقىدىلەر ئوتتۇرىسىدا، بىلەكلەرنىڭ كۈچى ئورنىغا قەلب، روھلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان غەلىبىلىك مەنىۋى جىھاد ئىدى.

مانا بۇ ئۇھۇدنىڭ تارىخى مەيدانىدا بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت زەربىسىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سوۋغا قىلىنغان ئىمان ھەيۋىتىنىڭ غەلىبىسى ئىدى.

ئۇھۇد مەيدانى يەنە بىر قېتىم قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى. كۇففارلار بىر قېتىملىق غەلىبىسىدىن كېيىن خۇددى مەڭگۈ ئورنىنى تولۇقلىغىلى بولمايدىغان مەغلۇبىيەت زەربىسىگە ئۇچرىغاندەك غەمكىن ھالدا باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە مەيدانىنى تاشلاپ، ئاستا ـ ئاستا كېتىشىپ باراتتى. ھەممە ئەزالىرى قىپ ـ قىزىل قانلار بىلەن يۇيۇلغان مۇجاھىدلار خۇددى شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قىزىل شەپەقتەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ھەممە ئەتراپقا ئىمان ھەم ئىشەنچىنىڭ ھەيۋەتلىك نۇرىنى چاچماقتا ئىدى.

قۇلاق سالىدىغان بولساق، مانا بۇگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ يەنە شۇنداق ئاددىي ئەمما ئىنتايىن نازۇك جىھاد مەيدانلىرى بىزنى چاقىرماقتا. ئۇنىڭدىكى مەغرۇر باتىل كۈچلەر، «سىلەرنىڭ تومۇرۇڭلاردا بۇگۈنمۇ مۇھەممەد، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرلەرنىڭ قانلىرى ئېقىۋاتامدۇ؟!» دەپ چۇقان سالماقتا. دۇنيادىكى بىر مىلياردتىن ئارتۇق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ چۇقانلارنى سۈكۈت ئىچىدە تىڭشىماقتا. ئەمما ئىمان، غۇرۇرى ئويغاق بىرەر مۇسۇلمان ئارىمىزدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇلارغا: «ھەئە! ھازىرمۇ بىزنىڭ تومۇرىمىزدا ئاشۇ مۇقەددەس قانلار راۋان. ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ! ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا! ئاللاھ ھازىرمۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس! ئاللاھ ھازىرمۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىز

سىلەرنىڭ ئەمەس!» دەپ نەرە تارتىپ جاۋاب بېرىشكە تەييار ئەمەس. چۈنكى دۇشمەننىڭ ھەيۋىتىدىن لاغ ـ لاغ تىترەۋاتقان بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ساختا ئىمانىمىزدىن دۇشمەننى ئەيمەندۇرگىدەك بىرەر ھەيۋەت ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ۋىجدانىمىزنى قانائەت تاپتۇرغىدەك ئەخلاقىي ئوبرازىمىزمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئەمما شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز مۇسۇلمان، يەنىلا بىز مۇسۇلمان.

# تاش بىلەن تۇخۇم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان رىم ئىمپېرىيە قوشۇنىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن تەبۇك غازاتىغا جىددىي تەييارلىق قىلىش لازىملىقىنى جاكارلىغان چاغدا، دۇنيادىكى بۇ ئەڭ كۈچلۈك قوشۇنغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ غەيبىتىن ياردەم بېرىشىگە بولغان ئىشەنچىدىن باشقا ھېچقانداق قورال كۈچى يوق، مەدىنىدىكى ئاشۇ ئازغىنا مۇسۇلمانلارنىڭ جۇرئەت، شىجائىتى، ئۇرۇش قىزغىنلىقى ۋە پىداكارلىق روھلىرى ئۇ قەدەر مەۋج ئۇرۇپ شىددەتلىك ئاشقانە كەلكۈنگە ئايلىنىپ كېتەر، دەپ ھېچكىممۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بولسا كېرەك.

يالقۇنلۇق چۆللۈكنىڭ چوغدەك يېنىپ تۇرغان قۇم، زەررىلىرى ئاياقلارنى تەشمەكتە ئىدى. داتلاشقان سۇنۇق قىلىچلارنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە دۆۋىسى مۇسۇلمانلارنىڭ نامراتلىقىنى مازاق قىلىۋاتاتتى. كۆن ـ كۈنلەپ داۋاملىشىۋاتقان ئاچلىق ئۇلارنىڭ قان، تومۇرلىرىنى چىرىتمەكتە ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ تەۋرەنمەس ئىمانى گوياكى دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ رەھىمسىز تەستەكلىرىگە پەرۋاسىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تاغ چوققىلىرىغا ئوخشايتتى. بەلكى تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، قىلىچى ئۆتكۈر، ئەسكىرى خىل، سانى چەكسىز ئاشۇ مەشھۇر ئىمپېرىيە قوشۇنلىرىنى ئۈستىدىن بېسىپ چۈشۈپ يانچىپ تاشلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرلا ئىشارىتىگە ئىنتىزار، كۆكتە لەيلەپ تۇرغان ھەرىكەتلىك تاغقا ئوخشايتتى.

پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخى شۇنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتىكى، ئاسمان، زېمىننىڭ بىردىن ـ بىر يادروسى بولغان تەۋھىد ئەقىدىسى (قۇدرەتلىك

ئاللاھنى ”تەنها ئىلاھ“ دەپ تونۇش) ئىنسانلارنىڭ قەلب، ئىدىيەلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، بۇ تاش، تۇپراق دۇنياسىغا قەدەم قويغاندا، ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى مۇقىملىق ۋە ئېتىقاد جەھەتتىكى تەڭداشسىز ئىشەنچ ئېزىلگۈچىلەرگە شۇ قەدەر ھەيۋەت ۋە شۇ قەدەر كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلدىكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىستىبداتلىق ۋە مۇشتۇمزورلۇقنىڭ بارچە كۈچلىرى قورقۇنچتىن تىترەشكە، ئەيمىنىشتىن يەرگە قاراشقا باشلىدى.

بىر تەرەپتە مال ـ بايلىق، پولات، ساۋۇتلار بىلەن تولۇق قوراللانغان رىملىقلارنىڭ مەغرۇر كۈچلىرى زېمىننى نەپرەتلەرگە تولدۇرۇپ، بەئەينى يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ھۆكىرەشكەن ھالدا تاجاۋۇز قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار شام يوللىرىنى بويلاپ، قىيقاس، چۇقان سېلىشقىنىچە ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىقى تۈپەيلى مادارسىز ياتقان مەدىنە شەھىرىنى دۇنيا خەرىتىسىدىن پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈپ تاشلاشماقچى ئىدى. رىملىقلار مەدىنىدىكى ئاشۇ يېڭى بىر ئەۋلاد ئىنسانلارنىڭ قانلىرىغا قىلىچنى چىلاپ، «ماددىي قۇۋۋەت ۋە ئىستىبداتلىقتىن ئىبارەت نەق، ئەمەلىي خۇدالىق بىلەن قارشىلىشىش ئۈچۈن تېخىچە كۆزىمۇ كۆرمىگەن غايىب ئىلاھقا تايانماقچى بولۇۋاتقانلار چوقۇم مۇشتۇمزورلار تەرىپىدىن ئوجۇقتۇرىلىدۇ» دېگەن شۇئارلىرىنى دۇنيا تارىخىغا خاتىرە قىلىپ يېزىشماقچى بولۇشۋاتاتتى. ئەمما ئىككىنچى تەرەپتە ئۇلارغا پىسەنتمۇ قىلماستىن ”وحده لاشريك له. . .“، ”فعّال لما يريد . . .“، ”على كلّ شيء قدير“ (ئۇ ھېچ قانداق شېرىكى يوق ئاللاھتۇر. . .)، (ئۆزى خالىغاننى قىلىدۇ. . .)، (ھەممىگە قۇدرىتى يېتىدۇ. . .) دېگەن ئىلاھىي تەسەۋۋۇر بىلەن قەلب، ۋىجدانلىرىنى بېزىگەن، قوللىرىدا قىلىچ، نەيزە ئورنىغا ئىمان ۋە ئىشەنچنى مەھكەم تۇتقان ئاجىز ئىنسانلار توپى دۈشمەنگە قارشى قىزغىن ئۇرۇش تەييارلىقى قىلماقتا ئىدى.

بۈگۈنكى ماددىزم دۇنياسى بەلكىم بۇ ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىغا قاراپ ”تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغانلىق“، ”ئەخمىقانە خام ـ خىيال قىلغانلىق“ دېيىشتىن باشقا باھا بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما بۇندىن 1400 يىل ئىلگىرى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولغان بىر كارامەتلىك ئىنسان ئەنە شۇنداق خام خىيالنى رېئاللىققا ئېرىشتۈرۈپ، ئۇنى بىر تارىخىي ھەقىقەتكە ئايلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ، چۆللۈكنىڭ ئاشۇ ئازغىنا خۇدا سۆيەر زەررىلىرىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە قوشۇنلىرىنى جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ قېچىپ

كېتىشكە مەجبۇر قىلالايدىغانلىقىنى كەلگۈسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىبرەتلىك ساۋاق ئورنىدا خاتىرە قالدۇرۇشقا ھەمدە شۇ ئارقىلىق بارلىق ئىنسانلارنى كۈچلۈك بىلەن ئاجىزلىقنىڭ ئۆلچىمىنى يېڭىلاشقا چاقىرماقتا ئىدى.

ــ نېمىدېگەن ياخشى، جەزبىدار چاقىرىق بۇ! نېمىدېگەن ياخشى پۇرسەت ھە؟!

بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇش چاقىرىقىغا ئىپادە بىلدۈرىۋاتقان تۇنجى ئاۋاز ئىدى.

ـ نېمىدېگەن خەتەرلىك ئىلان بۇ! نېمىدېگەن ئۆتۈش قىيىن داۋان بۇ؟!

ئىككىنچى ئاۋاز قورقۇنچتا تىترەۋرەك چىقىۋاتاتتى.

ـ شۇنداق، بىز جىھادنىڭ خەتەرلىك مەيدانلىرىدا پانى ھاياتىمىزنىڭ قانلىرىنى ئېقىتىش ئارقىلىق ئىنسان بىلەن تاشلارنىلا ئۆزگە يېقىلغۇ قىلىدىغان مەڭگۈلۈك دوزاخ ئوتىنى پەسەيتمەكچى.

بىرىنچى ئاۋاز تېخىمۇ قەتئىيلىك بىلەن جۇشقۇن ياڭرىماقتا ئىدى.

ـ لېكىن... سىلەر تېخى كۆرۈپ باقمىغان ئوتتىن قورقۇپ، كۆز ئالدىڭلاردىكى ئەتراپىڭلارنى قورشاپ تۇرغان ئەمەلىي ئوتنى ئۇنتۇپ قىلىۋاتىسىلەر. قارىماسىلەر؟ بۇ يالقۇنلۇق چۆللۈككە، ئاپتاپ تەپتىدە ئۇنىڭ ھەر بىر زەررىسى قىزىل چوغلارغا ئايلىنىپ، چۆلنى گويا بىر ئۆچمەس دوزاخقا ئوخشىتىپ قويغىنىنى. مانا پۈتۈن ئەتراپتا يالقۇن، ئۆچمەس يالقۇنلار....

ــ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

بىرىنچى ئاۋازنىڭ ئىمانىي غۇرۇرى جۇش ئۇرماقتا ئىدى.

ــ كۆزلىرىمىز بىر ئوتنى كۆرىۋاتقىنى بىلەن قەلبلىرىمىز ئىككىنچى بىر ئوتقا تىكىلگەن. شۇ تاپتا ئۇنى پەقەتكىنە تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن ئىنسانىنىڭ روھى پۈچىلىنىشقا باشلايدىغان، كۆزگە كۆرۈنمىگەن ئەھۋالدا قۇتۇلغىلى بولغان بىلەن ئەمما كۆزگە بىر چېلىقىپ قالغان ھامانلا

مەڭگۈ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئىككىنچى بىر ئوتنىڭ تەپتىنى ھېس قىلماقتىمىز.

ـ سىلەر نادانلار مۇنداق ئاسان چۈشەنمەيدىغاندەك قىلىسىلەر.

ئىككىنچى ئاۋاز خۇددى يىلان چاققاندەك تولغىنىپ نەپرەت ھەم بىزارلىقىنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى.

ـ ئەجەبا ئاشقازانلارنى كۆيدۈرۈپ، پۇتكۇل يىزا، شەھەرلەرنى نابۇت قىلىپ تاشلايدىغان، خۇددى دوزاخ ئوتىغا ئوخشاشلا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئاچلىق ئوتىنى ئۇنتۇپ قىلىۋاتامسىلەر؟ جىھادقا مېڭىشىڭلار بىلەن تەڭلا پۈتكۇل مەدىنە ئاھالىسىنىڭ قەھەتچىلىككە مۇپتىلا بولىدىغانلىقىنى نېمە ئۇچۇن ئويلىمايسىلەر؟ بۇ دېگەن خورمىلار پىشىش ئالدىدا تۇرغان مەزگىل. مەدىنە ئاھالىسىنىڭ بىردىن ـ بىر تىرىكچىلىك ئاساسى بولغان خورمىلارنى پاجىئەلەرگە يەم قىلىپ بېرىپ، شەھەر ئاھالىسىنى ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئۆلۈمگە ئىتتىرمەكچىمۇ؟ بۇ گويا جىھاد مەيدانىدا ئۆلمەي تىرىك قالغانلار مەدىنە دەرۋازىسى ئالدىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ تۈگىسۇن، دېگەنلىك بولمامدۇ؟!

ـ شۇنداق، شۇنداق، توغرا دەيسىلەر.

بىرىنچى ئاۋاز تەنە ئارىلاش غەزەپلىك سۆزلىمەكتە ئىدى.

ـ شۇنداق ئاچلىق دېگەن نېمە؟ قەھەتچىلىك دېگەن نېمە؟ ھەممىنى ئوبدان بىلىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ ئاخىرلىشىدىغان ئازابلار. ئەمما بىز شۇ تاپتا ئۆلۈم بىلەن تەڭلا باشلىنىدىغان مەڭگۈلۈك ئازابنىڭ تەسەۋۋۇرىدا پۇچىلانماقتىمىز. سىلەر ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئاخىرلىشىدىغان دۇنيالىق ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئاقىلانىلىك ھېسابلايسىلەر، ئەمما ئۆلۈممۇ ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان ئاشۇ ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ئازابلىق ھاياتقا نېمە دەيسىلەر؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبۇك غازاتىغا جىددىي تەييارلىق قىلىش ھەققىدىكى ھۆكۈمىنى ئاڭلىغان ئىنسانلارنىڭ ئەنە شۇنداق ئىككى خىل ئىپادىسى مەدىنە كوچىلىرىنىڭ ھەر قايسى دوقمۇش بۇلۇڭلىرىدا بىر ـ بىرى بىلەن كەسكىن مۇنازىرىلەشمەكتە ئىدى. گەرچە بۇ ھەر ئىككى ئىپادىنىڭ ئەقىدە جەھەتتىكى شۇئارى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ

رەسۇلىغا بولغان ئىمانى بىردەك بولسىمۇ، بىرىنچى ئىپادە ‟مۆمىن“، ئىككىنچى ئىپادە ‟مۇناپىق“ دەپ ئاتالدى. چۈنكى بىرىنچى ئىپادىنىڭ تىلى قەلب دولقۇنلىرى بىلەن تەڭ ھەرىكەتلىنەتتى. نىيىتىدە نېمە بولسا، ئاغزىدا شۇنى سۆزلەيتتى. نېمىنى دېسە ياكى نىيەت قىلسا، شۇنى چوقۇم قىلاتتى. ئىككىنچى ئىپادىنىڭ ئىمان دەۋاسى بولسا، پەقەتكىنە كانايدىن چىقاتتى. بۇ ئىككى خىل ئىپادىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر ئۈچىنچى ئىپادىمۇ شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنى بۇ ئىككى ئىپادىنىڭ كەسكىن مۇنازىرىسى گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. قۇلىقى ئىككىنچى ئىپادىگە مەركەزلەشكىنى بىلەن قەلبى بىرىنچى ئىپادىگە مايىل، تىلى توختىماستىن ئاللاھنى چاقىرىۋاتقان، قەلبى ئاللاھنىڭ ۋىسالى ئۈچۈن بىقارار تولغىنىۋاتقان، ئەمما قەدەملىرى گاڭگىراش پاتقاقلىرىغا پاتقان.

شۇنداق قىلىپ، بىرىنچى ئىپادە بارغانسېرى كۆكنى قاپلاشقا باشلىدى. ئىككىنچى ئىپادە بولسا، پەردە ئارقىسىغا چۆكۈشكە باشلىدى. ئەمما ئۈچىنچى ئىپادە روھى ئازابىنىڭ ئۇزۇلمەس ئاھ ـ پەريادىغا ئايلىنىپ قالدى.

ــ بۈگۈن سېلى بۆلەكچىلا خۇشالغۇ؟!

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭ چىرايىدا جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئاجايىپ بىر خىل خۇشاللىق ھەم جىددىيچىلىك كەيپىياتىغا ھەيران بولۇپ، سورىماقتا ئىدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەل كايىغاندەك قىلىپ:

ـ نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ ئەجەبا، سەن ھاكاۋۇر رىم قوشۇنلىرىنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ دېدى.

ئۇنىڭ بۇ جاۋابىدىن تېخىمۇ گاڭگىراشتا قالغان ئايالى:

ـ دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىغا خۇشاللىنىدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟ شۇ تاپتا مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى كوچا ـ كوچىلاردا بۇ قېتىمقى دۈشمەننىڭ ھەر قېتىمقىدىنمۇ بەك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۇرۇش تۇپەيلى خورما پەسلىنىڭ نابۇت بولۇش خەۋپى بارلىقىنى كۇسۇرلىشىپ، خەۋپسىرەپ يۈرىۋاتقان تۇرسا...

ــ بولدى، بەس! ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمانىي غۇرۇرى دۇنيانىڭ بۇنداق بىھۇدە غەملىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇشقا چىداپ تۇرالمىغان ئىدى.

ـ قانداق توخۇ يۈرەك شۇنداق گەپلەرنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جاۋابىنى مانا بۇ قىلىچىم بېرىدۇ. چۈنكى ئۇنداقلارنى مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ. قورقۇنچاقلىق بىلەن ئىمان ھەرگىزمۇ بىر يەرگە جەملىنىشەلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىگە بولغان ئىمان ئورۇن ئالغان قەلبتىن دۈشمەنلەرنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە بولغان ۋەھىمىلەرگە ئورۇن بېرىش نەدىمۇ مۆمىننىڭ ئىشى بولسۇن؟ دۈشمەننى كۈچلۈك ساناش سەۋەبى ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى ئاجىز كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتقان ئاسىيلارنى ”مۇسۇلمان“ دېيىشكە قانداقمۇ تىلىڭ بارسۇن؟ چۆللۈكنىڭ ئىسسىقىدىن قورقۇپ، دوزاخ ئوتىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان، بىر نەچچە دۆۋە خورمىنى دەپ، جەننەتنىڭ باغلىرىدىن كېچىشنى خالايدىغان، ئاخىرەتنىڭ ئەبەدىيلىكىدىن ۋاز كېچىپ، دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى لەززەتلىرىگە رازى بولىدىغان ئۇنداق ئادەملەرنى ھەرگىزمۇ مۆمىنلەر قاتارىدا ساناشقا بولمايدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ غەزەپلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئايالى ۋەزىيەتنىڭ ئىنچىكىلىكىنى چۈشىنىپ، ”يا ئاللاھ! يا پاناھ!“ دېگىنىچە جىم بولۇپ قالدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېسسىياتلىق جۇشقۇن سۆزلىمەكتە ئىدى.

ــ مەسچىتتىن ياڭراۋاتقان بۇ ئاۋازغا قارا، بۇ ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ ئاۋازى، ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلىنىڭ ئاۋازى. ھازىر ئۇنى ئاڭلاپلا قويىدىغان ئەمەس، بەلكى دەرھال ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتىدىغان بىر پەيت. ئىمانىمىزنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى تىلىمىز بىلەن ئەمەس، ئاققۇزغان قانلىرىمىز بىلەن ئىسپاتلايدىغان پۇرسەت. ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە ۋەدە قىلغان ئاشۇ جەننەت ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيايىمىزنى تەسەددۇق ئېتىدىغان پۇرسەت. تېز بول ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى ھەتتا قازان قومۇچلارنىمۇ يىغىشتۇرۇپ تەييار قىل!.

بۇ كۈتۈلمىگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان ئايالى ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي قالغان ئىدى. ”تەبۇك مەيدانىدىكى جىھادتا ئۆينىڭ چىنە چۆمۈچلىرىنى نېمىگە ئىشلىتەر؟“ دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرالمىدى.

ــ شۇنداق، شۇنداق، ھەممە نەرسىنى يىغىپ تەييار قىل!

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازىدا بالىلارچە شادلىق، مويسىپىتلارچە تەمكىنلىك، پىداكارلىققا بولغان بىقارار تەلپۈنۈش ئورتاق ئىپادىلەنمەكتە ئىدى.

ــ توغرا، بۇگۈن بۇ خەتتابنىڭ ئوغلى سۆيۈملۈك رەھبىرىنىڭ چاقىرىقى ئۈچۈن بارچە ھاياتلىق مەئىشەتلىرىگە قوشۇپ ئۆز ھاياتىنىمۇ تەقدىم قىلماي ھەرگىزمۇ ئاراملىق ھېس قىلمايدۇ. بىلەمسەن؟! دائىم ئىنسانغا ئاتا قىلىپ كەلگەن ئاللاھ بۇگۈن ئىنسانلاردىن قۇربانلىقنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئاھ! نېمە دېگەن ئەھمىيەتلىك ئېسىل پۇرسەت ھە!! ئائىلەمنىڭ دۇنيالىق مەجبۇرىيەتلىرى ئۈستۈمدە بولمىسا ئىدى ـ كاشكى، پۈتكۈل بايلىقلىرىم بىلەن قوشۇپ، جېنىمنى ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ئاياغلىرى ئاستىغا تاشلىغان بولاتتىم. بۇ قېتىم ھېچ بولمىغاندا مال ـ مۈلكۈمنىڭ تەڭ يېرىمىنى بولسىمۇ تەقدىم قىلىش ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ لەۋلىرىدىكى ئاشۇ مۇبارەك تەبەسسۇمغا ئېرىشەلىسەملا مەيلى. شۇنداق، بارلىق مۆمىنلەرنىڭ قەلب، كۆزلىرى بىر قېتىم بولسىمۇ ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىۋېلىش ئۈچۈن چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن تەلپۈنىدىغان ئاشۇ مۇبارەك تەبەسسۇمغا ئېرىشەلىسەملا مەيلى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بارلىق مال ـ مۈلكىنىڭ تەڭ يېرىمىغا قوشۇپ ئۆز جېنىنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئىشق مەنزىلى تەرەپكە مەستانە كېتىپ باراتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ ”ئى ئەبۇ بەكرى! ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن، سەن دائىم ياخشىلىقتا مەندىن ئۆتۈپ كېتەتتىڭ، ئەمما بۇگۈن چوقۇم مەن ئۆتۈپ كېتىشىم مۇمكىن“ دېگەنلەرنى زوقلانغان ھالدا ئويلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەممە ئەتراپتا كىشىلەرنىڭ ھەق دىن ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاپ سەلدەك ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتاتتى. بۇگۈن كىشىلەرنىڭ قۇربان بولۇش ئىشتىياقى گويا ئىنسانىيەت دېڭىزىدىن كۆتۈرۈلگەن مەۋجدار دولقۇنغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. مەدىنە كوچىلىرىنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى كۈتۈپ تۇرغان مەسچىت تەرەپكە ئالدىراش يۈگۈرۈشىۋاتقان ئادەملەر بىلەن تولغان ئىدى. مۇرىلىرىدە ئېغىر قورال ـ ياراقلارنى يۈدۈشكەن، ئۆمۈر بويى تاپقان، تەرگەنلىرىنى ئېتەكلىرىدە كۆتۈرۈشكەن كىشىلەر مەسچىتكە ئالدىراۋاتاتتى. ئاياللارمۇ تېخى بىر قانچە سائەت ئىلگىرى قۇلاق، بويۇنلىرىدا زىننەت بولۇپ، ئېسىلىپ تۇرغان ھالقا، زەنجىرلىرىنى دەرھال يۇلۇپ ئېلىپ، پىداكارلىق

مەيدانغا ئەركەكلەرچە چۆرۈشمەكتە ئىدى. قول ـ ئىلكىدە يوقلار ’’مانا جىنىم ھازىر‘‘ دەپ مەردانە كېتىشىپ باراتتى.

بۇ ئىنسانلارنى ئىنسانلارنىڭ قۇللۇقىدىن مەڭگۈلۈك ئازادلىققا ئېرىشتۈرگەن، پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا ئاللاھنىڭ ھەقلىقى ۋە بىرلىكى (يەنى، تەۋھىد ئەقىدىسى) نى دەپ، تۈنجى بولۇپ پادىشاھلىق تەكلىپلىرىنى رەت قىلغان ئاشۇ ئۇلۇغ ئىنسانغا (يەنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىلدۈرۈلىۋاتقان ساداقەت ئىدى.

بۇ ئۆزىنىڭ قىرىق يىللىق سادىق تىلى بىلەن كىشىلەرنى كائىنات ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتىدىن خەۋەردار قىلغان، ئىنسانلارنى ئازغۇن چوقۇنۇشلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، تەنھا پەرۋەردىگارى تەرەپكە يېتەكلىگەن، ئۇنىڭ راستچىللىقىغا ئىنسانلا ئەمەس، بەلكى تائىفنىڭ قاتمال تاش، چالمىلىرىدىن تارتىپ، مەككىنىڭ زەھەرخەندە تىكەنلىرىگە قەدەر گۇۋاھلىق بېرىۋاتقان، ئۇنىڭ يارىلانغان مۇقەددەس جىسمى ۋە نۇرلۇق رۇخسارىدىن تامچىلىغان قانلار، ئەبەدىيلىك ئىنسانىيەت باھارىغا ئايلىنىپ، زېمىن قەلبىنى گۈلزار قىلغان، ئاشۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرۈلىۋاتقان ئىخلاس ھەم مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

مانا بۈگۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجايىپ مەمنۇنىيەتكە تولغان كۆزلىرى ئۆزى ئەھيا قىلغان ئاشۇ خازان بولماس ئىنسانىيەت باھارىنى چوڭقۇر سۆيۈنۈش ئىلكىدە تاماشا قىلماقتا ئىدى. بۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا تېخىچە كۆزگە چېلىقىپ باقمىغان، ھەقىقەتەنمۇ قايتا ـ قايتا كۆرۈشكە ئەرزىگۈدەك ئاجايىپ مەنزىرە ئىدى.

مانا بۈگۈن مەسچىت ھۇيلىسى بارلىق پەرىشتىلەر سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغان ئاشۇ موھتەرەم، ئۇلۇغ ئىنسان بىلەن تولغان ئىدى. شەيتاننىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئىبادىتىنىڭ بىكار قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان ئىنساندىكى ئاشۇ ئۇلۇغلۇق مانا بۈگۈن مەسچىت ھۇيلىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بېرىش ئۈچۈن تۇپلاشقان بۇ ئۇلۇغۋار ئىنسانلار توپىغا چوڭقۇر تەشەككۇرانە سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئىللىق باقماقتا ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك رۇخسارىدىكى مەمنۇنىيەت

شاتلىقىنى كۆرگەن مۆمىنلەرنىڭ قەلب ھېسلىرى تىللاردىن پارتلاپ چىقماي تۇرالمىدى. مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك ”يا رەسۇلۇللاھ! ئاتىغانلىرىمىز قوبۇل بولغاي! ئاتىغانلىرىمىز قوبۇل بولغاي!“ دەپ، ئۈنلۈك توۋلاشقا باشلىدى.

بۇگۈن بارچە كىشىلەر ئاللاھنىڭ رىزالىقى يولىدا بىر - بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئالدىراۋاتاتتى. گويا ئۆز ئىلاھىنىڭ پىراقىدا بىقارار بارچە روھلار ھەممىدىن ئىلگىرى بېرىپ ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشقا ئالدىراۋاتاتتى. دەۋرنىڭ بارچە ئارزۇ، تىلەكلىرى بۇگۈن ئەنە شۇ بىرلا ئارمانغا مۇجەسسەملەشكەن ئىدى. مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىھادقا ئاتالغان مال دۆلەت، قورال، ياراغلارنى قوبۇللۇق شەرپىگە ئېرىشتۈرگەن چىغىدىكى ئاشۇ گۈزەل، تەبەسسۇمى ”ماڭا تەئەللۇق بولسىكەن“ دېگەن بىرلا ئۈمىدتە ئىدى.

ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مانا شۇنداق پىداكار ئەزىمەتلەرلا ھەقىقەتەن ئارىسىدىن پەيغەمبەرنىڭ تاللىنىشىغا مۇناسىپ ئىدى. ئۇلار ياراتقان ئەنە شۇ پىداكارانە، مۇقەددەس مۇھىت ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چاقىرىقىنى ياڭرىتىشقا مۇناسىپ ئىدى.

— ئى ئۆمەر!

ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا سۆز قىلىدىغان ئاۋازى (يەنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىملىق ئاۋازى) جاراڭلىماقتا ئىدى.

— ئاتا - ئاناممۇ ئۆزلىرىگە تەسەددۇق، يا رەسۇلۇللاھ.! خىزمەتلىرىگە ھازىرمەن.

بىر زامانلاردا مەككە كوچىلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن يالىڭاچ قىلىچىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مانا ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بارلىقىنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئەدەپ بىلەن قول باغلاپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ئىخلاس، ساداقىتىنى تىترەپرەك چىقىۋاتقان ئاۋازىدىنلا ئېنىق ھېس قىلغىلى بولاتتى.

— ئى ئۆمەر! ئائىلەڭگىمۇ ئاز - تولا بىر نەرسە قالدۇردۇڭمۇ ياكى ھەممە

مال ـ مۈلكۈڭنى ئاللاھ يولىغا ئاتىۋەتتىڭمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى.

ــ يا رەسۇلۇللاھ! بارلىق مال ـ مۈلكۈمنى ئىككىگە بۆلۈپ، مانا ئۇنىڭ بىر قىسمىنى دىنىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ھازىر قىلدىم. يەنە بىر قىسمىنى بولسا دۇنيالىق پەرزلەرنى ئادا قىلىشقا قالدۇرۇپ قويدۇم.ـ دېدى ئۇ سۆيۈنگەن ھالدا.

جىھاد ئۈچۈن ئاتالغان شۇنچە كۆپ مال ـ بايلىقنى كۆرۈپ بارچە جامائەت ھەيرانلىقتا بىر ھازا قېتىپلا قالدى. ھەممەيلەن پىداكارلىقتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىدىكى ئاشۇ رازىمەنلىك تەبەسسۇمىنىڭ ئۆمەرگە تېگىشلىك بولۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر زوقلىنىش بىلەن كۆرۈۋاتاتتى. ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىۋاتقانلىقى ھەسرەتلىك چىرايلىرىدا ئىپادىلىنەمەكتە ئىدى.

ئەمما توپ ئىچىدە چىرايىدىن ھەسرەت ئورنىغا شادلىق، ئارقىدا قىلىش تۇيغۇسى ئورنىغا ھەممىدىن ئۆتۈپ كېتىش تۇيغۇسى ئىپادىلىنىۋاتقان يەنە بىر كىشىمۇ بار بولۇپ، ئۇ دەل ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. ئۇ ناھايىتىمۇ كەمتەرلىك بىلەن ھەممىگە قىزغىن تەبەسسۇم قىلغان ھالدا قاراپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم ئاشۇ سوئالنى ئۇنىڭدىن سورىغان چاغدا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «ھاياتىم، مال ـ مۈلكۈم، ھەممە نېمەمنى ھازىر قىلدىم. ئائىلەم ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ نامىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالدۇرمىدىم» دەپ، بەرگەن جاۋابىنى پۈتكۈل ئاسمان، زېمىن ھەم تارىخ ئۆز قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىدى ۋە ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

شۇنداق قىلىپ، ئىماننىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتكەن ئىدى. بۇ ئىككى ئۇلۇغ ساھابىنىڭ جانپىدالىقى بارلىق مۆمىن، مۇجاھىدلار قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ھەم پىداكارلىقىغا ۋەكىللىك قىلماقتا ئىدى. ”تەبۇك“ مەيدانىدا قانلىق جەڭ ئارقىلىق مۆمىنلەردىن ئېلىنماقچى بولۇۋاتقان ئىلاھى ئىمتىھان ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ كۆرسەتكەن قوربانلىقلىرى بىلەن مەسچىت ھويلىسىدىلا جاۋابقا ئېرىشىپ بولغان ئىدى. مۇجاھىد ئەزىمەتلەرنىڭ قەلب قانلىرى بىلەن يېزىلىۋاتقان پىداكارلىق ھېكايىسى بۇ ئىككى

زاتىنىڭ قولىدىلا تاماملانغان ئىدى. گويا ئۇرۇشتىن ئىلگىرى غەلىبە قىلىنىپ بولغان ئىدى. ئىمتىھاندىن ئىلگىرى ئىمتىھان نەتىجىسى چىقىپ بولغان ئىدى. مۆمىنلەرنىڭ ئەقىدە، ئىمانى قورال ئىشلەتمەي تۇرۇپلا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغان ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، مەسچىت ھويلىسىدىكى كاتتا جىھادتا (يەنى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىچكى ۋۇجۇد ئالىمىگە بېسىپ كىرىپ، نەپسى خاھىشلىرى ۋە تۈرلۈك ئەيىب، نۇقسانلىرى بىلەن ئېلىشىدىغان ئۇلۇغ جىھادتا) غەلىبە قازىنىپ بولغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئاللاھنىڭ بۇ پىداكار قوشۇنى ”تەبۇك“ مەيدانىغا يېتىپ بېرىپلا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك سانىلىدىغان رىم ئىمپېرىيە قوشۇنىنىڭ ئارقىغا بۇرۇلۇپ تىكىۋەتكەنلىكىنى كۆردى. مۆمىنلەردىكى ئىمانىي جاسارەتنىڭ شاۋقۇنىنى ئاڭلىغان 100 مىڭ كىشىلىك ئىمپېرىيە قوشۇنىنىڭ ئاران 10 مىڭ كىشىگىمۇ يەتمەيدىغان مۇجاھىدلار قوشۇنىدىن قورقۇپ، ئۇلار كېلىشتىن ئىلگىرى مەيدان تاشلاپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى. دېمەك، دۇنيانىڭ نەزىرىدىكى ”تاش بىلەن تۇخۇم ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ“دە، تاش تۇخۇمدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن ئىدى.

بۇنى كۆرگەن تارىخنىڭ: «ئى ئاسمان! ئى زېمىن! ئى بارچە زەررە، مەخلۇقات! گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مانا بۇ غالىب زاتلارنىڭ نامى مۇسۇلماندۇر! مانا بۇ غالىب زاتلارنىڭ نامى مۇسۇلماندۇر!» دەپ توۋلىغان ساداسى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ كۆكتە جەۋلان قىلماقتا. ئەمما 1400 يىللىق مۇساپىنى بېسىدىن كەچۈرگەن بۇ تارىخىي سادا بۈگۈنكى كۈندە قۇلاقلىرىمىز تۈۋىدە ياڭرىغاندا، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بۇتخانىلاشقان ئىبادەتخانىلىرىمىزدىن ئۈنىڭغا جاۋابەن (ئاھ! بىزمۇ ”مۇسۇلمان“مۇ؟!) دېگەن تولغىنىشتىن باشقا جاۋابنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ.

## كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەر بىلەن سەپەر ئۈستىدە ئىدى. ئۇلار توختىغان جايدا سۇ تاپقىلى بولمىغاچقا، ھەممەيلەن ئۇسسۇزلۇقتا ھالسىراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرقانچە ساھابە سۇ ئىزدەش ئۈچۈن يولغا چىقتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇلار چۆللۈكتە، سۇ قاچىلانغان تۇلۇمنى كۆتۈرۈپ يالغۇز كېتىپ بارغان بىر كاپىر ئايالنى ئۇچراتتى. سۇغا تەشنا ساھابىلەر يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەھۋال ئېيتتى. ئەمما ئۇ ئايال ئازراق بولسىمۇ سۇ بېرىشكە زادىلا ئۇنىمىدى. غەزەپلەنگەن ساھابىلەر ئايالنى تۇتۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ ماڭدى. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ئايال ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ ناھايىتىمۇ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى، ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىرىغان كىشىلەرگە سۇ بەرمەي خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

«بۇلار ئەمدى مېنى نېمە قىلىشىدۇ؟ ھەتتا مېنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىسىمۇ، ئۇنى كۆرىدىغانغا ئادەم يوق بۇ چۆللۈكتە، ئۆزۈم يالغۇز شۇنچە كۆپ ئەرلەرگە قانداقمۇ قارشىلىق بىلدۈرىمەن؟ يەنە كېلىپ مەن بىر ئاجىز ئايال تۇرسام...» دېگەندەك ۋەھىمىلىك خىياللار بىلەن پۈتۈن ئەزايى تىترىمەكتە ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قولىدا تۇلۇمنى ئېلىپ، يەنە بىر قولىدا تەڭگە قۇتقۇزۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئۇنىسىز ۋەھىمىلىك خىيال دېڭىزىدا ئاجايىپ ھاياجانلىق بىر داۋالغۇشنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى.

«بۇلار زادى قانداق ئادەملەردۇر؟ ھېچ كىشى يوق بۇ چۆللۈكتە مېنى

قانداق خالىسا، شۇنداق بوزەك ئېتەلەيدىغان تۇرۇپ، يەنە نېمىدىن قورقۇپ بۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغاندۇ؟ ئۇلارنى ئەيمەندۈرۈۋاتقان زادى نېمە؟ ئۇلار زادى نېمىدىن شۇنچە قورقۇۋاتقاندۇ؟ توغرا، ئۇلار بەلكىم ئۆز خۇداسىدىن قورقۇۋاتسا كېرەك، باشقىلارنى بوزەك ئېتىشكە كەڭرى شارائىت تۇرۇپمۇ، ئۇلار بۇنچە ئەيمىنىۋاتقان خۇدا، چوقۇم ھەقىقىي خۇدا. چوقۇم ھەقىقىي خۇدا...» دېگەنلەرنى بىر قۇر ئويلاپ چىقتى ـ دە، دەرھال ئىمان ئېيتىپ، شۇ يەردىلا مۇسۇلمان بولدى. (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)

مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئېسىل ئەخلاقى، مانا بۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىش ئىزلىرى. ئەمما بىز ئاشۇ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتمەستىن، بەلكى مەلۇم بىر قىسىم سىياسىي مەنپەئەتىمىزنى دەپ، ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆزگەرتىپ تاشلىماقتىمىز. تېخى ئۇيالماستىن باشقىلارنىڭ ھەققىگە چاڭ سېلىپ تۇرۇپمۇ، ئۆزىمىزچە پەتىۋالارنى توقۇشۇپ «بىر توپ ئىسلام جامائىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھەققىگە چاڭ سېلىش جائىز» دەپ جۆيلۈپ يۈرمەكتىمىز. ھالبۇكى بىزنىڭ چوقۇنىۋاتقىنىمىز ئۆز نەپسىمىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس. لېكىن شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز مۇسۇلمان، توۋا! يەنىلا بىز مۇسۇلمان!

* * * * * * * * * *

بۈگۈن خەلىپىلىك خەزىنىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا توپلاشقان يەھۇدىيلار دۇنيادا تېخىچە كۆرۈنۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي داڭ قېتىپ قىلىشقان ئىدى. ئەسلىدە بۈگۈن ھىرەقلىنىڭ پولات ساۋۇتلارغا چۆمكەلگەن ئىمپېرىيە قوشۇنلىرى "يەرمۇك" قا توپلاشقان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن "ھۇمۇس"تىكى مۇسۇلمان ئەسكەرلەر جىددىي ئاتلىنىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈن ئىدى.

بۇ دەل خۇددى ھازىرقى دەۋردىكىگە ئوخشاش دۇنيادىكى بارلىق مۇستەبىت ھۆكۈمران كۈچلەر "ئۇرۇش ھازىرلىقى" نامى بىلەن يۇقىرىلارغا سېلىق سېلىپ، ئۇلارنىڭ تېرىلىرىنىمۇ قويماي شىلىۋېلىپ ئادەتلەنگەن، ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي ھازىرلىق پىلانلىرى ئەجدىھاردەك

ھەممىنى يالماپ، خەلق ئىقتىسادىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان. توپلارنىڭ دەھشەتلىك زەربىسىدە زىرائەتلەر نابۇت بولىدىغان، قەھەتچىلىك بولۇۋاتقىنىغا قارىماي پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلۈك، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى قورال زاۋۇتلىرىغا سەرمايە قىلىنىدىغان، تۈرلۈك سىياسىي تاكتىكىلار ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئارا مېھرى ـ مۇھەببىتىنى ۋە يۈكسەك ئىنسانىيلىكىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش ئۈچۈن ئىمزالىنىشقا ئالدىراش بولۇپ كېتىدىغان ئۇرۇش مەزگىلى ئىدى.

ئەمما مانا شۇنداق جىددىي ئۇرۇش ۋەزىيىتىدىمۇ پۈتكۈل ھۆمۈس خەلقى جەڭ سىگنالى چېلىنىشى بىلەن تەڭلا جاكارچىنىڭ «بارلىق غەيرىي دىندىكىلەر ئىسلام ھۆكۈمىتىمىزگە تاپشۇرغان يىللىق جىزيەسىنى (يەنى كاپالەت بېجىنى) دەرھال قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتسۇن!» دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى ئۆز قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىدى. خەلىپىلىك خەزىنىسىنىڭ غەيرىي دىندىكى پۇقرالارغا كەڭرى ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

ــ ھوي! بىز زادى نېمىنى كۆرۈۋاتىمىز؟!... ئاڭلاۋاتقانلىرىمىز راستمۇ؟! يەھۇدىيلار كوچا، كوچىلاردا، بارچە يول قاسناقلىرىدا بىر ـ بىرىگە ئالدىراش شىۋىرلاشماقتا ئىدى.

ــ شۇنچە جىددىي ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلگەندىمۇ پۇقرالارنى بۇلاپ، تالاش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۆز مال ـ مۈلكىنى ئىككى قوللاپ پۇقراغا سۇنىدىغان بۇ مۇسۇلمانلار زادى قانداق ئىنسانلاردۇر؟!...

ــ توغرا دەيسىلەر! ــ بۇ يۇقىرىقى سوئاللارغا ئىسلام ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن بېرىلىۋاتقان ئاددىي جاۋاب ئىدى.

ـ توغرا. شەكسىزكى، ھازىر خەتەرلىك ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ بېشىمىزدا لەيلەپ يۈرمەكتە. شۇ تاپتا ئۇرۇش ھازىرلىقى جەھەتتىكى جىددىي ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىمىزمۇ بىزگە ئاپەت كەبى ۋەھىمە سالماقتا. ئەمما سىلەردىن يىغىۋېلىنغان يىللىق كاپالەت بېجى بولسا، سىلەرنىڭ دىنى ئەركىنلىكىڭلارنى، ئىززەت ـ ئابرۇيى، مال ـ مۈلكۈڭلارنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان ئىدى. مانا ئەمدىكى ۋەزىيەتتە بىز ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرىمىز، كىم بىلسۇن، ئۇرۇشتىن كېيىن سىلەرگە كاپالەتلىك قىلالماي يىغىۋېلىنغان باجنىڭ ھەققىنى ئادا

قىلالماسلىقىمىزمۇ مۇمكىن. شۇڭلاشقا ھەققى ئادا قىلىنمىغان پۇللارنى جىھاد ھازىرلىقى ئۇچۇن ئىشلىتەلمەيمىز، چۈنكى جىھادتىن ئىبارەت بۇ پاك ئىبادىتىمىزگە ھارام پۇللارنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

بۇ جاۋابنى ئائىلاپ ھاياجىنىنى باسالمىغان يەھۇدىيلار:ـ تەۋرات بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بۇنداق ئادىل ھۆكۈمرانلىقىڭلار ئۇچۇن ئۆزىمىزنىڭ ھەر قانداق ھۆكۈمرانلىقىنى پىدا قىلىشقا تەييارمىز، بۈگۈن بىزمۇ سىلەر بىلەن بىرلىكتە رىم قوشۇنلىرىغا قارشى تاكى جىسمىمىزدا بىر تامچە قان قالغۇچە ئۇرۇش قىلىمىز. ھەر قانداق ئەھۋالدا دۈشمەننى ”ھۇمۇس“قا يېقىن يولاتمايمىز، دەپ تەلەپ قىلىپ، توۋلاۋاتقان ۋەدە، شوئارلىرى بىلەن ئاسماننى لەرزىگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى.

ئىسلام تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇنداق ۋەقەلەر كۆزىمىزگە قەدەمدە بىر چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما نېمە ئۇچۇنكىنتاڭ، بىز ئۇنىڭ زادى نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئويلاشقا ۋاقىت ئاجرىتىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيمىز. قارىماققا ناھايىتى ئاددىي تۇيۇلىۋاتقان بۇ ۋەقە بىزگە بىر تەرەپتىن ئىسلامنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە تۇتقان دىنى ئەسەبىيەتلەردىن خالىي ئادىل نۇقتىئىنەزىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ تۈپ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەسھابە كىراملار ۋە بارلىق تابىئىن، مۆمىن ـ مۇجاھىدلار تارىختىن بۇيان ئىسلام كۈرەشلىرى ئۇچۇن ھالال قان ـ تەرلىرى ۋە پۇل بايلىقلىرىنى سەرپ قىلىپ كەلگەن. بۇ ئەڭ يۈكسەك، پاك ئىبادەتكە ھارام پۇللارنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىغا قەتئىي يول قويمىغان. ئەمما مانا بۈگۈنكى دەۋردە دۇنيانىڭ يەكلىشىگە دۇچ كەلگەن بىر قىسىم ئازغۇن دىنىي جامائەتلىرىمىز ئازغىنە سىياسىي مەنپەئەتنى دەپ، جىھاد نامى بىلەن ھەتتا مۇسۇلماننى بۇلاشتەك نومۇسلۇق قىلمىشلارنى سادىر قىلماقتا. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ قويۇش زۆرۈركى، ئۇلارنىڭ ئۆز بۇلاڭچىلىقلىرى ئۇچۇن پەتىۋا قىلىشىۋالغان «ئامالسىز ئىككى گۇناھنىڭ بىرىگە دۇچ كەلگەندە، چوڭ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن كىچىك زىياننى تاللاش لازىم» دېگەن ئىبنى تەيمىييە (ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن) نىڭ بۇ سۆزى ئەمەلىيەتتە جىھاد مەسىلىسىگە ئەمەس،

بەلكى پەقەت يېمەكلىك مەسىلىسىگە قارىتىلغان. ئاللاھ گەرچە بىزنىڭ ئامالسىز توڭگۇز گۆشى يېگەنلىكىمىزنى مەغپىرەت قىلسىمۇ، ئەمما ئامالسىزلىقنى باھانە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يېگەنلىكىمىزنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ. شۈبھىسىز، كىشىنىڭ بارلىق گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى باشقىلارنىڭ قەرزى ياكى ھەققىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنمايدىغانلىقى نۇرغۇن ھەدىسلەردە ئېنىق بايان قىلىنغان. چۈنكى ھەقىقىي مۇجاھىدلارنىڭ دۇنيادىكى ۋەزىپىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قۇللۇق ئىشكەللىرىدىن ئازاد قىلىپ، پەقەت بىرلا ئاللاھقا يۈزلەندۈرۈش، ئۇلارنى ھەقىقىي ئىنسانىي مەرتىۋىسىگە ۋە ئىنسانىي ھەق ھوقۇقىغا ئىگە قىلىشتۇركى، ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ھەققىگە چاڭ سېلىش ئەمەس.

* * * * * * * * * *

خەيبەردىكى يەھۇدىيلار خېلى ئۇزاق تىركىشىپمۇ ئاخىرى قورال تاشلاشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىن شەھەرگە بېسىپ كىرىش ئالدىدا تۇرغان ئىسلام قوشۇنلىرىغا نىسبەتەن ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ۋەھىمىلەرگە مۇپتىلا بولۇشماقتا ئىدى. ئۇلار «شەھىرىمىز بىر قېتىملىق چوڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ، قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىدىغان بولدى» دەپ قاتتىق ئەنسىرەشمەكتە ئىدى. چۈنكى ئۇلار دۇنيانىڭ شۇ چاققىچە بولغان تارىخىدا، قەلئە، قورغانلارنى بۇسۇپ ئۆتكەن غالىب قوشۇنلارنىڭ دائىم زۇلۇم، ئىستىبداتلىقنىڭ ئەڭ قەبىھ نەمۇنىلىرىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئادەتلەنگەن ئىدى. غالىبلارنىڭ دەھشەت سېلىشى بىلەن مەغلۇپلارنىڭ ئەنسىز، تاتارغان چىرايىدا، ئىنسان ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە بولغان مەيۈسلۈكنىڭ قانداق ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى، ئاياللار، ئۇششاق باللار، قېرى ـ چۆرە، ئاجىز، مېيىپلارنىڭمۇ ئىمتىيازسىز زۇلۇملاردا بىچارىلەرچە جان بېرىدىغانلىقىنى، ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە ئېتىز، ئورمانلار كۈلگە ئايلىنىپ، پادىلارنىڭ ئۇياق ـ بۇياقلارغا قالايمىقان چېپىپ يۈرۈشىدىغانلىقىنى، ئۇچار قۇشلارنىڭمۇ ئالاقزادىلىكتە ئۇۋىلىرىنى تاشلاپ، يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۆز غەلىبىسىدە ھوشىنى يوقاتقان غالىبلارنىڭ بەئەينى ئالا ـ جوقىلاردەك چۇقان سېلىشىپ، شەھەرنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ ياكى قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلاپ كۆنگەن ئىدى.

ئەمما بۈگۈن خەيبەر زېمىنى تۇپراقتىن يارالغان ھەقىقىي ئىنسانلارنىڭ

غەلىبىدىن كېيىنمۇ كەمتەرلىكىنى ئىپادىلەپ، نەزەرلىرىنى تۆۋەن تۇتقان ھالدا يەرگە يۇمشاق دەسسەپ، شەھەرگە كىرىۋاتقانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلماقتا ئىدى. غالىب ئىسلام قوشۇنىنىڭ بېسىۋاتقان قەدەملىرىدىن ۋەھشىيلىك ۋە مەغرۇرلۇقنىڭ قاراس ـ قۇرۇس ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. خەيبەر زېمىنى تارىخىدا تۇنجى قېتىم غالىبلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىنتىقام ۋە نەپرەتنىڭ غەزەپلىك ئۇچقۇنلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئاجايىپ بىر خىل مۇھەببەت نۇرىنىڭ جىلۋىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قوللىرى قانلىق قىلىچلار تەرەپكە ئەمەس، ئەكسىچە ئىنسانىي دوستلۇق، ئىنسانىي مۇھەببەت تەرەپكە سوزۇلۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

بۇ دەل قەدىردان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇياش كەبى نۇرلۇق جامالى بەخش ئېتىۋاتقان گۈزەل سىېزىم بولۇپ، مۇجاھىدلارنىڭ ھەر بىر قەدىمىمۇ خەيبەر زېمىنىغا ئەنە شۇنداق سېزىمنى بەخش ئېتىپ، يېڭىلىك بېسىلماقتا ئىدى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ سەردارى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېھرىدە غالىبلارچە مەغرۇرلۇق ئورنىغا مەغلۇپلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بولغان كۆيۈمچانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى ئېنىق ئىپادىلىنىۋاتاتتى.

ئاجىزلار زۇلۇم، تەھدىتلەرنىڭ رەزىل ھېسلىرىنى باش ئەگدۈرۈۋاتقان تەڭداشسىز غايىب ئىلاھىي كۈچنىڭ ئەمەلىي ئوبرازىنى تۇنجى قېتىم ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى. خەيبەرنىڭ بارلىق سېپىل، ئىشىك، دەرىزىلىرى قايىللىق بىلەن كۆزنەكلىرىنى ئېچىپ، چوڭقۇر ھاياجانلىنىش ئىلكىدە ھەيرانە قاراپ تۇراتتى. شەھەرنى قاپلىغان قورقۇنچ، ۋەھىمىلەرنىڭ قارا بۇلۇتلىرى بىردەم ئىچىدىلا غايىب بولۇشقان ئىدى. مەغلۇپلارنىڭ ئالاقزادە چىرايىدا ئەكس ئېتىشكە باشلىغان خاتىرجەملىك گويا ئۇلارنىڭ قەلب، روھلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئىدى. جەڭ ئوتىدا پۇچىلانغان شەھەر پۇقرالىرى ئەمدىلىكتە ئۆز مەغلۇبىيىتىنىڭ مۇسۇلمانلار قولىدا نەقەدەر گۈزەللىككە ئېرىشكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلماقتا ئىدى. ھەتتا يەھۇدىيلارنىڭ مەغلۇپ قوماندانلىرىمۇ مۆكۈنىۋالغان بۇلۇڭ ـ پۇچقاق، پاناھگاھلىرىدىن چىقىپ، غالىب ئىسلام قوماندانلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا، ئۇلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى سىناپ كۆرۈشكە پېتىنالىدى. تېخى بايىلا قورقۇنچتا پۇتۇن ئەزايى تىترەشكە چۈشكەن مەغلۇپلار غالىبلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆز تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتەك ئەدەبسىزلىكلەرنى قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالىدى.

دېمەك، ئىنسانپەرۋەرلىككە بولغان ئىشەنچىنىڭ نۇرلۇق قۇياشى شۇنچە ئۇزاق زامانلاردىن كېيىن تارىخ ئاسمىنىدا تۇنجى قېتىم نۇر چاچماقتا ئىدى. شەھەردە غالىبلارچە مەغرۇرلۇق ئىپادىلەنمىدى. قىلىچلار ھېچقانداق ئىنساننىڭ قېنىغا بويالمىدى. ئىنتىقام ۋە غەلىبە، نۇسرەتنىڭ ئاللا ـ چۇقانلىرىمۇ كۆتۈرۈلمىدى. بەلكى دەل ئەكسىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرلا ئاۋازى بىلەن تەڭ بارلىق مۇجاھىدلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا ياۋاشلىق بىلەن سەجدىگە باش قويۇشقا، نامازنى ئادا قىلىشقا دەرھال توپلاشتى. دۈشمەنلەرنىڭ مەغرۇر قەددىنى مۈكچەيتكەن غالىب باشلار، ئەمدىلىكتە ئاجىزلىق بىلەن يەرگە تەگمەكتە ئىدى. زېمىننى تىترىتىدىغان چېكىنمەس قەدەملەر ئۆز ئىزىدا قاتقان ئىدى.

خەيبەر ئەنە شۇنداق شانلىق پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن غەيرىي دىنىدىكى پۇقرالارنىڭ قەلبلىرىمۇ ئىسلام بايرىقى ئاستىغا جەم بولۇشقا باشلىدى. غالىبلار بىلەن بىرلىكتە مەغلۇپلارمۇ تەڭ شاتلىققا چۆمدى. گويا ئۇرۇش بىلەن تىنچلىق، غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەت، شەرق بىلەن غەرب ئۆز ـ ئارا بىرلىشىپ كەتكەندەك ئىدى. مەغلۇپلارنىڭ ئىسلام قوشۇنىغا قويۇۋاتقان تەلەپلىرىدىمۇ ئىنسانپەرۋەرلىككە بولغان قەتئىي ئىشەنچلىرى ئەكس ئېتىشكە باشلىدى.

— زېمىنىمىزنى ئۆزىمىزگە تاپشۇرۇڭلار ـ بۇ تېخى بايىلا قورقۇنچ، ۋەھىمىلەردە مۆكۈنۈشكە يەر تاپالماي تېپىرلاپ يۈرگەن مەغلۇپلارنىڭ غالىبلارغا قويۇۋاتقان تەلىپى ئىدى.

— چۈنكى بىز سىلەرگە قارىغاندا يەرگە ياخشى قارىيالايمىز، ئۇنىڭدىن ئېلىنغان مەھسۇلاتتا سىلەرنىڭمۇ تېگىشلىك ئۈلۈشۈڭلار بولسۇن.

تارىخ گۇۋاھكى، بۇ تەلەپمۇ تەخىرسىز ماقۇللاندى. شۇنداق قىلىپ دۇنياغا كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن مول ـ ھوسۇل يىغىۋېلىش پەسلى كەلگەندە، ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ خەيبەردىكى ۋەكىلى ھەزرىتى ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەسىللىك مول ـ ھوسۇللارنى تەقسىملەپ:

— مانا بۇلاردىن ئۆزۈڭلارغا يارىغان ئۈلۈشىنى ئېلىپ، يېرىمىغىنىنى بىزگە قالدۇرۇڭلار ـ دەپ ئېلان قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان يەھۇدىيلار چوڭقۇر ھاياجانلىنىش ۋە سۆيۈنۈش ئىلكىدە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بۇ ئادالەتپەرۋەرلىكىڭلار تۈپەيلىدىنلا پۈتكۈل ئاسمان ـ زېمىن ئەركىن نەپەسلىنىشكە سازاۋەر بولماقتا ـ دەپ ئاپىرىن ئوقۇشقا باشلىدى.

ئەمما مىڭ ـ مىڭلاپ ئەپسۇسكى، دۇنياغا ئىنسانپەرۋەرلىك، كىشىلىك ھوقۇق، ئىنساپ، ئادالەتتىن دەرس بەرگەن ئاشۇ بۈيۈك ئۈممەتنىڭ ئىزباسارلىرى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، كېچە ـ كېچىلەپ تۆككەن قانلىق ياشلارمۇ بەدەل بولالمىغۇدەك دەرىجىدە دۇنيا ئۈچۈن ئاچچىق ساۋاقتا ئايلىنىپ قالماقتا.

# ئىككى تەسۋىر ئىككى كۆز

گەرچە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ رەھىم - شەپقىتى ۋە قەھرى ئازابىنى ئىنسانلار بىرلا ۋاقىتتا تەڭ كۆرۈپ يېتەلىسۇن دەپ، ئىنسانغا ئىككى كۆز ئاتا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ پەقەت بىرلا كۆزىمىزنى ئىشقا سېلىپ كېلىۋاتقانلىقىمىز ھەرگىزمۇ سەل چاغلاشقا بولمايدىغان ئازغۇنلۇق ئەلۋەتتە.

ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەر خىل ئېگىز - پەس مۇساپىلىرىدە شۇنداقلا كائىناتنىڭ جەلپكار پايانسىزلىقىدا كۇنگە نەچچە مىڭلىغان ھادىسە، ئۆزگىرىشلەر ۋە ئاجايىپ مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ. لېكىن بىزنىڭ كۆزلىرىمىز دائىم ئۇنىڭ روشەن تاشقى تەرىپىگىلا تىكىلىدۇ. غەيىب پەردىسىگە ئورالغان ئىچكى قاتلاملىرى بولسا، غەپلەتتىكى ئىبرەت كۆزىمىزگە چېلىقماي ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. بىز ھايات ۋە كائىناتقا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئاللاھنىڭ مىسلىسىز رەھمىتىنىڭ ئۇششاق زەررىلەردىن تارتىپ تاكى كاتتا پىلانىت، سەييارىلەرگە قەدەر ھەممىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، ئاجايىپ نۇرلۇق رىشتە ھالقىسىنى شەكىللەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما بىز بۇ گۈزەل تەسۋىرنىڭ ئىككىنچى يۈزىگە قاراپ قويمايمىز. شۇنچە چەكسىز كۈچ - قۇدرەت ۋە شۇنچە شانلىق رەھىم - شەپقەت، خەيرى - ئېھسانلار ساھىبى بولغان ئاشۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، شۇنچە دەھشەتلىك قەھرى- غەزەپىنىڭمۇ ساھىبى ئىكەنلىكىنى زادى خىيالىمىزغا كەلتۈرۈپ باقمايمىز. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئاللاھنىڭ رەھىم - شەپقىتى ۋە قەھرى - غەزىپىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل تەسۋىر ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدا توختىماي جەۋلان قىلىپ، بىزنىڭ ئىبرەت ھەم تەشەككۇر، ئۈمىد ھەم خەۋپتىن ئىبارەت ئىككى كۆزىمىزنى ھەر مىنۇت،

ھەر بىر دەقىقە ئۆزى تەرەپكە نەزەر سېلىشقا چاقىرماقتا.

قانچىلىغان دىلكەش باھار كارۋانلىرىغا قونالغۇ بولۇپ بەرگەن ئايىغىمىز ئاستىدىكى ئۈستى كۆكتاتلىق بۇ بۇ كېچىككىنە زېمىن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، مۆلچەرلىگۈسىز ئاپەتلىك ۋولقان ماگمىلىرىنى مەھكەم باغرىغا بېسىپ، ئاللاھنىڭ بىرلا ھۆكۈمى بىلەن پارتلاشنى كۈتۈپ ياتماقتا. يۈز - كۆزلىرىمىزنى شەپقەت بىلەن يېنىك سىلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ مەيىن شاماللارمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بوران - چاپقۇن، قويۇنلارنى دائىم يېتىلەپ يۈرمەكتە. ھېس، تۇيغۇلىرىمىزنى قاناتلاندۇرۇپ، ئاجايىپ شېرىن ھاياجانلارغا سالىدىغان ئاشۇ يامغۇر - بۇلۇتلىرىمۇ پۈتكۈل ئىشرەت ئالىمىمىزنى ئېقىتىپ تاشلايدىغان ھالاكەتلىك كەلكۈنلەرنى ھەمدە بىرلا چېقىش بىلەن بارچە باغۇ - ئىراملىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان رەھىمسىز چاقماقلارنى يۈدۈپ، دائىم ئۈستىمىزدە لەيلەپ يۈرمەكتە. بىزنى ھاكاۋۇرلاشتۇرۇپ، ئىنسانلارنى ئۆلۈمگە ئىتتىرىشتىنمۇ چۈچىمەس قىلىپ قويىۋاتقان ئاشۇ غالىب ھاياتىمىز دائىم ئەزرائىل قىلىچىنىڭ سايىسى ئاستىدا نەپەسلەنمەكتە. بىز ئۇيالماستىن يورۇقلۇقى ئاستىدا نومۇسلۇق جىنايەتلەرنى سادىر قىلىپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئاي بىلەن قۇياشنىڭ نۇرلىرىدا قانچىلىغان ئاتوم يادرولىرى مۆكۈپ ياتماقتا؟ بۇلارنى كۆرۈش ئۈچۈن بىزنىڭ ئىبرەت كۆزلىرىمىز تېخى غەپلەتتىن ئويغىنىپ باققىنى يوق. قىسقىسى، دۇنيادىكى بارچە مەۋجۇدلۇق بىزگە شۇنى ئېنىق جاكارلاۋاتىدۇكى، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئاخىرقى ئۆلۈم باسقۇچى بولغان ”قىيامەت“ كۈنسېرى، سائەتمۇ سائەت، مىنۇتمۇ مىنۇت دۇنياغا يېقىنلاپ كەلمەكتە. ”قىيامەت“نىڭ ئۇ تەرىپىدىكى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئىنتىھاسىز ئاخىرەت ھاياتىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا بولسا، ئاللاھنىڭ رەھىم - شەپقىتى ۋە غەزەپ - نەپرىتىنىڭ سىمۋولى بولغان ”جەننەت“ بىلەن ”جەھەننەم“ نىڭ ئىككى خىل مەنزىرىسى بارلىق ئىنسانىيەتنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۈمىد ھەم خەۋپنىڭ بۇ ئىككى مەنزىرىسىنى بويلىغان ھالدا ئەنە شۇ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئىككى خىل ئالەمنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولسا، غەيب پەردىسىگە ئورالغان بۇ ئىككى ھەقىقەت ئۇنىڭ ئىمان، ئىشەنچىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى نامايان قىلماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل دۇنيالىق ھاياتى ئاخىرەتنىڭ پايانسىز، كەڭرى ئېتەكلىرىدە گوياكى بىر ئەرزىمەس قۇم زەررىسىدەك نەزەردىن ساقىت بولماي قالمايدۇ.

ھازىرقى دەۋردە ۋاقىتنىڭ توسۇۋالغۇسىز دولقۇنلىرى ئىنسان ھاياتىنى

ئۆلۈمنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى نامەلۇم ساھىللارغا سۈرۈپ كېتىۋاتقان بولسا، ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ”ئىمان“ ئىنسانىنى ئاشۇ ساھىللار تەرەپكە تەشەببۇسكار ئىنتىلىشكە ئالدىراتاتتى. بۇندىن 1400 يىل ئىلگىرىكى ئەجدادلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلار دۇنيانىڭ شوخا ـ تىكەنلەر بىلەن تولغان مۇشەققەتلىك داۋانلىرىدا جاراھەت ۋە ئازابلاردىن ھالسىزلىنىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا جەننەتنىڭ گۈزەل تەسەۋۋۇرىدا ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئاجايىپ شېرىن روھى مەمنۇنىيەتتىن ھۇزۇرلىناتتى. جەھەننەمنىڭ ئاتەش، يالقۇنلىرىنى ئەسلىگەنلىرىدە بولسا، دۇنيانىڭ ئەڭ ئېسىل مەستخۇشلۇق پاراغەتلىرى ئىلكىدە بولغان ئەھۋالدىمۇ، خۇددى ھېچ نەرسىسى يوق مەھرۇم ئىنساندەك بىچارە ھالەتكە كېلىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىمانى خۇددى ۋۇجۇدىغا يېقىلغان ئۆچمەس مەشئەلدەك لاۋۇلداپ يېنىپ، ئۆزىنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكىنى ھەر نەپەستە بىر قېتىم ئەمەلىي جاكارلاپ تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا «بىباھا ئىمانىمىز قەلب، ۋىجدانىمىزنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىدا غەپلەت ئۇيقۇسىغا كېتىپ قالدىمۇ قانداق؟!» دەپ، ھەر لەھزىدە بىر تەشۋىشلىنەتتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ئىمان يالقۇنىنىڭ تەپتىدە ئېرىپ بەزىدە مومغا ئايلانسا، يەنە بەزىدە يالقۇنلۇق چوغقا ئايلىناتتى. ئۇلار جىسىم، روھىدا لاۋۇلداپ تۇرغان ئىمان يالقۇنىنىڭ تەشنا ھارارىتىنى بەزىدە كېچىلەرنىڭ جىمجىت قاراڭغۇلۇقىدا جايىنامازغا تۆكۈۋاتقان ئەلەملىك ياشلىرى ۋە ئاھ چېكىپ بۇقۇلداپ يىغلاشلىرى بىلەن سوۋۇتۇشقا تىرىشسا، يەنە بەزىدە كۈندۈزدىكى قايناق ھاياتلىق مەيدانلىرىدا ئاققۇزۇۋاتقان ھالال قان ـ تەرلىرى بىلەن نەملەشكە تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ مۇجاھىدانە تۆككەن قان، تەر، ياشلىرى خۇددى ئوتقا چېچىلغان ياغدەك ۋۇجۇدىدىكى ئىمان مەشئىلىنى تېخىمۇ لاۋۇلدىتىشقا باشلايتتى. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتكە باغلىغان ئىشەنچ، ئۈمىدى شۇ قەدەر مۇستەھكەم ئىدىكى، دۇنيانىڭ بارچە پايدا ـ مەنپەئەتلىرىنى پەرۋاسىز بىر چەتكە ئىتتىرىپ تاشلاپ، خەتەرلىك جىھاد مەيدانلىرىدا مۇقەددەس بويۇنلىرىنى قىلىچ بىسىغا تۇتۇپ بېرىشكە ئالدىرايتتى. گەرچە ئاللاھنىڭ جامالى ۋە رەھىم ـ شەپقىتىنىڭ نۇرلۇق تەسەۋۋۇرى ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ھەقىقىي ئەقىدەتمەن بەندىچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئوبرازىغا، گوياكى ئاجىزانە تەشەككۈرلۈك سەجدىنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئاللاھنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قورقۇنچلۇق تىترەكلەردىن روھ، تەنلىرىنى بىر دەممۇ ئازاد قىلالمايتى. ھەتتا ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىۋېتىپمۇ ”ئاھ! ھاياتنىڭ ھەققى

ئادا بولماي قالدى" دەپ، ھەسرەتتىن تولغىناتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھايات ۋە پۈتكۈل كائىنات ئاللاھنىڭ گۈزەل رەھمىتى ۋە غەزەپ - نەپرىتىنىڭ ئۇنسىز ئالامىتى شۇنداقلا ئەمەلىي نامايەندىسى بولۇپ، بۇلار "جەننەت" بىلەن "جەھەننەم"دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاتىلىشتا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى مەنە تاكامۇللۇقىغا يېتەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلاردىكى ئىمان ۋە رېئال ئەمەلىيەت قانچە يۈكسەلگەنسېرى ئۇلاردىكى ئۈمىدۋارلىق ۋە خەۋپسىرەشمۇ شۇنچە روشەنلىشىشكە باشلايتتى. ئۇلار ئاللاھقا قانچە يېقىنلاشقانسېرى ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىتائەت تۇيغۇلىرى ۋە ئاجىزانە بەندىچىلىكلىرىمۇ شۇنچە شانلىق نامايان بولۇشقا باشلايتتى.

ئاللاھنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ھاۋادىكى نورمال ئۆزگىرىشلەرنى، يامغۇر ياكى بورانلىق قارا بۇلۇتلارنى كۆرگەن ھەرقانداق چاغدا ئىزتىراپتىن جىددىيلىشىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا ۋە توختىماي دۇئا قىلىشقا باشلايتتى.

— يا رسۇلۇللاھ!- ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر قېتىم تەئەججۈپلىنىپ سورىدى.

— شامال چىققان ياكى ئاسماننى بۇلۇت قاپلىغان چاغلاردا كىشىلەر "ئەمدى يامغۇر يېغىپ زېمىننى ياشارتىدىغان بولدى" دەپ خۇشاللىنىدۇ. ئەمما ئۆزلىرى بۇنداق چاغلاردا دائىم بىئاراملىق ھېس قىلىدىلا...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا يېقىملىق بېقىپ:
- ئەجەبا بىلمەمسەن؟ ئاللاھ ئاد قەۋمىگىمۇ بۇلۇت ئارقىلىق ئازاب نازىل قىلغان. ئاد خەلقى شۇ چاغدا "بۇ بۇلۇتلار بىزگە سوغۇققىنە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىغان بولدى" دەپ خۇشال بولۇشقان ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ بۇلۇتلار ئاد قەۋمى ئۇچۇن ئازاب ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇ بۇلۇت، شامالللاردا ئاللاھنىڭ ئازابى ئەمەس رەھمىتىلا مەۋجۇد، دەپ قانداقمۇ كۆڭلۈم تىنسۇن؟! دەپ جاۋاب بەردى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بېشىغا ئاللاھنىڭ ئازابى يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئاد قەۋمىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ھايات ھەم كائىناتقا پەقەت ئۈمىد كۆزى بىلەنلا قاراپ، خەۋپ ھەم ئىبرەتتىن ئىبارەت ئىككىنچى كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋالغان. مانا ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇلارنىڭ ئازابقا دۇچار بولغان

ئاشۇ ئۆي، ماكانلىرىنىڭ قەدىمى خارابىلىرى بىلەن قالدۇق يادىكارلىقلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار نەزەر سېلىشتىن يالتايغان ئاللاھنىڭ قەھرى - ئازابىنى ئەمەلىي نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممەتنىڭ غېمىدە، جۇملىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ غېمىدە پۈتۈن كېچىنى كۆز يۇمماستىن جاينامازدا يىغلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. شۇ كېچىسى ئۆزىنى تۇتالماي ئېسەدەپ يىغلاپ كېتىۋاتقان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك تىللىرى قۇرئاندىكى مۇنۇ بىر ئايەتنى قايتا - قايتا توختىماي تىلاۋەت قىلماقتا ئىدى:

«ئەگەر سەن بۇلارغا ئازاب قىلىشنى خالىساڭ، بۇلار سىنىڭ بەندەڭ خالىغىنىڭنى قىلىسەن. ئەگەر مەغپىرەت قىلىشنى خالىساڭ، سەن چەكسىز قۇدرەت، ھېكمەتنىڭ ئېگىسىدۇرسەن»

ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتلىقىدا بىر قېتىم ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، كۈندۈز بىردىنلا كېچىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. بۇنى كۆرگەن ھۇزەير ئىبنى ئابدۇللاھ ئۇنىڭدىن: - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىمۇ مۇشۇنداق ھادىسىلەر كۆرۈلەمتى؟ دەپ سورىدى.

ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ئەگەر ھاۋادا ئازراقلا ئۆزگىرىش كۆرۈلسە ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى گويا قىيامەت بولغاندەك قورقۇنچقا چۈمەتتى. جىددىيچىلىكتە ھەممە ئىشلىرىنى تاشلاپ مەسچىتكە يۈگۈرەيتتى، - دەپ جاۋاب بەردى.

مانا ئەمدىلىكتە بولسا، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزلىرى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇ زامانىسى قانچە ئونلىغان ئەسىر مۇساپىسى ئارقىسىدا بىز ھەممىمىزنىڭ كۆزلىرىمىزدىن غايىب بولماقتا. گويا ئاشۇ زامان مەنزىرىسى ئاخىرەت ھەم قىيامەتنى، جەننەت ھەم جەھەننەمنىمۇ بىرگە ئېلىپ ئۇزاپ كەتكەندەك بۇ ئۆلمەس ھەقىقەتلەر ئىمانىمىز كۆزلىرىدىن بارغانچە يىراقلاپ كەتمەكتە. ھالبۇكى، مانا بۈگۈنكى زامانىدىمۇ گۈلدۈرماما، چاقماقلىق يامغۇرلار، ھۇشقۇرتۇپ چىقىۋاتقان بوران - چاپقۇنلار، يەر تەۋرەش، ئاچارچىلىق، ئۇرۇش ئاپەتلىرى، خىلمۇخىل كېسەللىكلەر دېگەندەك تۈرلۈك ھادىسىلەر تەرەپ - تەرەپتىن باش چىقىرىپ ئىنسانىيەتنى مارلاۋاتماقتا. ئەمما بىز ئىنسانلارنىڭ ئاشۇ بىر كۆزى (يەنى، ئاللاھنىڭ قەھرى - ئازابىنى

كۆرىدىغان ئىبرەت كۆزى) يەنىلا ئىلگىرىكىدەك مەھكەم يۇمۇلغان. گەرچە بۈگۈنكى دۇنيادا يۈز بىرىۋاتقان ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى ”ئاد“ ۋە ”سەمۇد“ قەۋملىرىگە بىرىلگەن ئازابلارنىڭ مۇقەددىمىسىگە ياكى ئەۋرىشكىسىگە ئوخشاپ تۇرسىمۇ، بىزنىڭ يەنىلا ئۇنىڭغا پەرۋاسىز، ھېسسىز يۈرىشىمىز ئەنە شۇ قەۋملەرنىڭ تەبىئىتىگە بېكىپ كەتكەن قاتمال مىجەز، خۇيلارنى ئەسكە سالماي قالمايدۇ. ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مىجەز، تەبىئەت جەھەتتىكى بۇ خىل ئوخشىشىشنىڭ ئۆزى ئاللاھنىڭ نازىل قىلىش ئالدىدا تۇرغان نامەلۇم ئازابلىرىنىڭ جانلىق ئالامىتى. بۇ ئالامەت بىزگە قايسى خىل ھالاكەتلىك زاۋاللىقتىن بىشارەت بەرمەكچى؟ بۇنىڭغا بىر نىمە دىمەك تەس. ئەمما بىز ۋاقتىدا ئۆزىمىزنى تۈيۈپ بۇ خەتەرلىك بىشارەتتىن ئۆزىمىزنى چۆچىتەلىسەك، بەلكىم بۇ چۆچۈشتە غەپلەتتىكى ئىبرەت كۆزىمىز ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ئىمانى كۆرۈش قۇۋۋەتلىرى ئويغىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاياتلىقىدىلا جەننەتتىن بىشارەت بىرىلگەن ئون بەختىيار ساھابىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سادىق تىلى ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن بۇ بىشارەتكە، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ شەكسىز جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشىنەتتى. ئەمما ھەر قېتىم ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئۇلۇغۋار رەھىم ـ شەپقىتىگە تەشەككۈرانە نەزەر تاشلىغان چاغلىرىدا ئاللاھنىڭ قەھرى ـ غەزىپىنىڭمۇ شۇنچە شانلىق ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىر دەممۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ھەر بىر سائەتنى، ئىنساننىڭ ئىماندىن باشقا ھېچ قانداق دوستى، ياخشى ئەمەلدىن باشقا ھېچ قانداق تايانچى، ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ياردەمچىسى بولمايدىغان، ھەتتا ئىنساننىڭ جىسمىمۇ ئىنسانغا بولاشمايدىغان، ئىنسان تۇنجى قېتىم جەننەت بىلەن دوزاخ ئوتتۇرىسىدا ئۆزى تەنھا جاۋابكارغا ئايلىنىدىغان، تەقدىرنىڭ قارارىغا بىنائەن ئىنسان دۇنيادىن ئۈزاپ، ئاخىرقى مەڭگۈلۈك غەلىبە تەرەپكە ياكى مەڭگۈلۈك مەغلۇبىيەت تەرەپكە بۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرىدىغان ئاشۇ نازۇك دوقمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى.

بىر كۈنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قۇشقاچىنىڭ باغدا شاختىن ـ شاخقا قونۇپ، شوخ سايراپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا ئاجايىپ زوقلانغان ھالدا بىچارىلەرچە كۆزلىرىنى مولدۇرلىتىپ قاراپ: «كاشكى مەن ئەبۇ بەكرىمۇ ساڭا ئوخشاش قۇشقاچ بۇپ قالغان بولسامچۇ؟! سەندە نە ئاخىرەتنىڭ

غىمى، نە مەھشەر كۈنىدىكى سوئال ـ سوراقنىڭ قورقۇنچىسى يوق، بەھۇزۇر يەپ ـ ئىچىپ دەرەخلەرنىڭ سالقىن سايىلىرىدا شاختىن ـ شاخقا قونۇپ، شۇنچە ئەركىن ئۇيناپ يۈرسەن. سەن ئاخىرەتتىكى جاۋابكارلىقنىڭ خەۋپىدىن نېمە دېگەن ئازاد؟!» دېگىنىچە ئېغىر ھەسرەتلەنگەن ئىدى.

ئەمما بۈگۈنكى دەۋردىكى بىز مۇسۇلمانلار، قىيامەت كۈندىكى مەھشەرنىڭ زىلزىلىسىگە شۇنداقلا ئاشۇ قورقۇنچلۇق سائەتلەرنىڭ بارلىق نازاكەتلىرىگە تولۇق ئىشىنىدىغان تۇرۇپمۇ، يەنىلا پەرۋاسىز قىلمىۋاتقان ناشايان ئىشلىرىمىز تۈپەيلى بىخۇتلۇقتا ئاشۇ نادان قۇشقاچتىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىۋاتماقتىمىز. ھالبۇكى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىمان كەلتۈرگەن ئاخىرەتتىكى قورقۇنچلۇق باسقۇچلارنىڭ ھەممىسىگە بىزمۇ ئوخشاشلا ئىمان كەلتۈرگەن. لېكىن بىزدىكى بىخۇتلۇققا قاراپ بەلكىم شاختا سايراپ يۈرىدىغان ئاشۇ قۇشقاچمۇ "تۇۋا!" دەۋەتمەي تۇرالمىسا كېرەك. چۈنكى قۇشقاچ چېغىدا ئاللاھتىن ئەيمىنىشتە پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئاۋازىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز ياراتقۇچىسىغا دائىم ھەمدۇ ـ سانا يوللايدۇ. بىراق بىزچۇ؟ بىز ئەتىدىن كەچكىچە قورساق غېمىدە، ئاچلىق ئوتىنى پەسلىتىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە، جەھەننەمنىڭ مىليونلاپ ئىنسانلارنى يالماپ بولۇپمۇ، "ھل من مزيد" (يەنە بارمۇ؟) دەپ توختىماي تۇۋلاپ تۇرىدىغان ئۆچمەس يالقۇنلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىمىز. ھەتتا مەھشەر كۈندىكى نەيزە بويى ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ بارلىق قۇدۇق سۇلىرىنى قاينىتىپ پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى، ئۇ كۈندە تەر دېڭىزىغا غەرق بىز ئىنسانلارنىڭ كانايلىرى ئۇسسۇزلۇق شىددىتىدە تىكەنلىشىپ ئوت تىنىدىغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمايمىز.

ئاھ! "بىخۇتلۇق"، "ھېسسىزلىق" دېگەن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولماس؟ بۇ دەل جىسمىمىزنىلا ئەمەس، بەلكى، روھىمىزنىمۇ قانغا بويىغان، ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ھالاك قىلىۋاتقانلىقىمىزنىڭ ئەڭ قەبىھ كۆرۈنۈشى بولماي نېمە؟!

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەر ئارىسىدا تاش يۈرەك، قورقۇمسىزلىقى ۋە ئۇرۇش خۇمار، قاتتىق قوللۇقى بىلەن داڭ چىقارغان كىشى بولۇپ، ھەتتا چۆللۈكتىكى ياۋايى بەدەۋىيلەرمۇ ئۇنىڭدىن لاغ ـ لاغ تىترەيتتى. ئۇ دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن تۈنجى بولۇپ قىلىچىنى

يالىڭاچلىغان، ھەتتا شۇ مەقسەتتە كىتىۋېتىپ غەزەپتىن ئۆز سىڭلىسىنىمۇ رەھىمسىزلەرچە قامچىلىغان كىشى ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھنىڭ رەھىم ـ شەپقىتى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتى بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى ”رەھىم قىلىش“ ياكى ”قورقۇش“ دېگەننى ئەسلا بىلمەيتتى. ئەمما ئىسلامنىڭ ھەققانىيەت قۇياشى ئۇنىڭ روھ، ۋىجدانىدا پارلىشى بىلەن تەڭلا ئۇمىد ھەم خەۋپتىن ئىبارەت ھەر ئىككىلى كۆزى ئاللاھ تائالانىڭ مېھرى ـ شەپقىتى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتى بىلەن دىدارلىشىش ئۈچۈن شۇ قەدەر شىددەتلىك ھاياجان ئىلكىدە ئېچىلىپ كەتتىكى، كۆزلىرىدىن تىنىمسىز تۆكۈلىۋاتقان ھەسرەتلىك ياشلار ئۇنىڭ بارچە قوپال، قاتتىقلىقىنىمۇ بىرگە ئېقىتىپ كەتتى. گەرچە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆز ۋاقتىدىلا ئەبەدىيلىك مەغپىرەت ھەم جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن بولسىمۇ، ئاخىرەتتىكى جاۋابكارلىقنىڭ ھەيۋىتىنى ۋە مەھشەر كۈنىنىڭ قورقۇنچلۇق زىلزىلىسىنى ئەسلىگەنلىرىدە، كېچە ـ كېچىلەپ جاينامازدىن قوپماي ئۇن سېلىپ يىغلاپ چىقاتتى. ئاللاھنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ ھەيۋەتلىك تەسەۋۋۇرى كۆز ئالدىدا جەۋلان قىلغان شۇنداقلا ئىنساندىكى تەبىئىي ئاجىزلىق ھەم ئازغۇنلۇقلارنى تەپەككۇر قىلغان چاغلىرىدا ئەرزىمەس قۇم زەررىلىرىنى ئۆزىدىن ئەلا بىلەتتى. چاڭگىلىدا كۆتۈرىۋالغان توپىغا قاراپ: ـ ”سەن ئۆمەردىن نېمە دېگەن ياخشى! چۈنكى سېنىڭ ئاخىرەتتە بېرىدىغان ھېچقانداق جاۋابكارلىقىڭ يوق“ دەپ خىتاب قىلىشقا باشلايتتى. تەقۋالىق ھەم پىداكارلىقتا مىسلىسىز يۈكسەك مەرتىۋە دەرىجىسىنى ياراتقان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەتتا ئاخىرەت خەۋپىدىن ئازابلىق تولغىنىپ: «ئاھ! ئانام مېنى تۇغمىغان بولسىكەن، كاشكى» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىم ھەر قانداق مۆمىندە كەم بولسا بولمايدىغان ئۇمىدۋارلىق بىلەن خەۋپسىرەشنى ئىپادىلەپ: «ئەگەر قىيامەت كۈنى ”بارلىق كىشىلەر مەغپىرەت قىلىنىپ جەننەتكە كىرگۈزۈلسۇن، پەقەت بىرلا كىشى دوزاخقا تاشلانسۇن“ دەپ جاكارلانسا، بەلكىم ئاشۇ بەختسىز بىر ئىنسان مەن بولۇشۇم مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن. ناۋادا ”بارلىق كىشىلەر جەھەننەمگە تاشلىنىپ، پەقەت بىرلا كىشى جەننەتكە كىرگۈزۈلسۇن“ دەپ جاكارلانسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يەنە شۇنچىلىك ئۇمىدۋارمەنكى، بەلكىم ئاشۇ بەختلىك بىر ئىنسان مەن بولۇشۇم مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن» دېگەن ئىدى.

ئۈمىد بىلەن خەۋپتىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە زىت بۇ ئىككى خىل ئۇقۇمنى بىرىكتۈرۈپ، ئۇ قەدەر بەدىئىي، ئۇبرازلىق تەسۋىرلەپ بېرىش پۈتكۈل ئەدەبىيات دۇنياسىدا ئاندا ـ ساندا ئۇچراتقىلى بولىدىغان بىر ئىش. مانا ئەمدى ئۈمىد بىلەن خەۋپنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تەڭداشسىز ئىمانغا ئىگە ئۇ زات ئۆز پەرۋەردىگارى بىلەن ئۇچرىشىپ بولدى. ئەمما بىزنى ئۇ مەنزىلگە يەتكۈزىدىغان باسقۇچلار تېخى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. ئۆلۈم ۋە قەبرىدىكى تەنھالىق، مەھشەر مەيدانى ۋە ئاخىرەتتىكى جاۋابكارلىق، جەننەت ھەم جەھەننەم... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى كۈتمەكتە. لېكىن بىز .... بىز بۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى كۈتۈشنى خالىمايمىز.

”قەبرى“ ئىنسانغا نىسبەتەن ئۆلۈمدىن كېيىنكى تۇنجى مۇشەققەتلىك مەنزىل. ئۇنىڭ ۋەيرانە چوڭقۇرلۇقلىرى ئىنساننى كۈتمەيدىغان، ئىنسانغا نىدا قىلمايدىغان بىرمۇ كۈن يوق. ناۋادا بىرەر مۆمىن ئۇنىڭ قوينىغا كىرسە، ئۇ: «قەدەملىرىڭگە مۇبارەك بولسۇن! كەلگىنىڭ ئەجەب ياخشى بولدى. زېمىن ئۈستىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە سەنلا ماڭا يارايتتىڭ، ئەمدى مېنىڭ قانچىلىك قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى كۆرسەن» دەيدۇـ دە، ئۇنىڭ ئېتەكلىرى قەبرى ساھىبىنىڭ كۆزى يەتكەن يەرگە قەدەر كېڭىيىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تاملىرىدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپ جەننەتنىڭ خۇشپۇراق ھىدلىرى كىرىشكە باشلايدۇ. ئەگەر بىرەر ئاسىي گۇناھكار ئۇنىڭ قوينىغا تاشلانسا، ئۇ: «ئىسىت! بۇ يەرگە كەلگىنىڭ ئەجەب يامان بولدى. زېمىندىكى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە سەنلا ماڭا يارىمايتتىڭ، بۈگۈن ماڭا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەمدى ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن» دەيدۇ ـ دە، قەبرى تارلىشىپ ئۆلگۈچىنىڭ قوۋۇرغىلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈۋەتكىچە سىقىشقا باشلايدۇ. بىرلا تىنىقى دۇنيادىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىنى قۇرۇتۇپ تاشلىغۇدەك ئوتلۇق تىنىدىغان يىلانلار تەرەپ ـ تەرەپتىن باش چىقىرىپ، تاكى قىيامەت بولغانغا قەدەر ئۇنى قىيناشقا باشلايدۇ.

”قەبرى“ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بويىچە ”ھەم جەننەتنىڭ بېغى، ھەم جەھەننەمنىڭ ئۆڭكۈرى“. گەرچە بىز ھاياتىمىزدا تالاي قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرساقمۇ، ئۇنىڭ تەكتىدىن قىلىنىۋاتقان ساداسىز نىدالارغا قۇلاق سالاي دېمەيمىز. بىزنىڭ تاشقا ئوخشاش نۇرسىز، مۇزغا ئوخشاش ھېسسىز ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىمىز ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ بىر نەرسە كۆرگەندەك بولمايدۇ. بەلكىم ھەزرىتى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ

زار ـ زار يىغلىشىغا، ھەتتا كۆپ يىغلىغانلىقى تۈپەيلى كۆزلىرىنىڭ كاردىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان نەرسە دەل ئۆلۈمدىن كېيىنكى قەبرىدىن ئىبارەت ئەنە شۇ مۇشەققەتلىك باسقۇچنىڭ قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇرى بولسا كېرەك.

ــ سىلىگە نېمە بولدى؟ تولا يىغلاۋېرىپ ئۆزلىرىنى تۈگەشتۈرىۋېتىشكە ئازلا قاپلا، ھايات دېگەندە كۆلۈشكىمۇ نۇرغۇن ئىشلار مەۋجۇد، ـ دېدى، بىرسى ئۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ.

ھەزرىتى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق خورسىنغان ھالدا: مېنىڭ يىغلىغىنىمغا ئەجەپلىنىۋاتامسەن؟ ئاللاھدىن قورقۇپ ئايمۇ يىغلايدۇ. ئاللاھدىن قورقۇپ كۈنمۇ يىغلايدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان بىر ياش ساھابىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. قۇرئاندىكى «ئاسمان يېرىلغان چاغدا، (دوزاخنىڭ قىزىقلىقىدىن) ئاسمان قىزىلگۈلدەك، قىزىل چەمدەك بولۇپ قالىدۇ» دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، ئۇ ساھابىنىڭ بەدەنلىرىگە بىردىنلا تىترەك ئۆلىشىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئىسەدەپ يىغلىغانلىقى تۈپەيلى تىنىقلىرىمۇ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.

«ئاھ، ئىسىت! ئاسمان يېرىلىپ چۈشكەن ئاشۇ چاغدا مەن نېمە ھالدا بولارمەن؟ مەن نېمە ھالدا بولارمەن؟» دېگىنىچە ئۆزىنى تۇتالماي ئۈن سېلىپ نالە قىلىشقا باشلىغان ئىدى. شۇ چاغدا بۇ ھالنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇنىڭ يىغىسى مالائىكىلەرنىمۇ زار ـ زار يىغلىتىۋەتتى» دېگەن ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە بولسا، مالائىكىلەر بەلكىم بىزگە ئوخشاش ھايۋانلاشقان ئىنسانلارغا ئىچىنىپ زار ـ زار يىغلايدىغاندۇ. چۈنكى بىز ئاسماننىڭ بىر كۈنى يېرىلىپ ئۈستىمىزگە چۈشىدىغانلىقىنى، زېمىننىڭ ئايىغىمىز ئاستىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى نورمال ئەھۋالدا ئەسلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا شۇنچە ئىپلاس جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان نومۇسلۇق ئەھۋالدىمۇ ئەسلەپ قويماي دېمەيمىز.

ئاھ! ۋىجدانىمىزدىن سوراپ باقساقكەن كاشكى، بىز يەنىلا ”مۇسۇلمان“مۇ؟!

# ئاخىرەت تەسەۋۋۇرى

تۈن كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا دۇنيانىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك، پىغانلىق ئاۋازى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازابلىق نالە ــ زارە ئىچىدە سەجدىگاھتىن كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. بۇ دەل ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاھۇ ــ پەريادلىق قەلب ناۋاسى ياڭراۋاتقان مۇقەددەس، پاك مىنۇتلار بولۇپ، قۇرئان كەرىمدىكى ”سېنىڭ ئىختىيارىڭدا يا ئاللاھ! سېنىڭ ئىختىيارىڭدا! سەن بۇلارغا ئازاب قىلىشنى خالىساڭ، بۇلار سېنىڭ بەندەڭ. ئەگەر مەغپىرەت قىلىشنى خالىساڭ، سەن چەكسىز قۇدرەت، ھېكمەتنىڭ ئىگىسىدۇرسەن“ دېگەن ئاشۇ مەڭگۈ سۆزلەر ئېسەدەپ يىغلاپ كېتىۋاتقان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدا تەكرار ــ تەكرار تىلاۋەت قىلىنىماقتا ئىدى.

ئاھ! كائىناتنىڭ روھىنى زىلزىلىگە سالغان بۇ مەنزىرىگە نىسبەتەن بۈگۈنكى ئىنسان قەلبلىرىنىڭ مانا خۇددى ئۆلۈك تاشلاردەك ياكى ھېسسىز مۇزلاردەك قېتىپلا تۇرغىنىنى قارىمامدىغان؟! ھالبۇكى، مانا بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەلبلەرنى چاك ــ چاك قىلىپ يېرىۋەتكۈچى بۇ ئەبەدىيلىك سادا قۇرئان كەرىمنىڭ مۇقەددەس بەتلىرىدە مەھشەرنىڭ زىلزىلىسىنى ئەسلىتىپ چاقناپ تۇرماقتا. ھېلىھەممۇ ئۆلۈم ئىنسانلارنىڭ جەسەتلىرىنى (ھالاكىتىنىڭ زەررىچە تەسەۋۋۇرى دۇنيانىڭ بارچە ئاسايىشلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتەلەيدىغان) ئاشۇ دەھشەتلىك غايىب ئالەم تەرەپكە سۆرەپ كېتىپ بارماقتا. ئەمما ئۇنى تىڭشاش بىلەن ئىمان، ۋىجدانى ئازابتىن تولغىنىپ، چاچراپ تۇرۇپ كېتىدىغان ئەزىمەتلەر ئارىمىزدىن قېنى قەيەرگە كەتكەندۇ؟!

بۇ ھەقتە بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ساھابىلەرگە خىتاب قىلىپ: "مېنىڭ كۆزۈم كۆرۈۋاتقان ئاشۇ دەھشەتلىك مەنزىرىلەرنى ناۋادا سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار كۆرۈپلا قالىدىغان بولسا، شۇ ھامان كۈلكە ــ چاقچاقلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى يىغا ــ زارە ئېقىنلىرىغا غەرق بوپ كەتكەن بولاتتى" دېگەن ئىدى. شۇ چاغدا بۇنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۆزىنى ئۇنۇتقان ساھابىلەرنىڭ يۈرىكى ئېغىزىغا كەپلىشىپ، ھۆڭرىگەنچە يىغا ــ زارە قىلىش بىلەن مەسچىت ھويلىسىنى بىر ئالغان ئىدى.

ناۋادا بىز راستىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى روشەن ھەقىقەت دەپ تونۇيدىغان شۇنداقلا تارىختىكى ئىنسانىي پىغانلارنىڭ ئاشۇ تىرىك داستانىنى ئەمەلىي ۋەقە دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك بىر زاتنى باشقىلارنىڭ غېمىدە كېچە ــ كېچە جاينامازدىن قوپماي يىغلاشقا ئۈندىگەن ھەمدە ئۇنى ئاڭلاش بىلەنلا مىڭلىغان ئەزىمەتلەرنىڭ قەلب تەسكىنلىرى پارە ــ پارە بولۇپ كەتكەن ئاشۇ ئازابلىق تۈيغۇلارنى ئارىمىزدىن قېنى كىم باغرىغا بېسىش ئۈچۈن قۇچاق ئاچالايدۇ؟!

سىرلىق تارىخ ئاسمىنىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، توختاۋسىز ياش ئېقىنلىرى تۆپەيلى گۈزەل رۇخسارىنى قانچىلىغان قارا سىزىقچىلار قاپلاپ كەتكەن مىڭلىغان ئىنسانىي چىرايلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ تىنىمسىز ئېقىۋاتقان قەلب ياشلىرى ئېتەكلىرىنى نەملىگەن، نۇرلۇق كۆزلىرىدە ئاخىرەتتىكى قورقۇنچلۇق جاۋابكارلىققا بولغان قەتئىي ئىشەنچى ھەم ئاللاھنىڭ ئەپۇ ــ رەھمىتىگە بولغان تەۋرەنمەس ئىمانىي ئۈمىد نۇرى بىلەن خەۋپ مەھشىرىنى چاقناتقان، ئاخىرەتنىڭ غېمىدە ئاچ يۈرۈۋاتقان نىمجان ۋۇجۇدى ھاياتلىق جىھادگاھىدىكى تىغ، تىكەنلەر بىلەن جاراھەتكە تولغان، ئاللاھغا بولغان تەقۋالىق ۋە ئىشقى ــ مۇھەببەت تەپتىدە پۈتۈن ئەزايى يالقۇنلۇق چوغقا ئايلانغان، تەڭ كېچىدىكى پىغانلىق ئاھۇ ــ زارلىرى قەلب روھلىرىدىن ۋۇلقاندەك ئېتىلىپ چىقىپ، كېچە سۈكۈناتلىرىنىڭ باغرىنى تېشىۋاتقان، بەزىدە شېرىن ئۇيقۇ، ئىللىق يوتقانلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، يەر يۈزىدىكى جاينامازدا سەجدىدىن قوپمايۋاتقان، يەنە بەزىدە ئۆزۈنغچە رۇكۇدا تۇرغانلىقىدىن ھۇشسىزلىنىپ يىقىلىۋاتقان.

ئەنە قايسىدۇر بىر زاتنىڭ ئاللاھدىن تىلەۋاتقان تىلەكلىرىدە دۇنيانىڭ لەززەت، ھۇزۇر ــ ھالاۋەت تىلسىملىرى پاچاقلىنىۋاتقان، ئەنە ئەبۇ بەكرى

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شاختا ئويناۋاتقان قۇشنىڭ غەمسىز سايراشلىرىنى ئاڭلاپ، ھەسرەتلىك كىچىك تىنغان ھالدا ”ئاھ! كاشكى مەنمۇ قۇشقاچ بولۇپ كەتكەن بولسام، ئاخىرەتتىكى جاۋابكارلىقنىڭ خەۋپىدىن روھىم ئازاد تاپقان بولمامتى“ دەپ ئۆز ــ ئۆزىگە خىتاب قىلىۋاتقان، ئەنە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەرزىمەس قۇم زەررىلىرىنى مەھكەم باغرىغا بېسىپ، ئۇنىڭ مەھشەردە جاۋابكارلىقى يوقلۇقىغا زوقلىنىۋاتقان، ئەنە ھەبباب ئىبنى ئىرت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلىش بەدىلىگە تارتقان جان ئالغۇچ ئەزىيەتلىرى ۋە جىھاد مەيدانلىرىدا بەدەنلىرىنى تىتما ــ تىتما قىلىۋەتكەن ساناقسىز جاراھەتلىرى تۇپەيلى كېسەل كارۋىتىدا ياتقان تۇرۇپمۇ ”ئاھ خۇدا! ناۋادا ئاخىرەتنىڭ ئىنئاملىرى ماڭا مۇشۇ پانى دۇنيادىلا بېرىۋېتىلگەن بولسا، قىيامەتتە قورۇق قول قالارمەنمۇ؟“ دېگەن غەم بىلەن ئىسەدەپ يىغلاپ كېتىۋاتقان، ئەنە چۇچۇپ ئويغىنىپ كەتكەن ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ئوغلى ئابدۇللاھغا ”مېنىڭ جەڭدىكى ئۇتۇقلىرىمنى تىلغا ئالماڭلار، جان پىدالىقىم ۋە قۇربانلىقلىرىمنى سۆزلەپ يۈرمەڭلار، تېخى مەندىن تەۋھىدنىڭ تەقەززالىرى تولۇق ئورۇندالدىمۇ، يوق؟ ئاخىرەتتە ئاللاھۇ زۇلجەلالنىڭ ئالدىغا زادى قانداق ھالەتتە ھازىر قىلىنىمەن؟ بۇنىڭغا كىممۇ بىر نېمە دېيەلىسۇن“ دەۋاتقان، ئەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دۇنيادىلا جەننەتنىڭ بېشارىتىنى ئاڭلاپ بولغان خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنىلا ئاللاھنىڭ قەھرى ــ غەزىبىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قورقۇنچتىن لاغىلداپ تىترەپ ”ئەگەر قىيامەت كۈنى“ پۈتكۈل ئىنسانلار مەغپىرەت قىلىنىدى، پەقەت بىرلا كىشى دوزاخقا تاشلىنىدۇ“ دەپ جاكارلانسا، ئاشۇ بەختسىز دەل مەن بولۇشۇم مۇمكىن، دەپ قورقىمەن“ دېگىنىچە ئۈنلۈك ۋارقىراپ كېتىۋاتقان، ئەنە ئۇ پۇقرالارنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى ھەق ــ ھوقۇق يۈكلىرىنى يېنىكلىتىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە، يوقسۇزلارنى يوقلاش ئۈچۈن ئېغىر ئاشلىق تاغارلىرىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، پىژ ــ پىژ ئاپتاپقا پەرۋاسىز سەھرامۇ ــ سەھرا چېپىپ يۈرۈۋاتقان، ”مەن بىر دەم كۆتۈرىۋالاي“ دەپ تەكلىپ بەرگەن ئىخلاسمەن خىزمەتكارىغا: ”ھېچكىمگە ھېچكىم ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنى ھامان مىنىڭ يۈكۈمنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەلمەيسەن ــ دە.“ دەپ جاۋاب بېرىۋاتقان، ئەنە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ مىسلىسىز روناق تاپقان خەلىپىلىك شان ــ شەۋكىتىنى، ۋە ئالتۇن ــ كۈمۈشكە تولغان ھېسابسىز خەزىنىلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ،

كۆركەم جىسمىنى ئەسكى كىيىملەر بىلەن ئۇپرىتىۋاتقان، بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان كۆيۈمچان پۇقرالار سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇنىڭ ئايالى ”ئالماشتۇراي دېسە، ئۇچىسىدىكىدىن باشقا ئىككىنچى بىر قۇر كىيىمى بولمىسا“ دەپ جاۋاب بېرىش بىلەن پېقىرلىقىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى يورتۇپ بېرىۋاتقان.

دەرۋەقە، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيا ھاياتى ئاشۇ پانى ئارزۇ ــ ئارمانلار بىلەن بېزەپ يۇرۇشكە ئەرزىگۇدەك نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ دۇنيانىڭ ئالۋۇن قاپلىغان چۆللۈكلىرىدە گوياكى مەنزىلى يىراق، ئەمما بىر تىنىققىمۇ ۋاقتى يوق ئالدىراش مۇساپىردەك كۈن ئۆتكۈزدى.

ئەنە فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنها دۇنيادىكى ئەڭ شەپقەتلىك دادىدىن «قىزىم! ”مەن پەيغەمبەرنىڭ يۇرەك پارىسى بولغاچقا قىيامەتتىكى قاتتىق سوراقتىن ساقلىنىپ قالىمەن“ دەپ ئويلاپ قالمىغىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ كۈنى ھېچقانداق كۈچ ئاللاھنىڭ قارارىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ» دېگەن ئىبرەتلىك خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاقىۋەتنىڭ قورقۇنچىسىدا دۇنيانىڭ بارلىق ئاسايىشلىرىدىن ۋاز كېچىۋاتقان، ئەنە كۇپپارلارنىڭ ۋەھشىيانە قىيىن قىستاق، زەنجىر ــ كىشەنلىرى بىلەن ھەممە ئەزايى چىلىق ــ چىلىق قان بولۇپ كەتكەن سۇمەييە رەزىيەللاھا ئەنها جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئۇيسۇزلۇق تەشنالىقىدىمۇ «مەن ھېلىھەممۇ ئاللاھنى بىر دېيىشتىن يانمايمەن، تەۋھىد ئەقىدىسى مىنىڭ ھاياتىم، ئۇنىڭ ئۇچۇن جانىنى تەسەددۇق ئەيلەيمەنكى، ھەرگىزمۇ ئاخىرەتتە ئەبەدىيلىك غەلىبىگە سازاۋەر قىلىدىغان بۇ ئەقىدەمدىن ۋاز كەچمەيمەن» دەۋاتقان، ئەنە تۆمۈر زەنجىرلەردە سۆرىلىپ، يارا، جاراھەتلەر تۇپەيلى پۈتۈن ئەزايى تىتما ــ تىتما بولۇپ كەتكەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ دۈشمەنىنىڭ ئەسەبىي قۇلاقلىرىغا ”ئەل ئەھەد، ئەل ئەھەد“(ئاللاھ بىر! ئاللاھ بىر!) دېگەن توختاۋسىز، ياڭراق سادالىرى بىلەن زەرب ئۇرۇۋاتقان، ئەنە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن ئۆز روھىنى چۇچۇتۇپ، دۇنيانىڭ مەستخۇشلۇق ئارامگاھلىرىدىن يىراق، شېغىل ــ تاشلار ئۈستىدە ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە، تېخى كۆزىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئاخىرەتنىڭ ئاشۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۈياق ــ بۇياققا تىنىمسىز ئۆرۈلۈۋاتقان، تارىخنىڭ مەلۇم بىر زۇلمەت قاپلىغان داۋانىدا قاتىل قىلىچلارنىڭ قورشاۋىغا قالغان تۇرۇقلۇقمۇ، «بىر كۈنى چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بەرمىسەم بولمايدۇ»

دېگەننى ئويلاپ، مۇسۇلمانغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈشتىن ھەزەر ئەيلەۋاتقان، ئەنە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېچە ئاسمىنىدا ئېقىپ كېتىۋاتقان يۇلتۇزلارغا قاراپ، ئاخىرەت تەسەۋۋۇرىدا، خۇددى سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك، ياكى چايان چاققان ئادەمدەك ئازابلىق تېپىرلاپ، بۇلدۇق ــ بۇلدۇق يىغلىغانچە دۇنياغا خىتاب قىلىپ «ئى دۇنيا! مېنى ئالدايمەن دېمە، سەن مەن بىلەن ئوينۇشۇپ، سۆيۈملۈك بولاي دەۋاتامسەن؟ ئەپسۇس! مىڭ ئەپسۇس، مەن ئاللىبۇرۇن سىنى ئۈچ تالاق قىلىپ بولغان، ئەمدى ئۇنىڭدىن يانغىلى بولمايدۇ، سىنىڭ ئۆمرۈڭ قىسقا، نىشانىڭ رەزىل، ئەمما سەپىرىم ئۇزۇن، يوللار دەھشەتلىك، تەييارلىق چالا» دەپ توۋلاپ كېتىۋاتقان، ئەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھ ئەنھۇ قىيامەت كۈنى ئەڭ دەسلەپ شۆھرەت خۇمار قارى، رىياخۇر باي ۋە ئاتاقپەرەس مۇجاھىدتىن ئىبارەت ئۈچ كىشىنىڭ جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى، دوزاخ ئوتىنىڭ بىرىنچى بولۇپ، ئاشۇ ئۈچەيلەننى ئۆز قوينىغا ئالىدىغانلىقىنى مەزمۇن قىلغان ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ قورقۇنچ شىددىتىدە بېشى قىيىپ، كەينى ــ كەينىدىن يىقىلىپ چۈشۈۋاتقان، بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغان شەقىيائۇز زوھا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زار ــ زار يىغلىغىنىچە ئەمىر مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا، شۇنچە مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىق ئۆلگىسىنى ياراتقان مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ياخشى ئەمەللەردىن ئىلىنىدىغان بۇ جان ئالغۇچ جاۋابكارلىقنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، ساقال يۇلۇپ، پەرياد چېكىۋاتقان، ھەتتا ئۆزىنى تۇتالماي ئۇزۇنغىچە ئېسەدەپ يىغلىغانلىقى تۇپەيلى تىنىقى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، جان ئۈزۈشكە تاس قىلىۋاتقان.

ناۋادا بىز بۇ پىغانلىق تارىخنىڭ ئىككىنچى بېتىگە قارايدىغان بولساق، كېچىلەرنىڭ قاراڭغۇ سۈكۈناتلىرىدا ئاخىرەت خەۋپىدىن ئاھ ئۇرۇش بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىنى پۈچىلاۋاتقان يەنە بىر زاتنى ئۇچرىتىمىز. بۇ دەل ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئۇنىڭ يالغۇز بىر قانچە كېچىسى ئەمەس، بەلكى بارلىق كېچىلىرى نالە ــ پەرياد قىلىش بىلەنلا ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك تەڭ كېچىدە "ئى نەپسىم! سەن نېمە دەپ ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلغانسەن؟ نېمە دەپ ئاقىۋەتتە بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك ئوتقا دۇچار قىلىدىغان ئاشۇ گۇناھنى سادىر قىلغانسەن؟" دېگىنىچە لاۋۇلداپ تۇرغان شام ئوتىدا ئالىقىنىنى كۆيدۈرۈپ، ئۆز ــ ئۆزىنى ۋىجدانىي سوتقا تارتتى. پۈتۈن ئەس ـ يادى قورقۇنچلۇق دوزاخ ئوتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى مانا

شۇنداق ئەمەلىي تەپتىنى ھېس قىلىش بىلەن غەرق بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، دۇنيانىڭ ئوتىدا پىژىلداپ كۆيۈۋاتقان ئالىقىنىنىڭ چىدىغۇسىز ئېچىشىشلىرىنى سەزمەيتتى. ئۇنىڭ ئاخىرەتشۇناس ئويغاق كېچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق ئۆز روھىغا ۋىجدانىي مالامەت تىغلىرىنى سانجىش بىلەن ۋە قىلغان ئەمەللىرىنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ چىقىش بىلەن ئۆتۈپ كەتسە، كۈندۈزلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھاياتلىق ئۇيقۇسى تاماملىنىدىغان ئاخىرەت سەھىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۆز تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشكىمۇ ۋاقىت ئاجرىتالماي ئۆتۈپ كېتەتتى. چۆللۈكنىڭ پىژ ـ پىژ ئاپتاپلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك روزا ئاچلىقى ۋە ئۇسسۇزلىقى تۇپەيلىدىن ئىچ ـ باغرى تارتىشىپ، كانايلىرى ئوتۇندەك قۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ ھالسىز ۋۇجۇدىنى داغلىماي ئۆتمەيتتى.

ئاخىرى ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان ياشلىق دەۋرى قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇرنىڭ تىرىك داستانىنى كېچە ـ كۈندۈز يېزىش بىلەن ئۆتۈپ كېتىپ، مانا ئەمدى دەرد ـ ئەلەمدىن خالى بولالمايدىغان قېرىلىق دەۋرىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ قېرىغانچە زەئىپلىشىشكە باشلىغان جىسمىغا ئەگىشىپ، چېكىۋاتقان ئاھ ـ پەريادلىرى پەس كويغا چۈشۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ ئۇلغىيىپ يالقۇنلاشقا باشلىدى. چۈنكى ئەمدىلىكتە ئۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىنتايىن نازۇك ھەل قىلغۇچ باسقۇچىنىڭ تېخىمۇ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى. ئىنسان ھاياتى بويىچە قول، پۇتلىرى ئارقىلىق ياخشى ياكى يامان تەرزدە يېزىپ پۈتكۈزگەن مەۋھۇم ھاياتلىق داستانىنى تۇنجى قېتىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدىغان ئاشۇ ھېساب كۈنىنىڭ مەنزىرىسى تېخىمۇ يېقىنلاپ قالغاندەك ئىدى. ئىنسانلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىغا سەمىمىي كۆڭۈل بۆلۈش ياكى باشقىلاردىن قۇسۇر تېپىش بىلەن ئۆمرى ئاياقلاشقان ئۆتكۈر نەزەرلەر تۇنجى قېتىم ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندە، شادلىقتىن مەستانە ياكى ھەسرەتتىن بىھوش بولۇپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. شېرىن ئۇيقۇ، لەززەتلىك تائاملار تۇپەيلى ئۆمۈر بويى پارقىراپ ئۆتكەن ئاپئاق چىرايلارنى بىردىنلا رەزىللىكنىڭ قارا داغلىرى بىلەن ھالاكەتنىڭ قاباھەتلىك قورۇقلىرى بېسىپ كېتىدىغان مەھشەر كۈنىنىڭ بىر غېرىچلا قالغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى. ھەمدە يەنە ئاخىرەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ غېمىدە سارغىيىپ ئۆتكەن چىرايلارنى جەننەتنىڭ دەسلەپكى تاڭ قۇياشى نۇرغا چۆمدۈرۈۋېتىدىغان

ئاشۇ بەختىيار مىنۇتلارنىڭمۇ قۇچاق ئېچىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى.

ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇشۇ ياشقا كەلگەندىمۇ يەنىلا ئۇزمەي روزا تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىرسى كۆيۈنگەن ئاساستا: «ئۆزىڭىزنى ئۆلۈمگە ئىتتىرمەكچىمۇ؟ قېرىغان جىنىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسا بولمامدۇ؟» دەپ سورىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلب روھلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ھەسرەتلىك پىغانلار كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياشلىرى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا ئىدى. ئۇ كۆيۈنگۈچە ھەسرەتلىك قاراپ: "مەن پۈتۈن ھاياتىمنى تەييارلىقى ئۇچۇنلا سەرپ قىلىپ ھالسىزلىنىپ كەتكەن، ئەمما يەنىلا ئۇنىڭ داۋانلىرى شۇنچە مۇشكۇل، ئۆتەڭلىرى شۇنچە مۇرەككەپ بۇ ئۇزۇن سەپەرنى سەنمۇ ئازراق تەسەۋۋۇر قىلالىساڭ ئىدىڭ كاشكى!" دەپ جاۋاب بەردى.

تېخىچە كۆزلىرى كۆرۈپ باقمىغان ئاخىرەتتىكى سوراق كۈنىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا تىنىمسىز تۆكۈلۈۋاتقان پىغانلىق ياشلىرىغا قوشۇپ بىر كۆزنىمۇ پۈتۈنلەي ئېقىتىپ تاشلىغان ئەسۋەد ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىم قۇملۇق چۆلدە تۆگىسىنى يېتىلەپ كېتىپ باراتتى. تۆگە گەرچە چۆللۈكتە تېز يۈرەلەيدىغانلىقى بىلەن تونۇلغان ئالاھىدە جەڭگىۋار بولسىمۇ، بۇ قېتىم قۇياشنىڭ پىژ ــ پىژ ئاپتىپىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ھالىدىن كېتىپ قالغان ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆز ئىگىسىنىڭ، يەنى، پۈتۈن ئۆمرىنى ئاللاھنى ئەسلەپ يىغلاش بىلەن ئۆتكۈزگەن، ھازىرمۇ روزا ئاچلىقىغا ۋە چىدىغۇسىز ئۇسسۇزلۇقىغا پەرۋاسىز سەپەر قىلىۋاتقان ئەسۋەد ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىدامچانلىقتا ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى قۇرۇپ، كۆكىرىپ كەتكەن، چىرايى ھالسىزلىقتىن پۈتۈنلەي سارغىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، قۇملۇقتا يەنىلا تۆگىسىنى سۆرىگەندەك يېتىلەپ كېتىپ باراتتى.

ئاھ! بەندىچىلىكنىڭ ئەنە شۇنداق مۇشەققەتلىك باسقۇچلىرىدىمۇ ئۇنى چوڭقۇر روھىي مەمنۇنىيەتتىن ھۇزۇرلاندۇرىۋاتقان زادى قانداق ئىشەنچ ۋە زادى قانداق بەختنىڭ ئىنتىلىشچان مەھلىيالىقىدۇر؟! قېنى بىزنىڭ تەسەۋۋۇر كۆزلىرىمىز شۇ ھەقىقەتنى كۆرۈپ يېتەلەرمۇ؟!

ــ جىسمىڭىزغا بولسىمۇ ئازراق ئىچىڭىز ئاغرىسۇن.

دۇنيا ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ شۇنداق دەۋاتاتتى.

ــ مانا ئىچ ئاغرىتىۋاتىمەنغۇ؟!

ھەزرىتى ئەسۋەد ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەتئىي ئىشەنچكە تولغان ھالدا خىتاب قىلماقتا ئىدى. ئۇ: «ئەجەبا مۇشۇنىڭ ئۆزى جىنىمغا ئىچىمنى ئاغرىتقانلىقىم ئەمەسمۇ؟ دۇنيانىڭ بارچە شېرىن لەززەتلىرى ئىنسانغا ئاسىيلىق قىلىدىغان، نى كاتتا قامەتلىك جىسىم ئېگىلىرىمۇ، دۇنيانىڭ بارچە شانلىق ھەقىقەتلىرىنى گويا بىر قېتىم كۆرگەن چۈشتەكلا ھېس قىلىدىغان، ھەتتا ھەممە ئەتراپقا ئوت چاچرىتىۋاتقان قىيامەت بىلەن ئالالاھنىڭ رىزالىقىدىن باشقا ئىككىنچى بىر ھەقىقەت مەۋجۇد بولمايدىغان ئاشۇ ئاخىرەت كۈنىدە مەن ئۆز جىسمىمغا ئازاب ئەمەس، راھەت يەتكۈزەي دەۋاتىمەنغۇ؟!» دەپ جاۋاب بەردى.

دەرۋەقە، قازا ۋە قەدەرنىڭ دائىرىسى ئىچىدىكى ئىنسانىيەت كارۋانلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مانا بۇ مۇشەققەتلىك مۇساپىنىڭ تۈنجى مەنزىلى دەل نامازدىنلا ئىبارەتتۇر. ئەمما بۈگۈنكى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىدىن نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ؟! يەنىلا جاينامازنىڭ دېرىكىنى ئالغىلى بولمايدۇ. ئىسلامنىڭ جامائەت نامىزىغا قاراتقان قاتتىق ئەھكاملىرى بويىچە بولغاندىغۇ، ئۆيدە ئادا قىلىنغان نامازلار جانسىز، يېرىم ناماز بولۇشتىن باشقا سالاھىيەتكە ئىگە بولالمايدۇ. بولۇپمۇ دىنىمىزدا خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىغا شۇنچىلىك قاتتىق ئەھمىيەت بېرىلگەنكى، ھەتتا ئۆز دۈشمەنلىرىگىمۇ مەغپىرەت دۇئاسى قىلىدىغان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك باغرى يۇمشاق زات ئاشۇ ئىككى نامازنى ئۆيدە ئادا قىلغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ شىددەتلىك غەزەپ نەپرىتىنى بىلدۈرگەن ئىدى ۋە بۇ ھەقتە تۇختىلىپ: «ئەگەر بىگۇناھ ئاياللار ۋە ئۇششاق بالىلارنىڭ ئۆيدە مەۋجۇتلىقىنى نەزەردە تۇتمايدىغان بولسام، ئىنسانلار ئارىسىغا قوپۇرۇلغان شەيتانىي سېپىللاردىن ئىبارەت ئاشۇ ئۆيلەرگە چوقۇم ئۆز قولۇم بىلەن ئوت قويغان بولاتتىم» دېگەن ئىدى.

ئېنىقكى، مانا شۇنداق نازۇك چاغلاردا مەسچىتكە بارمايدىغان، ئەزاننىڭ يېقىملىق سادالىرىنى ئاڭلاپمۇ، ئۆيىنىڭ دەرۋازىلىرىنى مەھكەم تاقاپ ئۇخلايدىغان ئىنسانلارنىڭ قانداق ئۇلۇغ بايلىقتىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى، ئۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئۈستىگە ئىلاھىي ئازابنىڭ قانداق

يالقۇنلۇق تاغلىرى گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېچكىشى بىرنېمە دېيەلمەيدۇ. شۇنداقلا ھەر ئىككى ئالەم ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاشۇ غەزەپ ـ نەپرەتلىك سۆزلىرىدە ئىنسانىيەتنى زادى قايسى خىل ھالاكەتتىن ساقلاپ قىلىش ئىستىكىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنىمۇ ھېچكىشى بىرنېمە دېيەلمەيدۇ. ئەمما بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈنلا بولسا كېرەك، بىز مۇسۇلمانلار خۇپتەن بىلەن بامداتنىڭ ئاشۇ نازۇك لەھزىلىرىدە مەسچىتلىرىمىزدىكى يېرىم ـ ياتە جامائەت روھىنىڭ بىزلەرنى «قېنى ئاخىرەتنىڭ ھەقلىقىگە ۋە ئاخىرەت ئازابىنىڭ ئۈنىڭدىنمۇ كاتتا قورقۇنچلۇق ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن قېرىنداشلار دەرھال سەپكە كەلمەمسىلەر؟!» دەپ ئازابلىق چاقىرىۋاتقانلىقىغا پەرۋاسىز غەپلەت ئۇيقۇمىزغا مەستانە پۈشۈلداپ ياتىدىغاندىمىز. دېمىسىمۇ، بۇنداق مەنىۋى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان ئىنسانلاردا تۇنجى تەكبىر بىلەنلا جامائەت سېپىگە قېتىلىشنىڭ ئۇلۇغۋار ساۋابىنى ھاسىل قىلىش ئىشتىياقى نەدىمۇ پەيدا بولسۇن دەيسىز؟

لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، ئاخىرەتكە بولغان ئىمان بىلەن ئىشەنچ قەلب، روھلاردىن چوڭقۇر ئورۇن ئاللايدىغانلا بولسا، ئىنسان ھاياتىدا باشقىچىلا بىر ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش پەيدا بولماي قالمايدۇ. ئاندىن خۇددى ھەزرىتى ئەئمەش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش يەتمىش يىللىق ھاياتى داۋامىدا بىر قېتىممۇ تۇنجى تەكبىرنى قولدىن بېرىپ قويمايدىغان نامازخان ئەزىمەتلەرمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلايدۇ. خۇددى ھەزرىتى رەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش قېرىلىقنىڭ زەئىپلىكى بىلەن جىسمانىي پالەچلىك تەڭلا چىرمىۋالغان ئەھۋالدىمۇ يەنىلا ئۆمىلەپ مەسچىتكە بارىدىغان ھەقىقىي مۆمىنلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. چۈنكى ھەزرىتى رەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلب، ۋۇجۇدى ئاخىرەتكە بولغان ئىمان ھەم ئىشەنچ بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن بولغاچقىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك ھاياتىنى نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن (بىز تۆت كۈنلۈك دۇنيا ھاياتىمىزنى بېزەشكە سەرپ قىلىۋاتقان ئەمگەكلەردىن) نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئەمگەك سىڭدۈرەلىگەن. خۇددى بۈگۈنكى كۈندىكى بىز مۇسۇلمانلار كېسىلىمىزگە شىپا تېپىش ئۈچۈن، ھاسا، تاياقلارغا تايانغان ھالدا دوختۇرخانىغا يۈگرەشنى مۇھىم بىلگىنىمىزگە ئوخشاش ھەزرىتى رەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئىزدەش ئۈچۈن

مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ مۇرىسىگە تايانغان ھالدا پالەچ پۇتلىرىنى كۆچەپ سۆرىگەنچە ھەرقانداق ئەھۋالدا مەسچىتكە بېرىشنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ بىلگەن.

بىر قېتىم دۇنيا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ «ئى ئەبۇ يەزىد! ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بۇنداق ئامالسىز ئەھۋاللارغا قاراتقان ئېتىبارلىق ئەھكاملىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆيىڭىزدىلا ناماز قىلىسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟!» دەپ سورىدى. ئەمما ھەر قېتىم دوزاخ ئازابىنى ئازراقلا تەسەۋۋۇر قىلغان ھامان يىغلاپ ساقاللىرىنى ھۆل قىلىۋېتىدىغان، ھەتتا تۆمۈرچىنىڭ يىنىدىن كېتىۋېتىپ، ئوچاقتىكى ئوتنى كۆرۈش بىلەن "بۇ ئوت دوزاخنىڭ ئۆچمەس يالقۇنلىرىنى ئېسىمگە سېلىۋاتىدۇ" دېگىنىچە ھۇشسىزلىنىپ يىقىلىپ كېتىدىغان ھەزرىتى رەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۇنيانىڭ بۇ مېھرىبانلارچە مەسلىھەتىگە «مۇئەززىن "نامازغا كېلىڭلار، بەختىيارلىق تەرەپكە كېلىڭلار" دەپ چاقىرىۋاتقاندا مۇسۇلمانىنىڭ قەلبى قوپماي ئولتۇرۇۋېرىشكە قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟ بۇ سادانى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەتتا ئىزچىلاپ بولسىمۇ نامازغا ماڭماي بولمايدۇ» دەپ ئادديلا جاۋاب بەرگەن ئىدى.

قىسقىسى بىزدىمۇ ئەنە شۇنداق ئاخىرەتكە بولغان ھەقىقىي قورقۇنچ پەيدا بولغاندىلا ئاندىن خۇددى سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ھەتتا كوچىلار قىرغىنچىلىق پاتپاراقچىلىقىغا تولۇپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ، بىرەر قېتىملىق ناماز ئۈچۈن مەسچىتكە بارالماسلىقنى ئۆزىگە نىسبەتەن ھەقىقىي ئۆلۈم ھېسابلايدىغان مىڭلىغان مۇجاھىد ئەزىمەتلەر ئارىمىزدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن بىزنىڭ نۆۋەتتىكى بۇ چۈشكۈن ئىجتىمائىيىتىمىز ساھابىلەر ھاياتىنىڭ مۇقەددەس ئەينەكلىرى ئالدىدا يەنىلا تىرناق تاتىلاپ «ئاھ بىزمۇ "مۇسۇلمان"مۇ؟!» دېيىشتىن باشقىغا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ.

## يۇرتۋازلىق

ئاجايىپ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن كۆرەڭلىگەن بىر ئاۋاز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا: «مۇھەممەد! بۇ ياققا چىق!» دەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى. بۇ قوپال ۋارقىراش گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى شۇنچە زىدىلىگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنىلا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ماھىيەتتە، بۇ قاپال سادا مەنمەنلىكنىڭ جاكاسى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈلۈمسىرىگەن چىرايى خۇداگۆيلۇقنىڭ ئىلانى ئىدى. دەرۋازا ئالدىدا بەنى تەمىم قەبىلىسىنىڭ ھاكاۋۇر سەردارلىرى، ئاتاقلىق شائىرلىرى ۋە سۆزمەنلىكگە تايىنىپ، ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلالايدىغان بىر تۈپ قوشاقچى، مەدداھلىرى قاراپ تۇرۇشاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ھە، نېمە ئىستىكىڭلار بار؟» دەپ سورىدى.

ئۇلار ئۆز نەسلىنىڭ ۋە قەبىلىسىنىڭ شان - شەرىپىدىن غادايغان ھالدا «قوشاق ئېيتىپ قەبىلىۋي ئىپتىخارلىنىش بەيگىسىنى ئىستىمەيمىز. بۈگۈن سىلەرگە تىلى ئۆتكۈر شائىرلىرىمىز ۋە سۆزگە ئۇستا ناتىقلىرىمىز پۈتكۈل ئەرەب زېمىنىدا بەنى تەمىم قەبىلىسىدىنمۇ كاتتا قەبىلە يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكچى. قېنى بەيگىگە ھازىرمۇ سىلەر؟» دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە ھاقارەت قىلىنغان چاغدىمۇ يەنىلا كۈلۈمسىرەيدىغان چىرايى ئىنسانىۋيلىككە قىلىنىۋاتقان بۇ ھاقارەتلىك مەسخىرىگە نىسبەتەن لاسىىدە ئۆزگەردى ۋە ئۇلارغا: «ياق، بىز دۇنياغا ئىرق، قان، نەسىل، قەبىلىلەرنىڭ كاتتىلىقىغا مەدھىيە

ئوقۇپ ئىنسانىيەتنىڭ نابۇت قىلىنىشىغا قاراپ تۇرۇش ئۇچۇن كەلگەن ئەمەس. ئەمما سىلەر ناۋادا ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى بەيگىگە چاقىرىۋاتقان بولساڭلار ئۇنداقتا، بۇنىڭدىنمۇ ھەرگىز چېكىنگۈچىلەردىن ئەمەسمىز» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

شۇنىڭ بىلەن كاپىرلار توپى ئىچىدىن ئەتتار ھاجىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، پۈتۈن سۆز ئىقتىدارىنى ئىشلىتىپ، بەنى تەمىم قەبىلىسىنىڭ كاتتىلىقىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ماختاپ شۇنداق مەغرۇرانە بېيىتلارنى ئوقۇدىكى، ھەتتا قارشى تەرەپنىڭ ئۇنىڭ باراۋىرىدە بىرەر جۈملە تۈزەلىشىگىمۇ قىلچە سۆز قالدۇرمىدى. بەنى تەمىم قەبىلىسىنىڭ ئاسي كاتىباشلىرىنىڭ ھەممىسى چەكسىز مەمنۇنلۇقتىن تېخىمۇ غادايغان ھالدا، «ئەمدى مۇسۇلمانلار زادى نېمە دەپ ئۆزىنى ماختاپ جاۋاب قايتۇرار؟» دېيىشكىنىچە مۇسۇلمانلارغا سوئاللىق نەزىرىدە باقماقتا ئىدى. ئۇلار بىردىنلا ئاللاھ سۆيەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى ماختاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئەرزىمەسلىكىنى ۋە ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق مەنمەنلىك ۋە قەبىلىۋازلىققا زەربە بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ھەيرانلىقتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قالدى. مۇسۇلمانلار ۋەكىلىنىڭ ئاۋازى ياڭرىماقتا ئىدى.

ـ ئى بەنى تەمىم! سىلەر بىلەن بىز ئوخشاشلا ئىنسان، ئاللاھۇ زۇلجالالىنىڭ ئاجىز بەندىلىرى. كاتتىلىق ۋە ئۇلۇغلۇق پەقەتلا ئاللاھقا مەنسۇپ.

ئى بەنى تەمىم! سىلەر ئۆز ـ ئۆزەڭلارنى ئالداش پاتقىقىغا گىرىپتارسىلەر، سىلەر ئىپتىخارلىنىش بەيگىسىگە چاقىرغان مانا بۇ زات كېلىپ بىزنى ئاللىبۇرۇن ئۇ پاتقاقتىن قۇتقۇزۇپ بولغان.

ئى بەنى تەمىم! سىلەرنىڭ شائىرلىقىڭلار ۋە پاساھەتتىكى ماھارىتىڭلار سىلەرنى ئالدىنىش زۇلمىتىگە تىقىپ قويغان. بىزنى بولسا، ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئانى كەرىم بۇ ھاماقەتلىك زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغان»

شۇنداق قىلىپ، ئىنساني ئاجىزلىقنىڭ ئېلانى بىلەن تۇنجى قېتىم پۈتۈن ئەرەب تارىخىدا قەبىلىۋي ئىپتىخارلىنىش بەيگىسىنىڭ ھەيۋىتى پاچاقلاپ تاشلانغان ئىدى. كاپىرلار نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي

ھەيرانۇ ـ ھەس قاراپ قېلىشقان ئىدى. سۆزمەنلىككە تايىنىپ ئۆزىنى ئۇلۇغلاپ، ئالدىنىپ كەلگەن كىشىلەر ھەققانىيەتنىڭ كۈچلۈك نۇرى ئالدىدا كۆزلىرىنى ئۇلاشماقتا ئىدى.

كاپىرلار ئىچىدىن زەبەرقان ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ھەقنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ بۇ خەتەرلىك يولىنىشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن دەرھال جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ جەڭنامە مۇقامىنى توۋلاشقا باشلىدى. ھەققانىيەتكە قارشى مۇشتۇمزورلۇقنىڭ مۇقامىنى توۋلاپ گويا مۇسۇلمانلارنىڭ تەتۈر ھېسسىياتىنى قوزغىماقچى ۋە ئۇلارنىڭ ”مەنلىك“ تۇيغۇسىغا ئوت تۇتاشتۇرماقچى بولغان ئىدى. ئەمما بۇ ئاتەشلىك مۇقامغا نىسبەتەنمۇ مۇسۇلمانلار پۈتۈن قەلب ئىشتىياقى بىلەن «ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا» دېگەن ئاشۇ ئۇلۇغ ساداسىنى، يەنى مەككىدە كۇپۇر ھەم شېرىكچىلىكنىڭ پۈتۈن تىلسىملىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغان ئاشۇ ئۆچمەس ساداسىنى ياڭرىتىپ، ئىنسانلارنىڭ مەنمەنلىك ۋە قەبىلىۋازلىق بۇتلىرىغا ھەل قىلغۇچ زەربە بەرمەكتە ئىدى. ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈكىنى جاكارلىماقتا ئىدى.

مۇسۇلمانلار ئىچىدىن ھەسسان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئاجايىپ ھېسسىياتلىق ئاۋاز بىلەن: «ئى بەنى تەمىم! سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ كاتتىلىقىڭلارنى ئىسپاتلاشنىڭ مەسلىكىدە، ئاللاھىڭلارنىڭ كاتتىلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىلەر» دېدى.

نەسىلۋازلىققا جاۋابەن ئاللاھ سۆيەرلىكىنىڭ بۇ شۇئارى رىقابەتنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەپ بولغان ئىدى. كۇپپارلار جاۋاب قايتۇرۇشقا سۆز تاپالماي، سالپايغان ھالدا قايتىشقا باشلىدى. ئەقرە ئىبنى ھابىس ھەقنىڭ غەلىبىسى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ سېپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قوينىغا ئاتتى. پۈتۈن كاپىرلار ئۇنىڭ «ئى بەنى تەمىم! مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇدا سۆيەرلىكىدە ئۇچراتقان سۆزلەرنى سىلەرنىڭ قەبىلىۋازلىقىڭلاردا ئۇچرىتىپ باققان ئەمەس، مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ھەممىدىن كاتتا بىرلا ئاللاھدۇر. مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇشۇ سۆزنى ئۆگەتكۈچى ئاللاھنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبىرىدۇر» دېگىنىچە ئايرىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈشكەن ئىدى.

مانا ئەمدىلىكتە دۇنيانىڭ ھەممە ئەتراپلىرىغا كەڭ يېيىلغان

قەبىلەۋازلىق ۋە مىللەتلچىلىكنىڭ ئىپتىخارلىنىش بەيگىلىرى بىزنى رىقابەتكە چاقىرماقتا. بۇگۈنمۇ يەنە قايتىدىن رەڭ، مىللەت، شەھەر، رايونغا قاراپ ئىنسانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بەلگىلەنمەكتە.

ئەجەبا بىزمۇ بۇ بەيگىلەردە ئاللاھنىڭ كاتتىلىقىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى جاكارلاپ، ئۆزىمىزنى ئەرزىمەس كۆرستىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇپ باقتۇقمۇ؟ ياق، بەلكى دەل ئەكسىچە بىرىمىز خۇتەنلىكنىڭ، بىرىمىز قەشقەرلىكنىڭ، بىرىمىز ئۇنداقچىنىڭ، بىرىمىز مۇنداقچىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى مەدھىيە ئوقۇپ ئادەمىيلىكنى، جۈملىدىن ئاللاھنىڭ ئاجىز قۇلى بولۇشنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماقتىمىز. شۇڭا قەلب، ئىدىيەلىرىمىزنىڭ ۋە ئەمەل تەپەككۇرلىرىمىزنىڭ يەڭ، قويۇنلىرىغا يوشۇرۇنغان "لىك"، "لىق"، "چى" دىن ئىبارەت كۆرۈنمەس مەبۇتلار بىشىنى چىقىرىپ، «سەنمۇ تەۋھىدكار "مۇسۇلمان"مۇ؟» دېگىنىچە ۋىجدانىمىزغا سوئال قويماقتا. قېنى ئىنساپ بىلەن ئويلىنايلىكى، شۇنداقتىمۇ بىز راستىنلا تەۋھىدكار "مۇسۇلمان"مۇ؟

# ئاجايىپ تۇيغۇ

ئىنسان ئۆلۈمنىڭ قۇچىقىدا كۆزىنى يۇمۇشى بىلەن تەڭلا كۆزلىرى كۆرۈشكە باشلايدىغان ”ئىككىنچى ئالەم“ ھەققىدە، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابە كىراملارغا سۆز قىلىپ بېرىۋاتقان ئىدى. ئاخىرەتنىڭ ھالقىلىق ئىككى بۆلىكى بولغان جەننەت بىلەن جەھەننەم، بۇ سۆھبەتنىڭ ئاساسلىق تېمىسى بولۇپ، جەننەتنىڭ نەقەدەر دىلكەش، گۈزەللىكى ۋە جەھەننەمنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق پاجىئەلىكى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋەھيي غۇنچىلىرى بىلەن تولغان مۇبارەك تىللىرىدا، گوياكى گۈلدەستىدەك تىزىلىپ سورۇنغا ئەمەس، بەلكى ئۇدۇل ئىڭشىغۇچىلارنىڭ قەلبلىرىگە تىزىلماقتا ئىدى. سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى گويا جەننەت بىلەن جەھەننەمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى جەننەت پۈتۈن مەھلىيالىق دىلكەشلىكى بىلەن، جەھەننەم بارچە يالقۇنلۇق قورقۇنچلىقى بىلەن نەق ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇغا چۆمۈپ كەتكەن ئىدى. قەلبلەرنى زىلزىلىگە سالىدىغان ئۈمىد بىلەن خەۋپنىڭ بۇ ئىككى غايىب مەنزىرىسى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا جەۋلان قىلىش بىلەن تەڭلا پۈتۈن سورۇن يىغا ـ زارە، نالە ـ پەرياد، ئاھ ئۇرۇشلار بىلەن تولۇپ كەتتى. ھاياتلىق ھەلەكچىلىكىدە قاتقان باشلار خۇددى لىغىلداپ تۇرغان قەلبلەردەك ئېغىر ئۇھسىنىش بىلەن بويۇنلاردىن يەرگە ساڭگىلاپ تۇراتتى. يۈرەكلەر ئېغىپ، ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىۋاتقان، كۆز ـ چاناقلاردىن توختىماي ياشلار قۇيۇلۇپ كېتىۋاتقان بولۇپ، ئۆلۈمدىن قورقماس مۇجاھىد، ئەزىمەتلەر ئاللاھۇ زۇلجەلالنىڭ ھەيۋىتى ۋە ئۇلۇغلىقى ئالدىدا گوياكى ناتىۋان گۆدەك بالىلاردەك ھۆكرەپ،

بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىۋاتاتتى. تىللاردا توختىماي ئېيتىلىۋاتقان تەۋبە، ئىستىغپارلارغا قوشۇلۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدلاردىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇ ئاھۇ - زارلىق يىغا - زارىلەر ئاجايىپ ھېسسىياتلىق ھاياجانلىنىش دولقۇنىنى كۆتۈرگەن ئىدى.

دەرۋەقە، ئاشۇ مۇقەددەس كۆزلەردىن تۆكۈلۈۋاتقان بۇ جۇلالىق، پاك قەترىلەرنىڭ قىممىتىنى تەسۋىرلەپ چىقىش ھەقىقەتەنمۇ لۇغەت، قەلەملىرىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى بۇ قەترىلەردە دۇنيالىق تەلەپ ياكى ھەۋەسلەرنىڭ زەررىچە ئىشتىياقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭدا پەقەت بەندىچىلىكنىڭ مۇشەققەتلىك داۋانلىرىنى قانداق بېسىپ ئۆتۈش ۋە مېھرىبانىمىز ئاللاھۇ تائالا بىلەن قانداق مۇلاقات بولۇشتىنلا ئىبارەت پىكىر، تەلپۈنۈشلەر جۇلالىنىپ تۇراتتى.

پەيغەمبەرلىكنىڭ بەرىكەتلىك سايىسى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ روھانىي سۆھبەت تاماملىنىپ، ساھابىلەر ئاجايىپ تەسىرلىك ھاياجان ئىلكىدە ئاستا ـ ئاستا تاش، تۇپراق دۇنياسىغا قەدەم ئېلىشقا باشلىدى. ھەنزەلە ئىبنى رەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيىگە قايتىشى بىلەن تەڭلا، دۇنيا ھاياتى ئۇنى خوتۇن - بالىلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆز قوينىغا ئالدى. بايىقى روھانىي سۆھبەتلەرنىڭ ھاياجانلىق خاتىرىسى ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدە ئاستا ـ ئاستا خىرەلىشىشكە باشلىدى. ئۆينىڭ تۆت تېمى بىلەن قورشالغان ئىنسان ئەمدىلىكتە، ئائىلىۋي شاتلىقنىڭ ھوزۇرىدا كۆلۈشكە باشلىغان ئىدى. ئەمما ئاخىرەتنىڭ مۇساپىرلىرىغا نىسبەتەن يول ئۈستىدىكى گۈزەل مەنزىلەرنى كۆرۈپ، سەپەردىن توختاپ قىلىش نەدىمۇ مۇمكىن بولسۇن دەيسىز؟ ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆلكىسى گويا ئىمان ئاسمىنىدا چاقنىغان دەھشەتلىك چاقماقتەك تۇيۇلماقتا ئىدى.

— ئاھ! مەن كۆلىۋاتامدىمەن؟ ئۇ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا ئويلاۋاتاتتى.

— بېشىمدا ئەزرائىلنىڭ يالىڭاچ قىلىچى ئويناۋاتقان تۇرۇقلۇق يەنىلا مەن كۆلىۋاتامدىمەن؟! ئاخىرەتنىڭ جاۋابكارلىقىدىن ئىنسانى غەپلەتتە قويىدىغان كۆلكىگە بېرىلىۋاتامدىمەن؟ بايا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدە تۆككەن ياشلىرىم ئىمان، ئىسلامىمنىڭ

ھاياتلىقنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ئەمەسمىدى؟ ئەمدى بۇ كۆلكەم نېمىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە؟ ئەجەبا ئىمانىم ئىككى يۈزلىمچىلىككە مۇپتىلا بولغاندىمۇ؟ ئاھ! ئى پەرۋەردىگارىم! ئەجەبا ھەنزەلە مۇناپىق بولۇپ قالغاندىمۇ؟!

بۇ قانداقتۇر بىردەملىك ھېسسىياتلىنىش ئەمەس ئىدى. بەلكى ھەقىقىي تەۋرىنىش بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى لاغ ـ لاغ تىترەشكە چۈشكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنى باسالماي چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بايىقى كۈلكىسى قەيەرلەرگىدۇر غايىب بولغان بولۇپ، مۇبارەك چېھرى خازاڭدەك سارغىيىپ، پۈتۈنلەي تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۆي ئىچى ئۇنىڭ ھازىدارلارچە قىلىۋاتقان نالە ـ پەريادى بىلەن قايتىدىن لەرزىگە كەلدى.

ئۇ: « ھەنزەلە مۇناپىق ئىكەن... ئاھ! ھەنزەلە مۇناپىق ئىكەن!» دېگىنىچە ئۇنلۇك تووۋلاشقا باشلىدى. گەرچە بىئارامىلىقتا نەچچە قېتىم ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ئەمدىكى چاغدا ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىش ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇمكىن بولماي قالغان ئىدى. شۇڭا دەرھال سىرتقا يول ئالدى. ئاللاھنىڭ ئاشىق، پەرۋانىسى خۇدنى يوقاتقان ھالدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرەپكە كېتىپ باراتتى.

بۇ ئاجايىپ ئېسىنى يوقۇتۇشقا ۋە رەسۇلۇللاھقا بولغان مىسلىسىز سېغىنىشقا قارىمامدىغان؛ ئۇ يول بويى خۇددى گۆدەك باللاردەك ھېچ نەرسىگە پەرۋاسىز ئۈن سېلىپ يىغلىغانچە «ھەنزەلە مۇناپىق ئىكەن، ئاھ! ھەنزەلە مۇناپىق ئىكەن!» دەپ تووۋلاپ كېتىپ باراتتى. ئۆيدىكىلەر چۈشىنىكسىز تەشۋىش، ئەنسىزچىلىكلەر قوينىدا ئىشىك تۈۋىدە قېتىپلا قېلىشقان ئىدى. يولدا ئالدىراش كېتىۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ توختىشىپ قېلىۋاتاتتى. قانچىلىغان كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ، قانچىلىغان ئاۋازلار ئۇنىڭغا ئەگەشكەن، يەنە قانچىلىغان بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلاردىكى قىياس، پەرەز، پىچىرلىشىشلار «ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغاندۇ؟» دېگەن سوئالنى ئۆزىگە تېما قىلىشقان ئىدى. ئەمما ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زادى قايسى ئالەمگە چۆكۈپ كەتتىكىن ـ تاڭ؟! گەرچە جىسمى قايناق بازاردا كېتىۋاتقان بولسىمۇ، روھىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا پەرۋاز قىلماقتا ئىدى.

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا تېخى يېتىپ بارماي تۇرۇپلا يول ئۈستىدە ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر پەرۋانە بىلەن ئۇچراشتى. بۇ دەل ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. بۇ ھەر ئىككى روھ بىر - بىرىنىڭ قەلب ناۋالىرىنى ئاڭلاشتى. ھەر ئىككىيلەن ئوخشاش بىرلا دەردكە مۇپتىلا بولغانلىقلىرىنى ھېس قىلىشتى. ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمدىلىكتە يالغۇز ئەمەس ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنىڭ ئىزىدا كېتىپ باراتتى. بۇ تىرىك ئىنسانلار ئاللاھنىڭ رەسۇلىدىن «بىز زادى ھاياتمۇ ياكى ئۆلۈكمۇ؟» دەپ سورىماقچى ئىدى. «ئىمانىمىز ئېتىبارغا لايىقمۇ، ئەمەسمۇ؟ ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك سەرمايىسى نابۇت بولدىمۇ ياكى سالامەتمۇ؟ بىز ئەمدى سۆيۈملۈك پەرۋەردىگارىمىزغا مۇيەسسەر بولالارمىزمۇ؟» دەپ سوراش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى.

بۇ ئوخشاش ئىشققا مۇپتىلا ھاياجانلىق ئىككى قەلب... ئاللاھنىڭ ئىشقىدا تىنىمسىز يالقۇنلاپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئىككى يۈرەك ... ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پىغانلىق داستانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. يىغلاۋېرىپ قىزىرىپ كېتىۋاتقان كۆزلەر... ئاھ - زار چېكىپ بوغۇلۇپ كېتىۋاتقان ئاۋازلار... ئۆز كەچمىشلىرىنى بايان قىلدى.

ئىماننىڭ دائىم بىر خىللا تۇرىۋەرمەيدىغان ھاياجانلىق كەيپىياتىغا نىسبەتەن گويا ھەممە نەرسىسى نابۇت بولغاندەك قاتتىق پىغان چېكىۋاتقان... ئىمانىي ھاياجانىنىڭ ئازراقلا پەسكويغا چۈشۈپ قىلىشىنى گويا كۇپۇرلۇقنىڭ ھالاكىتىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك ئېغىر ئېلىۋاتقان... بىرەر لەھزە ئاللاھنى ئەسلىمەي قىلىشنى گويا جېنى تېنىدىن چىقىپ كەتكەندەك ئازابلىق ھېس قىلىۋاتقان، بۇ ئىككى زاتقا نىسبەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زادى قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى نەدىمۇ قىياس قىلغىلى بولسۇن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ پەيتتىكى نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى كىممۇ تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن؟

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاجايىپ تەسىرلەنگەن ھالدا ئۇلارغا سۆيۈنۈش ئىلكىدە قاراپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك دىلىرەبا تەبەسسۇمى ئۇلارنىڭ قەلب پىغانلىرىغا تەسەللى بېرىپ، گويا «ئى ئىمان، ئىسلامىمنىڭ ئاشىق، پەرۋانىلىرى! بىلىپ

قويۇشلاركى، سىلەرنىڭ ئىمانىڭلار ھايات، ئاخىرەتلىكىڭلار پارلاق!» دەۋاتقاندەك ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا چوڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ: «ناۋادا مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغان چىغىڭلاردىكى ئىمانىي ھاياجىنىڭلار ئۆز پېتى تۇرۇۋەرىدىغان بولۇپ قالسا، پەرىشتىلەر سىلەر بىلەن قول ئېلىشىشىۋېلىش ئۈچۈن بارلىق سورۇنىڭلارغا، كوچا ـ كوي، ھەتتا ئۆيلىرىڭلارغىمۇ بەس ـ بەستە كىرىۋالغان بولاتتى. دېمەك، ئى ھەنزەلە! بۇنداق ھاياجاننىڭ پات ـ پات بولۇپ تۇرغىنى ياخشى» دەپ جاۋاب بەردى.

ئاھ! مانا بۇلار ھەقىقىي ئىنسان... ھەقىقىي ”مۇسۇلمان“... يۈرەكلىرىنىڭ ھەربىر سوقۇشى ئىشەنچ ۋە ئىمانغا تولغان... پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تەۋھىدنىڭ ئېھتىرامىغا جان ـ دىلى بىلەن قۇربان... ئىماننىڭ كېچىككىنە ئۆزگىرىشچان ھاياجىنىغا نىسبەتەن «مۇناپىق بولۇپ قالدۇقمىكىن؟» دەپ خەۋپسىرەپ كېتىدىغان... تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئاددىي ئىشلاردىمۇ ئىماننىڭ ئەدەپلىرىگە گويا ھاياتلىق بىلەن ماماتلىققا ئەھمىيەت بەرگەندەك قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدىغان... ئەنە شۇلار ھەقىقىي ئىنسان... ئەنە شۇلار ھەقىقىي ”مۇسۇلمان“...

ئەمما بىز... بىزنىڭ ئىمانىمىز راستىنلا جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان... بىزنى توختىماي ”قۇتۇلدۇرۇۋال!“ دەپ چاقىرىۋاتقان... لېكىن بىز... ئۇنىڭ نىدالىرىنى ئاڭلاشقا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتقان... «ئاللاھنىڭ ئالدىغا زادى قايسى يۈزۈم بىلەن بارارمەن؟» دېگەننى ئۇلاردەك ھەر دەقىقىدە بىر ئەمەس، ھەتتا كۈنىگە بىر قېتىم بولسىمۇ، ئويلىنىشقا مۇۋەپپەق بولالمايۋاتقان... شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز ئاجايىپ بىخارامان... شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا ”مۇسۇلمان“... بىز يەنىلا ”مۇسۇلمان“!...

ئەجەبا بۇ قەلبلىرىمىزنىڭ قوتۇر كېسەللىكى، ساختا تەسۋىرىمىزنىڭ پۇچۇق ئەينىكى ئەمەسمۇ؟! ئاھ، خۇدا! بۇ ساختىلىق... بۇ جان ئالغۇچ ئالدامچىلىق... ئەجەبا، گۇناھلىرىمىزنى يېپىشقا سېنىڭ رەھمىتىڭدىن باشقا پەردە مەۋجۇد بولمايدىغان مەھشەر مەيدانىدا، يىرگىنچلىك ئەيىب ـ نۇقسانلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە «مانا

مەن» دېگىنىچە يالىڭاچلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقماسمۇ؟!

ئى مېھرىبان پەرۋەردىگارىمىز! ئاشۇ دەھشەتلىك كۈن بېشىمىزغا كېلىشتىن ئىلگىرى قەلبلىرىمىزنى لەرزىگە سېلىپ ئويغىتىۋەتكىن. پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزدىن «ئى ئاللاھ! بارلىق ئېيىپ - نۇقسانلىرىمىزنى چەكسىز ئەپۇ - رەھمىتىڭ بىلەن ياپقىن! بىزنى ئازابىڭدىن يىراق قىلغىن» دېگەن دۇئانى جارى قىلدۇرىۋەتكىن!

## ”ئىمان“ - خەتەرگە ئالدىنى قىلىش دېمەكتۇر

مەككە مۇكەررەمەدە ۋەھشىي كۇپپارلارنىڭ چېدىغۇسىز زۇلۇم - سىتەملىرىگە دۇچار بولۇۋاتقان دەسلەپكى ئاشۇ دەۋر مۇسۇلمانلىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە قارىتا زادى قانداق ھېسسىيات، تونۇشلاردا بولغان؟ بەخت ھەم بەختسىزلىككە، خېيىم - خەتەر ۋە خاتىرجەملىككە قارىتا قانداق قىممەت قاراشلاردا بولغان؟ ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى بىلەن قايغۇلىرىچۇ؟ مانا بۇلارنى ھەقىقىي تۇردە بىلىپ چىقىش ھەرقانداق مۇسۇلمانغا نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بايقاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەسى بىزنى دەل ئەنە شۇ تونۇشقا ئىگە قىلالايدىغان مەڭگۈلۈك ئۆرنەك بولۇپ قالغۇسى.

كۇپۇر ھەم شېرىكچىلىكنىڭ ھالاكەتلىك ئازغۇنلۇقىنى ”ھەق“ دەپ چۈشىنىۋالغان كۇپپارلار، ئاللاھنىلا ”ھەق“ دەپ تونۇيدىغان مۆمىنلەرنى مۇنداقلا ئەمەس، بەلكى بولۇشىغا قىيناپ، ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىش قەستىدە بولۇپ يۈرگەن... ئاجىزلارنى زۇلۇم - سېتەمنىڭ مەشىق تاختىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قان، يىرىڭ تامچىپ تۇرغان زەخىملىرىنى كۆرگەندە، ئىچ ئاغرىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كۈلۈپ قاقاھلايدىغان بولۇۋالغان... چارىسىزلارنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرۈش ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئەمەس، بەلكى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى ھېسابلىنىدىغان ئەنە شۇنداق رەھىمسىز، ۋەھشىيانە مۇھىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئوي، خىيال، پىكىر، تەپەككۇر، ئارزۇ - ئارمانلىرى زادى نېمىلەردىن ئىبارەت بولغانلىقىنى ھازىرقى بىز مۇسۇلمانلار كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، ئېنىقكى، ئۇنداق ئاجايىپ، مىسلىسىز ھاياتنى باشتىن كەچۈرۈپ بېقىش ئىرادىسىگە كېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە

تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەنمۇ پۈتۈن ئەزايىمىز قورقۇنچلۇق تىترەكلەرگە چۆمۈپ كەتمەي قالمايدۇ.

دەرۋەقە، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆزىگە شۇ قەدەر يېقىن ھېس قىلاتتىكى، دۇنيانىڭ پۈتۈن راھەت، پاراغەتلىرى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قىلچە ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. مەڭگۈلۈك ھاياتقا باغلانغان ئۈمىد ئۇلارنى خاتىرجەملىككە ئەمەس، خېيىم ـ خەتەرلەرگە يۈگۈرەيدىغان قىلىپ قويغان ئىدى.

كۆپىرلارنىڭ زۇلۇمىغا دۇچار بولغانلارغۇ شۇ زۇلۇمدا ئېزىلمەي بولمايتتى، ئەمما مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن خاتىرجەم پاناھگاھلارغا سازاۋەر بولغان مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۆزلۈكىدىن پاناھگاھلىرىنى تاشلاپ، زۇلۇم ھەم ئىستىبداتلىقنىڭ ئالدىغا كۆكرەك كىرىپ، يۈگۈرۈپ چىقىپ، «مانا مەنمۇ بار!» دەپ مەردانىلەرچە كېلەلىگەنلىكىنى ئەجەبا تارىخنىڭ كۆزلىرى ئۇچۇق كۆرمىگەنمىدى؟!

ئەنە شۇلار باسقان ھەر بىر قەدەمنىڭ ھەيۋىتى دۇنيالىق خاتىرجەملىكنىڭ پۈتۈن مەھلىيالىق تىلسىملىرىنى پارە ـ پارە قىلىپ يانچىپ تاشلىغان ئىدى. ئاخىرەتنىڭ دىلكەش ھەقىقەتلىرى ئەنە شۇلارنىڭ ئاققۇزغان قان ھەم ياشلىرى بىلەن پارلاپ، پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغان ئىدى. ئاللاھ ئەنە شۇ دەۋرلەردىمۇ خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاشلا غەيبىنىڭ مىڭلىغان پەردىلىرى ئارقىسىدا مەۋجۇد ئىدى. ئەمما ئاشۇ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز ئاللاھنى ئۆزىگە نىسبەتەن جان، تومۇرلىرىدىنمۇ بەك يېقىن ھېس قىلاتتى. ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ دەل ئەنە شۇنداق مۆمىنلەردىن بىرى ئىدى.

ئەينى چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن كاپىر تۇغقىنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرەنىڭ پاناھىدا بولغاچقا، كۆپۈرلۈقنىڭ زەھەرخەندە تىرناقلىرى تېخىچە ئۇنىڭ ئىمانىغا سانچىلىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ يولىدا يارىدار بولغانلارغىلا نېسىپ بولىدىغان ئازابتىن ھوزۇرلىنىشتەك ئۇنداق ئۇلۇغ لەززەتتىن تېخىچە مەھرۇم ئىدى. دۇنيانىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە بولغاندا، ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى خاتىرجەملىك بولۇپ ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئىماننىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە بولغاندا، ئەڭ ئېغىر مەھرۇملۇق ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇنداق

مەھرۇملۇقىنىڭ ئازابىنى تەخىرسىز ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇ ھەقنىڭ ئازاب، مۇسىبەتلەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىغا، ئۆزىنىڭ بولسا، خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىغا ئەستايىدىل قاراپ چىقتى ۋە بىردىنلا «كۇپۇرنىڭ پاناھىدا تۇرغانلىقىنىڭ مەنىسى، ئاللاھنىڭ پاناھلىقى ئەرزىمىگەنلىك بولامدۇ؟» دېگەننى ئويلاپ ئىختىيارسىز ۋارقىرىغانچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھېس قىلىۋاتقان بۇ مەھرۇملۇقى ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياشلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى.

ئۇ دەس ئورنىدىن تۇرغانچە، «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈۋاتقىنىم بىلەن مېنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم ئاللاھنىڭ يولىدا قانغا بويىلىۋاتامدۇ؟ قاراڭغۇ قاماقلاردا ئېزىلىۋاتامدۇ؟ زۇلۇم - ئەزىيەتلەرگە بەرداشلىق بېرىۋاتامدۇ؟ ئەمما مەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەزىيەتلەردىن مەھرۇم قالدىم؟ ئەجەبا بۇ ئىمانىي ئاجىزلىقىمنىڭ ئالامىتىمۇ؟ راستىنلا ئىمانىمدا مەسىلە بارمىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆزىنى باسالماي ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ ئاجايىپ تەسىرلىك بۇ تېرەن تۇيغۇلىرى بىر دەقىقە ئىچىدىلا ئۇنىڭ ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ قويدى. ئوي، تەپەككۇرى ئۆزگەردى، ھېس، تۇيغۇلىرى ئۆزگەردى، قەلب، ئىدىيە، ھەممە نەرسىسى ئۆزگەردى. ئۇ ئەمدىلىكتە خۇددى ھالاكەتتىن قاچقان ئادەمدەكلا خاتىرجەملىكتىن يۈگۈرۈپ قېچىشقا باشلىغان ئىدى.

ئۇنىڭ چىرايىدا ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئىچكى ئىزتىراپلارنى كۆرگەن ۋەلىد، «ھە، كەيپىڭىز قاپسەنغۇ؟» دەپ ئالدىراش سوئال سوراشقا باشلىدى.

- سېنىڭ پاناھىڭدىن چىققىلى كەلدىم - ئۆسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنتايىن قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەرمەكتە ئىدى.

- نېمە دېدىڭ؟! ۋەلىدنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتا چەكچىيىپلا قالدى.

ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاجايىپ كەسكىن ھالدا: «دەرۋەقە، كۇپۇر بىلەن شېرىكچىلىكنىڭ قوينىدا پاناھلىنىپ تۇرۇپ، ئىمانىنى دەۋا قىلىش ھەقىقەتەن مەنىسىز تۇيۇلىدىكەن، مەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانمەن. شۇڭا ماڭا ئاللاھنىڭ پاناھ بېرىشىلا كۇپايە. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، مېنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىم ئاللاھنىڭ يولىدا

ئازاب چېكىۋاتىدۇ، مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈشكە چىداپ تۇرالايمەن؟ ياخشىسى سەنمۇ رەھمىتىم بىلەن قوشۇپ پاناھلىقىڭنى قايتۇرىۋالغىن، مەنمۇ دىنىم ئازاب ئىچىدە قالغان، ھەممە ئەزالىرىدىن قان ئېقىتىپ تۇرۇپمۇ ھەققانىيەتنىڭ ساداسىنى ياڭرىتىشتىن يانمايۋاتقان ئاشۇ قېرىنداشلىرىمنىڭ يېنىغا كېتەي!» دەپ جاۋاب بېرىپلا ئارقىغىمۇ قارىماستىن يولىغا يۈرۈپ كەتتى.

ۋەلىد: «توختا! كىشىلەر سېنىمۇ زۇلۇم ـ ئىشكەنجىسىگە ئېلىشى مۇمكىن، ئۇنداق قىلماي توختاپ قال!» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئەمما ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ تاۋلاشلىرىغا پىسەنتمۇ قىلماستىن، ھەربىر باسقۇچىدا جان ۋە ماللىرىغا مىڭلىغان خەتەرلەر يولۇقۇپ تۇرىدىغان ئاخىرەتنىڭ زاۋال تاپماس، مەڭگۈ خاتىرجەملىك مەنزىلى تەرەپكە مەستانىلەرچە ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي كەبىنىڭ ئىچىدىمۇ «ئوسمان بۈگۈن ۋەلىدنىڭ پاناھىدىن چىقىپ كېتىپتۇ» دەپ ئېلان قىلىندى. ئەمدى تېخى بۇ ئېلان جاكارلىنىپ تۇرۇشىغا ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ يوغان ـ يوغان چامدىغانچە ھەرەمگە كىرىپ، گويا بارلىق كۇپپارلارغا جەڭ ئېلان قىلغاندەك: «كىلىشە، مانا مەنمۇ مۇسۇلمان، مانا مەنمۇ ئاللاھنىڭ يولىدا بويىنىنى قىلىچقا تۇتۇپ بېرەلەيدىغان مۇسۇلمان» دېگىنىچە پۈتۈن ئازاب، مۇسىبەتلەرنى ئۆزى تەرەپكە چاقىردى.

* * * * * * * * * *

ئەمما بىزچۇ؟! قانچە مىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەقنى دەپلا تۈرمىلەردە ئىز دېرەكسىز، چىرىپ تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، قانچە مىڭلىغان قىز، ئاياللىرىمىزنىڭ ئىگە ـ چاقىسىز قىلىپ، خارى ـ زارلىقتا كۈن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، «بىز نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولالمىدۇق؟» دېگەننى ئويلاپ باقتۇقمۇ؟ قېنى ئىمان، ۋىجدانىمىزدىن سوراپ باقايلى! ئەجەبا شۇلارنىڭ قاتارىدا بولالمىغانلىقىمىزنى، شۇلارغا ئوخشاش ھەق يولىدا ئەزىيەت چېكەلمىگەنلىكىمىزنى، شۇلارغا ئوخشاش قان ھەم ياش تۆكۈپ بەدىنىمىزنى زەخىملەرگە تولدۇرالمىغانلىقىمىزنى، خۇددى شۇلاردەك ھەق ئۈچۈن جان بېرىپ، مەڭگۈلۈك بەختىيار ھاياتنىڭ

تاجدار شېھىتلىرىدىن بولالمىغانلىقىمىزنى ئۆزىمىزگە نىسبەتەن مەھرۇملۇق ساناپ باقتۇقمۇ؟

ياق، ھەرگىز ئۇنداق ساناپ باقمىدۇق. بەلكى دەل ئەكسىچە شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشنىمۇ ئەقىلدىن مەھرۇملۇق دەپ قارىماقتىمىز. كاپىرلارنىڭ پاناھىدا خاتىرجەم ياشىيالىغانلىقىمىزنى ئاقىلانىلىك ھېسابلاپ، ھەق ئۈچۈن قىيىن ـ قىستاق، جاپا مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك ئىقتىدارىمىزنى يوقاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا، «سىڭگەن نېنىنى يېمىگەن ھاماقەتلەر» دېگەن باھانى بەرمەكتىمىز.

قېنى ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان بىز ئەبگالار ۋىجدانىمىزدىن سوراپ باقمايلىمۇ؟! ئەجەبا بىز «كاپىرلارنىڭ پاناھىدا خاتىرجەم ياشىغانلىق ئاللاھنىڭ پاناھىنى ياراتمىغانلىق بولىدۇ» دېگەننى بىرەر قېتىم ئويلاپمۇ باقتۇقمۇ؟ ياق، بەلكى دەل ئەكسىچە تېخى تۇغۇلمىغان بالىلىرىمىزنىڭ چۈك بولغاندا ياخشى ئوقۇپ، ياخشى خىزمەتكە چىقىشىنى، ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىگە ئۆتۈشىنى، شتاتلىق، پېنسىيە مائاشلىق كادىرلاردىن بولۇپ، كۇپۇرلۇقنىڭ پاناھىدا بىخىرامان ھايات كەچۈرۈشىنى نومۇس قىلماي ئاللاھدىن تىلەپ يۈرمەكتىمىز. ئەجەبا بۇ، دۇنيانى ئاخىرەتتىن، ھۆكۈمەتنى ئاللاھدىن ئەلا بىلگەنلىكىمىز ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ كۆزلىرىمىز نېمە ئۈچۈن پەلەستىننى كۆرمەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ 60 يىلدىن بىرى ھەقنى دەپلا توختىماي قان بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، 60 يىلدىن بىرى ھەر كۈنى ئاز دېگەندە بەش ئۆي بومباردىمان قىلىنىپ، 10 ئادەمنىڭ شېھىت بولۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئۇششاق بالىلار جېنىدا بېشىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، تانكىلارنىڭ ئالدىنى توسىۋاتقانلىقىنى، ئاپتوماتلىق تاجاۋۇزچى ئەسكەرلەرگە تاش، سوزماق بىلەن تاقابىل تۇرۇۋاتقانلىقىنى نېمە ئۈچۈن ئويلىمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن چۈشەنمەيمىز؟ نېمە ئۈچۈن بىزمۇ شۇلاردەك بولالمايمىز؟ ناۋادا پەلەستىنلىكلەرمۇ بىزگە ئوخشاش شەرمەندىلەرچە خاتىرجەملىكنى ياقتۇرىدىغانلا بولۇپ قالسا، شۇ كۈندىن تارتىپ، پەلەستىندە بىر پايمۇ ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان خاتىرجەملىك مەيدانغا چىقماسمىدى؟ ئەمما ئۇلار نېمە ئۈچۈن خېيىم، خەتەر، ئەزىيەتلەرگە قۇچاق ئېچىپ، خاتىرجەملىكنى چۆرۈپ تاشلىيالىدى؟

ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بىز ئۇنداق ئازابتىن شاتلىنالايدىغان ئۇلۇغۋار

بەختىيارلىقتىن مەھرۇم بەختسىزلەرمىز. شۇڭا بۇلارنى ئۇيلاشنى، كۆرۈشنى، چۈشىنىشنى خالىمايمىز ھەم چۈشىنىپمۇ يېتەلمەيمىز. چۈنكى بىز ئۇلاردەك جەننەتتىكى بەختىيار مەڭگۈلۈك ھاياتقا، ئاخىرەتكە، جۈملىدىن ئاللاھۇ تائالاغا ھەقىقىي ئىشەنمەيمىز. بەلكى دۇنياغىلا، ئۇنۇمگىلا، دۇنيادىكى يالتىراق نەتىجىلەرگىلا ئىشىنىمىز. بىزنىڭ ئاللاھىمىزمۇ دۇنيا، بىزنىڭ جەننىتىمىزمۇ دۇنيا، بىزنىڭ ئاقىۋىتىمىزمۇ ۋە كۆرمەكچى بولغان نەتىجىمىزمۇ پەقەتلا مۇشۇ دۇنيا.

قىسقىسى، بىزدە دۇنيا ھاياتىنىڭ زىبۇ زىننەتلىرىدىن باشقا بىرەر يۈكسەك غايە، ئۇلۇغۋار مەقسەت دېگەندىن دېرەك بولمىغاچقا دۇنيانىڭ سارىڭىغا ئايلىنىپ، ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي، ئىمانىمىزنى، ئىپپەت، نومۇسىمىزنى ۋە مىللىي غۇرۇرىمىزنىمۇ قويماي ھوسۇلسىز ساراڭلىقىمىزنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرىۋالماقتىمىز. ئەمما ئەپسۇسكى، شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا مۇسۇلمان. يەنىلا مۇسۇلمان.

* * * * * * * * * *

بىر كۈنى قۇرەيش خەلقىنىڭ مۇشائىرە بولۇۋاتقان سورۇنىدا كاپىرلارنىڭ ئەڭ كاتتا شائىرى لۇبەيد ئىبنى رەبى شېئىر ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ: «ئالاھدىن باشقا ھەممە باتىلدۇر، بۇنى ئاڭلىۋال» دېگەن مىسرانى ئوقۇغاندا، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «توغرا ئېيتتىڭ» دەپ مەدھىيە ئوقۇدى. ئاندىن «پۈتۈن نېمەتلەر زاۋال تاپىدۇ، بۇنى بىلىۋال» دېگەن ئىككىنچى مىسرانى ئوقۇغاندا بولسا، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنچە كۆپ كۈپپارلارنىڭ ئالدىدا قىلچە ئەيمەنمەي ئولتۇرماستىن «سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن، ئاللاھنىڭ جەننىتىدىكى نېمەتلەر ھەرگىز زاۋال تاپمايدۇ، ئۇ مەڭگۈلۈكتۇر، ئەبەدىيدۇر» دېگىنىچە ھەقنى ياڭراتتى. بۇنى ئاڭلىغان لۇبەيد كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ: «قارىمامسىلەر، پۈتۈن قۇرەيش ئەھلىنىڭ شېئىر سورۇنىدا، كۆزۈڭلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ شۇنچە قاپ يۈرەكلىك بىلەن مەندەك بىر شائىرىڭلارغا ھاقارەت قىلىۋاتامدۇ؟!» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا سورۇندىكى يەنە بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ: «بۇ ئۇنچە نەزەرگە ئېلىپ كېتىشكە ئەرزىگۈدەك نەرسە ئەمەس، بۇمۇ مۇھەممەدكە ئەگىشىپ قالغان ھاماقەتلەرنىڭ بىرسى» دېگىنىچە ئاللاھنىڭ ھەقسۆيەر بەندىلىرىنى كەمسىتىشكە باشلىدى.

بۇنداق كەمسىتىشكە ۋىجدانى چىداپ تۇرالمىغان ئۇسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گەرچە پۈتۈن سورۇندىكىلەرنىڭ ئۆزىگە غەزەپلىك تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، يەنىلا قەلبىدە ھەقنى ھەق، باتىلنى باتىل دەپ، قورقماي جاكارلىيالايدىغان ئاجايىپ بىر جاسارەتنىڭ تەپتىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. بۇ دەل ئاللاھدىن باشقا ھېچ نەرسىدىن قورقماسلىقتەك ئىمانىي قۇۋۋەتنىڭ جاسارىتى ئىدى. ئۇ پۈتۈنلەي پەرۋاسىز ھالدا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاللاھنى تونىغانلارغا ''ھاماقەت'' دەپ ھاقارەت قىلىۋاتقان ھېلىقى كاپىرنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ئۇنىڭ بۇنچە شىر يۈرەكلىكىگە ئوغۇسى قايناپ، چىداپ تۇرالمىغان كۇپپارلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى، ھېلىقى ئەجەللىك تەنقىدىگە ئۇچرىغان كاپىرمۇ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. بىر دەم ئىچىدە قاراس ـ قۇرۇس تەستەكلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. لۇبەيدمۇ ئېتىلىپ كەلگەنچە مۇشت ئۇرۇش بىلەن ئۇسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر كۆزىنى قۇيۇۋەتتى.

گەرچە زالىملارنىڭ كۆكرەكلىرى خۇددى يېغى يوق چىراغدەك ناھەقچىلىككە قارشى ھېسسىياتلاردىن پۈتۈنلەي خالىي بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرلا كىشى قان رىشتىسى تۈپەيلىدىن بۇ ناھەقچىلىكنى ھېس قىلغاندەك بولدى ـ دە، ھەممەيلەننى توسۇۋالدى. بۇ دەل ئۇسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پاناھلىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ چىقىپ كەتكەن ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە ئىدى.

ۋەلىد كۆيۈنگەن ھالدا: «سەن مېنىڭ پاناھىمدىكى چاغدا مۇشۇنداق ئەزىيەتلەردىن خاتىرجەم ئەمەسمىدىڭ؟» دېدى.

بۇ كاپىرانە كۆيۈنۈش ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىمانىي تۇيغۇلىرىغا ئۇرۇلىۋاتقان زەھەرلىك نەشتەردەك بىلىندى. بىر كۆزىنىڭ قۇيۇلۇپ كېتىشى بىلەن گويا ئاللاھنى كۆرۈش قۇۋۋىتى تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەندەك غەيرەتكە كەلگەن ئۇسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋەلىدكە تىكىلگەن ھالدا: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ساق قالغان ماۋۇ كۆزۈممۇ ئاللاھنىڭ يولىدا قۇيۇلۇپ كەتكەن ئىككىنچى كۆزۈمگە ئوخشاش شۇ تاپتا يەنە بىر شىرىن زەربە يەۋېلىشنى ئارزۇ قىلماقتا» دەپ توۋلىدى.

ئەمما كۇپۇر بىلەن شېرىكچىلىك بۇ سۆزدىنمۇ ئىماننىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنى چۈشىنەلمەي قالغان ئىدى. شۇڭا ۋەلىد يەنە سۆز باشلاپ: «ئەگەر خالىساڭ، ھېلىھەممۇ مېنىڭ پاناھلىقىمنىڭ دەرۋازىسى سەن

ئۈچۈن ئوچۇق» دېيىلدى، قاتتىق غەزەپلەنگەن ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاجايىپ قەتئىيلىك بىلەن، «ماڭا بۇنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. ماڭا پەقەت ئاللاھنىڭلا پاناھلىقى كۇپايە. چۈنكى ئۇ ساڭا قارىغاندا تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ قۇدرەتلىك» دېگىنىچە پۈتۈن سورۇننى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، ھەقنىڭ ئۆچمەس شوئارىنى يارقىراتتى.

ئاھ! بىز ئەينى چاغدا ئەنە شۇنداق مۇسۇلمان ئىدۇق، كاپىرلارنىڭ پاناھلىقىدا تۇرۇشنى ئىمانىمىزنىڭ ئۆلۈمى ھېسابلايتتۇق. ئەمما مانا ئەمدىلىكتە بولسا، ئاللاھنىڭ پاناھلىقىغا ئۆتۈش بىلەن قولغا كېلىدىغان ئەبەدىيلىك گۈزەل ھاياتنىڭ ئىلاھىي ۋەدىسى، ۋۇجۇدىمىزنى ئازراقمۇ لەرزىگە سالالمايدىغان ئەھۋالغا كېلىپ قالدى. شۇڭا ھەق ئۈچۈن ئەزىيەت چېكىشتىن، ئۆلۈمدىن ۋە شېھىتلىكتىن قورقۇپ، كاپىرلارنىڭ پاناھىدا پۈتۈن ئۆمرىمىزنى ئۆتكۈزۈۋەتسەك، ئۆتكۈزۈۋېتىشكە رازىمىزكى، ئەمما ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە كۇپايە دەپ بىلگەن، ئاشۇ قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ پاناھلىقىنى بىرەر قېتىم ئويلاپ بېقىشقىمۇ رازى ئەمەسمىز.

ئاھ! قېنى ئۆزىمىزگە بىر قاراپ باقمايلىمۇ؟! ئەجەبا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئىمانىمىزغا قۇرۇت چۈشكەنلىكى ئەمەسمۇ؟ ئىچ - ئىچىمىزدىن سېسىپ تۈگىگەنلىكىمىز ئەمەسمۇ؟ قېنى ئويلىنايلىكى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز "مۇسۇلمان"مۇ؟!

# ئەنگەلەر

(بىرىنچى قىسىم)

قۇرەيشنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ۋەكىللىرى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبقا ئىجتىمائىي بېسىم ئىشلىتىپمۇ نەتىجە قازىنالمىغاندىن كېيىن ئەمدىلىكتە ئىككىنچى قېتىملىق ۋەكىللىرى يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زەھەرخەندىلەرچە تەلەپلىرىنى ئىنتايىن قوپال تەلەپپۇزدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى.

ـ ئى ئەبۇ تالىب! سەن قۇرەيشنىڭ ئىلاھلىرىغا ئىھتىرام قىلىش كېرەكلىكىنى مۇھەممەدكە پەقەت ئۆگىتەلمىدىڭ. شۇڭا ئەمدى ئۇنى بىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا تاپشۇرۇشۇڭ لازىم.

بۇ سۆز ئەبۇ تالىبقا نىسبەتەن قىيامەت قوپۇپ كەتكەندىنمۇ ئېغىر ھېسابلىناتتى. چۈنكى ئەبۇ تالىب بىر بىگۇناھ ئىنساننى شۇنچە زالىم دۈشمەنگە تۇتقۇزۇپ قويۇشنى ”بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسى بولالايدۇ“ دەپ، ئويلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا تەسەۋۋۇرىغىمۇ سىغدۇرالمايتتى. ئۇ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دادىنىڭ ئۆز ئوغلىغا بولغان مۇھەببىتىدىنمۇ ئارتۇق مۇھەببەت قىلاتتى. ئەبۇ تالىب ۋەزىيەتنىڭ شۇنچە قورقۇنچلۇق ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا كېلىپ قالغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ چارىسىز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئازابتىن تىترىگەنچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. گويا ھەممە ئەتراپنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقلىرى قاپلاپ كەتكەندەك ۋە ھېچ يەردىن ئۈمىد ئۇچقۇنى كۆرۈنمەيۋاتقاندەك تۇيۇلىۋاتاتتى. ئۇ قاتتىق قايغۇرۇش ئىچىدە بىر ھازا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئويغا پاتقاندىن كېيىن كۆڭلىدە قانداقتۇر نامەلۇم ئۈمىد شامىنى ياندۇرۇپ، ئاجايىپ دەردلىك ئاۋاز بىلەن:

”ئى جان ـ جىگەر ئوغلۇم! ئەمدى دۈشمەنلەرنى دۈشمەنلىكتىن توسۇش قىرى ئەبۇ تالىبنىڭ قولىدىن كەلمەي قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار مىنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما سەن... سەنمۇ ياشانغان تاغاڭنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسسەنمۇ؟ ئەجەبا پۈتۈن مەككىنى دۈشمەن قىلىپ قويىۋاتقان بۇ ئىشتىن ئۆزۈڭنى تارتساڭ بولماسمۇ؟“ دەپ سورىدى.

شەپقەتلىك تاغىسىنىڭ ئىغىزىدىن چىقىۋاتقان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك چىرايى لاسىدە ئۆزگىرىشكە باشلىدى. چۈنكى بۇ كۆكرىكىدە دادىنىڭ شەپقەتلىك قەلبى بىلەن ئانىنىڭ تەڭداشسىز مېھرى مەۋجۇد بولغان، دائىم كۆزلىرىدىن مۇھەببەت نۇرى جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان، ھەر قىتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاجايىپ چوڭقۇر شەپقەتلىك نەزەر بىلەن باقىدىغان ئاشۇ كۆيۈمچان تاغىنىڭ سۆزى ئىدى شۇنداق...

بۇ، راستىنلا ئەنە شۇ مېھرىبان ئەبۇ تالىبنىڭ ئاۋازى ئىدى. بۇ، دۇنيالىق ئاخىرقى تايانچىنىڭ يىقىلغان چاغدىكى گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى ئىدى. بۇ، دۇنيالىق تايانچلارنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆزۈنغىچە ھەق يولىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، ئاخىرى ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتايدىغان كىشىگە ئاللاھدىن باشقا تايانچ قالمايدىغانلىقىنى جاكارلاۋاتقان ھەققانىيەتنىڭ ساداسى ئىدى.

ئەبۇ تالىب ئۆز سۆزىگە نىسبەتەن ئامراق جىيەنىنىڭ كۆزلىرىدە لىغىرلاشقا باشلىغان ئازابلىق ياشلارنىڭ جاۋاب بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئۇ ئەمدى تېخى تەسەللى ئۈچۈن ئىغىزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلىق كۆزلىرىدە بىردىنلا ھەققانىيەتنىڭ كۈچلۈك نۇرلىرى پارلاشقا باشلىدى. ھېسسىياتنىڭ ئورنىغا ئىمان ۋە ئىشەنچكىلا تولغان قەتئىي ئىپادىلەر ئۆزىنى ئايان قىلىۋاتاتتى. بىر ئىنسان ئادىمىيلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ يۈكسەك ماقامىدا تۇرۇپ، دۇنيالىق تايانچلارنى ئۆز قولى بىلەن دەپىن قىلىپ تاشلاشقا تەييار ئىدى. ئەبۇ تالىبنىڭ قۇلاقلىرى قاتتىق ھەيرانلىق ۋە قايىللىق ئىچىدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتاتتى.

ـ يا مەن بۇ يولدا ئۆلۈپ تۈگەيمەن، يا مەن باشلىغان بۇ ئىش مۇكەممەللىشىدۇ. مەيلى بۇلار بىر قولۇمغا ئاينى، يەنە بىر قولۇمغا قۇياشنى

تۇتقۇزۇپ قويغان تەقدىردىمۇ مەن بۇ يولدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن.

ئەبۇ تالىب شۇنچە قەتئىي ئىشەنچ ۋە شۇنچە مۇستەھكەم ئىرادىگە تولغان بۇ سادانى ئاڭلاپ ھەيران قالماي تۇرالمىدى. ئۇ ئەمدىلىكتە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەلبىدە ھەتتا ئۆز جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان بىر قىممەتلىك بايلىقنىڭ راستىنلا مەۋجۇتلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئەپسۇسكى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاشۇ بايلىقنىڭ دەل مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇداسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىدى. قەلبى ھەققانىيەتنى سەزگەندەك قىلىۋېتىپ تۇرۇپمۇ، ئېغىزىدىن ھەققانىيەتنىڭ شۇئارى بولغان كەلىمە شاھادەت ياڭراپ چىقالمىدى. ئەمما قان رىشتىسىنىڭ ئۇتلۇق مۇھەببىتى تۈپەيلى ھەق ئۈچۈن يەنىلا قۇربانلىق بېرىپ، "ياق، ئوغلۇم، ياق! سەن ئۆز ئىشىڭنى خاتىرجەم داۋاملاشتۇرىۋەرگىن، مانا بۇ قېرى ئەبۇ تالىب ھەر زامان، ھەرقانداق ئەھۋالدا، دائىم سەن بىلەن بىللە" دېگىنىچە قەلب ساداسىنى ياڭرىتالىدى.

بۇ پىداكارلىق داستانىنىڭ ئەڭ ئەلەملىك يېرى شۇكى، ئەبۇ تالىب ئۆزى قۇربانلىق بېرىۋاتقان ئاشۇ ھەققانىيەتتىن مەھرۇم ھالدا دۇنيادىن كېتىپ قالدى. ئەمما بىز تېخى دۇنيادا مەۋجۇد. قېنى بىر مىنۇت بولسىمۇ ئويلاپ باقايلى! ئەجەبا ئەبۇ تالىب كاپىر تۇرۇپ، ئىسلام ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئاشۇ پىداكارلىقنىڭ زەررىچە مىسالىنى بىز مۇسۇلمان تۇرۇپ كۆرسىتەلىدۇقمۇ؟

مانا كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۈنسېرى ئەسەبىيلىشىپ كېتىۋاتقان ياۋۇز دۈشمەنلەرنىڭ زۇلۇم ـ سىتەملىرى دەستىدىن دەريا ـ دەريا قانلىرى ئېقىۋاتقان، ماشىنىلاردا بىگۇناھ شېھىت جەسەتلىرى ئەخلەت توشۇلغاندەك توشۇلىۋاتقان ئاشۇ مىليونلىغان چارىسىز مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى مەردانىلەرچە خەۋپكە ئىتتىرەلىدۇقمۇ؟

ياق، خەۋپكە ئىتتىرىشقۇ يىراقتا تۇرسۇن، ھەتتا تۆت تىيىنلىق مەنپەئەتىمىزدىن ۋە بىر قانچە مىنۇتلۇق سودا ـ تىجارەتلىرىمىزدىن ۋاز كېچەلمىدۇق. ھەتتا قورال ئەمەس، بەلكى پەقەت لوزۇنكا كۆتۈرۈش بىلەن كوچىلاردا كۇپپارلارنىڭ زۇلمىغا قارشى سادا ياڭرىتىۋاتقان بىر قىسىم نامايىشچى مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىگە بولسىمۇ قوشۇلالمىدۇق.

ئەجەبا ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان دىيارىغا كۇپپارلار تاجاۋۇز قىلسا، شۇ

يەرلىك مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن جىھاد قىلىش پەرز ئەينىگە (يەنى، ئورۇندىمىسا، ياكى ھېچ بولمىغاندا، چوقۇم ئورۇنداشنى نىيەتىگە پۈكمىسە، مۇناپىق پېتى ئۆلىدىغان مەجبۇرىيەتكە) ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، ناۋادا يەرلىك مۇسۇلمانلار كۇپپارلارغا تەڭ كېلەلمىسە، قوشنا مۇسۇلمانلارغا پەرز بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا تاكى كۇپپارلار مەغلۇپ بولۇپ كەلگەن يېرىگە چېكىنمىگۈچە جىھاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى قوشنا رايونلارنى بويلاپ، ئەنە شۇنداق كېڭەيگەنسېرى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ يەلكىسىگە يۈكلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەيدانغا چىقالماي يۈرگەن ياكى ھېچ بولمىغاندا، ۋۇجۇدىمىز ئەلەمدىن تىترەپ، ئاشۇ ئازاب چېكىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نۇسرىتى ئۈچۈن مەخسۇس ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھقا يېلىنىپ يىغلاپ دۇئا قىلىشمۇ قولىمىزدىن كەلمەيۋاتقان، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى مۇسۇلمان ئاتىۋېلىشتەك ساختا پىكىر، ئەمەللىرى ئارقىلىق ئىسلامنىڭ شەنىگە يىرگىنچلىك داغ تەككۈزۈۋاتقان بىز ھېسسىز ئەبگالار راستىنلا ”مۇسۇلمان“مۇ؟

ھەقنى ھىمايە قىلىشتا بىزدىن ياخشىراق پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئەبۇ تالىبنىغۇ ”كاپىر“ دەيدىكەنمىز، ئۇنداقتا ئۆزىمىزنى زادى نېمە دەيمىز؟!

* * * * * * * * * *

ئېغىر ئىبادەت ۋە رىيازەتلەر تۇپەيلى ھارغىن چىراي بىر بوۋاي چېركاۋنىڭ دېرىزىسىدىن يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسمىلىك مەردى مۆمىنگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئەسلىدە تەخىرىگە مۇيەسسەر بولۇش ئىشتىياقىدا دۇنيانىڭ پۈتۈن راھەت ـ پاراغەتلىرىدىن ۋاز كەچكەن بىر خرىستىئان راھىبى ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھ ئەنھۇ ئۇنىڭغا نەزىرى چۈشۈش بىلەنلا قانداقتۇر قەلبىنى چۇلغىۋالغان ئەلەملىك ھېسلار تۇپەيلى شۇ يەردىلا يىغلاپ تاشلىدى. دېمەك، بىر مۇسۇلمان غەيرىي دىندىكى بىر راھىبنى كۆرگەندە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك كۆز يېشىنى تۆكمەكتە ئىدى.

ـ سىلى بىر خرىستىئان راھىبنى كۆرۈپ يىغلاپ كېتىۋاتىلىغۇ؟ـ كىشىلەر ھەيرانلىقتا سوئال سوراشقا باشلىدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە تەبەسسۇم قىلغان ھالدا ”ھەئە، مەن راستىنلا غەيرىي دىندىكى راھىبقا قاراپ يىغلاپ سالدىم. ئى قېرىنداشلار! بىر ئىنساننىڭ ئاقىۋەت ھالاكەتكە باشلايدىغان،

جەھەننەمنىڭ مەڭگۈلۈك ئوتىغا ئىتتىرىپ تاشلايدىغان ئاشۇنداق ئىبادەتلەر ئۇچۇن جىنىنى ئۇپرىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتىنمۇ بەكرەك ئېچىنىشلىق ۋە يىغلاشقا تېگىشلىك ئىش بولامدۇ؟“ دەپ جاۋاب بەردى.

مانا ئەمدىلىكتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزلىرى كۆرگەن ئاشۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەر ھازىرمۇ بىزنىڭ تۆت ئەتراپىمىزدا شۇ پېتى كۆزگە چېلىقىپ تۇرماقتا. ئەمما غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ ئۇنۇمسىز ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشلىرىغا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاپ كېتىدىغان، ئاخىرەتنىڭ ئازابىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ غېمىدە تىترەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغان ئۇنداق مۇسۇلمانلارنى ھازىر ئارىمىزدىن نەدىمۇ ئۇچراتقىلى بولسۇن؟!

ئەنە تۇنۇگۇنكى ئىسلام كۈيپارلارنىڭ بىھۇدە ئىبادەتلىرىگە ئېچىنىپ ياش تۆككەن بولسا، بۈگۈنكى كۈپۈرلۈق بەلكىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالغا كېلىپ قالغانلىقىغا ئېچىنىپ يىغلايدىغاندۇ ياكى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدىغاندۇ. چۈنكى بىزمۇ ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىمىز، بۇ ـ ئەمما ئىبادەتلەرنىڭ پەرز قىلىنىشتىكى مەقسىتى بولغان ئۇنۇم، تەسىرلەرنى ۋۇجۇدىمىزدىن قەتئىي كۆرەلمايمىز.

ناماز ـ ئەسلىدە، ۋۇجۇدىمىزدا ئىسلام ئۇچۇن ۋاقتىنى قۇربان قىلالايدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرسە توغرا بولاتتى. ئەمما بىز ناماز ئوقۇيمىز، بۇ ـ ئىسلامنىڭ شۇنچە مۇھىم دەۋر تەقەززالىرى ئۈچۈن بىر نەچچە مىنۇتلۇق مەشغۇلاتىمىزنى تاشلاشقا پېتىنالمايمىز.

روزا ـ ئىسلام ئۇچۇن شېرىن ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمىزنى، جۇملىدىن نەپسانىي تەقەززالىرىمىزنى قۇربان قىلالايدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك ئىدى، ئەمما بىز روزا تۇتۇپمۇ، ئىسلامنىڭ مەنپەئەتى ئۇچۇن بىر دەملىك ئەيشى ـ ئىشرەت، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىمىزدىن كېچەلمەي يۈرمەكتىمىز.

زاكات ـ ئىسلام ئۇچۇن ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قۇربان قىلالايدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرەتتى. ئەمما بىز زاكات بېرىشقىمۇ ئۈياقتا تۇرسۇن، ھەتتا خۇسۇسىي مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن يېتىم ـ يېسىرلارغا تېگىشلىك زاكاتلارنىمۇ ھىيلە ئىشلىتىپ، باشقىلاردىن يۇلۇۋېلىشنىڭ كويىدا قىلىپ يۈرمەكتىمىز.

ھەج ـ سەپەرگە ئاتلىنىپ، ۋەتىنىدىن ئايرىلىش ئارقىلىق ۋەتەن، مىللەت،

ئاتا ـ ئانا، ئايال، بالا ـ چاقا، قەۋم ـ قېرىنداشلارنىڭ مۇھەببىتىنى ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈنلا قۇربان قىلالايدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرەلىگەندە، ئاندىن ئۇنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈلگەن بولاتتى. ئەمما بىز ھەجنى نەسەپبازلىقىمىزنىڭ ۋە ئائىلىۋىي ئابرۇي ـ ئىناۋەتلىرىمىزنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇۋالماقتىمىز. چۈنكى بىز ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق ھەقىقىي روھىنى چۈشەنمىگەنلىكىمىزدىن خۇددى باشقا دىندىكىلەرگە ئوخشاشلا رەسمىيەت شەكلىدە، مۇنداقلا ئورۇنداپ كەلمەكتىمىز. شۇ سەۋەبتىن ئۇنۇمسىز ھالغا كېلىپ قالغان بۇ ئىبادەتلىرىمىز ئەجەبا بىزنى يەنىلا جەننەتكە ھەقلىق قىلالارمۇ؟

ئالدى بىلەن ۋاقىت، ئارزۇ ـ ئىستەك، ئىقتىساد، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتلەرنى قۇربان قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تۆت خىل خاراكتېر، مەزكۇر بىز ئورۇنداپ كېلىۋاتقان تۆت خىل ئىبادەتلىرىمىز ئارقىلىق ۋۇجۇدىمىزدا پەيدا بولماي تۇرۇپ، ئاللاھ ئۈچۈن جىھاد مەيدانىدا جاننى قۇربان قىلىشتەك بەشىنچى ئۇلۇغۋار خاراكتېرنى قەتئىي يېتىلدۈرگىلى بولمايدىغانلىقى تېخىچە مېڭىمىزگە ئورنىماي يۈرگەن، ھە، دېسىلا، ئۈششاق ئىشلارنى تارتىشىپ، فىقھىي پىكىرۋازلىقىمىزنى بازارغا سېلىپ يۈرگەن، ئۈممەتنىڭ زادى قانداق دىنىي روھقا تەشنالىقىنى چۈشەنمەستىن، ئۆزىمىزچە نەدىكى بىر ئاقماس پىكىرلەرنى مەيدانغا چىقىرىپ، تەبىئىتىمىزگە يات، غەيرىي مەسلەك، ئېقىملارنى پەيدا قىلىۋاتقان بىز نادان مۇسۇلمانلارنىڭ ھاماقەتلىكىگە ئەجەبا ئىبلاس كۈپپارلار كۈلۈپ سالماي تۇرالامدۇ؟

ئەجەبا ئىسلامىمىزنى شۇنچە كۈلكىلىك ھالغا چۈشۈرۈپ قويماقچى بولۇۋاتقان بىز نانكورلار يەنىلا "مۇسۇلمان" مۇ؟

بۇ سوئالنى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ بىر نەرسە كۆرگەندەك بولمايدىغان قارىغۇ ئەقلىمىزدىن سوراپلى! قىلمىشىمىزنىڭ قاباھەتلىك ئاقىۋەتلىرى "مانا مەن" دەپ كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، قىلچە ئۆرتىنىش ھېس قىلمايدىغان ئۆلۈك ۋىجدانىمىزدىن سوراپلى!

سوراپلى! قېرىنداشلار، سوراپلى!

ساھابىلەر ھاياتىنىڭ مۇقەددەس ئەينەكلىرىدىكى ئەبگا ئەكسىمىزدىن سوراپلى!

# ئەينەكلەر

(ئىككىنچى قىسىم)

تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىرايىدا ئاجايىپ كۈچلۈك قايغۇ ـ ھەسرەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. گويا بېشىغا ئىنتايىن ئېغىر مۇسىبەت كەلگەن دەرتمەندەك ياكى جىنايەت ئۈستىدىلا قولغا چۈشۈپ قالغان گۇناھكاردەك ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ئايالى سۇئدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دەرھال تۆشۈك ئىشلىرىنى تاشلاپ ھودۇققان ھالدا يېنىغا كەلدى ۋە چىرايىغا چوڭقۇر نەزەر سېلىپ "بۇنچە ھەسرەتكە چۆكۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى زادى نېمىدۇر؟" دېگەنلەرنى ئويلاشقا باشلىدى. ئەمما سەۋەبىنى ھېچ چۈشىنەلمەي قېلىۋاتاتتى. چۈنكى بىرگە ياشاپ كەلگەن شۇنچە ئۇزۇن مۇددەتتىن بىرى بۇنچە قاتتىق قايغۇرۇپ كېتىشكە سەۋەب بولغۇدەك بىرەر ئىشنىڭ ئۆتۈلگىنىنى بىلمەيتتى.

ـ سىلىگە نېمە بولدى؟ گەپ قىلسىلا، زادى نېمە ئىش يۈز بەردى؟ سۇئدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاخىرى چىداپ تۇرالماي ئالدىراش سوئال سوراشقا باشلىدى.

تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ غەم ـ قايغۇدىن يەرگە چۆكۈپلا كەتكەن بېشى ئاستا كۆتۈرۈلدى. ئاجايىپ ئىزتىراپلارغا تولغان كۆزلىرى ئايالىنىڭ سەبىي چىرايىغا تىكىلگىنىچە قېتىپلا قالدى. ئەمما يەنىلا ھېچ زۇۋان سۈرمەيتتى.

ـ ۋاي ئاللاھ! بىر گەپ قىلمامىلا! زادى نېمە ئىش يۈز بەردى؟ يا مەندىن بىرەر خاتالىق ئۆتىلىپ قالدىمۇ، يە؟ سۇئدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك تەشۋىشلىنىپ سوئال سورىماقتا ئىدى.

- ياق، ئى بەختىيار خوتۇن! ياق، - تەلھە رەزىيەلاھۇ ئەنھۇ ئۇلۇغ بىر كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدى.

- سىنىڭ نېمە خاتالىقىڭ بولسۇن، ھەممىسى مېنىڭ ئۆزۈمدە. مانا كۆرمىدىڭمۇ؟ يېنىمدا شۇنچە كۆپ بايلىق توپلىنىپ قاپتۇ. ئاھ خۇدا! ئەمدى مەن بۇ ئالتۇن - كۈمۈش دۆۋىسىنى شۇ پېتى ئارقامدا قالدۇرۇپ، ئاللاھىمنىڭ دەرگاھىغا قۇرۇق قول كېتىپ قالارمەنمۇ؟ - دېگىنىچە ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى.

ئاق كۆڭۈل ئايالى ئېرىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قىلچىمۇ تەئەججۇپلىنىپ قالمىدى. چۈنكى ئېرىنىڭ نەزىرىدە قايغۇلۇق تۇيۇلىۋاتقان بۇ ئىش ئۇنىڭغا نىسبەتەنمۇ ئەندىشىلىك مەسىلە ئىدى. دۇنياغا ھەممە نەرسىنى قالدۇرۇپ، ئاخىرەتكە قورۇق قول كېتىپ قېلىشتىنمۇ چوڭ بەختسىزلىك بولمايدىغانلىقىنى، دۇنيادا شۇنچە بەختلىك ياشاپ، ئاخىرەتتە يالىڭاچ، نامراتلارنىڭ سېپىغا تىزىلىپ قېلىشتىنمۇ ئېغىر مەغلۇبىيەت يوقلۇقىنى ئۇمۇ چوڭقۇر ھېس قىلاتتى. شۇڭا ئۇ دەرھال ئېرىگە تەسەللى بېرىپ: ”بۇنىڭ ئىلاجى شۇنداق ئاددىي تۇرسا، قايغۇرغىدەك نەرى بار؟ تۇرسىلا، پۇلنى چىقىرىپ ئاللاھ يولىدا پىدا قىلسىلا“ دېدى.

تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇددى گۆدەك بالىلاردەك بىردىنلا شاتلىنىپ كەتتى. ”ئاللاھ يولىدا پىدا قىلىۋېتىش“ دېگەن بۇ تەسەۋۋۇر ئۇنىڭ نەزىرىدە تىكەندەك تۇيۇلىۋاتقان بايلىققا ئاجايىپ قىممەتلىك مەنە بەرگەندەك تۇيۇلىۋاتاتتى. ”ئامانەتنى ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇش“ دېگەن خىيال ئۇنىڭ قەلبىدىكى پۈتۈن ئېغىر يۈكلەرنى بىراقلا يېنىكلىتىۋەتكەن ئىدى. چۈنكى ئاللاھنىڭ جەننىتىنىڭ ئاشۇ توپلىنىپ قالغان 400 مىڭ دىناردىن قاتمۇ - قات قىممەتلىك ئىكەنلىكىگە ھەر ئىككىيلەن تولۇق ئىشىنەتتى. شۇڭا بۇ كاتتا بايلىق ھېچ ئىككىلەنمەستىن تارقىتىلىشقا باشلىدى. بەنۇ تەمىم قەبىلىسىدىكى يېتىملار ئېتەكلىرىنىڭ بايلىققا تولەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدە دادىلارچە شەپقەتنىڭ ھاياتى كۈچى بىلەن ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىشقا باشلىدى. تول، بويتاقلارمۇ توي ساماسىنى كۆرۈشكە سازاۋەر بولدى، قەرز زەنجىرلىرىدە بوغۇلغان ئىنسانلار ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئازادلىقتىن قايتا نەپەس

ئېلىشقا باشلىدى. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزۈنىغا قالمايلا 400 مىڭ دەرھەمنى ئاللاھ يولىدا تولۇق پىدا قىلىپ بولغان ئىدى. ئەتراپىدىكى دۇنيانى خۇشاللىققا چۆمدۈرۈش يولىدا ئۆزى قورۇق قول قالغان ئىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ پۈتكۈل روھىي ئىزتىراپلىرىنىڭ ئورنىنى چەكسىز مەمنۇنىيەت قاپلىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ لەۋلىرىدە تۈگىمەس ـ پۈتمەس ئاجايىپ بىر خۇش تەبەسسۇم جىلۋە قىلماقتا ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قول ئىلكىدىكى ماددىي بايلىقلار ئەمدىلىكتە ھەقىقىي تۈردە قەلب بايلىقىغا ئايلىنىپ بولغان ئىدى. ئۇ ئۆيىگە خۇددى قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ چاڭگالدا ئېزىپ قالغان مۇساپىر بىردىنلا يورۇقلۇققا چىققاندەك خۇشال ـ خورام قايتىپ كېتىپ باراتتى.

بىر قېتىم يەنە شۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق قايغۇغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا غەمخان بولۇش ئۈچۈن يېنىغا كەلدى ۋە ”ئى تەلھە! تىنچلىقتۇ؟ يا بىرەرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىڭمۇ ـ يە؟“ دەپ سورىدى.

ـ ياق، ـ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەسرەتتىن ھارغىن ئاۋازى قۇرغاق كارنىيىدىلا تۇرۇپ قېلىپ، سۆزىنىڭ ئاخىرى چىقمايلا قالدى.

ـ ئۇنداقتا، زادى نېمە بولدى؟

تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاجايىپ بىچارىلىك بىلەن يىغلامسىرىغان ھالدا: ”ئى ئۆمەر! مەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئېيتىپ بەرگەن ئىنتايىن قىممەتلىك بىر سۆزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ”ئەگەر ئۆلۈم ئالدىدا ھەرقانداق كىشى بۇ سۆزنى ئېغىزىغا ئالسا، جان چىقىشنىڭ ئازابى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ ۋە چىرايىغا شادلىق ھەم قانائەتنىڭ نۇرى يۈگۈرەيدۇ“ دەپ ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، مەن ئۇ سۆزنى شۇنچە ئويلاپمۇ پەقەت ئەسكە ئالالمايۋاتىمەن... مانا زادىلا ئەسكە ئالالمايۋاتىمەن...“ دەپ قايغۇرۇشقا باشلىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مەردى ـ مۆمىنىنىڭ ئازابلىنىۋاتقان غەم ـ قايغۇلىرىغا ھەۋەس ھەم تەبەسسۇم بىلەن بېقىپ: ”ئەجەبا ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىزگە ”لا ئىلاھە ئىللەللاھ“ دېگەندىنمۇ قىممەتلىك سۆزنى ئۆگەتكەنمىدى؟!“ دەپ جاۋاب بەردى.

تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ ”ئاللاھ بىلەن

قەسەمكى، مانا دەل مۇشۇ سۆز ئىدى. مانا دەل مۇشۇ سۆز ئىدى“ دېگىنىچە بالىلاردەك ئۆزىنى تۇتالماي سەكرەپ كەتتى.

ئاھ! تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش مەرتلەر بىلەن سۇئدە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل ئاياللار ياشىغان ئاشۇ دەۋرلەر نەقەدەر گۈزەل، نەقەدەر دىلكەش بولغىيتتى ھە؟!

شۇنداق، ئەنە ئۇلار ھەقىقىي مۇسۇلمان ئىدى، مانا بىزمۇ مۇسۇلمان. ئەمما پەرقىمىز شۇ يەردىكى، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى قىممەت قارىشىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ قىممەت قاراشلىرى ئوتتۇرىسىدا گويا جەننەت بىلەن جەھەننەمدەك ئوخشىماسلىق ساقلانماقتا. چۈنكى بىزنىڭ شاتلىقىمىزنىڭ ئىنتىھاسى ھېسابلىنىدىغان ئىشلار ئۇلارنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ئىپداسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ شاتلىقچۇ؟ زىدى نېمىلەر بىلەن ئىپادە تاپاتتى؟ قېنى كىممۇ ئارىمىزدىن بۇنى ھەقىقىي تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن؟

شۇنداق، بىزمۇ مۇسۇلمانمىز. ئەمما تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خۇداسۆيەر كۆكرەكلىرى بىلەن سۇئدە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاك مىجەز ـ تەبىئىتىدە ئورۇن ئالغان ئاشۇ ئىمانىي يۈكسەكلىكنى ۋۇجۇدىمىزدا بەرپا قىلىشقۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا پەقەت تەسەۋۋۇر قىلىپ باققاندىمۇ، پۈتۈن ئەمەلىي ھاياتىمىز خىجالەتتىن يەرگە قارايدىغان ”مۇسۇلمان“مىز.

* * * * * * * * * *

سۆئلەبەمۇ ئىسلامنىڭ جان پىدا ئەنسارلىرىدىن بىرى ئىدى. ئەمما دۇنيالىق بايلىقنىڭ سېھىرلىك تورلىرى ئۇنىڭ ئەنسارلىق دۆلىتىنى ئىشغال قىلماقچى بولۇپ ئالدىغا چىققاندا، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ”يا رەسۇلۇللاھ! مىنىڭ مال ـ بايلىقىمنىڭ زىيادە بولۇشىغا دۇئا قىلىپ قويسىلىرى“ دەپ يېلىنىشقا باشلىدى.

ـ ئى سۆئلەبە! ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن قايغۇرغان ھالدا سۆز قىلىۋاتاتتى.

ـ ئەستە تۇتقىنكى، ئىنساننىڭ پەرۋەردىگارىغا شۈكۈر ئېيتىپ تۇرىدىغان ئازغىنا بايلىقى، شۈكۈر قىلىشنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويىدىغان دۇنيانىڭ كاتتا خەزىنىلىرىدىن كۆپ ياخشىدۇر.

ئەمما سۆئلەبە بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ يەنە دېگىنىدە مەھكەم تۇرۇۋالدى. بەلكىم ئۇ ”شۈكۈر قىلىشتىن غەپلەتتە قىلىشتەك جىنايەت مەندىن سادىر بولۇپ قېلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن“ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك ياكى ”خەيرى - ئېھسانلارنىڭ يامغۇرى قانچە ياغقانسىرى شۇنچە كۆپ شۈكۈر قىلىدىغان بولماي، ئەكسىچە بەخش ئەتكۈچىنىمۇ ئۇنتۇپ قىلىدىغان ئىش بولامدۇ؟“ دەپ خىيال قىلغان بولسا كېرەك، يەنىلا دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلىۋەردى. چۈنكى ئۇ بۇ سۆزنى قىلغۇچىنىڭ پۈتكۈل كائىناتنىڭ تومۇر سوقۇشىغا دىئاگنوز قويۇۋاتقان زات ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ئىدى.

ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. بايلىق يامغۇرغا ئوخشاش يېغىشقا باشلىدى. قوي، ئۆچكە، پادىلىرىنىڭ سانى ئۆزلۈكسىز ئېشىپ، مال قوتانلىرى شەھەر ئىچىگە سىغماس بولۇپ قالغاندا، سۆئلەبە مەدىنىدىن سىرتقا چىقىپ يەرلەشتى. مەسچىت بىلەن بولغان ئارىلىق ئۇزاردى. شۇنداق قىلىپ، دۇنيا قانچە يېقىن كەلگەنسېرى ئاللاھ يىراقلىشىپ كەتمەكتە ئىدى. كىشىلەر شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىدا سۆئلەبەنىڭ غايىبلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى. بايلىق ئاشقانسىرى، ئارىلىق ئۇزاردى، غەپلەت كۈچەيدى. دۇنيانىڭ بايلىقى كۆپەيگەنسېرى، ھەتتا قىممىتىنى بىلگەن نامراتمۇ دۇنيانىڭ تاجۇ تەختىگە تېگىشمەيدىغان، ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ جەننىتىنى سېتىۋالالايدىغان قەلب بايلىقى ئازلاپ كېتىشكە باشلىدى. بارغانسېرى نامازغا چىقالماسلىقىنىڭ قېتىم سانى ئېشىپ، ئاخىرى زاكات بېرىش رىغبىتىمۇ قەلبىدىن يىراقلاپ كەتتى. ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ھەسرەتلىنىپ ياش تۆكتى. دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى تەڭلا قولغا كەلتۈرۈشتەك خەتەرلىك خاھىشتا بولغان بۇ بەختسىزگە قاتتىق ئېچىندى. ئاخىرىدا جەبرائىل ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدىكى ”شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار ”ئەگەر ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلسا، بىز چوقۇم ئۇنىڭ يولىغا سەرپ قىلىمىز، ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن بولىمىز“ دەپ ئەھدى قىلغان ئىدى، ئاندىن ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغاندا، بېخىللىقتا چىڭ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئارقىنى قىلغان ھالدا شەخسىيەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى“ دېگەن ئايەتنى ئېلىپ چۈشتى.

سۆئلەبە نېمىلا بولغان بىلەن يەنىلا ساھابە بولغاچقا نازىل بولغان ۋەھيىنىڭ ئاچچىق ئەلەملىرىدىن تىترەپ، ئىلگىرى بەرمەي قويغان

زاكاتلىرىنى بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى. ئەمما خاتالىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش دەرۋازىسى ئاللىبۇرۇن تاقىلىپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭ زاكاتلىرى قوبۇل قىلىنمىدى. ئاللاھمۇ رەت قىلدى، ئاللاھنىڭ رەسۇلىمۇ رەت قىلدى. ھەتتا ئەبۇ بەكرى ۋە ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ خەلىپىلىك دەۋرلىرىدە ”بۇنى قوبۇل قىلىشتىن ئاللاھنىڭ رەسۇلى مەنئى قىلغان“ دەپ ئۇنىڭ بايلىقلىرىنى قوبۇل قىلمىدى.

ئاھ! دۇنيانىڭ مۇھەببىتى نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق پىتنە ھە؟! چۈنكى بايلىق كىمنىسى بىلەن دىنىنىڭ كېمىسىدە تەڭلا سەپەر قىلىش ھەقىقەتەن بەسى مۇشكۇل بىر ئىش. بىر تەرەپكە ئەگىشىشنىڭ نەتىجىسى چوقۇم ئىككىنچى تەرەپتىن يىراقلىشىش بىلەن تاماملىنىدۇ. ئەگەر قانداقلا كىشى ئۆزىنىڭ ئاللاھقا قانچىلىك يېقىنلىقىنى بىلمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن قەلبىنىڭ دۇنيادىن قانچىلىك يىراق ئىكەنلىكىگە نەزەر سېلىشى لازىم.

لېكىن بىز بۇنى ئويلاشقىنمۇ پېتىنالارمىزمۇ؟ ئەجەبا ”ئاخىرەتنىڭ مۇشكۇل داۋانلىرى“ دېگەن سۆز قەلبىمىزدە كىچىككىنە بولسىمۇ ئۆرتىنىش قوزغىيالارمۇ؟

شۇنداق، ئەلۋەتتە بۇگۈنمۇ بۇ سۆزدە ئىلگىرىكىدەك دولقۇنلۇق كەلكۈنلەرنى قوزغىۋېتەلەيدىغان تەڭداشسىز ھاياتى كۈچ يەنىلا مەۋجۇد. ئەمما ئۇنى سۆزلىگۈچى تىللار تۇتۇلۇپ، ئاڭلىغۇچى قۇلاقلار ئېتىلىپ قالغىنى زامانلار بولۇپ كەتتى.

قېنى بىز يۇقىرىكى ئىككى ئەينەكتە تۆۋەندىكى مۇسۇلمانچە قىممەت قارىشىمىزغا نەزەر سېلىپ باقايلى! تەلھە بىلەن سۇئەدەنىڭ مۇقەددەس ئەينەكلىرىدە ئەكسىمىزنى كۆرەلەمدۇق ياكى سۆئلەبەنىڭ داتلاشقان ئەينەكلىرىدىمۇ؟ ئېنىقكى بۇنىڭ جاۋابى ئۆزىمىزگە ئايان بولمىسىمۇ ۋىجدانىمىزدىن مەخپىي ئەمەس. لېكىن شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا ”مۇسۇلمان“ دېگەن داۋايىمىزدا مەھكەم تۇرماقتىمىز. بۇ، ئەقىدىمىزنىڭ نېمە دېگەن گۈزەل دەۋاسى، ئەمما ئەپسۇس! ئەمەللىرىمىزنىڭ نېمە دېگەن ساختا ناۋاسى.

## روھىي گۈزەللىك

‘‘گۈزەللىك ئىنساننىڭ تېشىدا ئەمەس، ئىچىدە‘‘ دېگەن پۈتۈن دۇنياغا تەڭ ئورتاقلاشقان بۇ مەشھۇر سۆزگە سەئىدىل ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئاشۇ قاپ ـ قارا، كۆرۈمسىز چىرايى ئۇنى ھەممىلا يەردە تىل ـ ھاقارەت، دەشناملارغا ئۇچرىتىپ كەلگەن بولۇپ، كىشىلەر دائىم ئۇنى كەمسىتىپ چەتكە قاقاتتى. زامانىنىڭ قالاق، مۇتەئەسسىپ قاراشلىرى دائىم ئۇنىڭغا بىچارىلىك بىلەن مەيۈسلۈكتىن باشقىنى ھېس قىلدۇرمىغان ئىدى. جەمئىيەت ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا ئىنساننى جەلپ قىلالىغۇدەك، نە چىراي، نە بايلىق، نە ئىلىم، ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇ پەقەت قارا تەنلىك، كۆرۈمسىز يارىتىلغانلىقى ئۈچۈنلا جەمئىيەتنىڭ بىگۇناھ خورلىشىغا ئۇچراۋاتاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئاشۇ كۆرۈمسىز جىسمىغا يوشۇرۇنغان روھىي گۈزەللىكىنى پات ئارىدا ئاللاھ تائالانىڭ قانداق مەيدانغا چىقىرىدىغانلىقىنى ھەتتا ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

كۆرۈمسىزلىكى تۈپەيلىدىن يەتكۈچە خورلانغان بۇ بىچارە ئىنسان ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىگە نائىل بولدى. ئۇ ئىنتايىن خورسىنغان ھالدا: ”يا رەسۇلۇللاھ! مەن ئۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرەي دەيمەن، ئەمما يەنىلا مۇشۇ كۆرۈمسىزلىكىم تۈپەيلىدىن جەننەت دەرۋازىسى ئالدىدىمۇ چەتكە قېقىلىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن‘‘ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئازابلىق چىرايىغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ: ”ياق، ئى سەئىد! ئاللاھنىڭ جەننەتلىرىنىڭ دەرۋازىلىرى سەن ئۈچۈن ئوچۇق، ئۇنىڭغا كىرىشتىن سېنى ھېچكىشى توسۇپ

قالالمايدۇ“ دەپ جاۋاب بەردى.

ئاللاھ ھەر ئىككى ئالەم ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرى سەئىدنىل ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۇنۇق قەلبىگە خۇددى بىر ئابى ھايات دەرياسى بولۇپ قويۇلغان ئىدى.

ئۇ: ”شۇنداقمۇ؟!“ دېگىنىچە بىر پەس ھەيرانە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، دەرھال شاھادەت ئوقۇپ شۇيەردىلا ئىمان ئېيتتى.

مانا ئەمدى سەئىد مۇسۇلمان بولغان ئىدى. قەلبى سۇنۇق بىر بىچارە بەندە ئاقىۋەت ئۆز پەرۋەردىگارىغا ئېرىشكەن ئىدى. ئىنسانپەرۋەرلىك بۇگۇن بىر نائۇمىد، مەيۇس ئىنساننى ئۆز باغرىغا بېسىۋاتاتتى.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ناھايىتى بىچارىلەرچە كىرىپ كەلدى. يەنە قايتىدىن پىغان تۆكۈشكە باشلىدى. ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! گەرچە ئىسلام ماڭا جەننەتنى ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما دۇنيالىق ھاياتىم بۇرۇنقىدەكلا ھەسرەت ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. مېنىڭمۇ شۇنچە ئۆيلەنگۇم كېلىدۇ. ئەمما ھېچكىشى قىزىنى بېرىشكە ئۇنىمايدۇ.“

ئۇنىڭ سۇنۇق قەلبىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇ نالە - پىغاننى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”نېمە دېگىنىڭ بۇ؟! سەن سەقىف قەبىلىسىنىڭ يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان سەردارى ئەمر ئىبنى ۋەھەبنىڭ يېنىغا بېرىپ - ئاللاھنىڭ رەسۇلى قىزىڭىزنى سەئىدنىل ئەسۋەدكە نىكاھلاپ بېرىشىڭىزنى ئېيتتى - دەپ خەۋەر قىلغىن“ دېدى. بۇ كۇتۇلمىگەن جاۋابنى ئاڭلىغان سەئىد ھەيرانلىقتا ھوشىنى يوقاتقىلى تاسلا قالدى.

ئۇ: ”مېنى خېلى ئاددىي نامرات ئائىلىلەرمۇ ئۆزىگە كۈي ئوغۇل قىلىشتىن ئۈيات قىلىدىغان تۇرسا، ئەمدىلىكتە قەبىلە سەردارىنىڭ ئېسىل ئائىلىسى بۇ ئىشقا قانداق مۇئامىلىدە بولار؟“ دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرالمىدى. ئۇ گەرچە ئۆزىنىڭ كۆرۈمسىز چىرايىدىن شۇنچە ئەندىشە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ پىكرى ئۇنىڭغا ئۇمىد بەرمەكتە ئىدى. چۈنكى بۇ پىكىر ھەربىر سۆزى ئىسلام جەمئىيىتىگە نىسبەتەن تەقدىرنىڭ مۇقەررەر قارارى

بولۇپ ھېسابلىنىدىغان پەيغەمبەرنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۇمىد ھەم خەۋپنىڭ بىرىكمە ھېسسىياتىدا تىترەشكە چۈشكەن قەدەملىرىگە پەرۋا قىلماستىن ئۇدۇل بارغانچە، ھۆرمەتلىك قەبىلە سەردارىنىڭ ئىشىكىنى دادىل قېقىپ، توي تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويالىدى. ئۇنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىغان سەردار غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئائىلىسىنىڭ نام ـ شەرىپىگە داغ تەككۈزمەكچى بولۇۋاتقان بىر قارا زەڭگى قاراپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئەمر ئىبنى ۋەھبنىڭ مەۋج ئۇرۇۋاتقان بېسىۋالغۇسىز غەزەپ ـ نەپرىتى سەئىدنى ئەسلىدە توي تەلىپىنى قويۇشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇڭا سەئىدنىڭ تەلىپى ئىشىك ئالدىدىلا رەت قىلىندى. سەئىد قايتىش ئۈچۈن بىر نەچچە قەدەمنى باسار ـ باسمايلا ھويلا ئىچىدىن ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان ئۇياتچان بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى.

ــ توختاڭ! ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى توختاڭ!، ئەگەر ئېيتقانلىرىڭىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پىكرى بولىدىغانلا بولسا، ئۇنداقتا باش ئۈستىگە قوبۇل قىلىمەن.

بۇ دەل ئەمر ئىبنى ۋەھب ئائىلىسىنىڭ ئەڭ ئارزۇلۇق قىزىنىڭ ئاۋازى ئىدى. قىز شۇ تاپتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن چىققان بىرلا سۆز ئۈچۈن بارلىق ئىرقىي ئايرىمچىلىقلارنى، ئائىلە، نەسەب، ئىناۋەت، ئابرويلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ھاياتتىن كۈتكەن بارچە گۈزەل ئارمانلىرىنىمۇ قوشۇپ مەردانىلىك بىلەن پىدا قىلماقتا ئىدى. دادا قىزىدىكى بۇ مەردانە ئىمانى روھنى كۆرۈپ، گويا ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمدەك دەرھال ئېسىگە كەلدى. تېخى ھازىرلا كەمستىپ ئىشىك ئالدىدىن قايتۇرۇۋەتكەن سەئىدنى قايتىدىن قۇچاقلىغىنىچە ئاجايىپ كاتتا ئىززەت ئىكرام بىلەن ئۆيگە قايتۇرۇپ كىردى.

شۇنداق قىلىپ دۇنيانىڭ نەزىرىدە تەسەۋۋۇرمۇ قىلغىلى بولمايدىغان بۇ توينىڭ ۋاقىت ـ سائىتى جىددىي بەلگىلەندى. خۇشاللىقتىن ئېسىنى يوقاتقان سەئىد تويغا كېتەرلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن دەرھال بازارغا يۈگۈردى. ئۇنىڭ شادلىقتىن يېرىلىپ كەتكىلى تاسلا قىلىۋاتقان يۈرىكى ئاجايىپ شېرىن ھېسلار قوينىدا دۈپۈلدەپ سوقماقتا ئىدى. مانا

بۈگۈن ئۇنىڭ شۇنچە زامانلاردىن بېرى خورلۇقتا ئۇچراپ كېلىۋاتقان شېرىن ئارمانلىرى كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپلا تۇرغان مۇراد ساھىلىغا يېتىۋېلىشقا ئازلا قالغان ئىدى. ئەمما ئۇ تۇيۇقسىزلا ناھايىتى ئېغىر بىر ئىلاھىي سىناققا دۇچ كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى بازاردا ياڭراۋاتقان ”ئى مۇسۇلمانلار! جىھادقا ئاتلىنىڭلار! جىھادقا ھازىرلىق قىلىڭلار!“ دېگەن جىددىي چاقىرىقنى ئاڭلاۋاتاتتى. سەئىدنىڭ شۇنچە تېز - تېز بېسىپ كېتىۋاتقان قەدەملىرى بىردىنلا ئاستىلاپ قالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋج ئۇرۇۋاتقان تاتلىق ھېسلار دولقۇنىمۇ ئۆز ئىزىدا قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل تەپەككۇر دۇنياسى ئاشۇ چاقىرىققا غەرق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى كۆرۈپ كېلىۋاتقان شېرىن چۈشلىرى ئەنە شۇ ئەبەدىيلىك ھەققانىيەت چاقىرىقىنىڭ ئۆچمەس قۇياشىدا كۆزدىن ئۆچكەن ئىدى. توي كېچىسىنىڭ ئوتلۇق، شېرىن باغرىغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولۇپ تۇرغان سەئىد ئەمدى ئۆز ئۆلۈمىنى باغرىغا بېسىش ئۈچۈن تەييار تۇراتتى. دۇنيانىڭ جائىز لەززەتلىرى تەرەپكە كېتىپ بارغان قەدەملىرى ئۇدۇل ئاللاھ تەرەپكە بۇرۇلغان ئىدى. تويغا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن سەئىد ئەمدى ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىپ، جىھاد مەيدانى تەرەپكە ئاشىقانە كېتىپ باراتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئوي - پىكرىدە توي كۈنىنىڭ ھۇزۇرلۇق تەسەۋۋۇرلىرى ئەمەس، جەننەتنىڭ ئاجايىپ مەستخۇشلۇق مەنزىرىسى جىلۋىلەنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىزنىڭ گۈزەل ھۆسنى - جامالى ئەمەس، ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز ۋىسالى ئەڭ سۆيۈملۈك ئورۇنغا ئۆتكەن ئىدى.

ئۇ شۇ تاپتا ئۆلۈم دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئارمان بولۇپ تۇيۇلىدىغان ھاياتلىق باسقۇچىغا قەدەم قويغان ئىدى. ئىنسان يېڭى توي كىيىملىرى بىلەن زىننەتلىنىشنى ئەمەس، بەلكى ئاققۇزغان قانلىرى بىلەن غۇسۇلى قىلىپ، كېپەنسىزلا كۆمۈلۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان جىھاد مەيدانىغا قەدەم ئالغان ئىدى. راھەت - پاراغەتلىك ھېسسىيات قەسىرلىرى ئۇنى شۇنچە ئۆزىگە چاقىرىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ قەبرە سۈكۈناتلىرى تەرەپكە پەرۋاسىز كېتىپ باراتتى. گەرچە ئەيش - ئىشرەت خىلۋەتلىرى ئۇنىڭغا كەڭ قۇچاق ئېچىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ قىلىچ، نەيزىلەرنىڭ قانلىق باغرىغا پەرۋاسىز ئۆزىنى ئاتماقتا ئىدى.

جەڭ مەيدانىدا بېشىغا ئاپ - ئاق سەللە يۆگەپ يۈز - كۆزىنى مەھكەم

ئورىۋالغان بىر مەردۇ ـ مۇجاھىدنىڭ ئىسلام ئۈچۈن ئۆز جېنىنى تەقدىم قىلىشقا شۇنچە ئالدىراۋاتقانلىقىنى ھەممەيلەن ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى. ئەمما ھېچكىممۇ ئۇنى تونىيالمايۋاتاتتى. چۈنكى بۇگۈن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنىۋاتقىنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاشقى قىياپىتى ئەمەس، بەلكى روھىي گۈزەللىكى ئىدى. ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى تەڭداشسىز جۈرئەت ـ شىجائىتىگە ۋە ئاجايىپ گۈزەل پىداكارلىق ئوبرازىغا ھەممەيلەن چوڭقۇر زوقلىنىش ئىلكىدە ھەيرانە باقماقتا ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يەڭلىرى ئارىسىدىن قاپ ـ قارا بىلىكى كۆرۈنۈپ قالدى. ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇنى تونۇۋالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىختىيارسىز ”بۇ سەئىدقۇ؟!“ دەپ توۋلىۋەتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئاۋازىمۇ ئۇنى شېھىتلىك ئىشقىدىكى پەرۋانىلەرچە مەستانىلىكتىن ئويغىتالمىدى. ئۇ توختىماي قىلىچ چېپىپ، ئىلگىرىلەپ، ئىلگىرىلەپ ... ئىلگىرىلىگەنچە، ئاللاھقا بولغان ھەقىقىي بەندىچىلىكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەمما ئەڭ يۇكسەك قاتلىمىغا شۇڭغۇپ كەتتى.

دۇنيا پەردە ئارقىسىدا خىرەلىشىشكە، ئاسمان ـ زېمىن ۋە پۈتكۈل كائىنات چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن يول ئېچىپ كەينىگە سىلجىشقا باشلىغان ئىدى. مانا بۈگۈن ھەقىقىي ئىنسان ۋۇجۇد قورغانلىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، ئۆز ئىلاھىنىڭ سۆيگۈسى ئۈچۈن يەردە ياتاتتى. ئۇنىڭ روھى ئاللىبۇرۇن ئۆز ئىلاھى بىلەن ئۇچرىشىپ بولغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جەسىتى يېنىغا كېلىپ ئىگىلدى. ئۇنىڭ جانسىز جىسمىنى مۇبارەك قۇچىقىغا ئېلىپ قاتتىق تەسىرلەنگەن ھالدا ”ئى سەقىف قەبىلىسى! ئاللاھ بۈگۈن بىزنىڭ سەئىدگە سىلەرنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە گۈزەل قىز ئاتا قىلدى“ دەپ خىتاب قىلىشقا باشلىدى.

سەئىدىل ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ قىسقىغىنا ھېكايىسى بىزگە نىسبەتەن ھېسابسىز ساۋاق، نەسىھەت ئەڭگۈشتەرلىرىگە تولغان قىممەتلىك خەزىنىگە ئوخشايدۇ. ئارىمىزدىن قېنى كىم بۇ ئەڭگۈشتەرلەر بىلەن ئېتىكىنى تولدۇرۇشقا بەل باغلىيالايدۇ؟ ئارىمىزدا قېنى كىم ئىنسان دېگەن سۆزنىڭ ئادەملەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ئەمەس، بەلكى ئىچكى روھىيەت دۇنياسىغا قارىتىلغانلىقىنى چىن مەنىدىن تونۇپ يېتەلەيدۇ؟

ئەمما ھازىرقى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى شۇنچە كۆركەم، گۈزەل چىرايلار ساھىبىلىرى بىلەن تولۇپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلار ئۆز روھىيەت دۇنياسىدا ئىنسان ئەمەس، بەلكى بىر ھايۋاننىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ئۆزىمۇ كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ھەقىقەتنى پىشانىلەر ئاستىغا قادالغان كۆزلەر ئەمەس، بەلكى ئىمانى ۋىجدان، ئىمانى تۇيغۇلاردىن پۈتۈپ چىقىدىغان ئىچكى تەپەككۇر كۆزلىرىلا كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. خوش، ئەمدى بىزچۇ؟! بىزنىڭ تەپەككۇر كۆزلىرىمىز روھىيەت دۇنيايىمىزدىكى يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئاشۇ رەزىل ھەقىقەتنى كۆرۈشكە يېتىنالارمۇ؟! ئەگەر يېتىنالمايدىكەن، ئۇنداقتا يەنىلا بىز "مۇسۇلمان"مۇ؟ ئاھ! بىز راستىتىنلا "مۇسۇلمان"مۇ؟

## تەۋرەنمەس ئىمان

- مانا بۈگۈن ئازادلىقنىڭ بەخت قۇشى كۇپپارلارنىڭ زۇلۇم ـ سىتەم سېپىللىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئېزىلگۈچىلەرنىڭ باشلىرىغا قونىدىغان چاغمۇ كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ. مەنمۇ مەككىنىڭ زۇلمەتلىك قەپەسلىرىدىن ۋە تۇتقۇنلۇقنىڭ بۇ ئىپلاس كىشەنلىرىدىن قۇتۇلۇپ، مەدىنىدىكى جان ـ جىگەر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم تەرەپكە ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان بولدۇم.

ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۇتلىرىدىكى ئېغىر كىشەنلەرگە ھەسرەتلىك قاراپ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىماقتا ئىدى.

ئەسلىدە، ئۇنىڭ رەھىمسىز كاپىر دادىسى ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىسلامغا كىرگەنلىكى ئۈچۈنلا پۇتىدىن زەنجىردە باغلاپ، ئۆيگە قاماپ قويغان بولۇپ، ئۇ شۇنچە ئۇزۇندىن بۇيان مەدىنىدىكى ئىسلام مەركىزىدىن يىراق مەككە شەھىرىدىكى قاباھەتلىك ئائىلىۋىي قاماقتا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق ئازاب چېكىۋاتماقتا ئىدى. ئۇ ”قاچانمۇ مەسچىت نەبەۋىينىڭ تۇپراقلىرىغا پېشانەمنى تەگكۈزۈپ ئاللاھقا سەجدە قىلىدىغان ۋە ئىماندىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتكە تەشەككۈر بىلدۈرىدىغان مۇبارەك سائەتلەر يېتىپ كېلەر، ھە!“ دەپ تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

- دادام ۋە بارلىق مەككە سەردارلىرى مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن سىياسىي كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن ھۇدەيبىيەگە كەتكەن بۈگۈنكى بۇ پۇرسەت بەلكىم زۇلمەتلىك قاماقتىن قۇتۇلۇشۇم ئۈچۈن ئاللاھ يارىتىپ بەرگەن ئەڭ ياخشى شارائىت بولسا كېرەك. ئەمدى چوقۇم بىرەر ئامال قىلىشىم لازىم.

ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ھازا ئەنە شۇنداق خىياللارنى سۈرگەندىن كېيىن مىڭ بىر مۇشەققەتتە باغلاقتىن يېشىنىپ، پۇتلىرىدىكى كىشەنلەرنى سورىگىنىچە، بىر يىقىلىپ بىر قوپۇپ شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، ئاخىرى ھۇدەيبىيەگە يېتىپ كەلدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كۆزلىرى ئايرىلغىنى ئۇزۇن بولغان سۆيۈملۈك دىنىي قېرىنداشلىرىنى نەق ئالدىدىلا كۆرمەكتە ئىدى. ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەنلا پۈتۈن يېقىن تۇغقانلىرى ياتلارغا، بەلكى تېخىمۇ توغرىراقى دۈشمەنگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ بىچارە ئىنسان سېغىنغان دىنىي قېرىنداشلىرىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ شۇ قەدەر شادلىققا چۆمۈپ كەتكەن ئىدىكى، ئۇنىڭ غەمكىن سارغايغان چىرايىدىن ئىختىيارسىز خۇشاللىق تەبەسسۇملىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. چۈنكى گەرچە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ تومۇرلىرىدا خىلمۇخىل قانلار ئېقىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلب، ئىدىيىلىرىدىكى ئورتاق روھ ئاللىبۇرۇن قەلبلەرنى ئەسىر ئېلىپ، بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىقىنىڭ ئۆركەشلىك ئېقىنلىرىنى بەرپا قىلىپ بولغان ئىدى.

ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى خۇددى بارلىق ھاردۇقى بىراقلا چىققاندەك، ھارغىن جىسمىغا يېڭىدىن كۈچ قوشۇلۇپ، بۆلەكچىلا جانلىنىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرماپ ياتقان قايغۇ ـ ھەسرەتلەر ئەمدىلىكتە بېسىۋالغۇسىز شادلىققا ئايلىنىپ، چىرايىدا ”مانا مەن“ دەپ ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئەمما كۆز ئالدىغا يېقىنلاپ قالغان بۇ ئازادلىق مەنزىلىنىڭ ئۆز قەدەملىرىدىن ھازىرچە خېلىلا يىراقتا ئىكەنلىكىنى ئۇ تېخى بىلمەيتتى. ئازادلىقنىڭ مەڭگۈلۈك بەختىيار سائەتلىرى ئۇچۇن يەنە بىر ئاخىرقى بەدەلنى تۆلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى، ھەمدە ئىمان رىشتىسىنىڭ ھاياجانلىق تەلپۈنۈشلىرى بىلەن مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ باغرىغا ئەمدىلا ئۆزىنى ئاتاي، دەپ تۇرغان بۇ مۇبارەك سائەتلەردە ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ بىر ماددىسىنىڭ ئۇنى ئارقىغا ئىتتىرىۋېتىدىغانلىقىنى تېخىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

ـ قاراڭلار! قېرىنداشلار قاراڭلار! مانا مەن كەلدىم...

بۇ دەردلىك ئاۋازنى ئاڭلىغان بارلىق مۇسۇلمانلار دەرھال بۇرۇلۇپ قاراشتى. ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قان تەپچىپ تۇرغان جاراھەتلىك

پۇتلىرىدا زەنجىر كىشەنلەرنى سۆرىگەنچە ئۆزىنى ئونۇتقان ھالدا ئىتىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن كۆيۈمچان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەلبى نەقەدەر ئازابلىق ھېسلارغا تولغانلىقىنى، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ قانداق دولقۇنلۇق ھاياجانغا چۆمگەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. راستىنى ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىي ھېسلىرى ۋە يىمىرىلمەس سۆيگۈ ـ مۇھەببەتلىرى يۇگۇرگەنچە بېرىپ، ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قانغىچە باغرىغا بېسىۋېلىشنى، كۆپپارلارنى بولسا، تازا بىر ئەدەپلەپ يولغا سېلىۋېتىشنى تەقەززا قىلماقتا ئىدى. ئەمما ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ بىر ماددىسى مۇسۇلمانلارنى دەرد يۇتۇشقا، قايناق قەلبلىرىگە مۇز تېڭىشقا مەجبۇرلاۋاتاتتى. ئەخلاق تىلىدا ”كېلىشىمگە ئەمەل قىلىش“، ”ۋەدىگە ۋاپا“ قىلىش دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئەمەل مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى ئامالسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى.

ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ كاپىرلارغا قىلغان شۇنچە ئىلتىماس، تەكلىپلىرىمۇ زادىلا كار قىلمىدى. كاپىرلار ئەكسىچە كېلىشىمدىكى تېخى ئەمدىلا يېزىلغان ”بۇندىن كېيىن مەككىدىن قېچىپ مەدىنىگە بارغۇچىلار يەنە مەككىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ“ دېگەن بىر ماددىغا چوقۇم ئەمەل قىلىش كېرەكلىكىنى قاتتىق تەكىتلەپ تۇرىۋالدى. ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەسەللى بېرىپ ”ساڭا ئاللاھ ئۆزى چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ“ دېگىنىچە ئۇنى يەنە زالىم دۈشمەنگە قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، شەخسىيەتچىلىك ۋە مۇناپىقلىققا تولغان كۆز ئالدىمىزدىكى بۇگۈنكى بۇ دۇنيا، ئاشۇنداق شارائىتتا ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىنى نەقەدەر ئەزىز كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قەلب روھلىرىدىكى قايناق سۆيگۈ ھېسلىرى ئەبۇ جەندەل رەزىيەلاھۇ ئەنھۇنى ھەر قانداق شارائىت ئاستىدىمۇ، ھەتتا باشلىرىدا قىلىچلار ئويناپ يۈرگەن، دەريا ـ دەريا قان ئاققۇزۇشقا توغرا كېلىۋاتقان ئەھۋالدىمۇ ھەرگىز دۈشمەنگە قايتۇرۇشقا يول قويمايدىغانلىقىنى قەتئىي تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

لېكىن قەغەز يۈزىگە يېزىلغان ئاشۇ ئاددىيغىنا بىرقانچە ھەرپلەر

شۇ تاپتا مۇسۇلمانلارنىڭ ۋولقان بولۇپ يېنىۋاتقان قەلب ھېسلىرىنى پارتلاشتىن توسۇپ قالماقتا ئىدى. گويا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇھەببەت ھاياجىنىنىڭ توسىۋالغۇسىز كەلكۈنلىرى ئەخلاق سېپىلى ئالدىدا ئۆز رازىلىقى ۋە ئىختىيارلىقى بىلەن قېتىپلا تۇرماقتا ئىدى.

بۇ مەيداندا ھەممىدىن بەك پىداكارلىق كۆرسەتكەن كىشى يەنىلا ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولدى. چۈنكى ئۇ قاماقتىن قېچىپ، شۇنچە گۈزەل ئارمانلارنى كۆكرىكىگە تېگىپ، مىڭ تەسلىكتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن، قېرىنداشلارنىڭ ئۇنى دەرھال زەنجىرلەردىن ئازاد قىلىپ، باغرىغا باسىدىغانلىقىغا، ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىغا تاغدەك ئىشەنگەن مۇشۇنداق پەيتتە، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇنىڭ بارچە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ئۆز قولللىرى بىلەن دۈشمەنگە قايتۇرۇپ بەرمەكتە ئىدى. گويا ئۇنىڭ سۆيگۈگە تەشنا چاڭقاق ھېسلىرىغا تەتۈر تەستەك ئۇرۇپ، قەلبىگە ئازار بەرمەكتە ئىدى.

دەرۋەقە، كۆز ئالدىمىزدىكى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئاشۇ ئازابلىق قەلب ئازارىدىن خالاس تېپىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن دەرھال پىشنى قېقىپ، كۇپپارلارنىڭ قوينىغا قايتسا ۋە ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ئىكراملىرىغا سازاۋەر بولسا، ئاندىن توغرا بولغان بولاتتى. ئەمما پۇتكۇل تارىخ گۇۋاھكى، ئۇ قانچە ئېغىر ئازاب چەككەنسىرى ئىمانى شۇنچە قۇۋۋەت تاپتى. ئەبۇ جەندەل رەزىيەلاھۇ ئەنھۇ شۇ پەيتتە تېخىمۇ قەتئىي ئىرادە، تېخىمۇ مۇستەھكەم تەۋرەنمەس ئىمان بىلەن مەككىگە قايتىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى قايتۇرىۋەتكەن قېرىنداشلارنىڭ ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن نەقەدەر ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، قەلبلىرى لەختە ـ لەختە بولۇپ، قان يىغلاۋاتقانلىقىنى، بۇ قېتىمقى سىياسىي كېلىشىمنىڭ ئەخلاقىي سىنىقىغا ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىي غەلىبىسىگە سەۋەبچى بولۇشتەك ئۇلۇغۋار شەرەپكە سازاۋەر بولۇۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ھەممە خۇددى كۆيۈمچان پەيغەمبىرىمىز سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئامالسىزلىق بىلەن ئازابلانغان ھالدا ئۇنىڭغا ئېيتقاندەك، ھامان بىر كۈنى ئاللاھنىڭ چىقىش يولى ئاتا قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى.

خوش، قېنى ئەمدى، بارلىق كېلىشىم، توختاملىرىنى بۇزۇش ئۇچۇنلا تۈزىشىدىغان، پۈتۈن قانۇن ـ پرىنسىپلىرىنى مەنپەئەتپەرەسلىك ئۇستىگىلا قۇرۇپ چىقىدىغان ھازىرقى دەۋر سىياسىي تۈزۈملىرىدىن ئەنە شۇنداق ھەققانىيەتچىل ئەمەلىيەتچانلىقنى ئۇچراتقىلى بولارمۇ؟ ھەتتا دۇنيا خەرىتىسىدە شۇنچە كەڭ يەر ئالغان چېچىلاڭغۇ ئىسلام دۆلەتلىرىمۇ زامانىمىزنىڭ ''قېنى كىم سىياسەتلەرگە ئەنە شۇ يوقالغان ئەخلاقىي روھنى قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ؟!'' دېگەن جىددىي سادالىرىنى ئاڭلاشقا پېتىنالارمۇ؟ ئەپسۇسكى ئۇلار شۇنداقتىمۇ يەنىلا ''ئىسلام دۆلىتى'' دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

خۇددى كۆپۈكتەكلا ۋەزنى يوق، سانى بىر مىلياردتىن ئارتۇق ھازىرقى بىز مۇسۇلمانلارمۇ ''قېنى قايسىڭلار ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش تەۋرەنمەس ئىمانىنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ باقتىڭلار؟'' دەپ كۆنگە نەچچە رەت قىلىنىۋاتقان دەۋر خىتابلىرى ئالدىدا تىرناق تاتىلماي تۇرالارمىزمۇ؟ ئەپسۇسكى بىز شۇنداقتىمۇ يەنىلا ''مۇسۇلمان''، يەنىلا ''مۇسۇلمان''.

## تەڭداشسىز ھەقىقەت

(بىرىنچى قىسىم)

بۇ دۇنيا... ئاللاھتىن مەيۇس، ئېتىقادتىن بىزار، ئاتالمىش مەدەنىيەتلىك دۇنيا...

ھەقىقەتشۇناس ئۆتكۈر نەزەرلەرنىڭ ئورنىغا تېلېسكوپلارنىڭ يالتىراق ئەينەكلىرىگە پەرۋانە بولىدىغان، مەڭگۈ ھايات ئاللاھقا ئەمەس، ھېسسىز تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىگە ئېشىنىدىغان، ھەققانىيەتنى بايقاش بىلەن ئەمەس، يوشۇرۇش ماھارىتى بىلەن پەخىرلىنىدىغان، ساداقەتنىڭ ئورنىغا قۇۋۋەتنى، كۆيۈمچانلىقنىڭ ئورنىغا مۇشتۇمزورلۇقنى ئەلا بىلىدىغان ... دەل مانا بۇ مەغرۇر دۇنيا، ھەممە ئىشنى قىلالىدى ـ يۇ، ئىنساننىڭ قەلب روھىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنىڭدىكى نەپرەتنىڭ يالقۇنلۇق ھېسسىياتلىرىنى مۇھەببەتنىڭ شېرىن تۇيغۇلىرىغا ئۆزگەرتەلمىدى. مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ سىرلىق ھاياجانلىرىنى ۋە تەھلىكىلىك ئاپەت كەبى ھېسسىياتلىرىنى كونترول قىلىش ھېچ بىر زامان سەپسەتىلەرنىڭ قولىدىن كەلمىدى. ئىنساننىڭ ساغلام تەبىئەتتى ساختىلىق ۋە ئالدامچىلىقتىن ھەر دائىم قېچىپ كەلدى. ھېسسىيات قانداقلا پەردە راستچىللىقنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقى ئالدىدا تەسلىم بولماي قالمىدى. ئەمما ۋىجدان بىلەن نەپس ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتە، ھەقنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، ھەقنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئەمەلىي ئۇيغۇنلاشقا جۈرئەت قىلالىغان كىشىلەرنىڭ دائىم ساندا ئاز بولۇپ كەلگەنلىكى بولسا، باشقا ئايرىم مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ يۈكسەكلىكنىڭ بىرىنچى پەللىسى بولۇپ، ئىنسان ئۇنىڭدا پانى دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەزىز

نەرسىنىڭ ھاياتلىق ئەمەس، بەلكى ھاياتنى ھەق يولىدا پىدا قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ. ساداقەتنى ئەمەل لەۋھەسىگە يېزىپ مېڭىشنىڭ داۋامى ئۇچۇن ئاخىرقى بىر تامچە قانلىرىغا قەدەر ئېقىتىپ تۈگىتەلىگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي ھاياتلىقنىڭ تۈنجى تىنىقىنى تىنىغاندەك بولىدۇ.

بىز دەل مانا بۇ نۇقتىدىن ئىسلام تارىخىنى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، ئىسلام دەۋىتىنىڭ قانداقلارچە تەرسا دۈشمەنلەرنىڭ ھېسسىياتىغا غالىبانە تەسىر كۆرسىتەلىگەنلىكىنى كۆرۈپ، قايىللىقتىن ئېغىزىمىز ئېچىلىپ قالماي تۇرالمايدۇ.

ئىسلام يالغۇز دەۋر سىياسىي كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئازغىنا بىر تۈپ ئاجىز، يالاڭتۆش ئىنسانلارنى دەس تۇرغۇزۇپ، پولات ساۋۇتلۇق دۈشمەنلەرنىڭ ھەرقانداق يىمىرىلمەس، مۇستەھكەم سەپلىرىنىمۇ خۇددى ئەسكى كىگىزنى يىرتىپ تاشلىغاندەك تىرە ـ پىرەن قىلىۋېتەلىدى. تاغ چوققىلىرىدەك بەھەيۋەت شاھىي قەلئەلەرنى ئەرەب تۇغما قۇللىرىنىڭ نامرات ئاياقلىرى ئاستىدا يانچىپ تاشلىيالىدى. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئىسلامنىڭ نامىنى ئاڭلاشتىنمۇ ئۆلگۈچە يىرگىنىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ ئاجايىپ ئەسەبىي غەزەپ ـ نەپرەتلىرىنى مۇھەببەتنىڭ بىقارار مەستانىلىكىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتەك غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىدى. ئاپەتلىك ھېسسىيات كەلكۈنلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، قەلب دولقۇنلىرىنى يېڭىدىن ھەرىكەتكە سالالىدى.

شۇنداق، بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلارنىڭ قىممەت قارىشىنى يېڭىلاپ بېرەلىدى. ئىدىيە، خاھىشلارنىڭ كۆرۈنمەس ئىچكى دۇنيالىرىنى پەتھىي قىلىپ، بىر ئىنساننى باشقا ئىككىنچى بىر ئىنسانغا ئايلاندۇرۇپ مەيدانغا چىقىرالىدى.

ناۋادا ئىسلاممۇ پەقەتلا ئىنسانلارنىڭ شاتۇر ئەقلى ئۇقۇملىرىنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت سىياسىي، نەزىرىيىۋىي ئىجادكارلىقنىڭ نەتىجىسى بولغان بولسا ئىدى، پۈتۈن ئەقلى ـ ھوشى بىلەن ئىسلامدىن يىرگىنىدىغان ھەتتا ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن تەرلەپ ـ پىشىپ يۈرىدىغان كىشىلەر ھەرگىزمۇ ئۇنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ، ئىسلام يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرالمىغان

بولاتتى. مال ـ بايلىقنى ئىسلامنى يوقىتىش ئۈچۈنلا يىل ـ يىللاپ سۈدەك ئېقىتىپ كەلگەن، ھەتتا غەزەپ ـ نەپرەتنىڭ تالاي مەجنۇنانە كەچلىرىنى كۆزمۇ يۇماي، تىتىلداپ ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن ھاياتىنى ئىسلامغا قارشى كۈرەش ئۈچۈنلا ئاتىغۇەتكەن ئاشۇ قەبىھ دۈشمەنلەر ئىسلامنى باشتىن ئاخىر ساختىلىق دەپ چۈشىنىۋاتقان تۇرۇپ، تۇيۇقسىزدىنلا ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ كېتىدىغان، ھەتتا ئۆزىمۇ ۋە مۆمىنلەرمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ئىسلامنىڭ پىداكار جانبازلىرىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان ئەمەلىيەت ھەرگىز ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولاتتى.

ئەگەر ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بۇ يارقىنلىق بابى، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ ئۆز ھېكايىسى بىزنىڭ تەپەككۇر ۋە ئەمەل مىزانىمىزدا كېچىككىنە بولسىمۇ ۋەزىنگە ئىگە دەيدىكەنمىز، ئۇنداقتا پۈتۈن تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئىسلامنىڭ بۇ نەپرەت يىمىرگۈچ ئىنقىلابىدەك ئىككىنچى بىر تەڭداشسىز ھەقىقەتنى ھەرگىز ئۇچرىتالمايمىز.

سۇھەيل ئىبنى ئەمرىمۇ ئىسلامنىڭ ئەنە شۇنداق تارىخىي دۈشمەنلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلىشقۇ ئۇياقتا، ھەتتا باشقىلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغىمۇ قەتئىي چىداپ تۇرالمايتتى. قىسمىتىنىڭ ئۇنىڭغا يار بەرمەسلىكى تۈپەيلى ئۆز قېنىدىن بولغان ئوغلى ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى كۆرگەندە بولسا، ئۇنىڭ ئۆچمەنلىكى مەجنۇنلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەھەللە ـ كوچىلارنىڭ ھەممىسىدە تەڭ يۈگۈرۈپ چېپىپ، كىشىلەرگە غەزەپ ـ نەپرەت ئۇرۇقىنى چېچىش بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغان بولۇپ قالدى. ھەممىلا يەردە كىشىلەرنى توپلاپ، ''ھاياتىمنىڭ بىردىن ـ بىر مەقسىتى ئىسلامنى يوقىتىپ تاشلاشتىن ئىبارەت'' دەپ توۋلاپ يۈرەتتى. دادىسىنىڭ ئەسەبىي زۇلۇم ـ ستەملىرى ئۆزگىلەرگە نەشتەر ئۇرۇش بىلەن كۇپايە قىلماستىن، بەلكى ئاتىلىق مېھرى ـ شەپقەت رىشتىسىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۆز يۈرەك پارىسىنى ئۆز قولى بىلەن كىشەنلەپ، ئۆلە ـ تىرىلىشىگە پەرۋاسىز قاراڭغۇ گەمىگە سولاپ قويىدىغان يەرگىچە ئېلىپ باردى. قىسقىسى، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆيگۈچىلىرىگە نىسبەتەن ئەڭ قەبىھ، چىداپ تۇرغۇسىز كۈشەندىگە ئايلىنىپ قالغان كىشى دەل ئەنە شۇ سۇھەيل ئىدى. ئۇنىڭ نەگىلا بارسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىل ـ ھاقارەت ياغدۇرۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ئۆمەر

ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ غەزىپىنى باسالماي قانچە-قانچە قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ”مەن ئۇنىڭ چىشلىرىنى بىرنىمۇ قويماي تۆكۈۋەتسەم دەيمەن“ دەپ ئىجازەت سورىغان ئىدى. ئىسلامغا قارشى قوزغالغان تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇشتىمۇ، يەنى ئۇھۇد ئۇرۇشىدىمۇ كۇپپارلار سېپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ھۆركىرەپ يۈرگەن ئەشەددىي كاپىر دەل يەنە شۇ سۇھەيل بولغان ئىدى. ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ توختامنامىسىدىن ”مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ“ دېگەن ئىسمىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۇچۇن تۇنجى بولۇپ ۋارقىراپ ئۆكتە قىلغان كىشىمۇ دەل يەنە شۇ بولدى. ھەتتا ئۇ مەككە پەتھى قىلىنىدىغان كۈنىدىكى جەڭدە، ھەر كاتتا دۈشمەنلەر قېچىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ يۈرگەن پەيتلەردىمۇ ئىسلامغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈشتىن يالتايمىغان ئىدى.

ئاخىرى زالىمانە مۇشتۇمزورلۇقنىڭ تىلسىملىرى پاچاقلىنىپ، كائىنات ساماسىدا ھەققانىيەتنىڭ غالىبانە نۇرلىرى پارلايدىغان پەيتمۇ يېتىپ كەلدى. كۇپۇر ھەم شېرىكچىلىكنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق بۇتخانىلىرى ئەمدىلىكتە، ئەينى چاغدا ئاجىز بىلىپ، خورلاپ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياق ئاستىدا يەر بىلەن يەكسان بولماقتا ئىدى. ئەمما شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ غالىبانە باشلىرى پەۋقۇلئاددە بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ ئېھتىرامى ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرماقتا ئىدى. نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىككە تېگىشلىك جازا بېرىشنىڭ ئورنىغا مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئىنسانىي مېھرى - مۇھەببەتنىڭ ھاياجانلىرى جۇش ئۇرماقتا ئىدى. سۇھەيل ئىبنى ئەمرۇنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىرىدىكى پارقىراق قىلىچلارنىڭ ھەيۋىتى ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇ ئېسىل ئەخلاقنىڭ مۇلايىم ئوقلىرى بولۇپ قالدى. قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن سۇھەيل ئاللاھنىڭ رەسۇلىدىن ئامانلىق تىلەپلا قالسا، بۇنىڭغا جاۋابەن تىلى بىلەن بېشىنىڭ قەتئىي ئۈزۈپ تاشلىنىدىغانلىقىغا ۋە ئۆمۈر بويى ئىسلامغا ئۆچمەنلىك قىلغانلىقىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماي قالمايدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشىنەتتى. ئەمما ھەقنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆز قولى بىلەن كىشەنلەپ بولۇشقا زۇلۇم قىلغان ئوغلى مانا ئەمدىلىكتە بىرىنچى بولۇپ دادىسىنىڭ قەلب زارىغا مەلھەم بولغان ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە دادىسىنىڭ ئامانلىق ئىلتىماسىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق چىن ئىنسان ھەم ھەقىقىي ئوغۇل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ئاشۇ پەيتلەردە، سۇھەيل قاتتىق ئۈمىدسىزلىكنىڭ

چىدىغۇسىز تىپىرلاشلىرى ئىچىدە ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ساناۋاتقاندەك ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى.

ئۇ: ”ئوغلۇمنىڭ كۆيۈنۈشلىرىنىغۇ قان رىشتىمىزنىڭ تەبىئىي تەقەززاسى دەپ چۈشەنسەم بولار، ئەمما مۇھەممەد ئۆزىنىڭ مەندەك بىر ئەشەددىي دۈشمىنىگە قانداقمۇ رەھىم قىلسۇن؟“ دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھالاكەتلىك ئۆتمۈشى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىغان ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۈھەيلنىڭ كۆزلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باغرىنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈچۈنمۇ تار ئەمەسلىكىنى، بۈگۈنكىدەك جىنايەتچىلەر جازاغا تارتىلىدىغان پەيتلەردىمۇ كۆيۈمچان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چوڭقۇر مېھرى - شەپقەت بىلەن ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچالايدىغانلىقىنى كۆرگەندە، ھەيرانلىق ۋە قايىللىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپلا قويغان ئىدى. بۇ كۈن سۈھەيلنىڭ ھاياتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان قايىللىقنى تۇنجى قېتىم ئىپادىلەۋاتقان دەسلەپكى كۈن بولغان ئىدى.

ئۇ: ”مۇھەممەد ھېچقاچان يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، مەن ئۇنى كىچىكىدىمۇ ئەخلاقلىق كۆرگەن ئىدىم. مانا ئەمدى چوڭ بولغىنىدىمۇ يەنە شۇنداق ئېسىل پىتى كۆرمەكتىمەن“ دەۋاتاتتى.

بۇ قانداقتۇر بىرەر شائىرنىڭ ياكى بىرەر ياخشى كۆرگۈچىنىڭ مۇبالىغىلىك سۆزلىرى ۋەياكى بىرەر دوستىنىڭ ئىزھار قىلىۋاتقان سۆيگۈ ھاياجىنى ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۆيىنىڭ خەتەرلىك قاراڭغۇ خىلۋەتلىرىگە مۆكۈنۈۋالغان بىر ئىنسان يالغۇز ئۆزىلا سۆزلەپ، ئۆزىلا ئاڭلاۋاتماقتا ئىدى.

ياق... بۇ ھەرگىزمۇ لەۋلىرىنىڭ بىر قانچە ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولغان تاۋۇشلار ئەمەس، بەلكى قەلب دولقۇنىنىڭ شىددەتلىك شاۋقۇن - سۈرەنى ئىدى... بۇ، ھەقنى تونۇشنىڭ تۇنجى زىلزىلىلىك ساداسى ئىدى... بۇ، قەلبلەردىكى ئۇزۇن بىر ئۆمۈرلۈك ساختىلىق ۋە باتىللىقنىڭ قاتمال ھۇلىنى تەۋرىتىۋاتقان تۇنجى سادا ئىدى... بۇ، غەزەپ - نەپرەتنىڭ ھەقشۇناس لەۋلەردىلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغان ئاخىرقى جان ئۈزۈش پىغانى ئىدى...

ئاخىرى ھەق، ساداقەتنىڭ تەسىرى تاكامۇللىشىش باسقۇچىغا

يېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەين ئۇرۇشىدىن قايتقاندا، سۇھەيلنىڭ ھەقكە بولغان بىقارارلىقى بېسىۋالغۇسىز دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆردى.

شۇنداق ... ئۇ كەلدى. ئىسلامغا مۇشت كۆتۈرۈشنىلا ئۆزىگە نىسبەتەن ئەڭ ھۇزۇرلۇق ئىش بىلىدىغان ئەشەددىي دۈشمەن كەلدى... ۋە چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن ئىسلامنىڭ قەدەملىرىنى سۆيۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنىڭ ھەقنى تونۇش تۇيغۇسى پەقەت ھەقنى ئېتىراپ قىلىش مەنزىلى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ساداقەتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قاراڭغۇ ئۆتمۈشلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش ئوتىدا تىنماي پۇچىلىنىدىغان يەرگىمۇ يېتىپ كەلدى. مەنمەنلىك ۋە تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۆتكۈزگەن پۈتۈن شانۇ ـ شەۋكەتلىك ھاياتى ئەمدى ئۇنىڭ نەزىرىدە جىنايەتنىڭ يىغىندىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇ ھەرقېتىم ئۆتمۈشىنى ئەسلىگەنلىرىدە خۇددى قەلبىگە نەشتەر سانچىلغاندەك ۋىجدان ئازابىدا ئەلەملىك تولغىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمەلىي گۇناھلارغا تىلى بىلەنلا بەدەل تۆلەشنى راۋا كۆرمەيتتى. ھەتتا قانچىلىغان ئەمەلىي بەدەللەرنى تۆلىگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ روھى يەنىلا قىلچە تەسكىن تاپمايتتى. ئاخىرى قىسمەت ئۇنىڭغا ۋىجدان ئازابىنىڭ چىدىغۇسىز سىرتماقلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ گۈزەل شارائىتىنى يارىتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەيدانىسىز مۇناپىقلار مۇرتەتلىك پىتنىسىنى مەيدانغا چىقارغاندا، قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدا بېشىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، ”ئىسلام! ئىسلام!“ دېگەن جاراڭلىق شوئارنى ياڭراتقان كىشى دەل ئەنە شۇ سۇھەيل ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولدى. ئىسلام ئىمارىتىنى ئۆرۈپ تاشلاش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ھاياتىنى سەرپ قىلغان سۇھەيل ئەمدىكى چاغدا ئىسلام قورغىنىنى يىقىلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىشقا سالماقتا ئىدى. ئەينى چاغدا يالىڭاچ قىلىچىنى كۆتۈرىۋېلىپ مۇسۇلمانلارغا دەھشەت سالىدىغان سۇھەيل مانا ئەمدىلىكتە پۈتۈن كۈچى بىلەن ”بىلىپ قويۇش! قانداقلا بىرىڭ ئىسلامدىن بىر قەدەم سىرتقا چىقىشنى كۆڭلۈڭگە پۈكۈپلا قالىدىكەنسەن، بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىپ، يەرنى قېنىڭغا بويايمەن“ دەپ تۈۋلىماقتا ئىدى. ئۆز ئوغلىنى ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈنلا زەنجىر، كىشەنلەپ، قىلمىغان ئەتمىگەنلىرى قالمىغان سۇھەيل ئەمدىلىكتە بولسا، ھەتتا ئوغلى

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسلام يولىدا شېھىت بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىمۇ، تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقان كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، ''مەن نېمىدېگەن بەختلىك، مېنىڭ ئوغلۇم شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە يەتتى. سىلەر تەزىيە بىلدۈرمەي تەبرىكلىشىڭلار لازىم. چۈنكى مەن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دېگەندەك، ھېچكىشىگە ھېچكىشى ئەسقاتمايدىغان ئاخىرەتتە شاپائەتكە يارىملىق شېھىتنىڭ دادىسى بولالىدىم'' دېگەن مەستانە نەرىلىرىنى ياڭراتقان ئىدى.

ئىسلام ئۇنىڭ كۆكرىكىدە تىنىماي ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان ئەنە شۇنداق جۇشقۇن ھېسسىياتنىلا پەيدا قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئىلىم، ھېكمەتنىڭ ئۆچمەس مەشئەللىرىنىمۇ ياندۇرغان بولۇپ، كۆپۈرلۈق دەۋرىدە ئۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى قانچىلىك زەھەرى ئۆتكۈر نەشتەر بولالىغان بولسا، ھەقنى باغرىغا باسقاندىن كېيىنمۇ ئىنساپ، ئادالەت ۋە ھەقىقەتپەرۋەرلىككە بولغان ئىنكاسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدە تەڭدىشى يوق ئادەم بولۇپ قالغان ئىدى.

بىر قېتىم شامغا قىلىنىدىغان كاتتا يۈرۈش ئۈچۈن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسلىھەت كېڭىشى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىش تەرتىپى بىلەن ساھابىلەرنى كېڭەشكە تەكلىپ قىلغاندا، باي، خوجايىن ساھابىلەر بىر چەتتە قېلىپ، ئادەتتىكى كەمبەغەل، قۇل ساھابىلەر كېڭەش ئەزاسى بولۇش شەرىپىگە سازاۋەر بولغان ئىدى. شۇ چاغدا بۇ ئىش ئەبۇ سۇفياننىڭ كۆڭلىگە قاتتىق ئېغىر كېلىپ قېيىداپ قالدى. گەرچە سۇھەيل ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىمۇ بۇ كېڭەشكە قاتنىشىشتىن مەھرۇم قالغانلار قاتارىدا بولسىمۇ، ئەمما ھەق سۆزنى قىلىش شەرىپى ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا نېسىپ بولدى.

ئۇ ئەبۇ سۇفيان ۋە باشقىلارغا قاراپ: ''ئى جامائەت! بۇ ''سابىقۇنەل ئەۋۋەلۇن'' (يەنى ئالدىنقى ئاۋانگارتلار) نىڭ ئۇستۇن تۇرغانلىقىغا قېيىداپ يۈرمەي، ئۆز - ئۆزىمىزدىن قېيىدىساق توغرا بولىدۇ. چۈنكى بىز دەل ئىسلامغا ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈرگەن پەيتلەردە بۇلار ھەممىدىن ئىلگىرى ئىسلامغا قۇچاق ئاچقان ئەزىمەتلەر ئەمەسمىدى؟'' دەپ ھەققانىي خىتابىنى جاراڭلاتتى.

ئىسلامنىڭ ماگنىت كەبى جەزىبدارلىقى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ خىيالىنى ھەقنى سۆيۈش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا شۇ قەدەر مەھلىيا قىلىۋەتكەن ئىدىكى، ئۇ بىر تەرەپتە خەتەرلىك جىھاد مەيدانلىرىدا توختىماي قان ئاققۇزۇپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتە ئاخىرقى ھاياتىغا قەدەر ھەر قېتىم قۇرئان ئوقۇغان چاغلىرىدا ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ يامغۇردەك ياش تۆكۈپ كەلگەن ئىدى. قۇرئان ئوقۇغانلارنى كۆرسە، بېشىغا بالا بولىدىغان سۇھەيل مانا ئەمدىلىكتە قۇرئان كەرىمنى يىغلىماي ئوقۇيالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاھۇ ـ پىغانلىق ئاۋازىدا تىلاۋەت قىلىنىۋاتقان ئاللاھنىڭ كالامى شۇ قەدەر تەسىرلىك ئاڭلىناتتىكى، قەلبلەرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنىمۇ لەرزىگە سالماي قالمايتتى.

بىر قېتىم مەلۇم بىرەيلەن: ”سەن نېمە دەپ مۆئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قۇرئان ئوقۇيسەن؟ ئۇ دېگەن خەزرەج قەبىلىسىدىن سەن بولساڭ...“ دەپ گەپ باشلىغان ئىدى. سۇھەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەقكە بولغان ئۆتكۈر ئىنكاسى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ: ”نېمە دەپ يۈرىسەن؟! ئاشۇنداق ئىپلاس پىكىرنىڭ دەستىدىن مانا بىز ئارقىدا قېلىپ، باشقىلار ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتا بىزدىن ئۆتۈپ كەتمىگەنمىدى؟! ئاھ! بىزمۇ شۇلاردەك ئاۋانگارتلاردىن بولالىغان بولساقچۇ، كاشكى! ھەرھالدا ئاللاھغا مىڭ مەرتىۋە شۈكرى، ناۋادا ئاللاھ بىزنى قۇتقۇزىۋالمىغان بولسا، ئاشۇنداق پىكىر تۈپەيلى كۇپۇرلۇق ھالىتىمىز بىلەنلا ئۆلگەن بولماتتۇق؟ ئۇ چاغدا ئاقىۋىتىمىز نېمە بولماقچىدى؟ ياق، مەن ھەرگىزمۇ مۆئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولۇشنى توختاتمايمەن. خىزمىتىگە ھازىر بولۇشنى توختاتمايمەن...“ دەپ ھەسرەتلەندى. بۇ سۆزلەرنى قىلىش جەريانىدا ئاۋازى تىترەپ، كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ قايسى قاراڭغۇ ئۆتمۈشىگە شۇڭغۇپ كەتتىكىنتاڭ، بېشى يەرگە ساڭگىلاپ، قەلبى خۇددى قانتى كېسىلگەن قۇشتەك ئازابلىق تېپىرلاپ، ئۆزىنى يوقىتىپلا قويغان ئىدى. ئۇ بىر ھازا ئىزتىراپلىق خىياللارنى سۈرگەندىن كېيىن ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئىمان بىلەن نۇرلانغان ياشلىق كۆزلىرى ئۇدۇلىدىكى كىشىگە قادالغان بولۇپ، ئاپتاپتەك پارلاق چىرايىنى بىردىنلا سايە قاپلاپ كەتكەندەك مەنزىرە شەكىللەندى، ئۇنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقان ئاۋازلىرى قاقشال لەۋلىرىدە يەنە مۆڭگۈلىنىشقا باشلىدى.

- بىلەمسەن، شۇتاپتا مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى تۇرۇپمۇ ئۆزۈمنىڭ بىر بەندە ئىكەنلىكىمنى بىلمەي يۈرگەن ئاشۇ قارا كۈنلەرنى ئەسلەۋاتىمەن. شۇ چاغدا بىر دەرەخنىڭ سايىسى ئاستىدا ئاللاھنىڭ ئىككى خىل بەندىلىرى يەنى، كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنى تۈزىۋاتقان پەيتتە بىرىنچى بولۇپ، ساراڭدەك ۋارقىراپ، "توختامنىمىغا "مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ" دېگەن سۆزنى يېزىشقا قاراپ تۇرساق بولمايدۇ. يوقىتىڭلار بۇنى، دەرھال يوقىتىڭلار!" دەپ تولىغان كىشى دەل مانا مەن ئىدىم. ئەمدىلىكتە ئاشۇ بىر جۈملە سۆز ئۇچۇن ئۆزۈمنى يوقىتىپ تاشلاشنىڭ پىداكارانە ئوتلۇق ئىشتىياقىدا پۇچىلانغان پەيتلىرىمدە بولسا، ھاياتىمنىڭ دەل ئەنە شۇ قارا كۆلەڭگۈلىرى جان چىققاندىنمۇ بەكرەك ئازابلىق بىلىنىدۇ. ئى زەرار! مەن ھەر قېتىم ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ئالدىغا بارغىنىمدا مېنىڭ ئاشۇ قىلغان سۆزلىرىم يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانچىلىدۇ. نومۇستىن ھەتتا پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك جامالىغىمۇ قېنىپ بىر قاراشقا پېتىنالمايمەن.

* * * * * * * * * *

قېنى بىر ئويلاپ باقايلى! ئەنە شۇ بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر زادى قانداق كىشىلەر ئىدى، ھە؟!

كۇپۇرلۇقتا ئۆتكەن قارا كۈنلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى شۇنچە قان يىغلىتىۋاتقىنى زادى قانداق ھەققانىي ۋىجدان ۋە زادى قانداق ھەقىقىي ئىماننىڭ كۈچى بولغىيتتى، ھە؟!

ئەنە ئۇلار جاھالەت ۋە نادانلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ سالغان گۇناھلىرىغا گويا بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن قىلغاندەك ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ، شۇنچە ئاھ - زار چېكەتتى. ئەمما بىزچۇ؟!

بىز ھەقىنىڭ قۇچىقىدا تۇنجى تەپەككۇر كۆزلىرىمىزنى ئاچقان، ھەتتا كۇپۇرلۇقنىڭ شامىلىغىمۇ يولۇقۇپ باقمىغان تەلەيلىك تۇغما مۇسۇلمانلارمىز. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلار كېچە - كېچە جايىنامازدىن قوپماي پاناھ تىلەپ، يىغلايدىغان ئېغىر جىنايەتلەرنى بىلىپ تۇرۇپ، پەرۋاسىز سادىر قىلىماقتىمىز. بىزنىڭ گۇناھقا بولغان تونۇشىمىز كۆنسېرى يېنىكلەپ، ھەتتا شۇنچە ئېغىر گۇناھلارغىمۇ دەرەختىن بىمەھەل

تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ياپراقچىلىك ۋەزىن بىرەلمەس بولۇپ قالماقتىمىز. بىز ئىمانىنى دەۋا قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئاللاھنىڭ مەھشەردىكى مەھكىمىسىگە خۇددى جەھەننەمنىڭ يالقۇنلۇق ئاتەشلىرى بىلەن جەننەتنىڭ خوشناۋا ھاۋالىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچ پەرق يوقتەك، گويا ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن قەھرى - غەزىپى ئوتتۇرىسىدا ھېچبىر ئىمتىياز يوقتەك ياكى ئۇنى ئايرىش تۇيغۇمىز پۈتۈنلەپ ئۆلۈپ تۇگەشكەندەك ھېسسىزلارچە كۈلۈشۈپ ناياناقىلىغانچە، جىنايەتكە تولغان قارا كۈنلىرىمىزنى ھاپاش قىلغان ھالدا كېتىپ بارماقتىمىز. بۇنداق رەزگى مۇسۇلمانلىقىمىزغا ”ئاھ! ئىسىت“ دېمەيمۇ تۇرغىلى بولارمۇ؟! قېنى بىر دەڭسەپ باقساقچۇ؟! بىز راستىنلا ”مۇسۇلمان“مۇ؟!

## تەڭداشسىز ھەقىقەت

ئىككىنچى قىسىم)

ئۇمەييەنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھمۇ ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكىنى دادىسىدىن ئۇدۇم ئالغان بولۇپ، "ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا قان ئورنىغا نەپرەت بىلەن ئۆچمەنلىكنىڭ ۋولقانى دولقۇنلايتتى" دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ ئۆچمەنلىكى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، قىممەت قارىشىمۇ پۈتۈنلەي تەتۈرلىشىپ، ساختىلىقنى ئىپتىخارلىق ھەقىقەت، ھەقىقەتنى بولسا، مەسخىرىلىك يالغانچىلىق دەپ تونۇيدىغان، ھەتتا ئۆلۈك ۋىجدانىغا قايغۇرماستىن، ئەكسىچە ھەقنى كۆرگەنلا يەردە يىرگىنىشتىن كۆلۈپ كېتىدىغان، ساراڭلارچە تېتىقسىز قاقاقلايدىغان يەرگە كېلىپ قالغان ئىدى.

بۇ تىراگېدىيەنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرسى ئابدۇللاھنىڭ قۇرەيش كاتتىۋاشلىرى ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ باياشات ئائىلە مۇھىتى كىچىكىدىنلا ئۇنىڭغا "ھەرقانداق كىشىنىڭ يۈكسەكلىكى دۇنيالىق ئىززەت - مەرتىۋىسى بىلەنلا ئۆلچىنىدۇ" دېگەن ئاڭنى چوڭقۇر سىڭدۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭ نەزىدە دادىسى ئۇمەييە ئەڭ يۈكسەك ئۈلگە بولۇپ ھېسابلىناتتى. چۈنكى پۈتۈن مەككە جەمئىيىتى ئۇمەييەنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرەتتى. مەككە سەردارلىقىنىڭ جەمئىيەتتىكى باشچىلىق رولى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى باياشاتلىقى ئۇنىڭغا قەدەمدە بىر ئۆزىنىڭ نەقەدەر ۋەزىنگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇ قۇل، كەمبەغەل، غېرىپ - غۇرۇۋالار ئارىسىدا باش كۆتۈرۈۋاتقان ئىسلامنى ياراتمايتتى.

ئاچلىقتىن جانسىرىغان... زەھەرلىك تىكەن، يىرىڭلىق جاراھەتلەر دەستىدىن قانسىرىغان... يول ئازابىدىن پۈتۈن بەدەنلەر ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك ھالسىرىغان... ئەمما شۇنداقتىمۇ تېخىچە كۆزى كۆرۈپ باقمىغان بىر مەۋھۇم ئىلاھنىڭ ئالدىدا سەجدىگە باش قويۇۋېلىش ئۈچۈنلا كۆز ئالدىدىكى پۈتۈن

دۇنيانىڭ پەشۋالىرىغا بەرداشلىق بېرەلىۋاتقان... بۇ جاپاكەش ئىسلامنى ئابدۇللاھ پەسەنتىگىمۇ ئالمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ قەدەملىرى ئۇنداق ئاجايىپ ئىنقىلابىي باسقۇچلاردىن تېخى ناھايىتى يىراقتا بولۇپ، ئىنسان ئاللاھنى تونۇپ يېتىش بىلەنلا ئاللاھنىڭ ياراتمىش سەنئەتگاھى بولغان بۇ پايانسىز كائىناتنى ئاخىرەتكە سېلىشتۇرغاندا گوياكى بىر قاراڭغۇ زىندانىدەكلا ھېس قىلىشقا باشلايدىغان، دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا ئارزۇسى، بالدۇرراق ئۆز جېنىنى ئاللاھ يولىدا پىدا قىلىۋېتىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدىغان، دۇنيانىڭ ئالۋۇن كەبى جەننەتلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ھەقىقىي جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرى ئىشتىياقىدا ئاققۇزغان قانلىرى بىلەن غۇسۇلى قىلىپ، شېھىت بولۇش ئۈچۈنلا پەرۋانە بولۇپ يۈرىدىغان... ئۇنداق ئۇلۇغۋار ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ ھاياتىدىن كۆز يەتكۈسىز دەرىجىدە يىراقتا ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىمان، ئىشەنچىنىڭ بۇنداق شېرىن ئازابلىرىدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئەسلا بىلمەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئىسلامنىڭ نۇرلۇق كۆكرەكلىرى بىلەن پولاتتەك ئىمانىي قۇۋۋىتى ئەمەس، بەلكى كۆپۈر ھەم شېرىكچىلىكنىڭ كۈچتۈڭگۈر مۇستەبىتلىكى ۋە ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ئىسلامنىڭ ئاجىزانە تاشقى قىياپىتىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ شىددەتلىك چاقماق كەبى ئوت چېچىپ، قولاقلارنى يىرتقۇدەك قورقۇنچلۇق گۈلدۈرلەيدىغان مۇشتۇمزورلۇقنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ”يىرتىق چاپان، غېرىبانە ئىسلامنىڭ مەيدانغا چىققانلىقىنى كۆرگەندە، ئۆپكىسىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ تېلىقىپ كۈلۈشكە، كەمسىتىپ مەسخىرە قىلىش بىلەن قاقاقلاپ كېتىشكە باشلىماقتا ئىدى. بىر تەرەپتە دادىسىنىڭ قەھرى ـ غەزىپى زەھەرلىك چاياندەك توختىماستىن ئىسلامغا نەشتەر ئۇرۇۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە ئابدۇللاھنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىلىرى مۇسۇلمانلارغا زەھەرخەندىلىك قىلىش، جۇملىدىن ھەقىقەتنى دەپسەندە قىلىش ھەرىكىتى بىلەن مەككىنىڭ پۈتۈن كوچىلىرىنى بىر ئالماقتا ئىدى.

ـ ۋاي ۋۇي! ئەجەبا ”ئاللاھنىڭ ئەلچىسى“ دېگەن كىشى سەنكەنسەن، دە؟ ئابدۇللاھ ئاجايىپ ئەدەبسىزلىق بىلەن يول ئۈستىدىلا قاقاقلاپ كۈلگىنىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ سوئال سورىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تېتىقسىز تەنلىرى، ئىشەكتەكلا ھاياسىز ھاڭراشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجايىپ سەزگۈر ھېس، تۇيغۇلىرىنى قانچىلىك ئۆرتىنىشكە سالغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق يولسىزلارچە ئۆكتەملىكى بىلەن ئىپلاسلارچە نومۇسسىزلىقى ئالدىدا ھەتتا ئاڭسىز ھايۋانمۇ نومۇستىن

يەرگە قارىشىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا، ئۆز دۈشمىنىگىمۇ مۇھەببەت قىلالايدىغان... ھايۋانلاشقان ئىنسانلارغا ھەقىقىي ئادەمىيلىكنى ئۆگىتىش ئۈچۈن چۆل باياۋانلارنى قەلب قانلىرى بىلەن گۈلزار قىلىشقا بەل باغلىيالايدىغان... پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى يېقىلغۇسى شېغىل، تاشلار بىلەن تاش يۈرەك ئىنسانلاردىنلا ئىبارەت بولغان مەڭگۈلۈك دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇزۇۋېلىش ھەسرىتىدە، كېچە ـ كېچە بۇلدۇقلاپ ياش تۆكەلەيدىغان... ئاجايىپ كامالەتلىك ئىنسان، مەھبۇبىمىز مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاراپ تۇرغان بولغاچقا، ئابدۇللاھنىڭ ھېسسىزلارچە قىلمىۋاتقان بۇ قەلب ئازارىغا نەپرەتلەنمەستىن، ئەكسىچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆيۈنگەن ھالدا قەلب ناۋالىرىنى ياڭراتماقتا ئىدى.

ـ شۇنداق، ئى ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلۇم سالغۇچى ھاماقەت ئىنسان! شۇنداق. سېنىڭ ئالدىڭدا شۇ تاپتا ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ئاخىرقى يوليورۇقىنى ساڭا يەتكۈزۈشتىن باشقا مەقسىتى يوق ـ

ئابدۇللاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بىر ئاز جىمىپلا قالدى. ”خۇددى پۈتۈن قەلبىنى ئېچىپ كۆرسىتىۋاتقاندەك شۇنچە سەمىمىي گەپ قىلىۋاتقان بۇ زادى قانداق ئادەم؟ نەپرەت ۋە ھاقارەتكە قارشى بۇ ئاجايىپ كۆيۈمچانلىق، تەنە، مەسخىرىلەرگە جاۋابەن بۇ مىسلىسىز تەمكىنلىك، رەددىيە، تەنقىدلەرگە قارشى ھەققانىيەتنىڭ بۇ ئۆلمەس دەلىلى... بۇلار زادى نېمە ئۈچۈن؟!“ دېگەنلەر ئۇنىڭ تەپەككۇر لەۋھەسىدە ۋىللىدە چاقناپ ئۆتكەندەك بولدى.

ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، قەلب بىلەن كۆزنىڭ ئارىسىدا، قوتۇر باسقان مىجەز، تەبىئەتنىڭ پەردىسى شەكىللەنگەندە، ئىنسان ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، ھېچنەرسە ئاڭلىمىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. ئابدۇللاھمۇ شۇ تاپتا دەل ئەنە شۇ خىل تۇيغۇ دۇنياسىغا مەھكۇم ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەقىقەتنى پۈتۈن ھۆسنى ـ جامالى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، قەلبىدىكى داتلاشقان قۇلۇپلارنى ئېچىۋېتەلمىگەن ئىدى. قايىللىق ئۇنىڭ باتىنىدىكى قۇلۇپلانغان دەرۋازىلارنى چېكىۋاتقان بولسىمۇ، نەپسانىيەتنىڭ قاراڭغۇ خىلۋەتلىرى تىزلا ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالماقتا ئىدى. ئىنسان ھەقنى تونۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما تېخىچە ئۆزىنى تونىيالمايۋاتاتتى. روھ ھىجران ئازابىدا پۇچىلىنىپ قاتتىق نالە قىلىۋاتاتتى ـ يۇ، لېكىن لەۋلىرىنىڭ زەھەرخەندە سۈكۈتلىرى

ئۇنى ئارقىغا ئىتتىرىۋەتمەكتە ئىدى. ئىنسانىي تەبىئەت گەرچە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھېسسىز قاقشال لەۋلەردىكى قاقاقلىغان كۈلكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭقۇر ئىخلاسىغا پەرۋاسىزلارچە زەربىلىك جاۋاب قايتۇرماقتا ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دائىم ئۆزگىنىڭ غېمىدە ياش تۆكىدىغان كۆزلىرى ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشتەك بۇ ئىنسانىي مەجنۇنلۇققا قاراپ، لىققىدە ياشقا تولغان ھالدا ئەرشكە تىكىلدى ـ دە، يالغان سۆزلەرنىڭ شامىلىمۇ تېگىپ باقمىغان مۇبارەك لەۋلىرىدە ”ئى يېگانە ئاللاھىم! ھەرگىز خاپا بولمىغىن، بۇ بەختسىز ئىنسان سېنى تېخى بىلمەيدۇ. بىلگەن بولسا، ھەرگىز ئۇنداق قىلمىغان بولاتتى. رەھىم قىلغىن! ئى رەھىملىكلەرنىڭ ئەڭ رەھىملىكى رەھىم قىلغىن!“ دېگەن ئاۋازسىز دۇئاسى ياڭراشقا باشلىدى.

ئەمما شۇنداقتىمۇ بۇ مېھرىبانلارچە كۆيۈنۈشكە ئابدۇللاھنىڭ قايتۇرغان جاۋابى ھەقىقەتنى دەڭسەش ئۈچۈن سېھىرگەرلىكنىڭ ئۆلچىمىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت بولدى.

ئۇ: ـ مەن سېنى پەيغەمبەر دەپ ئىشەنسەممۇ ئىشىنەي، ئەمىسە قېنى، زېمىندىن غاچچىدە بىر قۇدۇق ئېتىلدۇرۇپ باقىن، ياكى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بۇ يەرگە بىر ئايۋان ـ ساراي بىنا قىلىپ باقىن ـ دېيىشكە باشلىدى.

دەرۋەقە، زېمىندىن بىردىنلا قۇدۇق ئېتىلدۇرۇپ بېقىش بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئايۋان ـ ساراي بىنا قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇنداق تەلەپلەرنى قويغان كىشىنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆزلۈكىدىن قوپۇپ، ھەقنىڭ ئالدىدا شەرتسىز تەسلىم بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن ئىسلام دەل ئەنە شۇنداق نامۇمكىنچىلىكنى مۇمكىنلىككە ۋە ئۆلمەس نادىر ھەقىقەتكە ئايلاندۇرۇپ تارىخ سەھىپىسىگە پۈتىۋېتەلىدى.

ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ مەككىدىن كېتىپ قالغان، ھەتتا بەدىر ۋە ئۇھۇد ئۇرۇشلىرىمۇ يۈز بېرىپ، ئىسلامنى يەر بىلەن يەكسان قىلماقچى بولغانلار ئۆزلىرى يەر چىشلەپ قالغان ئاشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئابدۇللاھ نېمىلەرنى ئويلىدىكىنتاڭ، تۇيۇقسىز مەككىنى تاشلاپ، ئىسلام تەرەپكە كېتىپ باراتتى.

شۇنداق...

ئىسلامنى يوقىتىش ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئىسلامنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش يولىدا ئۆزىنى يوقىتىپ تاشلاش ئۇچۇن كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بۇ ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بارلىق مۆمىنلەر مەدىنىگە كېتىپ، ئابدۇللاھقا نىسبەتەن مەككە كوچىلىرىنى ئاجايىپ بىر جىمجىتلىق قاپلىۋالغان ئاشۇ كۈنلەردە بارلىققا كېلىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ مەككە كوچىلىرىدىن شۇنچە ئىزلەپمۇ، زۇلۇمغا كۆيۈنۈش بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغان، مەسخىرىلىك كۈلكىلەردىن يۈرەكلىرى زىدە بولسىمۇ، يەنىلا قىلچە قوپاللىق قىلمايدىغان، نەپرەت ۋە ھاقارەتنىڭ ھايۋانىي پەشۋالىرى ئۈستىگە مەقبۇل دۇئالىرىدىن گۈل ياغدۇرالايدىغان بىرەر كىشىنى ئۇچرىتالمىغان ئىدى. ئۆزىنىڭ شۇنچە يىرگىنچلىك مۇئامىلىسىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوپاللىق بىلەن ئەمەس، بەلكى شۇنچە يۇمشاقلىق بىلەن بەرگەن ئىللىق جاۋابلىرىنى قەتئىي ئۇنتۇپ كېتەلمىگەن ئىدى. كەمسىتىپ قىلغان مەسخىرىلىرىگە جاۋابەن ئىنسانىي دوستلۇق مەشئىلىنى يورۇتقان ئۇ گۈزەل ئەستايىدىللىقنىڭ مەنزىرىسىنى قەلب سەھنىسىدىن قەتئىي ئۆچۈرىۋېتەلمىگەن ئىدى.

ئابدۇللاھ مۇسۇلمانلارنى مەككىدە ئازاب چېكىۋاتقان، زۇلۇم قامچىلىرىدا زەخمىلىنىۋاتقان ھالدا كۆرگەن بولسا، بەدىر ۋە ئۇھۇد مەيدانلىرىدا قانلىق قىلىچلارنى كۆتۈرگەن ھالدىمۇ ئۇچراتقان ئىدى. ئەمما ئۇلارنى كۆرگەن ھەممىلا جايدا مۇسۇلمانلارنىڭ چىرايلىرىدىن مەسۇمىيەت، كۆيۈمچانلىق، غەمخانلىق، ساداقەتنىڭ چوڭقۇر ئىزگۇ، ھەسرىتى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىدىن ئۇرغۇپ چىققانغا ئوخشاشلا پارلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. ئابدۇللاھنىڭ قەلبىدىكى بارلىق ناتوغرا چۈشەنچىلەرنىڭ ھۇلىنى تەۋرىتىۋاتقىنى دەل كىشىلىك ئوبرازنىڭ ئەنە شۇ تەڭداشسىز قۇۋۋىتى بىلەن ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ ئەنە شۇ غالىبانە تەسىرى بولۇپ، مانا بۇگۈنكى كۈندە ئۇ ساختىلىق ۋە ئالدامچىلىقنىڭ قاراڭغۇ زۇلمىتىدىن يورۇقلۇققا چىقىشقا ئالدىراۋاتاتتى. ئىسلام ئۇنىڭ قەلبىدە پەيدا قىلغان ئىنقىلابىي سادالارنى ئەمدىلىكتە تىلى بىلەن رەسمىي جاكارلاش ئۇچۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ كېتىپ باراتتى. گەرچە ئۆتمۈشتىكى جىنايەتلىرى پات ـ پات ئۇنىڭ قەدەملىرىنى ئارقىغا تارتىسىمۇ، ئەمما كەلگۈسىنى بېزەشكە بولغان بىقارارلىقى ئۇنى ئالدىغا ئىتتىرمەكتە ئىدى. ئۇ ئۇدۇللا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن قاتتىق خىجىل بولۇپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممى سەلمە

رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ۋاستە قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇلاقات بولۇش ئىلتىماسىنى يەتكۈزدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشىكى ئالدىدا دائىم زەھەرخەندە كۈلكىلىرى بىلەن قەلبىگە ئازار بېرىپ كەلگەن ئابدۇللاھنى كۆرۈپ، مەككە دەۋرىدىكى ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئېسىدىن كېچىشكە باشلىدى. ئابدۇللاھنىڭ قەلبلەرگە تىكەندەك سانچىلىدىغان ئېتىقسىز كۈلكىلىرىگە ۋە ھەققانىيەتنى نومۇسسىزلارچە ھاقارەت قىلىشلىرىغا، جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەنە - مالامەتلەرنىڭ مەشىق تاختىسى قىلىۋېلىش ئارقىلىق قەلبلەرنىڭ باغلىنىشلىقىنى ئىمكانىيەتتىن پۈتۈنلەي يىراقلاشتۇرۇشلىرىغا تولغان ئاچچىق ئەسلىمىلەر بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەمما شۇنداقتىمۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ ئەشەددىي دۈشمەننىڭ بولۇشىغا ئەدىبىنى بېرىپ قويماستىن، ئەكسىچە، پەقەتلا ئىلگىرىكى زۇلۇم - سىتەملىرىنى ئەسلىتىپ، ”مەككىدە قىلغانلىرىنى ئاز دەپ، ئەمدى بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كەپتىمۇ؟“ دېدى.

بۇ ئۆلۈمگە تېگىشلىك جىنايەتچىنىڭ بىر ئۆمۈر ئىسلامغا قىلغان ئۆچمەنلىكىگە بېرىلىدىغان مەنىلىك جازا ئىدى. ياق، جازا ئەمەس، ئىنئام، قاتتىقلىق ئەمەس، كۆيۈمچانلىق ئىدى. ئۇنىڭ ھەققە بولغان قايناق ھېسسىياتىغا تەتۈر زەربە بېرىش ئارقىلىق پاكلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، تەبىئىتىدىكى جاھىلانە مەنمەنلىكنى نادامەت ئوتلىرىدا كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتەلىشى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ياردەم ئىدى. بۇ مەنىۋى جازانىڭ مەنپەئەتلىك تەسىرىدە ئابدۇللاھ ئۆزىنى گويا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغاندەك ھېس قىلىپ، كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلىرى قويۇلۇپ كېتىشكە باشلىدى. ئۈمىدسىزلىكنىڭ بۇ ئاخىرقى زەربىسى گۇناھنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشقا بولغان ئۈنىگىدىكى ئوتلۇق ئىشتىياقنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە شۇ قەدەر لاۋۇلداتتىكى، ئابدۇللاھ ئاخىرى ھەقىقەت ئۈچۈن سۆيۈملۈك ھاياتىدىنمۇ كېچەلەيدىغان يۈكسەكلىكنىڭ تۇنجى پەللىسىگە قەدەم قويالىدى.

- مۇھەممەدنىڭ دەرۋازىسىدىن قوغلانغان يەردە، ئەمدى دۇنيادا ياشاپ نېمە كەپتۇ؟ - ئۇ قاتتىق مەيۇسلەنگەن ھالدا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ھېسسىياتلىق جاكاسىنى جاكارلىماقتا ئىدى.

- ئەگەر قىلمىشلىرىم ئەپۇ قىلىنمىغان بولسا، ئۇنداقتا پىقىر ئابدۇللاھ ئۆزىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلماي قالمايدۇ، ئەمدى مەن دەشتى - باياۋانلارغا كېتىپ، سېسىپ، چىرىپ تۈگەشكە رازىمەنكى، ھەرگىزمۇ كۈپۈر ھەم

شېرىكچىلىكنىڭ قارا بۇلۇتلىرى قاپلاپ كەتكەن مەككە دۇنياسىغا قايتىپ بارمايمەن -

ھەر ئىككى ئالەمنىڭ رەھمىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئابدۇللاھنىڭ بۇ ئازابلىق نالىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى بارلىق قىلمىشلىرىنى پۈتۈنلەي بىر چەتكە ئىتتىرىپ تاشلاپ، ئەپۇچانلىققا تولغان مېھىرلىك باغرىنى دەرھال ئۇنىڭغا ئاچتى. ئابدۇللاھنىڭ ۋۇجۇدى شۇنچە ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۆز قولى بىلەن تىنماي جاراھەتلەندۈرۈپ كەلگەن بۇ مېھرى - شەپقەتلىك مۇقەددەس كۆكرەكنىڭ قوينىدا ئىدى. ئۇ ئۆز - ئارا گىرەلىشىپ كېتىۋاتقان ئىككى يۈرەكنىڭ ئاجايىپ ھاياجانلىق دۈپۈرلەشلىرىنى سەزمەكتە ئىدى. ئابدۇللاھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك كۆكرىكىنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىدا، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئاللاھقا بولغان ئىشقى - مۇھەببەتنىڭ نەقەدەر ئەزىم دولقۇن كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى.

دائىم قاقاقلاپ كۈلۈش بىلەن ھەقىقەتنى مەسخىرە قىلىپ كەلگەن ئىنسان شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاخىرەتكە بولغان قايغۇ - ھەسرەتنىڭ تېرىك تەسۋىرىگە ئايلىنىپ قالدى. يالغۇز ئېغىزى بىلەنلا ھەققە گۇۋاھلىق بېرىش قەلبىنى تەسكىن تاپقۇزالمايتتى. پۈتۈن تومۇرلىرىدىكى قانلار شېھىتلىك ئىشقىدا فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىشقا ئالدىرايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلىرىنى جايىنى مازدىن قويماي تىنىمسىز تۆككەن كۆز ياشلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى قەلب قانلىرىنى ئېقىتىش بىلەن تازىلاپ بولماي تۇرۇپ، پارلاق ئىستىقبالنى قولغا كەلتۈرەلىشىگە ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. ئۇنىڭدىكى گۇناھنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشنىڭ بۇ يالقۇنلۇق ئىزتىراپلىرى خۇددى قاينىغان سىماپقا ئوخشاشلا پۈتۈن ۋۇجۇدىدا يوگۇرۇپ ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. ئۇ ھەتتا ھەر بىر سائەتنى جىھادنى كۈتۈش بىلەنلا ساناپ ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى. مەككىنى پەتھى قىلىش ئۇرۇشى ۋە ھۇنەين غازىتىدىن ئىبارەت خەتەرلىك كاتتا جىھاد مەيدانلىرىدىمۇ شېھىتلىك ۋىسالىغا يېتەلمەي قاتتىق ھەسرەتكە چۆمگەن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاخىرى تائىف ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، ئىسلامنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش يولىدا شېھىتلىك مۇرادىغا يەتتى.

دەرۋەقە، ئېغىزدىكى سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلبىنى بېغىشلاپ، ئىسسىق قانلىرىنى تۆكۈش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان...

ئىنسان روھى ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۇچۇن جىسمىنىڭ بارلىق سېپىل، تاملىرىنى بۆسۈپ، ئېتىلىپ چىقىشقا ئالدىرايدىغان... قەلب دولقۇنلىرى ھەققانىيەتنىڭ ساداسىغا ئايلىنىپ، لەۋلەردە ئىختىيارسىز جاراڭلايدىغان... ھەمدە پۈتۈن كائىناتنى مەڭگۈگە لەرزىگە سېلىشتىن دەقىقە مىقدارى توختىمايدىغان... بۇ ئۇلۇغۋار ئىسلامىمىزنىڭ نەقەدەر كاتتا، نەقەدەر قىممەتلىك، نادىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تارىخىي نۇقتىدىن ھەقىقىي ئىسپاتلاپ بېرەلىگەن ئەزىمەتلەر دەل ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىدى.

ئەمما بىزچۇ؟ ھاياتىمىزدىكى بىرەر كۈننى ياكى بىرەر سائەتنى بولسىمۇ ئەنە شۇنداق ئىسلامنى ھەقىقىي ئۇلۇغلاش بىلەن، چىن مەنىدىن ئىسلامنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ باقتۇقمۇ؟ ئەگەر ئۆتكۈزمىگەن بولساق، ئۇنداقتا تۇغما مۇسۇلمان تۇرۇپمۇ، ئەمەلىي ھاياتىمىز بىلەن ھەقىقىي ئىسلامىمىز ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن بۇ يىراق مۇساپىلەرگە نېمە دەرمىز؟

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىمان بىلەن تۇغۇلۇش ئايرىم بىر مەسىلە. شۇنىڭدەك ئىمان بىلەن ئۆلۈشمۇ باشقا بىر مەسىلە. بىز ئىمان بىلەن تۇغۇلغانلىقىمىزدىن سۆيۈنۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا پۈتۈن قان تومۇرلىرىمىزغا سىڭىپ كېتىۋاتقان نۆۋەتتىكى دۇنياپەرەسلىكنىڭ بۇ ئىپلاس مىكروپلىرىدىن غەم قىلالىساق ئىدۇق كاشكى! ئەجەبا بۇ مەرەز باسقان ھاياتىمىزدىن "يوتقانغا يۆگىنىپ مەڭگۈگە كۆز يۇمۇۋاتقان ئاشۇ ئاخىرقى مىنۇتلاردا "لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ" دېگەن ئاغزاكى شاھادەت بولسىمۇ لەۋلىرىمىزدە ياڭراپ قالار" دېگەن ئۈمىدنى كۈتكىلى بولارمۇ؟ قېنى ئويلىنايلى!

شۇنداق. يەنىلا ئويلىنايلى!

ئەمەلىيەتتە ئويلىنىشتىن باشقىنىڭ قولىمىزدىن كېلىشىنىمۇ كۈتكىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئويلىنايلى! بىز راستىنلا "مۇسۇلمان"مۇ؟!

## مۇقەددەس سۆيگۈ

ئىمان ئەھلىنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان ئەينى چاغدىكى مىسلىسىز سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ گۈزەل يارقىنلىق نادىر باب دېيىشكە بولىدۇ.

دۇنيادىكى ھەرقايسى قەۋملەرنىڭ ئەپسانىلىرىگە قارايدىغان بولساق، بىر جۈپ خىيالىي قىز ـ ئوغۇل پېرسوناژلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئەپسانىۋى مۇھەببىتى تەسۋىرلەنگەن خىلمۇخىل ئىشقى ـ مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى ئۇچرىتىمىز. ئەمما ئىسلام تارىخىدا بولسا، مەھبۇبىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان ئاجايىپ مىسلىسىز پاك مۇھەببەتنىڭ ھەيران قالارلىق ئەمەلىي داستانىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە سازاۋەر بولىمىز.

ئۇنىڭدا، ئاشۇ ئۇلۇغۋار پەزىلەتلىك زاتقا بولغان كۈچلۈك ئەقىدە قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال، ھەتتا كىچىك باللار قەلبىدىمۇ ئاجايىپ شاۋقۇنلۇق مۇقەددەس ئىشق دەرياسىنى بارپا قىلىدۇ. ئۇنىڭ شەكىل، چىراي، قەددى ـ قامەت جەھەتتىكى جەلپكارلىقىدىن ئەمەس، بەلكى يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتىكى ئەمەلىي ئۈبرازىدىن، ھەقشۇناشلىق ۋە ھەقىقەتپەرۋەرلىك جەھەتتىكى تەڭداشسىز ھۆسنى ـ جامالىدىن ئۇرغۇپ چىققان نۇرانە ماگنىت كەبى مەھلىيالىق، ھەتتا چۆل ـ باياۋاننىڭ ياۋۇز ۋەھشىلىرىنىمۇ، ھەققانىيەت ئۈچۈن بىقارار پەرۋانىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىشق نۇرىغىلا چۆمۈلگەن ئۇنىڭدىكى مۇقەددەس كىشىلىك ئوبراز، ھەتتا ئۆز خۇداسىنىمۇ كۆرەلمەيدىغان ئەقىل، روھى ئەما قارىغۇلارغىمۇ قۇياش كەبى چاقناپ كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ھېسسىز

تاشلارنىڭ ئاڭسىز چوقۇنغۇچىلىرىمۇ ئۇنىڭ دىلكەش كىشىلىك ھاياتىغا بىرلا نەزەر سېلىش بىلەن تەڭ باشلىرىنى پۈلاڭلىتىپ، توپ ـ توغرا قىرىق يىلغا قەدەر ئۇنى ”سادىق، ئامانەتدار“ دېيىشكىنىچە ماختاپ ھارمايدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يولىيورۇقىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاشۇ كامالەتلىك ئىنساننى پەيغەمبەرلىك خىلۋىتىگە چاقىرغاندا، بارلىق مۇشرىك، كۇففارلارنىڭ چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرى ئۇنى بۇنچە يۈكسەكلىكتىن تونۇپ يېتىشكە ئاجىزلىق قىلىپ، قەھرى ـ غەزەپ، ئۆچمەنلىكنىڭ رەزىل ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىشقا باشلايدۇ. دەل شۇنداق چاغدا روھى، ۋىجدانى ئويغاق ئىنسانىيەت كارۋانلىرى دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ، ”سىلى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىمىز تەسەددۇق! ئۆزىمىز پىدا!“ دېگەن جاراڭلىق سادالىرى بىلەن ھەرەم ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ.

بۇ قانداقتۇر قۇرۇق شوئارۋازلىق بولماستىن، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ تارىخ قەلبىگە قان بېرىپ چاقناپ تۇرۇۋاتقان، تىنىمسىز، بىقارار روھلارنىڭ چىن ھېسسىياتلىق سادالىرى، پىداكار ئەزىمەتلەر قەلبىنىڭ شاۋقۇنلۇق دولقۇنى ئىدى.

پۈتۈن دۇنيا ئادەمىيلىك سالاھىيىتىدىن مەھرۇم ساناپ، چارۋا ماللار قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويغان ئەرەبلەرنىڭ تۇغما قۇللىرى، ئاجىز غەرب ـ غۇربا، يېتىم ـ يېسىر ئىنسانلار توپى ئۇنىڭ مۇقەددەس نەزىرىدىن سۇ ئىچىش بىلەن تەڭلا مەدەنىيەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ جەۋھىرىگە، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئېسىل تۈز، قايماقلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار يېڭىچە روھ، يېڭىچە ھايات، يېڭى ئىمان، يېڭى مەقسەت، يېڭى پائالىيەت بىلەن ئاشۇ جانى ـ جان مەھبۇبى تەرەپكە ئىز بېسىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىغاندا، جەمئىيەتنىڭ ئەسەبىي، مۇشتۇمزور كۈچلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، زۇلۇم ۋە ئىستىبداتلىقنىڭ يالقۇنلۇق سېپىللىرىنى سوقماقچى بولىدۇ. ئەمما يولغا ئاتلىنىپ بولغان پىداكار كارۋانلار بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمايدۇ. ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن يېقىلغان ئوت، ئاتەشلەر ئاشقلار ۋۇجۇدىدىن ئېقىۋاتقان پىداكارانە قان ـ تەرلەر بىلەن ئۆچۈپ قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلارغا قارىتىلىپ ياغدۇرۇلۇۋاتقان تاش، كېسەكلەر سەۋر ـ قانائەت ۋە چىدامچانلىقنىڭ پولاتتەك مەردانە كۆكرەك سېپىللىرىغا تېگىپ، گوياكى ئارزۇ قىلىنىدىغان گۈلدەستىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بويۇنلارغا سېلىنىۋاتقان زەنجىر، كىشەنلەر ھەققانىيەت ساداسىنى بوغۇپ

قويۇشتىن ئىلگىرى چۆل - چۆل بولۇپ پاچاقلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ مەستانە كارۋانلار توپى زۇلۇم ئىستىبداتلىقنىڭ ئوت ۋە قان ئېقىنلىرىنى، نەپرەتلىك ئۆچمەنلىكنىڭ چالما - كېسەك يامغۇرلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاشۇ تەڭداشسىز، نادىر ئىنساننىڭ، ئاشۇ سۆيۈملۈك مەھبۇبىمىز مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدىگەن ھالدا يېڭىلمەس مۇھەببەت قورغىنىنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

نام - شۆھرەت، يۇقىرى ئىززەت - مەرتىۋە، پۇل - بايلىقلارغا ئىگە ھەقىقەتشۇناش مۇھتەرەم كىشىلەرمۇ جان - پىدالىقنىڭ بۇ ئاجايىپ مەنزىرىسىنى كۆرگەندە، مەزكۇر كامالەتلىك ئىنساننىڭ يۈكسەك ئوبرازىغا مەھلىيا بولۇپ، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل مەرتىۋە، ئىمتىيازلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، سەۋدالارچە ئۇنىڭ ئاياقلىرىغا تاشلىنىشقا باشلايدۇ. شۇ ۋەجىدىن كۆچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلارنىڭ ئىمتىيازى پەرقلىرى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىردەمدىلا غايىب بولۇپ، قۇل، خوجايىن، باي، كەمبەغەل ھەممىيلەن بىردەك مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، ھەقىقىي ئىنسانىيلىقنىڭ بوسۇغىسى ئەتراپىدا پەرۋانىلەرچە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ.

ئاھ! ئۇ نەقەدەر ئۇلۇغ، نەقەدەر دىلكەش، نەقەدەر سۆيۈملۈك ئىنسان ھە!...

غېرىبانە يەكتەك ئىچىدىكى ئاددىي - سادىدىلىقىدىمۇ شۇنچە ھەيۋەتلىك، شۇنچە ئەيمىنىشلىك، شۇنچە ئالىي جاناب كۆرۈنىدىغان ... مۇستەبىت ھۆكۈمدارلارنىڭ مۇستەھكەم تەختى، قەسىرلىرىمۇ ئۇنىڭ تاسادىپ نەزەرلىرى ئالدىدا تەۋرىنىپ كېتىدىغان... ئالتۇن - كۈمۈش بايلىقلارنىڭ چاقناق گۆھەرلىرى ئۇنىڭ قەدەملىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - تۇزاڭلارغىمۇ تەڭ بولالماس ئەتىۋارسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغان... ئىنسانىيەت تومۇرىدىكى جانى - جان قانلار ئۇنىڭ ھەر بىر باسقان ئاياق ئىزىنى نۇرلاندۇرۇش يولىدا پۈتۈنلەي ئېقىپ تۈگەش ئۈچۈنلا تىنىمسىز تېپچەكلەپ ئۆركەشلەيدىغان...

ئاھ! ئۇ نېمە دېگەن ئۇلۇغ، نېمە دېگەن دىلكەش، نېمە دېگەن سۆيۈملۈك ئىنسان ھە!...

شۇنداق. بۇ شېئىرىيەتنىڭ مۇبالىغىسى ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي تارىخ. دۇنيادا ئىنسان سۆيىدىغان، ئەزىز كۆرىدىغان ھەتتا ھاسىل

قىلىش يولىدا بارلىقىدىن كېچىشكە تەييار تۇرىدىغان ھەرقانداق شەيئى، ھەرقانداق ئىشتىياق، ھەرقانداق مەۋجۇدلۇق، ھەرقانداق سۆيگۈ ئاشىقلار تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئاياق ئىزلىرى ئۈچۈن پىدا قىلىنماي قالمىدى. دۇنيادا ئۇنىڭ بىرلا قېتىملىق كەرەملىك بېقىشىغا مۇشەررەپ بولۇۋېلىش ئۈچۈن تەسەددۇق ئېتەلمەي قالغان ھېچقانداق ئارمان، ھېچ قانداق شەيئى قالمىدى. ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىغۇچىلار ئۇنىڭ كۆزىدە چاقنىغان مەمنۇنىيەت نۇرىنى بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ھەتتا پۈتۈن ئائىلىسىدىن ۋاز كەچتى. كۆپۈر بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى چەك - چېگرىنى ئايرىش ئۈچۈن قان تومۇرلىرىنى قەلەم قىلدى. ئەۋلادلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ مېھرىدىن ۋاز كەچسە، ئاتا - ئانىلارمۇ پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان مۇھەببىتى ئۈچۈن ئارزۇلۇق ئەۋلادلىرىغا بولغان پۈتۈن مېھرى - مۇھەببەتلىرىنى قۇربان قىلدى. ئىنسانلار دۇنيانىڭ بارلىق خوشنەما رەڭ، پۇراقلىرىدىن ئاجراپ چىقىپ، خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا گۈش - ئۇستىخانلىق ئاشۇ ئىنساننىڭ قەلب چاقىرىقى تەرەپكە مەستانىلەرچە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. گويا بوۋاق بالا ئانىنىڭ باغرىغا مەھكەم يېپىشقاندەك قەدەم - قەدەمدە ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. پۇل، بايلىق، ئۈنچە - مارجان خەزىنىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئىتتىرىپ تاشلاپ، پەقەت ئۇنىڭلا ئىشىكى ئالدىدىكى قەلەندەرگە ئايلىنىپ كېتىشنى ئەلا بىلدى.

جانى - جان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاشىقلىرى ئۆز مەھبۇبىغا زەھەرلىك باقىدىغان ئەبلەخلەر مەۋجۇد مۇھىتتا نەپەسلىنىشنىمۇ قىلچە راۋا كۆرمىدى. كەسىپ، تىجارەت، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەزىز دوست - بۇرادەرلىرىدىن ئىبارەت دۇنيالىق جەننەتلىرىنى تاشلاپ، تىكەن چاتقاللىق، چۆل - جەزىرىلەردە، ۋەيرانە كۇلبە، غېرىبخانىلاردا كۈن كەچۈرۈشكە ”لەببەيك“ دېيىشنى ھۇزۇرلۇق بىلدى. جاپالىق دەشتى - سەھرالارنى كەزدى، شەھەرمۇ - شەھەر خارى - زارلىقنى پەخىرلىك بىلدى. ئاشىق، پەرۋانىلەر سۆيۈملۈك مەھبۇبى تەرىپىدىن قەلبلىرىگە يېقىلغان ھەققانىيەت مەشئىلىنى قەتئىي ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈنلا مانا شۇلارنىڭ ھەممىنى قىلدى. مانا شۇلارنىڭ ھەممىدىن كەچتى.

ئاندىن ئۆزقولى بىلەن ئۆزجېنىنى تەسەددۇق ئېتىشتەك مۇھەببەتنىڭ ئەڭ قىيىن ئۆتكىلىگە قەدەم قويغاندا، سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ بۇ بىقارار،

پىداكار پالۋانلىرى قانلىق قىلىچ، خەنجەرلەر بىسىغا بويۇنلىرىنى تۇتۇپ بېرىشتىن قىلچە تەمتىرەپ قالمىدى. پۈتۈن بەدەنلىرى چىلىق - چىلىق قان بولۇپ كەتكەن تۇرۇپمۇ، ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سېلى ئۈچۈن ئاتا - ئانىمىز تەسەددۇق! ئۆزىمىز پىدا!“ دېگەن ئۆچمەس سادالىرىنى توختىماي ياڭرىتىپ ماڭدى. زەخىم - جاراھەتلەر بىلەن تىتما - تىتما بولۇپ كەتكەن بەدەنلەر، ئۇنىڭ ئىشقىدا تېخىمۇ ئىغىر، تېخىمۇ چوڭقۇر يەنە بىر زەربە يەۋېلىش ئۈچۈن پىداكارانە مەستانىلىكتە ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئالغا ئېتىلىپ ماڭاتتى. بەدىنىنىڭ يەتمىش، سەكسەن يېرىگە تىغ تېگىشتەك تارىخىي رېكورت ياراتقان ئاشىقلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەق ئۈچۈن جان بېرىش ئىشتىياقىمۇ زەررىچە كېمىيىپ قالمايتتى. ئۇنىڭغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قىلىچ، نەيزىلەر ئۈچۈن پىداكارلار ئۆز تەنلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سېپىل، قالقان قىلاتتى. دۈشمەنلەرنىڭ مىڭلىغان زەھەرلىك ئوقدانلىرى قۇرۇقدىلىپ كېتەتتى - يۇ، ئەمما شەيدالار تەرىپىدىن مەھبۇبىمىز مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن ئۆز جىسىم، تەنلىرى بىلەن قوپۇرۇلغان سېپىللارنى قىمىر قىلدۇرالمايتتى. ئۇياقتىن كۇففارلارنىڭ ئوق نەيزىلىرى يېغىشقا باشلىسا، بۇياقتىن ئۇلار مەردانە كۆكرەكلىرىنى ئاچقان ھالدا ئالدىغا ئېتىلىپ چىقاتتى. ئۇياقتىن ئۆلۈم ۋە ھالاكەتنىڭ قارا قۇيۇنلىرى كۆتۈرۈلسە، بۇ ياقتىن ھەق، ساداقەتكە پىداكار ئەزىمەتلەرنىڭ باشلىرى ”مانا بىز تەييار! مانا بىز تەييار!“ دەپ توۋلىغانچە يۈگۈرۈپ چىقىشقا باشلايتتى. شۇڭا سۆيۈملۈك مەھبۇبىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرەپكە ئالىيىپ تىكىلگەن ھەرقانداق كۆزلەر ھەتتا پولات قورغانلار ئىچىدىمۇ قەتئىي ئۆزىنى ساقلاپ قالالمىدى.

ئاھ! نېمە دېگەن كۈچلۈك، نېمە دېگەن چوڭقۇر، نېمە دېگەن مۇستەھكەم، مۇقەددەس سۆيگۈ ھە؟!

ئاخىرى رەسۇلۇللاھقا بولغان مانا بۇ مىسلىسىز پاك مۇھەببەت غەلىبە قىلدى. مەھبۇبىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىكى ھەق، ساداقەتنىڭ ھۆسنى - جامالى پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىك قوينىغا ئالدى. بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ قىسمىتى يېڭىۋاشتىن پارلاشقا باشلىدى. ئىنسانخور، ئىنسانپۇرۇش ۋەھشىي دۇنيادا ئاللاھنىڭ ۋە ئىنسانىيلىقنىڭ نامىنى كۆتۈرۈپ، تەنها مەيدانغا چىققان بۇ كامالەتلىك ئىنسان 23 يىلدىن كېيىن ماماتلىق كارىۋىتىدا دۇنياغا

قايتا نەزەر تاشلىغىنىدا، يۈز مىڭلارچە ئىنسانىنىڭ يېگانە ئاللاھنىڭ ئىشقىدا سەجدىگە باش قويۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئەجەبا دۇنيا تارىخىدا بىرەر قېتىم ئۇ قەدەر پىداكارانە سۆيۈلۈپ باققان باشقا بىرەر ئىنساننى ئۇچراتقىلى بولارمۇ؟ ئەگەر بولمايدىكەن، راستىنلا ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن، ئۇنداقتا، شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇندىن تەخمىنەن 1400 يىل ئىلگىرى مەھبۇبىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جاكارلىغان ئاخىرقى پەيغەمبەرلىكى بەرھەق ۋە بىر نادىر ھەقىقەت بولۇش بىلەن بىرگە، قانچىلىغان ئەسىرلەر ۋە قانچىلىغان زامانلارنى باشتىن كەچۈرگەن دۇنيا تارىخىدا، پەقەت بىرلا قېتىم كۆرۈلىدىغان ھەم بىرلا قېتىملا كۆرۈلگەن ئەڭ نادىر، مىسلىسىز ئەمەلىيەتتۇر.

بىز نۆۋەتتىكى كۈپۈرلۈق دۇنياسىغا بۇ مەڭگۈلۈك تارىخىي ئەمەلىيەتنى جاكارلىغان ھەرقانداق چاغدا «بۇندىن 1400 يىل ئىلگىرىكى ئىنسانلار مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شەكلىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئاشۇ ھەقىقەت بىلەن ساداقەتنى بۈگۈن قېنى قەيەردە، قانداق شەكىلدە كۆرگىلى بولىدۇ؟» دېگەن نەشتەردەك سوئال يۈرەك، باغرىمىزنى تىلماي قالمايدۇ.

تارىخ پەقەتلا تۈيغۇ بەخش ئېتەلەيدۇ، بىر تەسەۋۋۇرغا ئىگە قىلالايدۇ. ئەمما ھەرگىزمۇ ئەمەلىي مەنزىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. دۇنياغا ئۆتمۈشنىڭ ئەنە شۇ مۇقەددەس مەنزىرىسىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكلەر ئەسلىدە ئۆزىنى ”مۇسۇلمان“ دەپ ئاتاۋاتقان مانا بىزلەر ئىدۇق. ئەمما بىز قوتۇر ئەينەكلەر شەقاۋەتلىك قەلبلىرىمىزنىڭ، نومۇسسىزلارچە ھېسسىزلىقىمىزنىڭ ۋە ئاسىيلارچە ئاخىرەتپۇرۇشلىقىمىزنىڭ ئىپلاس غەلدى ـ غەشلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتماقتىمىز. ئەجەبا دۇنيا بىزدەك ئەبگار ئەينەكلەردىن سۆيۈملۈك مەھبۇبىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان قايناق مۇھەببەتنىڭ بىرەر تىرىك دەلىلىنى ئۆز كۆزى بىلەن ئۇچرىتالارمۇ؟ ئەگەر ئۇچرىتالمايدىكەن، بىز يەنىلا ”مۇسۇلمان“مۇ؟ ئاھ! بىز يەنىلا ”مۇسۇلمان“مۇ؟

بىزنى كەچۈرگىن ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى كەچۈرگىن! مانا بۈگۈنكىدەك كۇففارلار تەرىپىدىن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇقەددەس شەنىگە داغ تەككۈزۈلۈۋاتقان، نام ـ

شەرىپىگە ھاقارەت قىلىنىۋاتقان، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بۇنىڭغا قارشى كوچا ـ كوچىلاردا سادا ياڭرىتىۋاتقان پەيتلەردە، پەيغەمبىرىمىزگە بولغان قايناق مۇھەببىتىمىزنى ئىپادىلەشتەك ئەقەللىي ئىنسانىي ھەققىمىزغىمۇ ساھىب بولالماي، سىنىڭ قەھرىڭدىن ئەمەس، كۇففارلارنىڭ غەزىپىدىن، دوزاخىنىڭ ئەمەس، تۈرمىلەرنىڭ ۋەھىمىسىدىن تىترەپ، ئۈن ـ تىنسىز دومسىيىپ ئولتۇرغان، شۇنداقتىمۇ، سۆيۈملۈك رەسۇلىڭنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىش تەمەسىدە بولۇۋاتقان بىز بىچارىلەرنى كەچۈرگىن!

شۇنداق، بىزنى كەچۈرگىن ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى كەچۈرگىن! ئەمدى بىز زادى قايسى يۈزىمىز بىلەن ئالدىڭغا بارامىز؟ قانداقمۇ رەسۇلىڭنىڭ جامالىغا قارارمىز؟! بىزنى كەچۈرگىن! جانى ـ جان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىلىنىۋاتقان ھاقارەتلەرگە قارشى كۆكرەك كېرىپ جەڭ مەيدانىغا چىقىشقا ئەمەس، ھەتتا ئىشىكىمىز ئالدىدىكى كوچىلاردا نامايىشقا چىقىشقىمۇ پېتىنالماي، دېمىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىپ ئولتۇرغان بىزدەك ئاتالمىش ”مۇسۇلمان“ لارنى كەچۈرگىن!

كەچۈرگىن ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز تۈزكورلارنى كەچۈرگىن!

## بىزگە ھېچنەرسە ئەمەس، مۇھەممەد كېرەك!

ھىجازنىڭ پايتەختى ”مەككە مۇكەررەمە“ ئىسلام ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن پەتھى قىلىنىپ بولغان ئىدى. ئىلگىرى ھەققانىيەتنى ئاددىي - ساددا قىياپىتى ئىچىدە تونۇشتىن يالتايغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلامنىڭ ئەمدىكى كۈچ - قۇدرەتكە تولغان ھەيۋەتلىك ئوبرازىنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا، ئۇزلۇكسىز ئىمان ئېيتىشقا باشلىدى. ھەققانىيەت، ئىلگىرى يالغۇز بىرلا ئىنساننىڭ ساداسى بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە، قانچە مىڭلىغان ئاۋازلارنىڭ ياڭراق ساداسىغا ئايلىنىپ، جاھالەت كىرلىرى قاپلاپ كەتكەن ئەسەبىي قۇلاقلاردىن ئۆتۈپ، ئەسەبىيەتنىڭ شەقاۋەتلىرى چىرماپ كەتكەن كۆكرەكلەردىمۇ ئاجايىپ ئەزىم ئىنقىلابىي دولقۇنلارنى پەيدا قىلماقتا ئىدى. ئەمما مەككىگە يېقىن بىر قانچە قوشنا رايونلار تېخىچە زۇلمەتنىڭ قارا سايىسىدىن، مۇشتۇمزورلۇق بىلەن جاھىلانە ئۆچمەنلىكنىڭ ئىدىيۋىي مەجنۇنلىقىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن ئىدى. ئۇلار ھەق بىلەن ناھەقنى قەلب، ئەقىللىرىگە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى قىلىچ، ئوقيالىرىغا تايىنىپ ئايرىپ چىقماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇلار تېخىچە ”ئىنسان قورالغا تايىنىپ خۇداغا جەڭ ئاچالايدۇ“ دېگەن ئەخمىقانە ھالاكەتلىك چۈشنى كۆرۈشتىن توختىمىغان ئىدى.

بۇ ئاخىرقى قېتىملىق ئاسىيلىق ھەرىكىتىگە ھەۋازىن قەبىلىسى بىلەن سەقىف قەبىلىسى باشلامچىلىق قىلماقتا ئىدى. ئۇلار مەككىنىڭ پەتھى قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپلا دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئەتراپتىكى باشقا قەبىلىلەرگىمۇ نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ ئوتلىرىنى يامرىتىشقا باشلىدى. نەتىجىدە شەيتانىيەتنىڭ بۇ ئاخىرقى قالدۇق كۈچلىرى ئوقدانلىرىنى لىقلاپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ھۇنەين مەيدانىدا جەڭگە توپلاشتى.

گەرچە ئىسلام قوشۇنىنىڭ شۇ پەيتتىكى سانى ئون ئىككى مىڭدىن ھالقىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ساندىكىلەر ئىسلامنىڭ غۇربەت زامانىدا ھەققانىيەتنى نەپرەت بىلەن چەتكە قېقىپ، غەلىبە قۇچۇپ، يۈكسەلگەن پەيتىدە ئاندىن كۆكرىكىگە باسقانلار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۆلۈم خەۋپى كۆزىنى ئالايتىپ ئۇلارغا «سىلەر راستىنلا ”مۇسۇلمان“مۇ؟» دەپ غەزەپلىك تىكىلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ زادى قانچىلىك پۇت تىرەپ تۇرالايدىغانلىقىغا بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى.

يەنە كېلىپ، ھاۋازىن قەبىلىسى ئوقيا ئېتىش ماھارىتىدە ”تەڭدىشى يوق“ دەپ تونۇلغان بولۇپ، بۇ قېتىم ئۇلار ئۆز ماھارىتىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھۇنەيىن مەيدانىغا چىققاندا، باشقا قەبىلىلەردىن كەلگەنلەرنىڭ قېتىلىشى بىلەن ئەسلىدىكى مىڭلىغان ئوقياچىلىرىنىڭ سانى نەچچە ھەسسە ئارتىپ كەتتى.

زەھەردە سۇغۇرۇلغان ئوقيالارنىڭ تەڭلا ئېتىلىشى بىلەن خۇددى كۆك يۈزىنى پۈتۈنلەي قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەندەك قورقۇنچلۇق ھالەت شەكىللەندى. مۇجاھىدلارنىڭ كۆپ قىسمى يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقيالارنىڭ تۇنجى زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، پاتىپاراق بولۇپ ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىدى. بىراق ئاسماندىن ئۆلۈم يامغۇرى يېغىۋاتقان ئۇرۇش مەيدانىدا پاناھلانغۇدەك كىچىككىنە يەرمۇ تاپقىلى بولمايۋاتقان، ھالاكەت يىرتقۇچلارچە ئېغىزىنى ئاچقان پېتى گۆكىرەپ كېلىۋاتقان، ھەتتا ئىسلامنىڭ قانچىلىغان قورقماس شىر يۈرەك مەرتلىرىمۇ ئامالسىز مەيداندىن يۈز ئۆرۈشكە باشلاۋاتقان ئەنە شۇنداق ۋەھىمىلىك پەيتلەردە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەدەملىرى ئۆز ئورنىدىن قىمىرمۇ قىلماي مەھكەم قادىلىپ تۇرماقتا ئىدى. بىر تەرەپتە ھالاكەت كەلكۈنىنىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە ئۆزىنىڭ سۇنماس قاناتلىرى ھېسابلىنىدىغان پىداكار مۇجاھىدلارنىڭ پاتىپاراق بولۇپ قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلچە تەۋرىنىپ قالماستىن، يېغىۋاتقان ئوقيالار ئارىسىدا بەھەيۋەت تاغدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ مۇقەددەس جامالىدىن غەم ـ ئەندىشە، ھەيرانلىق دېگەننىڭ زەررىچە ئەسىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، بەلكى ئۇنىڭ جامالىدا پەۋقۇلئاددە خاتىرجەملىك بىلەن ئەيمىنىشلىك تەمكىنلىكنىڭ مۇقەددەس نۇرلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرماقتا ئىدى. گويا

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنى جىنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان پىداكار ھەمراھلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قېچىۋاتقانلىقىغا قىلچە قايغۇرمىغاندەك، ئۆلۈمگە پىسەنتمۇ قىلمايدىغان، شېھىتلىك ئارزۇسىدا پەرۋانە پىداكار مۇجاھىدلارنىڭ بۈگۈنكى بۇ ئەھۋالىغا زادىلا ھەيران بولمىغاندەك خاتىرجەم ئىدى.

دەرۋەقە، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇنداق قورقماس مەردانىلىقى دەل ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە بولغان قەلبىدىكى قەتئىي ئىشەنچتىن باشقا نەرسىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس ئىدى. بۇ ئىشەنچ ئۇنىڭ جامالىدا پەۋقۇلئاددە ھەيۋەتلىك تەمكىنلىكنى بەرپا قىلىپ، ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ جامالىدا پارلاپ تۇرغان تەڭداشسىز گۈزەللىك نۇرى، مەڭگۈ يېڭىلمەس كۈچكە ئايلىنىپ، ئىمان، ئىشەنچ، سەۋر، قانائەت، تەۋەككۈلچىلىك ھەم خاتىرجەملىكنىڭ ئەبەدىي نۇر چەشمىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

بۇ قېتىمقى چېكىنىشنىڭ سەۋەبى، سىنالمىغان يېڭى مۇجاھىدلارنىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىنمۇ؟ ياكى بىردىنلا ھەممە يەرنى ئۆلۈم دەھشىتى قاپلاپ كەتكەنلىكىدىنمۇ؟ مەيلى نېمىلا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەمدىكى مەسىلە «ئەجەبا چېكىنىش ئېقىمىدا ئىختىيارسىز ئېقىپ كېتىۋاتقان ئەزىمەتلەر پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاشۇ ئىشەنچ نۇرى ئاستىدا قايتىدىن بۇ ئۆلۈم كەلكۈنىگە قارشى پۇت تىرەپ تۇرالامدۇ، يوقمۇ؟ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جانبازلىرى ئۇنىڭ ئىشقىدا قۇربان بولۇش ئۈچۈن يەنە قايتىدىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ قايتىپ كېلەلەمدۇ، يوقمۇ؟ ئۇھۇد مەيدانىدىكى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇرۇلغان قىلىچلارنى پىداكار ئەزىمەتلەر يالىڭاچ قوللىرى بىلەن تۇتۇۋالغان... ۋەھشىيلەرچە ياغدۇرۇلغان ئوقيالارنى ئۆز كۆكرەكلىرى بىلەن توسۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئوقدانلىرىنى قۇرۇقدىتىپ قويغان... ئۆلۈم ھالاكىتى مىڭلىغان ئوق، نەيزىلەرنى ئىشقا سېلىپمۇ مۇجاھىدلارنىڭ قەلبىگە قىلچە قورقۇنچ سالالمىغان... ھەتتا ئۇنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتلىق لۇغەتلىرىدىن بىرەر مۇناسىپ سۆزنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان... ئاشۇ مۇقەددەس پىداكارلىقنىڭ مەنزىرىسىنى تارىخ ھۇنەيىن مەيدانىدا يەنە قايتا بىر قېتىم كۆرەلەمدۇ، يوقمۇ؟» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەتئىي ئىشەنچكە تولغان ھالدا، «ئى ئەنسارلار جامائەسى!» دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى.

ئۇلار تەرەپتىن ”مانا بىز تەييار، يا رەسۇلۇللاھ! مانا بىز تەييار!“ دېگەن پىداكارانە ئۈچمەس سادا ياڭراشقا باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سول تەرىپىدىكى مۇسۇلمانلارنى چاقىرىۋىدى، ئۇلاردىنمۇ ”مانا بىز تەييار، يا رەسۇلۇللاھ! مانا بىز تەييار!“ دېگەن ئالدىنقىدىنمۇ كۈچلۈك بىقارار سادا ياڭراشقا باشلىدى.

ئەتراپىدىكى بۇ ئازغىنا ئىنسانلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاجايىپ جۇشقۇن ھالدا ئاتتىن سەكرەپ چۈشكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مانا مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى! مانا مەن ئابدۇل مۇتەللىبنىڭ ئوغلى!» دېگەن ساداسى پۈتۈن ھۇنەيىن مەيدانىنى لەرزىگە سېلىشقا باشلىدى.

بۇنى ئاڭلاش بىلەنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆھتەرەم تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «كېلىڭلار، ئى ئەنسارلار كېلىڭلار! كېلىڭلار، ئى ئىسلام ئۈچۈن جاننى قۇربان قىلىشقا ئەھدى بەرگەن مۆمىنلەر كېلىڭلار! ئالغا ئىلگىرىلەڭلار!» دەپ توۋلىدى.

بىردىنلا چېكىنىپ قېچىۋاتقان ئىسلام لەشكەرلىرى روھلىنىپ، ئارقىغا بۇرۇلغانچە، ھەتتا ئات، ئۇلاغلىرى يېتىشەلمەي قالسىمۇ، سەكرەپ چۈشۈپ ئۆزى يۈگۈرۈپ كەتكۈدەك دەرىجىدە شىددەت بىلەن ئالغا ئېتىلىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. شېھىتلىكنىڭ بۇ مەستانە پەرۋانىلىرى ئۆلۈمنىڭ كۆزىگە كۆز سېلىپ تىكىلىپ قاراش ئۈچۈن ھەتتا مۇداپىئە قوراللىرىنىمۇ، قالقان، ساۋۇتلىرىنىمۇ چۆرۈپ تاشلاپ، ئوقيا يامغۇرىدا جىھاد شوئارىنى ياڭراتقىنىچە، شۇنداق تېز بوراندەك ئېتىلىپ يۈگۈردىكى، دۈشمەنلەرنىڭ گىرەلەشكەن پولاتتەك مۇستەھكەم سەپلىرىنى بىردەم ئىچىدىلا خۇددى ئەسكى كىگىزنى يىرتىپ تاشلىغاندەك پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. ھاۋازىن بىلەن سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئاتالمىش چەۋەندازلىرى بولسا، ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي، بەدەر تىكىۋېتىشتىن باشقا يول تاپالمىدى.

ئەمدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش تائىفنىڭ ئىنتايىن مۇستەھكەم قەلئەسى ئەتراپىدا داۋاملاشماقتا ئىدى. چۈنكى ھۇنەيىن مەيدانىدىن قاچقان ھاۋازىن بىلەن سەقىف قەبىلىسى تائىف قەلئەسىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان

ۋە سېپىل قوۋۇقىنى مەھكەم تاقاپ، ئۈستىدىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. ھۇنەين مەيدانىدا بىرىنچى قېتىملىق ئوقيا ھۇجۇمىنىڭ زەربىسىدە پات ـ پاراق بولۇپ چېكىنگەن ئىسلام قوشۇنلىرى مانا ئەمدىلىكتە، تائىف قەلئەسىنى قورشاپ، ئۈستىدىن يېغىۋاتقان ئوقيالارغا پەرۋاسىز سېپىلغا ياماشماقتا ئىدى. بۇ ھۇجۇم نەچچە كۈنگە قەدەر داۋاملاشقان بولسىمۇ قەلئەگە بۆسۈپ كىرىشكە ئىمكان بولماي، ئاخىرى ئىسلام لەشكەرلىرى ”جەئرانە“ دېگەن يەردە چېدىر ـ بارگاھ قۇردى.

شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمانلار قەلئەنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ ”جەئرانە“ گە يېنىپ كەلدى، ئەمما ئاللاھنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائىفنىڭ ئاشۇ قاباھەتلىك ئاسمىنىغا رەھمەتلىك دۇئالىرىدىن نۇر چېچىپ كەلگەن ئىدى.

قانخورلۇقنىڭ رەزىل ھېسسىزلىقى قەلئەنىڭ تۆتىلى ئەتراپىدىن مۇجاھىدلارغا رەھىمسىزلەرچە ئوق ياغدۇرىۋاتقان، ئۇلارنىڭ تەرسالىقىدىن جاق تويغان مۇجاھىدلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلتىماس قىلىپ، بەددۇئا قىلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان شۇنداق بىر پەيتتە، ھەر ئىككى ئالەم ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇلارغا ئەمەس، رەھمەت ئۈچۈن دۇئا قىلغان ئىدى.

شۇنداق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەت جەۋھەرلىرىنىڭ قانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ زېمىنىنى بويىماقچى بولۇۋاتقان ئاشۇ ياۋۇز ئىنسانلارغا دۇئا قىلغان ئىدى. قەلب تۇيغۇلىرى تاشتەك ھېسسىز، پولاتتەك قاتمال بولۇپ كەتكەن زالىملارغا دۇئا قىلغان ئىدى. پەيغەمبەرنىڭ قېنىنى ئىچىش ئارقىلىق ئىنتىقام تەشنالىقىنى قاندۇرماقچى بولۇۋاتقان ياۋۇز، ۋەھشىيلەرگە دۇئا قىلغان ئىدى.

شۇنداق، ئىنسانلار تەرىپىدىن سېلىنغان زۇلۇم ـ ستەملەرگە ئەمەس رەھمەت نەزىرى بىلەن باقىدىغان زات دۇئا قىلىۋاتماقتا ئىدى. جەھەننەمدە كۆيگۈچىلەرگە ئىچىنىپ، ئاللاھقا يېلىنىپ يىغلايدىغان زات دۇئا قىلىۋاتماقتا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مۇھەممەدگە زېمىندىن دەسسىگۈدەك يەر قالدۇرمايمىز» دەپ قەسەم قىلىشقان دۈشمەنلەر ئۈچۈن جەننەتنىڭ پايانسىز باغلىرىنى تىلىمەكتە ئىدى. مۇجاھىدلار غەزەپ ئوتىنى باسالماي ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، بەددۇئا قىلىشىنى تىلەۋاتقان

ئاشۇنداق پەيتتە، ھەر ئىككى ئالەمنىڭ رەھمىتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غۇلاچلىرىنى كەڭ ئېچىپ، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىدىن «ئى ئۇلۇغ پەرەۋردىگارىم! سەقىف قەبىلىسىنى توغرا يولغا باشلىغىن! ئۇلارنى مېنىڭ ئەمەس، دىنىڭنىڭ ئالدىدا باش ئەگدۈرۈپ، سەجدىكار قىلغىن!» دەپ ئۈنلۈك دۇئا قىلماقتا ئىدى.

دەرۋەقە، بىرەر ئۇلۇغۋار مەقسەت ئۈچۈن جاننى تەسەددۇق ئېتىش ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ قىيىن بىر ئىش. ئەمما جانغا دۈشمەن ئەبلەخلەرنىڭ خەيرلىكىنى تىلەش بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ مۈشكۈل، دىلكەش مەردانىلىقتۇر. گەرچە كامانلاردىن ئېتىلغان ئوقلار ماھارەتلىك ئوقياچىلارنى مەيۈسلەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما قەلب تىلىدىن ئېتىلغان دۇئانىڭ ئوقى زايە كەتمەستىن، دەل نىشانغا تېگىپ، ئىككى يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا تارىخنىڭ كۆز ئالدىدا بىر شانلىق ھەقىقەتكە ئايلاندى.

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، ئەمدىكى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قەلب لەۋھەسىدىن ئىنسانىي قېرىنداشلىقنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە كۆپپارلارغا بولغان ئېچىنىش، ئۇلارنى جەھەننەمنىڭ ئوتىدىن ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئاللاھقا يىغلاپ يالۋۇرۇش ھېسلىرىنى ئەسلا تاپقىلى بولمايدۇ. تېخى ئۆز يولىنى تېپىپ كېتىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلھامىغا رىغبەت بېرىپ، ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ بىلەن قىزغىنلىقىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ نىيەت، ئىقبال، ئەمەللىرىگە باھا قويۇپ، ئۆزىمىزگە كۈسار پىچالماي، خەقكە تون پىچىپ، يۈرمەكتىمىز. بۇ مەرەز بەلكىم ئادەم ئەلەيھىسسالام يېگەن چەكلەنگەن مېۋىنىڭ تەسىرىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن ياكى كېيىن ئۆزىمىز ۋۇجۇدىمىزغا يۇقتۇرۇۋالغان كېسەللىك بولسا كېرەك. ئۇ ھۇنەيىن مەيدانىدىن كېيىنكى ”جەئرانە“ مەيدانىدىمۇ بىر قېتىم ئۆزىنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

جەئرانە مەيدانىدا ئۇرۇش غەنىمەتلىرى تەقسىم قىلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ئالتە مىڭ ئەسىر، يىگىرمە تۆت مىڭ تۆگە، قىرىق مىڭدىن ئارتۇق قوي، ئۆچكە ۋە تۆت مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگىدىن ئىبارەت ئىدى. ئىنسانىيەتنىڭ دەردىگە دەرمان قىلىپ ئەۋەتىلگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىرلەرنىڭ دەردلىك چىرايىغا چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن باقماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىنسانىي قۇللۇقتىن ئازاد بولۇپ، ھەقىقىي

پەرۋەردىگارىنىڭ قۇللۇقىنى قوبۇل قىلىشنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئازاد قىلىش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ئىللىق باغرىدا ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى تاماشا قىلدۇرۇشقا ئالدىراۋاتاتتى. شۇڭلاشقا ھاۋازىن بىلەن سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئەسىرلەرنى ئازاد قىلىپ، ئىلىپ كېتىشىنى كۈتۈپ، غەنىمەت تارقىتىش ئىشىنىمۇ نەچچە كۈنگىچە كەينىگە سۈرۈپ تۇردى. ئەمما ھەقكە قارشىلىق قىلىشنىڭ مەغلۇبىيەت زەربىسىدە خۇدىنى يوقىتىپ قويغان دۈشمەنلەر ئۆز ئەسىرلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنىمۇ ۋاقتىدا ئورۇندىيالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى ئامالسىز غەنىمەتلەر مۇجاھىدلارغا تارقىتىلىپ بېرىلىشكە باشلىدى. غەنىمەتنى تەقسىم قىلىش ئىشىدىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ھېسسىي تۇيغۇلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىپ، يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەن، تېخىچە ئىسلامنىڭ كەرەملىك ساخاۋەتكارلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان مۇسۇلمانلارغا ھەممىدىن ئاشۇرۇپ تارقىتىپ بېرىلدى. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ دەسلەپكى قېتىم جىھاد قىلىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ تۇنجى قېتىملىق پىداكارانە ئىرىشچانلىقى پىسخىك جەھەتتىن ھىممىتىگە ھىممەت بېرىش ۋە رىغبەتلەندۇرۇلىشىنى تەبىئىي تەقەززا قىلماقتا ئىدى.

ئۇستى - ئۇستىلەپ مەغلۇبىيەت زەربىسىگە ئۇچرىغان شەيتان بۇنىڭغا قارشى دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، مۇناپىقلارنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق بىر تۈركۈم ئەنسار ياشلىرىنىڭ ئىدىيىسىدە «ئاللاھنىڭ رەسۇلى غەنىمەتنى تەقسىم قىلىشتا مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، مەككىنىڭ يېڭى مۇسۇلمانلىرىنى ئەلا بىلدى» دېگەن تەرەپبازلىق پىتنىسىنى سىڭدۇرۇشكە ئۇرۇندى.

ئاخىرى بىر قىسىم ياشلار ئۆزىنى باسالماي، «ئەجەبا بۇلار قىلىچلىرىدىن تېخىچە مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرى تامچىۋاتقان قانخور مەككىلىكلەر ئەمەسمىدى؟ شۇنداق تۇرۇپ، مەنپەئەتكە كەلگەندە ئۇلارنى، قىيىنچىلىققا كەلگەندە بىزنى چاقىرىدىغان بۇ زادى قانداق ئىش؟» دېيىشكە باشلىدى.

بۇ شەيتانىي ھېسسىياتنىڭ سادالىرى ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ كەلدى. ئىنسانىيەتنىڭ غەرەزسىز ئۇلۇغۋار مۇھەببىتى بولغان سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەمدىلىكتە، ئەڭ يېقىن دوستلىرى تەرىپىدىن قېلىنىۋاتقان ئاشۇنداق ئەشەددىي دىل ئازارىغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. ئەمما شۇنداقتىمۇ ئىنساندىكى ئىنسانىي ئاجىزلىققا

نەپرەت نەزىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن باقىدىغان كامالەتلىك پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنىڭ جاراھەتلەنگەن ھېسلىرىنى قەلبىگىلا دەپىن قىلىپ تاشلاپ، قانلىق قەلب ياشلىرىنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا، ئاجايىپ تەمكىن، ھەسرەتلىك ئاۋاز بىلەن ئەتراپىدىكى ئەنسارلاردىن «بۇگۈن مېنىڭ ھەققىمدە نېمىلەرنىڭ دېيىلىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى.

ئەتراپىدىكى مۆتىۋەر ئەنسارىلار قاتتىق ئېچىنىپ يالۋۇرغان ئاھاڭدا، «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ بىرقانچە يېشىنى توختاتمىغان سويىملارنىڭ قىلىۋاتقان سۆزلىرى. چوڭلاردىن ھېچ كىممۇ ئۇنداق گەپلەرنى قىلىپ باققىنى يوق» دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ چېدىردىن چىقتى. ئۇنىڭ مۇقەددەس جامالىدا ئۇلۇغلۇقنىڭ ئاجايىپ دىلكەش نۇرلىرى جىلۋىلەنمەكتە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن دەرھال ئەتراپىغا توپلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققانىيەت بىلەن ھېسسىياتنى ئۆز سۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ھالدا:

«ئەجەبا ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئازغۇنلۇقتا قېيىپ يۈرگەن چېغىڭلاردا مەن ئارقىلىق مۇھەببەت ۋە قېرىنداشلىقنىڭ يىمىرىلمەس نېمىتىگە سازاۋەر قىلمىغانمىدى؟ ئەجەبا ئاللاھ تائالا سىلەرگە نامراتلىقتا چۆكۈپ يۈرگەن چېغىڭلاردا مەن ئارقىلىق باي - باياشاتلىق ئاتا قىلمىغانمىدى؟» دەپ خىتاب قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سوئاللىرىغا جاۋابەن ھەر قېتىم توپ ئىچىدىكى ئەنسارلار «شۇنداق، رەسۇلۇللاھ راست ئېيتىدۇ، ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ بېشىمىز ئاللاھنىڭ تۈگىمەس ئېھسانلىرى ئالدىدا قەرزدار» دېگەن جاراڭلىق سادانى تەكرار - تەكرار ياڭرىتىشقا باشلىدى.

- ياق! بىردىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالى ھاياجانلىق تۈس ئالدى.

- ياق! سىلەر «ئى مۇھەممەد! سېنى كىشىلەر چەتكە قاققاندا، مانا بىز سۆزلىرىڭنى قوبۇل قىلغانلار ئىدۇق. سېنى كىشىلەر تاشلىۋەتكەندە، مانا بىز ھەمراھ بولغانلار ئىدۇق، سەن يېنىمىزغا قۇرۇق كەلگەندە، مانا بىز ياخشى كۈتكەنلەر ئىدۇق» دېيىشكىمۇ ھەقلىقسىلەر - دېدى.

ئەمدىكى چاغدا ھېسسىياتلىق كەيپىيات ئەڭ يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەلبىنى بۇنداق يېرىپ كۆرسىتىشىگە چىداپ تۇرالمىغان مىڭلىغان قەلبلەر جۇغۇلداپ تىترەپ كەتمەكتە ئىدى. مىڭلىغان كۆكرەكلەر ئۆزىنى باسالماي يېرىلغۇدەك بولۇپ، كۆزلەردىن ياشلار قويۇلۇپ كېتىپ باراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئۆركەشلەۋاتقان شىددەتلىك ھېسسىيات دولقۇنىنى ئاران بېسىپ، بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن يەنە خىتاب قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا ھېسسىيات جۇشقۇنى ئەمەس، مۆتىدىللىك ۋە ئاجايىپ بىر خاتىرجەم تەمكىنلىك ئەكس ئەتمەكتە ئىدى.

ـ مەيلى سىلەر شۇنداق دەۋىرىڭلار، مەن سىلەرگە «ھەئە، راست دەيسىلەر» دەپ جاۋاب بېرىۋېرىمەن. ئەمما ئى ئەنسارىلار جامائەسى! شۇنى ئويلاپ بېقىڭلاركى، بۇلار غەنىمەت، تۆگە، ئۆچكىلەرنى ئېلىپ كەتسە، سىلەر مۇھەممەدنى ئېلىپ كەتسەڭلار ئەرزىمەسمۇ؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئاخىرقى سۆزىنىڭ ساداسى تېخى مەيداندىن ئۆچمەي تۇرۇپلا ئىسلام لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئەلەملىك نىدالارنىڭ قاتتىق ھا ـ ھۇ قىلغان ئاۋازلىرى ياڭراشقا باشلىدى. بۇ قەلبلەرنىڭ نادامەتتىن يېرىلىپ كېتىۋاتقان ئاۋازى ئىدى. ئەقىدە، ئىخلاسنىڭ شىددىتىدە قەلب تىللىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان پەرياتنىڭ ئاۋازى ئىدى. پۈتۈن جامائەتنىڭ روھى لەرزىگە كېلىپ، ياشلار ئۇن سېلىپ يىغلىغانچە دىر ـ دىر تىترىمەكتە ئىدى. قېرىلار خۇددى گۆدەك باللاردەك تېلىقىپ، ھۆكىرەپ يىغلاپ، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياقلىرىغا تاشلانماقتا ئىدى. ساقاللاردىن ياشلار سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان، قەلب دولقۇنلىرى تېزلىشىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدلار لاغىلداپ تىترەپ كېتىۋاتقان ئىدى.

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ جانباز، جانىسار، پىداكار پەرۋانىلىرى تىترەپ كېتىۋاتقان لەۋلىرى بىلەن ۋە ياشلار قويۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرى بىلەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ دىلناۋاز جامالىغا باققىنىچە «بىزگە ھېچنەرسە ئەمەس، مۇھەممەد كېرەك! بىزگە ھېچ نەرسە ئەمەس، مۇھەممەد كېرەك!» دەپ ئۈنلۈك تۋۋلاشقا باشلىدى.

ئىككىنچى كۈنى ھاۋازىن بىلەن سەقىف قەبىلىسىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز ئەسىرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ئۆزگە تېگىشلىك بولغان بارلىق ئەسىرلەرنى ئازاد قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ پىداكار ئەگەشكۈچىلىرىمۇ ئۆزگە تېگىشلىك مىڭلىغان ئەسىرلەرنى ئازاد قىلىپ، ئىلگىرى ئاشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان غەنىمەتلەردىن قول ئۈزدى.

قانچىلىغان ئەسىرلەر بويى جاھالەت، ئاسىيلىق ۋە ياۋۇزلۇقنىڭ قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاشۇ ئىنسانلارنىڭ قاتمال قەلب ھېسلىرىنىمۇ كېچىككىنە ئىماسى بىلەنلا ھەرىكەتكە سالالايدىغان، ئاھ! ئۇ نېمە دېگەن ئۇلۇغ، يۈكسەك كىشىلىك ئوبراز ھە؟!

ئاھ! قېنى كىم بۇ تارىخنى ئوقۇپ، ئىختىيارسىز توۋلىغانچە «مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى. مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئىسلام قانداقتۇر زېمىننىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئەمەس، پەقەت خالىس ساماۋى ئىنقىلابنىڭ چاقىرىقىدۇر. مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەر بىر ئاياق ئىزلىرىنى قەلب قانلىرىم بىلەن نۇرلاندۇرۇش ۋە شۇ يولدا مېڭىپ شۇ يولدا ئۆلۈشتىن باشقىسى ھاياتلىق ئەمەس» دەۋېتەلىسۇن؟!

بىز ئەسلىدە دەل ئەنە شۇ گۇۋاھلىقنى بېرىش ئۈچۈن دۇنياغا كەلتۈرۈلگەن ئىدۇق. بىراق ئەمدىلىكتە شۇنداق ئەمەلىي گۇۋاھلىقنى بېرەلمەسلىكنىڭ ئەڭ قەبىھ جىنايەتكارىغا ئايلىنىپ قالماقتىمىز. شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز ”مۇسۇلمان“... يەنىلا بىز ”مۇسۇلمان“...

ئاھ خۇدا! بىر قېتىم بولسىمۇ ھەقىقىي تۇردە ئويلاپ باقساق ئىدۇق كاشكى، بىز راستىنلا ”مۇسۇلمان“مۇ؟

## بىز ۋە ئۇلار

مەئمۇن مۇئتەسىمبىللاھنىڭ دەۋرىدە بىدئەت ۋە زۇلۇمنىڭ قارا تىرناقلىرى دىنىنىڭ جامالىغا يارا سېلىش ئۈچۈن رەزىل تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسىتىپ: ”قۇرئان خالىقمۇ ياكى مەخلۇقمۇ؟“ دېگەن تارىختىكى ئەڭ قەبىھ پىتنىنى مەيدانغا چىقارغان، ياۋۇز ھۆكۈمەت ھەقنى سۆزلىگۈچى تىللارنى توختىماي كېسىپ، «ھەق دېمەك، ئۆلۈم دېمەكتۇر» دېن ئىبارەت يىرگىنچلىك شوئارىنى جار سېلىۋاتقان، ئالجىغان ھۆكۈمدارلار قانغا بويالغان قامچا، دەررىلىرى ۋە تۆمۈر كىشەنلىرى بىلەن، شاھلىقىنىڭ قورقۇنچلۇق ئەپتىنى سۇر كۆرسىتىپ، ئاللاھتىن قورقۇشنىڭ يوللىرىنى ئادەمسىز قالدۇرىۋاتقان، جىھاد ۋە ۋىجدان لەشكەرلىرى قورقۇنچاق توخۇ يۈرەكلەر دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئىسلامىي روھتىن خالىي، ئەمما ئۆزلىرى مۆمىن بىچارە خەلقلەر پۈتۈن ئۆلىمالىرىنىڭ جان باقتىلىق كوچىسىدىكى سۈكۈت بۇلۇڭلىرىغا كىرىۋېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقان، جاسارەتتىن خالى پۈتۈن قەلبلەردىن «ئاھ! ئارىمىزدىن ھەقنى ھەق، باتىلنى باتىل دەيدىغان بىرسى چىقسىكەن كاشكى!» دېگىنىچە ئەتراپقا تەلمۈرۈپ كۆز تىكىۋاتقان بىر مەزگىلدە، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغۋار بىرلا بەندىسى بېشىغا كېپەننى ئوراپ، جاننى ئالىقانغا ئېلىپ، ھەققانىيەتنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازىنى ياڭراتقىنىچە جاسارەتخور، شىجائەتيۈتار يالماۋۇزلارغا تولغان خەتەرلىك جىھاد مەيدانىغا يالغۇزلا كۆكرەك كېرىپ سەكرەپ چۈشكەن ئىدى. ئۇنىڭ تىللارغا داستان، قەلبلەرگە ۋۇلقان، ئۆچمەس شەرەپلىك نامى دەل ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ ئىدى.

شۇنداق... زۇلۇم ھەم ۋەھشانىيەتنىڭ قارا قۇيۇنلىرى ئىچىدە

ھەققانىيەت مەشئىلىنى ئۇچۇرمەي ياندۇرۇشنىڭ يولىنى ئۆگەتكەن ئەنە شۇ ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ ئىدى. گەرچە ئۇ تەنھا بولسىمۇ زالىم ھۆكۈمدارلارغا قارشى جەڭ ئېچىش ئۇچۇن ئۆزى يالغۇز مەيدانغا چىققان ئىدى. ھەممىنى سەجدە قىلدۇرىۋاتقان شاھلىق قەھرىنىڭ تاغدەك ھەيۋەتلىك بۇتىغا، پەقەتلا ئالالھتىن قورقۇشنىڭ جاسارىتى بىلەن ئېتىلغانچە بېرىپ، بىرلا زەربىدە چۇل - چۇل قىلىپ تاشلاش ئۇچۇن ھەتتا ئۆزىنىڭ پارە - پارە بولۇپ كېتىشىگىمۇ پۈتۈنلەي رازى ئىدى.

ھۆكۈمدارنىڭ مەككار قاپاقلىرى غەزەپ، ئىنتىقام بىلەن تۇرۇلدى. غەزەپلىك بىرلا گۈلدۈرلەشتىن كېيىن كۈچتۈڭگۈر ھۆكۈمەت بىلەن ئاشۇ تەنھا مۆمىننىڭ ئوتتۇرىسىدا تارىختىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق، ئەمما ئەڭ شانلىق ئىمانىي ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. دەۋرنىڭ بۇ كاتتا ئىمامى پولات زەنجىرلەر بىلەن پۈتۈن ئەزايى كىشەنلىنىپ سۆرەلگىنىچە ياۋۇز پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۆلۈم ھەم ھالاكەت ئىمامغا ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق پەيتتىمۇ ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھنىڭ چىرايىدا ئاجايىپ تەمكىن جاسارەتلىك ئىپادىلەر جىلۋىلەنمەكتە ئىدى.

ئەجەبا بۇ ھەربىر مۆمىننىڭ قەلبىدە جۇش ئۇرۇپ تۇرۇشى ۋاجىپ بولغان ھەققانىيەت يولىدا شېھىت بولۇشنىڭ ئارزۇسى ئەمەسمىدى؟ ئەجەبا بۇ زۇلۇم قىلىپ ئۆزگىنى يوقاتماقچى بولغانلارنىڭ ئۆزىنىلا يوقىتىپ تاشلايدىغان بەندىچىلىكنىڭ جاسارىتى، ئاجىزلىقنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈچ - قۇدرىتى ئەمەسمىدى؟ ھەردائىم ئالالھنىڭ رازىلىقى ئۇچۇن دۇنيانى نارازى قىلمىسا بولمايدىغان پىداكارلىقنىڭ مۆمىنلەرگە دىلرەبا، ئەمما دۈشمەنلەرگە نەشتەردەك قايناق ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىسى ئەمەسمىدى؟ مەيلى ئۇ جىلۋىگەر مىسلىسىز ئىپادىلەرنى نېمە دەپ ئاتىۋالساڭلار ئاتىۋېلىڭلار، ئەمما ئەينى چاغدا ئۇنى كۆرگۈچىلەر ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھنىڭ شۇنچە چىدىغۇسىز قىيىن - قىستاقلار ئالدىدا گوياكى ئۆزى بۇ دۇنيادا يوقتەكلا پىسەنت قىلماستىن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىدى. چۈنكى ئالالھنىڭ رىزاسى ئۇچۇنلا دەس تۇرغان ئىمامغا نىسبەتەن دۇنيانىڭ پۈتۈن ئازاب، ھالاۋەتلىرى ئاللىبۇرۇن ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ بولغان ئىدى.

نېمە دېگەن ئېغىر ئىمتىھان، نېمە دېگەن ئۇلۇغ غەلىبە! مۇبارەك رامىزاننىڭ جاپالىق كۈنلىرى ئىدى. پولاتتەك ئىرادىنىڭ مۇجەسسەمى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ ئېغىزىغا سۇ، ياكى بىرەر تال گىياھ سالماستىن روزا تۇتۇپ كېتىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە ھەتتا پىلنىڭ دۈمبىسىگە تەگسىمۇ چىقىراتماي قالمايدىغان قامچىلار ئۇنىڭ بەدەنلىرىدىن توختىماي قان چاچراتماقتا ئىدى. بىرىنچى جاللات ھېرىپ توختىسا، ئىككىنچىسى قامچىلاش ئۈچۈن تەييار تۇراتتى. ئەمما ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ قامچا يەپ يا ھارمايتتى ياكى سۆزىدىن يانمايتتى. ھەتتا تېرە، گۆشلىرى تىتىلىپ قامچا سۆڭەككە يەتكەن چاغدىمۇ بىرەر قېتىم ”ۋايجان“ دەپ سالمايتتى. نە ئاھ ئۇرمايتتى، نە تىللاپ ھاقارەتلەپمۇ كەتمەيتتى. گويا دەرتتىن ۋايساشنىمۇ دەرتنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرگەنلىك دەپ ھېس قىلاتتى. بەدىنى ئاغرىققا چىدىماي ئايلىنىپ يېقىلغان چاغلىرىدىمۇ ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان سادا پەقەتلا «كىتابۇللاھ!... سۈننەتى رەسۇلۇللاھ!» دېيىشتىن باشقا بولمايتتى.

- قېنى ئەمدىغۇ بىر نەرسە دەيدىغانسەن؟!.

پادىشاھ شۇنداق دېگىنىچە پۈتۈن ئەزايى قانغا بويىلىپ تۇرغان ئىمامنىڭ ئالدىغا ئۆزى كېلەتتى. «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سېنىڭ غەيرىتىڭگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن. مەن پەقەت بۇ مەسىلىدە سۈكۈت قىلىشقا ماقۇل بولۇشىڭنىلا كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن. قوللىمىساڭمۇ ھېچ بولمىغاندا قارشى تۇرمىساڭ، مانا مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا زەنجىر، كىشەنلىرىڭنى ئۆز قولۇم بىلەن يەشىۋېتىشكە تەييارمەن»

چىدۇغۇسىز ئازابلار ئىچىدە ئېزىلىۋاتقان ئىمام پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى - يۇ، ئەمما تەلەپلىرىنى ئىتتىرىپ تاشلاپ، كۆزلىرى گويا شاھنىڭ شەپقىتىنى ئەمەس، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئىزدەۋاتقاندەك كۆككە بۇرىلاتتى. يەنە بىرئازدىن كېيىنلا گويا چەككەن زۇلۇملىرىنىڭ شېرىن سەمەرىسىنى قەبىر بىلەن بەرزەخ ئالەمىدىن ئاختۇرۇپ كۆرمەكچى بولۇۋاتقاندەك زېمىنغا تىكىلەتتى. پادىشاھقا تىكىلگەندە بولسا، خۇددى پادىشاھقا ئەمەس، بەلكى بىر جانسىز سايىغا تىكىلگەندەك مەنسىتمەي كۆزىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ قارايتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئېغىزىدىن روھىنىڭ پۈتۈن چۇقانلىرىنى، جىسمىنىڭ بارلىق

ئاچچىق ئەلەملىرىنى ئۆزگە مۇجەسسەم قىلغان، شاھلىقنىڭ تاجۇ ـ تەختىنى تەۋرىتىپ، ئاللاھقا بولغان ئاجىزانە بەندىچىلىك ئاداسى بىلەن شاھىنشاھىيەتنىڭ سالاپەت، ئابرۇي ئىمارەتلىرىنى كۇمپەيكۇم قىلىپ تاشلىيالايدىغان يەنە ئاشۇ جاراڭلىق سادا ياڭرايتتى. . .

ئىمام قىلچە تەمتىرىمەستىن، «مېنىڭ دەيدىغان باشقا گېپىممۇ يوق، ھەم باشقا گەپنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمايمەن. پەقەت بىرلا تەلىپىم بار، قېنى سەن "قۇرئان مەخلۇق" دېگەن سۆزۈڭنى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بىلەن چۈشەندۈرۈپ باقمامسەن، شۇنداق قىلالىساڭ شۇ ھامان ساڭا قايىل بولىمەن. سۆزۈڭمۇ قەلبىمگە ئورنايدۇ» دەپ جاۋاب قايتۇراتتى.

غەزەپلەنگەن پادىشاھ كۆيۈنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، «سەن زادى نېمىشقا شۇنچە چىڭ تۇرىۋالىسەن؟ باشقا ئۆلىمالارمۇ ئۆزگە شەرئى يول چىقىرىپ سۈكۈت قىلىشنى تاللىۋالدىغۇ؟» دېيىشكە باشلايتتى.

ئىمام قاتتىق چېچىلغان ھالدا «بۇ ماڭا دەلىل بولالمايدۇ. ماڭا دەلىل كېرەك. چۈنكى مەن ساڭا ئەمەس ئاللاھقا جاۋاب بېرەلىشىم لازىم» دەيتتى.

پادىشاھ بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھامان يەنە ئەسەبىيلىشىپ، چالۋاقىغانچە ئالدىراش چىقىپ كېتەتتى. ئاندىن يەنە دەررە، قامچىلار توختىماي داۋاملىشاتتى. ئىمامنىڭ جىسمى ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەي قالغۇدەكلا بولسا، يەنە شۇ «كىتابۇللاھ! سۈننەتى رەسۇلۇللاھ!» دېگەن ساداسىنى توختىماي ياڭرىتاتتى. بۇنى كۆرگەن جاللاتلارنىڭمۇ ئەلەمدىن كۆزلىرى قىزىرىپ، ئۆپكىلىرى ئېغىزىغا تاقىشىپ قالغاندەك بولاتتى.

دەررىلەر بەلىنىڭ تېرىسىنى شىلىۋېتىپ بولغان، زەنجىرلەر جىسمىدا قانلىق ئورەكلەرنى ياساپ بولغان، شۇنداقتىمۇ يىمەي، ئىچمەي روزا ئۇستىگە روزا تۇتۇپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئېغىر ئازابنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان. ئەمما ئىمامنىڭ سۇباتلىق قەدەملىرى ئۆز مەيدانىدىن غېرىچ مىقدارى قىمىر قىلمايۋاتقان، قارارىدا قىلچىلىك يۇمشاش بولمايۋاتقان، ئەنە شۇنداق قەتئىي ئىرادە، جاسارەت بىلەن باتىل پادىشاھقا قارشى قەتئىي جىھاد قىلىۋاتقان، پۈتۈن شەھەردە غۇلغۇلا، ئىلىم، ھېكمەت سورۇنلىرىدا ئىمامنىڭ چېكىۋاتقان ئازابلىرىغا

ماتەم تۇتۇلىۋاتقان، ئازابلىنىپ يىرىلغۇدەك بولغان مىڭلاپ كۆكرەكلەر، غەم بىلەن ياشلىنىپ قىزارغان كۆزلەر، ئاخىرى ئىمامنىڭ ئەلىمگە بەرداشلىق بىرەلمەي زىندانغا ئۆلىمالاردىن ۋەكىل ئەۋەتكەن ئىدى.

«خۇدالىق ئۈچۈن ئۆزلىرىگىمۇ ۋە بىزگىمۇ ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، شەرىئەتتە بۇنداق نازۇك شارائىتلارغا قارىتىلغان رۇخسەتمۇ بار، ئەگەر ئۇنىڭدىن پايدىلانسىلىرى زادى نەرى يامان؟» ئۇلار شۇنداق ئىلتىجا قىلىشماقتا ئىدى.

ئىمام ئازابتىن ئىچىشىپ ئاغرىۋاتقان قەددىنى رۇسلاپ، «ئونۇتماڭلاركى، شەرىئەتتە رۇخسەتلا ئەمەس، ۋىجدان ۋە جاسارەتمۇ بار. ئەگەر مەنمۇ رۇخسەتنىڭ يولىنى تۇتسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان كىم قالىدۇ؟ ئەينى چاغدا ساھابىلەر شىددەتلىك قىيىن قىستاقلاردىن شىكايەت قىلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ”سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۆمىنلەرنىڭ باشلىرى ھەرىدىلەتتى، بەدەنلىرى ئوتۇننى يارغاندەك يىرىپ تاشلىناتتى، ئاشۇنداق ئىغىر زۇلۇملارمۇ ئۇلارنى ھەقنىڭ يولىدىن ياندۇرالمىغان ئىدى“ دىمىگەنمىدى؟» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

دەرۋەقە، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھمۇ ئاشۇ ئۆلىمالارغا ئوخشاشلا ھاياتلىق ھەم خاتىرجەملىكنى سۆيمەي قالمايتتى. ئەمما پەرق شۇ يەردىكى، ئۆلىمالار شەرئى رۇخسەتنىڭ باھانىسى ئاستىدا پاناھلىنىپ، بۇ پانى دۇنيادا تۆت كۈن بولسىمۇ خاتىرجەم ياشىۋېلىشنى خالايتتى. ئەمما ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ «ھاياتلىق ۋە خاتىرجەملىك دىگەن پەقەتلا ئاخىرەتتىكى بەختىيارلىقتۇر. دۇنيادا ھىچكىممۇ ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ھامان بىر كۈنى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېپەنلەنمىسە بولمايدۇ» دىگەن قەتئىي قارارغا كېلىپ بولغان ئىدى. ئۇلار ئىمامنىڭ چەككەن ئازابلىرىغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقان بولسا، ئىمام ئۇلارنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى سايىزارلىقنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئەسلى مەنزىلنىڭ مەڭگۈلۈك قارارگاھىنى خەتەرگە ئىتتىرۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت چۈشكۈن ھالىغا قايغۇرۇپ ياش تۆكمەكتە ئىدى. ئاخىر ئۇلار ھەممىسى قايتىپ كېتىشتى. ئىمام شۇ چاغدا ئۆزى بىلەن پەقەتلا بىر ئاللاھنىڭ قالغانلىقىنى، بەدەنلىرىدىكى ھەر بىر زەخمىنى ئاللاھنىڭ ئۆز رەھمىتى بىلەن سىلاپ، مەلھەم

سۈركەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

بىر كۈنى خۇددى ئىلگىرىكىدەكلا دەررە، قامچىلار ئۇنىڭ تېرىسىنى تېتىپ، گۆشلىرىنى تېلىشقا باشلىدى. بۇ دەل بىرقانچە يۇتۇم سۇ ئىچىش بىلەنلا سوھۇرلۇق يەپ رامىزان روزىسىنى تۇتقان كۈن ئىدى. ئىمام قاتتىق ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن بەرداشلىقىنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن تاياق ـ توقماققا بولالماي، ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى، ھەتتا جان ئۈزۈشكە تاسلا قالغان ئىدى. ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپ قارىغىنىدا، بېشىدا بىر توپ كىشىلەرنىڭ سۇ كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار «شەرىئەتتە بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىنغان، بۇنداق شارائىتتا سۇ ئىچىپ جاننى ساقلاش لازىم» دېيىشكىنىچە ئىمامنى شەرىئەتتىكى رۇخسەتتىن پايدىلىنىشقا قىستاۋاتماقتا ئىدى.

ـ ياق، مەن ھەرگىز روزامنى بۇزمايمەن.

ئاللاھنى ئۆز جېنىدىنمۇ بەك سۆيىدىغان مۇجاھىد ئىمام شۇنداق جاۋاب قايتۇردى. يېرىمجان جىسمىنى تەستە كۆتۈرۈپ شۇ يەردىلا سەجدىگە باش قويدى ۋە چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن ناماز ئوقۇشنى باشلىۋەتتى.

ئاخىرى ئاشۇ ئادەتتىكى بىر پۇقرا بىلەن پادىشاھ ئوتتۇرىسىدىكى ھەق ـ ناھەق ئۇرۇشىدا، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگىلا تايانغان ئۇ ئاجىز كىشى ئۇتۇپ چىقىپ، ھۆكۈمىتىگە ۋە لەشكەر، قوراللىرىغا ئىشەنگەن پادىشاھ مەغلۇپ بولدى. ئاللاھنىڭ ئۆلۈم پەرىشتىلىرى كېلىپ پادىشاھنىڭ جېنىنى ئالدى. پايىتەختنىڭ تاش، تۆمۈر پولات ئىشىكلەر بىلەن قاپلانغان تاملىرى يىقىلدى. ئىلگىرىكى پادىشاھنىڭ ئورنىغا، مۇئەككەل پادىشاھ بولدى. پۈتۈن قەلبلەرنى ئۆزى خالىغان تەرەپكە بۇرايدىغان مېھرىبان ئاللاھ يېڭى پادىشاھنىڭ قەلبىنى ئىمامغا بولغان ئەقىدە ۋە مۇھەببەتكە تولدۇردى. زىنداننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى. زەنجىر، كىشەنلەر يېشىلدى. دەررە يامغۇرى توختاپ، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ غالىبانە، ئەمما كەمتەرانە سالماق قەدەم بىلەن زىنداندىن چىقىپ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئىلگىرى قەھرى ـ غەزەپىنىڭ قارا قۇيۇنلىرى چىققان شاھ ئوردىسىدىن ئەمدىلىكتە ھۆرمەت، ئېھتىرامنىڭ مەيىن شاماللىرى چېقىشقا باشلىغان ئىدى. قەدەم ـ قەدەمدە ئەقىدەتمەنلىرىنىڭ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشاتتى. كىشىلەرنىڭ قەلب، كۆزلىرى ئۇنىڭ يولىغا پاياندار ئىدى. پۈتۈن خەلقنىڭ

خۇشاللىق كۆز ياشلىرى ئارىسىدا، تەبرىكلەپ، قۇتلۇقلاشلىرى ئىچىدە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ ئىككى رەكئەت شۈكرى ناماز قىلىش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى.

دەۋر پادىشاھىنىڭ قەلبىدە ئىمامغا بولغان مۇھەببەت كۈنسېرى ئاشماقتا ئىدى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن پۈتۈن خەلقنىڭ شاتلىقى كۆزلىرىدىن تېشىپ تۇراتتى. ئەمما ئىمامچۇ؟ ئۇ خاتىرجەملىكنىڭ بىر تىنىقىنى بولسىمۇ تىنالىدىمۇ؟ ياق، ئەكسىچە پۈتۈنلەي باشقىچە ئەھۋالغا كېلىپ قالغان ئىدى. چۈنكى شاھ ئوردىسى تەرەپتىن قىلىنىۋاتقان ئەمدىكى ئىززەت - ئىكرامغا نىسبەتەن ئىلگىرى قىلىنغان جەبرى - زۇلۇملاردىمۇ چەكمىگەن ئېغىر ئازابنى چېكىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىزتىراپلىرى كۈنسېرى ئېشىپ، ھەتتا قورقۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى.

- سىلى خۇددى بىر نەرسىدىن ئەنسىرەپلا يۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدىلا، ھالبۇكى پادىشاھ سىلىگە شۇنچە كۆڭۈل بۆلىدىغۇ؟!

ئىمام بۇ سوئالغا شۇ قەدەر ھەيران ئىدىكى، ھەتتا سوئال سوراۋاتقانلارنىڭ ھەيرانلىقىنىمۇ ئارقىدا قالدۇرۇپ قويغان ئىدى. ئاخىرى ئىمام بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپ، «بۇ دېگەن ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك ئېغىر سىناق. ئەجەبا سىلەر دۇنيانىڭ زۇلۇم - سىتەم ئارقىلىق باسالمىسا شەپقەتو - كەرەم ئارقىلىق سېتىۋېلىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ ئىلگىرىكىسى دىنىنىڭ پىتنىسى ئىدى، ھازىرقىسى دۇنيانىڭ پىتنىسى. دۇنيانىڭ پىتنىسى...» دېدى.

بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپلا ناھايىتى چوڭقۇر بىر ئۇيغا پېتىپ كەتتى. ئەينى چاغدا دۇنيا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىنى ئۇتماقچى بولۇپ ياسىنىپ - جابدۇنۇپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھەر ئىككى قولى بىلەن توختىماي يېرىققا ئىتتىرگەن، شۇ چاغدا دۇنيا، «سەنغۇ مەندىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيسەن، ئەمما سېنىڭدىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ مەندىن قۇتۇلۇپ قالالىشى بەسى مۇشكۈل» دېگەن ئاشۇ چاغلارنى ئەسلەۋاتاتتى.

دەل مۇشۇنداق سەۋەپلەردىنلا ئۇ دائىم ئىززەت - ئىكراملاردىن قېچىپ تۇراتتى. ئاللاھتىن قالسىلا ئۇنىڭ ئەڭ مىننەتدار بولغان ۋە

دائىم تەشەككۈرلۈك تۈيغۇلىرى بىلەن ئەسلەپ تۇرىدىغان ئادىمى پادىشاھ ئەمەس، بەلكى ”ئەبۇل ھەيسەم“ ئاتلىق گۇمنام بىر كىشى ئىدى. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ ھەربىر نامازدا شۇ كىشىگە دۇئا قىلىپ، «ئى ئاللاھ! ئەبۇل ھەيسەمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئەبۇل ھەيسەمگە رەھمەت قىلغىن» دەپ تىلەيدىغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدى. ئاخىرى ئۇ دادىسىدىن «جېنىم ئاتا! بۇ ئەبۇل ھەيسەم دېگەن ئۇلۇغ كىشى زادى كىم؟» دەپ سورىدى.

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ بۇنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ كېچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن ئاستا بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئوغلىغا: «ئۇ بىر ئوغرى ئىدى» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

- ئوغرى! ئوغۇل ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپلا قالغان ئىدى.

- شۇنداق، ئۇ بىر ئوغرى ئىدى، مېنىڭ زۇلۇم چەككەن چاغلىرىمدا ئىرادەمدىن يانماي مەھكەم تۇرالىغانلىقىم ئۇنىڭ ئىككى ئېغىز سۆزىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. مەن زىندانغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقىنىمدا ئۇ ماڭا يول ئۈستىدە ئۇچرىدى ۋە ناھايىتى دەردلىك ئاۋازدا ماڭا خىتاب قىلىپ، «بىلەمسەن، مەن بىر ئوغرى. ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن نۇرغۇن قېتىم تۇتۇلدۇم، ساناقسىز دەررە، زىندانلارنى باشتىن كەچۈردۇم. پەقەت بىلىمگە ئۇرۇلغان دەررىلەرنىلا ساناپ كەلسەم، ئون سەككىز مىڭدىن ئاشىدىكەن، ئەمما شۇنداقتىمۇ مەن ھېچ قاچان ئىرادەمدىن يېنىپ باقمىدىم. ھەر قېتىم زىنداندىن چىقسام ”يەنە چوقۇم ئوغرىلىق قىلىمەن“ دېگەن قەتئىي نىيەت بىلەن چىقتىم. مېنىڭ بۇنداق ئىرادىدىكى مۇستەھكەملىكىم پەقەتلا دۇنيادىن ئىبارەت رەزىل نەرسە ئۈچۈن ئىدى. ئەمدى سەن ناۋادا ئاللاھ ئۈچۈن شۇنچىلىك جاسارەت كۆرسىتەلمەي قالساڭ، مەن ساڭا مىڭ ئەپسۇس ئوقۇيمەن، مىڭ ئەپسۇس» دېدى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى خۇددى ئوقيادەكلا ئۇدۇل قەلبىمگە تەگدى. ھەر قېتىم شۇ سۆزلەرنى ئويلىسام «مەن ئاللاھنىڭ رىزالىقى يولىدا ئاشۇ ئوغرىدىنمۇ ئىرادىسىز بولۇپ قالسام بولماس» دېگەنلەرنى ئويلاپ سوغۇق تەرگە چۆمۈپ كېتەتتىم.

* * * * * * * * * *

بۇ شۇنداق بىر دەۋرنىڭ ھېكايىسى ئىكەنكى، ئۇ چاغلاردا كۆكرەكلەردىكى ئىمان يالقۇنلىرى بىر ئوغرىنىڭمۇ ئىككى ئېغىز دەردلىك

سۆزى بىلەن تارىخنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار مۇجاھىد ئىماملىرىنى پەيدا قىلالايدىغان دەرىجىدە لاۋۇلداپ يېنىپ تۇراتتى. ئەمما ئەمدىچۇ؟ ھازىر گەرچە سان ـ ساناقسىز قەلەملەر، سان ـ ساناقسىز ئاۋازلار، سان ـ ساناقسىز ئېغىزلار ئاشۇ سۆزنى قىلىپ، ئاشۇ سۆزنى يېزىپ، ئاشۇ سۆزنى توۋلاپ يۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئارىمىزدىن ھەقىقىي مۇجاھىد، ئىماملارنىڭ چىقىشى ناتايىن ھالغا كېلىپ قالماقتا. ساپلا دېگۈدەك راھەتپەرەس، نەپسانىيەتنىڭ قۇللىرى، بېشى نامازدا سەجدىدە تۇرۇۋېتىپ، قەلبى دۇنيانىڭ ھېساۋاتىدىن ئۈزۈلمەيدىغان، باتىل ھۆكۈمەتنىڭ يالىقىنى يالاپ ھارمايدىغان، ئېلىۋاتقان مائاشىنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقىنى ھېسابلىشىشقۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا تەخسىكەشلىكتە ئۆزگە خۇدا قىلىۋالغان ئاشۇ ھاكىمىيەتنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنى نارازى قىلىشتىنمۇ يالتايمايدىغان، ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، پەدىسىگە ئۇسۇل ئوينايدىغان، ئۇلارغا بوينى يۇمشاق ئىتائەتچان مۇسۇلمان پۇقرا تەربىيىلەپ بېرىش ئۈچۈن سەلىلەرنىڭ مۇقەددەسلىكى ئاستىدا خۇپىيانە شۇملۇقىنى قىلىپ يۈرىدىغان، ھەقنى بۇرمىلاپ، يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، ئۈممەتنى پارچىلايدىغان، مۇناپىق، زۇۋاندىراز، تۈزكورلار، شۇئارۋاز ساختا مۇجاھىد، ئوغرى ئىماملار، يالاقچى، ئارتىس موللىلار مەيدانغا كەلمەكتە.

ئەمما بىز ۋە سىلەر ھەممىمىز ئوخشاشلا تىرناق تاتىلاپ، بۇنداق ئەھۋاللارغا سۈكۈت قىلغانچە قاراپ تۇرماقتىمىز. ئېنىقكى، ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىشنى ئاللاھقا قىلغان ئاسىيلىق دەپ بىلگەن، ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنلا مىسلىسىز ئازابلارنى چەككەن ئەمما ئىرادىسىدىن قەتئىي يانمىغان ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ ھەقىقىي مۆمىن مۇجاھىد ئىدى، ھەتتا ئاشۇ ئەبۇل ھەيسەم ئاتلىق ئوغرىمۇ ھەقنى تونىغان مۆمىن ئىدى. ئەمما بىزچۇ؟ بىز زادى نېمە؟ قېنى ۋىجدانىمىزدىن سوراپ باقايلىكى بىز زادى ”مۇسۇلمان“مۇ؟

## ”ئەمىنۇل ئۇممە“

ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك دىنى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان كاتتا ساھابىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئىسلامنى مەھكەم باغرىغا باسقان چاغلاردا ئەسەبىي خىيىم - خەتەرلەرنىڭ شىددەتلىك بورانلىرى ئىسلامغا يېقىنلاشماقچى بولغانلا ئىنسانلارنى ئارقىغا ئىتتىرىۋېتىش ئۈچۈن بار كۈچىنى ئىشقا سېلىۋاتقان، ئىسلامغا يېقىنلىشىشنىڭ مەنىسى، پۈتۈن دۇنيادىن ئاجراپ كېتىش بولۇپ ھېسابلىنىدىغان بىر پەيت ئىدى. ئاخىرەتلىك ھاياتتا بەختىيار ماكان بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان ئەزىمەتلەر بولسا، دۇنيا ھاياتىغا پەرۋا قىلماستىن ئاجايىپ قىزغىن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ دەل ئاشۇ كارۋانلار سېپىدە مەۋجۇد بولۇپ، ئۇ ھەر ئىككى قولى بىلەن دۇنيانى يىراققا ئىتتىرىپ، ئاللاھ تەرەپكە ئۈزلۈكسىز سەپەرنى داۋام قىلىۋاتاتتى.

ئاسىيلىقنىڭ قان - يىرىڭ دولقۇنلىرى ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشتە ئىمان - ئىسلامنىڭ كېمىلىرىنى توسىۋالماقچى بولۇپ، بەدىر مەيدانىدا تۇنجى قانلىق جەڭ ئۈچۈن سىگنال چالغاندا، كىيىنكە ئورنىنى جىھاد ۋە ئۇلۇغلۇق مەيدانىغا كۆكرەك كېرىپ سەكرەپ چۈشكەن ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە قارشى قىلىچ ئۇرۇۋاتقان كىشىنىڭ باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى دەل ئۆز دادىسى ئىكەنلىكىنى كۆردى. گەرچە كاپىر دادىنىڭ قېنىنى تۆكۈش مۆمىن ئوغۇل ئۈچۈن ھالال بولۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نەزىرىدە يەنىلا ئۇ ”دادا“ ئىدى. دادا ئوغلىنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئېگىلگەن بېشىنى كېسىپ تاشلىماقچى بولۇۋاتاتتى. لېكىن مۆمىن ئوغۇلنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالى «كاشكى مېنىڭ قىلىچىم

دادامنىڭ ھاياتىنى كۇپۇرلۇق ھالىتىدە تامام قىلىشىۋېتىشقا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسا ئىدى» دېگەندىنلا ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ ئۇرغان زەربىلىرىنى توسۇپ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشاتقان بولسىمۇ دادىغا قەتئىي قىلىچ ئۇرمايۋاتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىزدىنلا «دادامنىڭ ئۇرۇۋاتقان قىلىچى ماڭا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ئۇرۇلىۋاتقان قىلىچ ئەمەسمۇ؟!» دېگەننى ھېس قىلدى ـ دە، چاقماق تېزلىكى بىلەن بىرلا زەربىدە ئاللاھنىڭ دىنى ئۇچۇن كاپىر دادىنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

ئۇھۇد مەيدانىدا بولسا كۇپۇر ھەم شېرىكچىلىكنىڭ ياۋۇز كۇچلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زەخىملەندۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلەرچە ھۇجۇمى تۇپەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك مەڭزىگە تۆمۈر ھالقا پېتىپ كەتكەن ئەھۋالنى كۆرگەن ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىگە قەتئىي چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ئاجايىپ قاتتىق ئازابلىق ئۆرتىنىش بىلەن ئىلگىرىلىگەنچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھالقىنى چىشىدا تارتىپ چىقارماقچى بولدى. ھالقا ئاستا ـ ئاستا چىقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىشىمۇ سۇنۇپ ئېغىزىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى، ئەمما ئۇ ھالقىنى چىشلەپ چىقىرالىغانلىقىنىڭ خۇشاللىقىدا چىشىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ سەزمەيلا قالغان ئىدى. قىسقىسى، ھەققانىيەتنىڭ ئۆچمەس نۇرىنى زۇلمەت بىلەن ساختىلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقى چۇمكىمەكچى بولغان ھەرقانداق چاغدا ۋە ھەرقانداق يەردە ئۇ دائىم ئەڭ دەسلەپ كۆكرەك كېرىپ، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغۇچىلاردىن ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سەقىفە بەنى سائىدە قەبىلىسىدە تۇنجى خەلىپىنى دەرھال تەيىنلەش مەسىلىسى مەيدانغا چىققان چاغدا، بۇ مەسىلە ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرىگە نىسبەتەن ئۆز نەپسى بىلەن شىددەتلىك جىھاد قىلمىسا بولمايدىغان ئىنتايىن نازۇك ھەل قىلغۇچ سىناققا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. مۇناپىقلار ئىغۋاگەرچىلىككە تايىنىپ ئىسلام دىنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قوشۇپ مەڭگۈگە دەپنە قىلىۋەتمەكچى بولۇۋاتاتتى. شەيتان بار كۇچىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ پىداكار بەندىلىرىنى ھوقۇق تالىشىش ئىختىلاپىغا سۆرەپ كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىلدىن بېرى ئۆز يۇرەك قېنى بىلەن سۇغۇرۇپ يېتىشتۇرگەن مەڭگۇ باھار ئىسلامىي قېرىنداشلىق بوستانىغا ئوت قويماقچى بولۇۋاتاتتى. ھەردائىم ئىسلامغا ياردىمىنى ئايىماي كەلگەن

ئەنسارىلار بۇگۈن ئۆزلىرى ئۈچۈن خەلىپىلىك ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. مۇھاجىرلار بولسا، «خەلىپىلىككە ئىسلام يولىدا ئۆز ئائىلىسىنى تاشلاپ چىقالىغان مۇھاجىرلار ھەقلىق» دەپ تۇۋلىماقتا ئىدى. گەرچە ھوقۇق تالىشىش مەسىلىسى قايتا يەنە بىر قېتىم ئىسلام ئۈچۈن پىداكارلىقنى تەلەپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ساداسى ھېسسىياتلىق غۇلغۇلىلار چىرماپ تۇرغان قۇلاقلارغا كىرمەيۋاتاتتى. ھوقۇق تالىشىشنىڭ بۇ ئاپەتلىك كەلكۈن يۆنىلىشىنى قانداق قىلغاندا قايتىدىن پىداركارلىق ئىشتىياقى تەرەپكە بۇرىغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس ئىدى. دەل ئەنە شۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە ئاخىرەتكە بولغان خەۋپ بىلەن ئۈمىدتىن لەرزىگە كەلگەن ئاجايىپ جاراڭلىق بىر سادا ياڭراشقا باشلىدى. ئۇ پىداكارلىق ۋولقانىنىڭ پارتلاپ چىقىشى، دەردمەن يۈرەكنىڭ ھەسرەتتىن نالە قىلىشى، ئاللاھ ئۈچۈن ھەممە نەرسىسىنى قۇربان قىلىش ئىشتىياقىنىڭ پىغان چېكىشى ئىدى.

«ئى ئەنسارلار! سىلەر ھەممىدىن ئىلگىرى ئىسلامغا تايانچ بولغان، ئۇنىڭغا مىننەتسىز ياردەم قولۇڭلارنى سۇنغان جامائەتسىلەر. ئەمدىلىكتە ئىسلام جامائىتىنى ھەممىدىن ئىلگىرى پارچىلايدىغان كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالساڭلار قانداق بولغىنى؟»

بۇ دەل ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازى بولۇپ، چىن قەلبتىن چىققان بۇ ئەلەملىك سادا ئۆز قەلبىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىيالمايۋاتقان قۇلاقلاردىن كىرگەنچە ئۇدۇل بېرىپ، ئىمان، ۋىجداننى لەرزىگە سېلىشقا باشلىدى. ئىختىلاپنىڭ قانلىق بۇلۇتلىرى خۇددى بىردەملىك توپا چاڭدەكلا تۈزۈپ تۈگىدى. تېخى بايىلا ھوقۇق تەلەپ قىلىۋاتقان ئەنسارلارنىڭ قەلبلىرىدە بىردىنلا پىداكارلىق ئىشتىياقى چاقماقتەك جۇش ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، «قېرىنداشلار! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ مۇھاجىر ئىدى، شۇڭا بىز ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ئەنسارلىرى بولغان بولساق، ھازىرمۇ يەنە شۇنداق ئۇنىڭ خەلىپىسىنىڭ ئەنسارلىرى بولىشىمىز لازىم» دېگەن ئىككى ئېغىز سۆز بىلەنلا قورقۇنچلۇق ئىختىلاپ ئاپىتىنى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلىدى. بۇ ئىمانىي پىداكارلىقنىڭ ھاياجانلىق كەيپىياتىدا ئورنىدىن تۇرغان ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ «قاراڭلار! مانا بۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم ”ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن ئىسلام ھەسسىلەپ تەرەققىي قىلغان“ دەيتتى. مانا بۇ ئەبۇ

ئۇبەيدەگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ”ئەمىينۇل ئۇممە“ (يەنى ئۇممەتنىڭ ئامانەتدارى) دېگەن نامنى بەرگەن ئىدى. كېلىڭلار بىز ھەممىمىز مۇشۇ ئىككىيلەننىڭ بىرىگە بەيئەت قىلايلى!» دەپ خىتاب قىلدى.

بۇ خىتاب ھەققانىيەتنى ئەڭ دەسلەپ قوبۇل قىلىپ، ئىسلام ئۇچۇن ئاجايىپ كاتتا تۆھپىلەرنى قوشقان زاتنىڭ ئەمدىلىكتە يەنىلا ھەممىدىن ئىلگىرى ئەڭ كاتتا قۇربانلىقنى بېرىپ، ئۆز تۆھپىسىنىڭ ھەققىدىن ۋاز كەچمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە ئىدى. بۇ خىتاب ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر ئىككەيلەندىن بىرىنىڭ ئۆز جان پىدالىقلىرى بەدىلىگە خەلىپىلىك شەرىپىنى قولغا ئېلىشى ئۇچۇن ئەڭ شانلىق پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما خەلىپىلىك ئۇچۇن نامزاتلىققا كۆرسىتىلىش بىلەنلا دەرھال ئورنىدىن تۇرغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىپ «ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولدىشى! سىلى تۇرغان يەردە بۇنىڭغا باشقا كىممۇ ھەقلىق بولالىسۇن؟» دېيىشى بىلەن تەڭ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۇپ ئارىسىدىن يۈگۈرگىنىچە ئېتىلىپ چىقىپ، «توختىسىلا! مەن ئالدى بىلەن بەيئەت قىلىۋالاي، مەن ئالدى بىلەن بەيئەت قىلىۋالاي!» دەپ ئالدىراش توۋلاپ كېتىشلىرى پۈتۈن دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇردى...

شامدىكى لازىقىيە شەھىرىنى پەتھى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىسلام قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىم ئىمپېراتورىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك قوشۇن بىلەن مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئىدى. مۇسۇلمانلار قوشىنىمۇ ئۇلارغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئەمما ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خېلى كۆپ ساندا ئايال، بالا - چاقىلارمۇ مەۋجۇد بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى قايسى بىخەتەر ئورۇنغا جايلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن ئىدى.

بۇنىڭغا مەلۇم بىرەيلەن: «لازىقىيەدە قالدۇرۇپ كېتەيلى!» دېگەن پىكىرنى بەردى. ئەمما ئىككىنچى بىرەيلەن بۇ پىكىرگە قارشى چىقىپ: «ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، بۇ خرىستىئانلارنىڭ شەھىرىگە ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، قانداقمۇ خاتىرجەم ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولسۇن؟» دېدى. ھەممەيلەن چوڭقۇر ئويغا پېتىپ كەتتى. ئەمدىلىكتە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ بىخەتەر ساقلىنىشى ئۇچۇن بۇ شەھەرنى خرىستىئانلاردىن بىكارلىتىشتىن ئىبارەت ئۇچىنچى بىر يوللا قالغان ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ناھايىتى تۈز، ئاددىيلا قىلىپ بۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ـ قانداقمۇ بۇنداق قىلغىلى بولسۇن؟ قوشۇن ئىچىدىن بىر ئەسكەر ئىنتايىن ئاچچىقلانغان ھالدا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىكرىگە قارشىلىق بىلدۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ: «بىز خرىستىئانلارغا ئامانلىق ئۇچۇن ۋەدە قىلغان. ئەمدىلىكتە مۇشۇ ئامالسىزلىق توپەيلى ئۆز ۋەدىمىزدىن يېنىشىمىز قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟!» دېدى.

ماھىيەتتە ئايالالرنىڭ خاتىرجەم ساقلىنىش مەسىلىسى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن قاتتىق ئامالسىز بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ ئامالسىزلىقنى ھەل قىلىش ئۇچۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان يوللۇق چارىگە نىسبەتەن ئاددىيغىنە بىر ئەسكەر قارشى چىقماقتا ئىدى. ئەمما ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا نە ئامالسىزلىقنى ئويلاپ ئولتۇرمىدى، نە قارشى چىققۇچىنىڭ ئاددىي بىر ئەسكەر ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ئولتۇرمىدى، بەلكى ئۇنىڭ ھېس قىلغىنى «ئۇنىڭ دېگىنى ھەق» دېگەندىنلا ئىبارەت بولدى. شۇڭا بىر مىنۇتنىمۇ تەۋىل قىلىپ يۈرۈشكە زايە قىلماستىن، ئۆزىنىڭ خاتا پىكىر بەرگەنلىكىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن دەرھال قوبۇل قىلدى ۋە ئەسكەرگە رەھمەت ئېيتتى.

ـ شەكسىزكى، مەن خاتالىشىپتىمەن، بىز بۇ خرىستىئانلارنىڭ ئامانلىقى ئۇچۇن ۋەدە قىلغان تۇرساق، ئەمدى قانداقمۇ ۋەدىمىزدىن يېنىۋالغۇدەكمىز؟ ھەقىقەتەن مەن خاتالىشىپتىمەن، ھەقىقەتەن خاتالىشىپتىمەن، دېيىشكە باشلىدى...

يەرمۇك ئۇرۇشىدا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇننىڭ باش قوماندانى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن جىددىي ئۇرۇش ھازىرلىقى قىلماقتا ئىدى. دەل شۇ پەيتتە خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، «ئەگەر سىلى قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى ماڭا تاپشۇرسىلا ۋە پۈتۈن ئەسكەرلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، ماڭا قەتئىي ئىتائەت قىلىشىنى جاكارلىسىلا مەن بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشىمىزغا ئۈمىد باغلىيالايمەن» دېگەن تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ماھىيەتتە خالىد رەزىيەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەقەتلا ئىسلامنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئۈمۈتۋارلىقىنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى. ئەمما بۇ ئۈمىدنىڭ قىممىتى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىق شەرىپىدىن ۋاز كېچىشىدىن

ئىبارەت بولماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «غەلىبىنىڭ چىرتىيۇژنى سىزىشتا مەنمۇ ھېچ كىشىدىن قېلىشمايمەنغۇ؟!» دېگەننى قەتئىي ئويلاپ ئولتۇرمىدى. بەلكى سۆزسىزلا ئىسلامنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئۈمىدنى باغرىغا بېسىپ، قوماندانلىق شەرىپىنى شۇ ھامان خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بەردى. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن قانچىلىك ئىخلاس بىلەن بۇ شەرەپنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق چوڭقۇر ئىخلاس بىلەن بۇ شەرەپنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن ئىدى. ئىسلامنىڭ غەلىبىسىگە بولغان بۇ ئىككى قەلبتىكى غەرەزسىز ئىخلاس ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن كۆچتۈڭگۈر رىم قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلدى. ئىككى ئىخلاسمەن قەلبنىڭ بىرلىكتە ئۆركەشلىگەن دولقۇنلىرى ئالدىدا پولات ساۋۇتلار بىلەن مۇكەممەل قوراللانغان رىم قوشۇنلىرى پۇت تىرەپ تۇرالمىدى. رىملىقلار جەڭ مەيدانىدا قالدۇرغان يۈز مىڭلارچە جەسەتلىرىنى دەسسەشكىنىچە ئۆلە تىرىلىشىگە قارىماي بەدەر تىكىۋېتىشتى. ئاللاھنىڭ بۇ ئىككى ساداقەتمەن بەندىلىرى چوڭقۇر سۆيۈنۈش ئىچىدە تەبەسسۇم قىلماقتا ئىدى.

خۇزائە قەبىلىسىگە جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشقۇرۇشىدا ئۈچ يۈز كىشىلىك مۇجاھىدلار ئەترىتى ئەۋەتىلگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئارقىدىن ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قوشۇنغا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوماندانلىق قىلماقتا ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ قېتىمقى ياردەمچى قوشۇن ئىچىدە "شەيخەين" يەنى ئۆمەر ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا ئوخشاش كاتتا ساھابىلەرنىڭمۇ بولغانلىقى ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىقىغا ئەگىشىپ مېڭىۋاتقانلىقى ئاجايىپ كاتتا شەرەپ ئىدى. ئەمما ياردەمچى قوشۇن مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە ئاللاھ تائالا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سىناشقا باشلىدى.

ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سىلەر ماڭا ياردەمگە كەلگەن قوشۇن، شۇڭا پۈتۈن قوشۇننىڭ قوماندانلىقى مېنىڭ قولۇمدا بولۇشى لازىم» دەپ تەكىتلىدى. "ئەمىنۇل ئۈممە" ھەزرىتى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ئەلۋەتتە سىلى قايسى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلەنگەن بولسىلىرى شۇ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋېرىلا، ئەمما بۇ ياردەمچى قوشۇن مېنىڭ قوماندانلىقىمغا تاپشۇرۇلغان، شۇڭا مەنمۇ ئۆز قوشۇنۇمغا قوماندانلىق قىلىۋېرىمەن» دەپ تەمكىن جاۋاب بەردى. لېكىن ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭغا ئۇنىماي دېگىنىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ

بىلەن بىرەر كۈتۈلمىگەن ئىختىلاپ چىقىپ قىلىشتىن ئىلگىرىلا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال خۇشاللىق بىلەن ئۆز مەرتىۋىسىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈشكە ماقۇل بولدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامنى پەتھى قىلغاندىن كېيىنكى مەزگىللەردە كۈنسېرى قولغا كېلىۋاتقان ئۇرۇش غەلىبىلىرى نەتىجىسىدە مال ـ دۆلەت مۇسۇلمانلار تەرەپكە سەلدەك ئاقماقتا ئىدى. شۇڭا كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى تەبىئىي ھالدا ئۆزلۈكسىز يۇكسىلىپ كېتىشكە باشلىدى. ئەمما شامنىڭ فاتىھى بولغان ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنىلا ئىلگىرىكىدەك قاتتىق ناننى سۇغا چۆكۈرۈپ يېيىشنى تاشلىمىغان ئىدى. بەيتۇل مۇقەددەسكە قىلىنغان سەپەردە ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى خوش پېئىللىك بىلەن ئۇنىڭغا تەكەللۇپسىزلا «بۇرادەر، ئەمدى مېنى مېھمان قىلمىدىغانسەن؟» دەپ تەلەپ قويدى. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەلاھۇ ئەنھۇ بىر ھازا جىم تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى ئۇ خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قاتتىق ـ قۇرۇق نانلىرىنى بىلەن مېھمان قىلىشتىن بىر ئاز ئوڭايسىزلىق ھېس قىلماقتا ئىدى. ئاخىرى گەپ سۆزسىز ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ قاتتىق ناننى ئېلىپ چىقتى ۋە كەچۈرۈم سورىغان ھالدا، «قېرىنداشىم، مېنىڭ يەيدىغان ئوزۇقۇم مۇشۇ، نان بەك قاتتىق، ئەمما سۇغا چىلىسا يۇمشايدۇ، ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ مۇشۇنىڭ بىلەن ئوزۇقلىنىۋالىمەن» دېگىنىچە يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ بۇ پەقىرانە ھاياتىغا قارىتا چەكسىز ئەقىدە، ئېھتىرامى قوزغالغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاجايىپ زوقلىنىش ئىلكىدە ئۇنىڭغا باقماقتا ئىدى.

ـ ئى ئەبۇ ئۇبەيدە! ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىۋالغاندىن كىيىن سۆزنى داۋاملاشتۇردى. «شامغا كېلىپ، ھەممەيلەن ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، لېكىن پەقەت سەنلا ئۆزگەرمەي، ئۆز پىتىڭنى ساقلاپ كەپسەن»

پەلەستىننىڭ ئاتاقلىق شەھىرى ئەمۋاسدا ۋابا كېسىلى تارقاپ، ئازغىنە مۇددەت ئىچىدە شام، مىسىر ۋە ئىراقنىمۇ قاپساپ بولغان ئىدى. مىڭلىغان ئىنسانلار كېسەللىك سەۋەبىدىن جان بېرىشكە باشلىدى. دەل ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق رايوننىڭ بىرسىدە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ مەۋجۇد بولۇپ، ئۇ ھاياتىنى پەرۋاسىز داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ تەقدىرگە بولغان ئىمانى شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىدىكى، خېيىم ـ خەتەرلەرگە ئەمەس، بەلكى خەتەردىن ساقلىنىشقا قارىتا «تەقدىرگە بولغان ئىمانىمغا دەخلى

يېتىپ قالارمىكىن» دەپ ئەندىشە قىلاتتى. ئۆمەر فارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال تەكشۈرۈش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى ۋە ناھايىتى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىلغان ھالدا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بۇ جايدىن يىراقلىراق كېتىش تەكلىپىنى بەردى.

- نېمە؟ سەن تەقدىردىن قاچماقچىمۇ؟ مەردى - مۆمىن ئىمانىي ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي قىيىدىغاندەك جاۋاب قايتۇردى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى ھېكمەتلىك قىلىپ، «شۇنداق، ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن يەنە ئاللاھنىڭ تەقدىرى تەرەپكە قاچماقچىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما بۇ گەپ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى. ۋابا قاپلىغان جايدىن قېچىپ جان ساقلاشنى تەقدىرگە بولغان ئىمانىمغا خىلاپ دەپ چۈشەنمەكتە ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، بۇ ئىجتىھادىي خاتالىق تۇپەيلىدىن شۇنچە قىممەتلىك بىر ئەزىمەتنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىگە ھەسرەت يۇتماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئېھتىرام قىلىش يۈزىسىدىن باشقا ھېچنەرسە دېيەلمەي قالدى ۋە ئازابلىق تۇيغۇلىرىنى مەھكەم قۇچاقلىغانچە ئامالسىز مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ خۇددى قەلبى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن قېلىپ قالغاندەك، توختىماي ئىزتىراپ چېكىپ پۈتۈن ئەس - خىيالى ئۇنىڭ بىلەنلا بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئاخىرى بىر چارە ئويلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا: «سەن بىلەن دېيىشىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى، دەرھال مەدىنىگە كېلىپ يەنە قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ» دەپ خەت يازدى. خەتنىڭ تەكتىگە يېتىپ بولغان ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن: «مەن ئىسلام قوشۇنىنى بۇ يەردە تاشلاپ ئۆزۈمنىڭ جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن سېنىڭ يېنىڭغا بارالمايمەن. ئاللاھ نېمىنى ئىرادە قىلغان بولسا، شۇنى كۆرىمەن» دەپ جاۋاب خەت يوللىدى. بۇ خەتنى ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ھېچ ئامال قىلالماي قىلىۋاتقانلىقىغا سىقىلغان خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايغۇرۇپ ياش تۆكتى. ئاخىرى ئىلتىماس ئۈستىگە ئىلتىماس قىلىپ يۈرۈپ، قوشۇننى ئېلىپ بىر ئاز خاتىرجەمرەك يەرگە يۆتكىلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. ئەمما ئىككىنچى جايغا يۆتكىلىپ بولغۇچە ۋابا كېسىلىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ”ئەمىينۇل ئۇممە“ ھەزرىتى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاياتلىق ئامانىتىنى ئۆز ئىگىسىگە خۇشاللىق بىلەن تاپشۇردى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى زادىلا تۇتالمىغان

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «بۇ قېتىمقىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىن ھاياتىمدىكى ئەڭ ئېغىر يوقىتىش بولدى» دېگىنىچە ئۆزۈنغىچە ئېسەدەپ يىغلاپ كەتكەن ئىدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نېمە دېگەن يۈكسەك، نېمە دېگەن ئېسىل، پەزىلەتلىك ئىنسان ھە؟! ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ھەققىدە دائىم «ئەگەر مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان چاغدا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاياتلا بولۇپ قالسا، ئۇنى خەلىپىلىككە تەيىنلەيمەن، ھەمدە ئاللاھنىڭ ئالدىغا ”ئى پەرۋەردىگارىم! پەيغەمبىرىڭ ئۆزى ”ئۈممەتنىڭ ئامانەتدارى“ دەپ نام بەرگەن كىشىگە خەلىپىلىك ئامانىتىڭنى تاپشۇرۇپ كەلدىم“ دەپ خاتىرجەم ئېيتالايمەن» دەيتتى.

شۇنداق، بۇ سۆز ھەرقانداق ئىككىنچى بىر كىشىنى خەلىپىلىككە نامزات كۆرسىتىشنى ئويلىغان چاغدىمۇ «ئۇنىڭ جاۋابكارلىقى مېنىڭ ئۈستۈمدە بولۇپ قالىدۇ» دېگەن قورقۇنچتىن پۈتۈن ئەزايى لەرزىگە كېلىپ كېتىدىغان، ھەتتا ئۆز پەرزەنتىنىڭمۇ خەلىپىلىكنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلالىشىغا ئىشىنەلمەي، ئۆز ۋەسىيىتىدە «مەندىن كېيىن ئۆزۈڭلار كىمنى خالىساڭلار شۇ كىشىنى خەلىپىلىككە تەيىنلەڭلار، ئەمما بىلىپ قويۇڭلاركى، ئۆمەرنىڭ ئائىلىسىدىن ھېچ كىشى خەلىپىلىككە ھەقلىق ئەمەس، مانا مەن بۇ ھەقنى مەڭگۈگە يوقىتىپ تاشلىدىم» دەپ خىتاب قىلغان شۇنچە ئېھتىياتچان زاتنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ئىدى. ئۇ دائىم «كاشكى ئۆزۈمدىن كېيىن خەلىپىلىككە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تەيىنلىيەلىگەن بولسام ئىدىم» دەپ ئارزۇ قىلاتتى.

نېمە دېگەن ئامەتلىك، نېمە دېگەن بەختلىك، نېمە دېگەن يۈكسەك ئىنسان ھە، ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؟! ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھنىڭ دىنىنى يۈقىرى كۆتۈرۈش يولىدىلا سەرپ قىلدى. ئۆزى ئىسلام قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى بولسىمۇ ھەر قېتىم يەرگە دەسسىگەندە ئاللاھنىڭ ئالدىدا مەنمەنلىك بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ شۇنچە ئېھتىيات بىلەن ئاۋايلاپ دەسسەيتتى. شامنى پەتھى قىلغان ئۇلۇغ تۆھپىكار زات ئىدى، يۇ! غەلىبە ـ ئۇتۇقلارنىڭ مەھلىيالىق ئىززەت ـ ئىكرام، تۆر، زەرلىرىدىن قېچىپ، قاتتىق ناننى سۇغا تۆگۈرۈپ يەپ، ئاللاھنىڭ جەننەتتىن ئىبارەت ۋەدىسى بىلەنلا ھۇزۇرلىناتتى. ئۇنىڭ شۇنچە ئاددىي، ئەمما ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلىك ئاشۇ شاتلىقى مەڭگۈلۈك بەختىيارلىقنىڭ ئىزتىراپلىق ئىنتىزارلىقلىرى

ئۇچۇن دۇنيانىڭ چىدىغۇسىز ئازابلىرىغا كۆكرىكىنى دائىم يالىڭاچ تۇتاتتى. ئۇنىڭ ئېغىر سىناق باسقۇچلىرىنى غەلىبىلىك تاماملىغان پۈتۈن دەرد ـ ئەلەم، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى تارىخ سەھىپىسىدە قېلىپ قالدى. ئەمما قىلغان كۈرەشلىرىنىڭ سەمەرىلىرى ئىنشائاللاھ، ئەبەدى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغۇسى، ئەبەدىي بىرگە بولغۇسى!

ئەمما بىزچۇ؟ بىز، ياپراق چىقىرىپ مېۋە بەرمەيدىغان، ئېتى ئۇلۇغ سۆپىرىسى قۇرۇق، شۇنداقتىمۇ «مەنلا ئالىم باشقىلار مەڭگۈ تالىبىم بولسا، مەنلا ھاكىم باشقىسى مەھكۇمۇم بولسا» دەپ شېرىن چۈش كۆرۈشتىن باشقا غايىمىز بولمايدىغان، ساختا نوپۇز، ساختا ئىمتىيازلار ئۇچۇن مەڭگۈلۈك ئاخىرەت قوياشىمىزنىڭ ئۆچۈپ قېلىشىغا پەرۋا قىلماستىن تۆت كۈنلۈك دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق ئاي شولىسىغا مەھلىيا بولۇپ يۈرىدىغان، بىر كۈنى تۈيۈقسىز قەبر قاراڭغۇلىقىدا كۆز ئاچىدىغانلىقىمىزنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەي، پەقەتلا دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتى تۆر، مەنسەپلىرىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان. ئىشنىڭ نەتىجىسىنىلا كۆزدە تۇتماستىن، پەقەت نام، ئاتىقىنى، چاۋاك ئالقىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەلەكچىلىكىدە، پۈتۈن ئىززەت مەرتىۋىلەرنىڭ پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ كىمنى خالىسا، خار قىلىپ كىمنى خالىسا، ئەزىز قىلىدىغانلىقىغا پىسەنت قىلمايدىغان، ئىسپيادىمىز ئاللاھنىڭ ئىززەت ـ مەرھەمىتىگە ئېرىشىشنى ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئىززەت مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش، جەمئىيەتتە كىمنىڭ بەكرەك ھۆرمەت تېپىپ، كىمنىڭ يۈكسىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا نەزەر سېلىش، ئۇنى پۈتلاپ، بۇنى يىقىتىپ، تېخى ۋۇجۇدقا چىقمىغان ھەتتا ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا لايىق ھەرىكەتمۇ قىلمىغان ئىشلارنىڭ تۆھپىسىنى تالىشىپ، ئاتاقتا ئۇلۇغ تۆھپىكار بولىۋېلىشنىڭلا غېمىنى قىلىپ يۈرىدىغان مۇشرىك ئەبكارلار ئاخىرەتتە زادى قانداق ھالغا قالارمىز؟! ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ھەمراھ بولارمىزمۇ ياكى قەلبىمىزدىكى ساختا شۆھرەتتىن ئىبارەت شەيتانىي مەبۇدىمىز بىلەن بىرگە قوپارمىزمۇ؟ قېنى ۋىجدانىمىزدىن سوراپ باقايلى، بىز شۇنداقتىمۇ يەنىلا تەۋھىدكار "مۇسۇلمان"مۇ؟

## ئەڭ سۆيۈملۈك ئىككى تامچە

ئىنسان ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى خاتالىقىنى ھېس قىلغاندا، بۇ ئۇلۇغ ھېس ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ھۆل قىلىپ، ياش تامچىلىرىنى قويىۋېتىشكە باشلايدۇ...

ھەققانىيەتنى چىن قەلبى بىلەن سۆيۈپ كېتىۋېتىپ، ئەمدىلىكتە ھەققانىيەتنىڭ قان ـ تومۇرلىرىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىدا بولسا، ئاللاھنىڭ زېمىنىدىكى شەيتانىي ساختىلىقنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۇنىڭ قەلبىگە گويا تىكەندەك سانچىلىپ، تاكى ئۇنى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يۇلۇپ تاشلىمىغۇچە ئارامىلىق ھېس قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ يۈكسەك ماقامى بولۇپ، ئىنسان ئۇنىڭدا قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىلا ئارام ئېلىشنى ئويلايدىغان، ھاياتى بويى پەرۋانىلەرچە ئۆلۈمنى ئىزدەشنى ئارزۇ قىلىپ قانمايدىغان، تىلى ھەر دائىم ”ئاللاھ! ئاللاھ!“ دەپ چاقىرىپ تۇرىدىغان، ھەر بىرتامچە قېنىدا ئاشۇ سادانىڭلا ياڭرىشىنى خالايدىغان، ئاشۇ ئەڭ گۈزەل نامنى زېمىندىكى ھەر بىر زەررىنىڭ كۆكرىكىگە يۈرەك قانلىرىنىڭ تامچىلىرى بىلەن ئويۇپ يېزىۋېتىشنى تىلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئاھ! بۇ ئىككى تامچە نېمىدېگەن قىممەتلىك، نېمىدېگەن مۇقەددەس ھە؟! گەرچە ئۇنىڭ بىرى سۇ، يەنە بىرى قاندىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىلىسىدە بەندىچىلىكنىڭ قايناق تۇيغۇلىرى، ئىتائەتنىڭ يالقۇنلۇق ماگمىلىرى خۇددى نۇرغا ئوخشاشلا پارلاپ تۇرىدۇ. بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈنلا بولسا كېرەك، ئاللاھ تائالا بۇ ھەر ئىككى تامچىغا ئوخشاشلا قىممەت بەرگەن.

قېنى مەرھابا! بۇ ئىككى تامچىغا، بۇ ئىككى قەترىگە، ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك بۇ ئىككى سوۋغىغا!!

ئاللاھنىڭ جامال ۋە جالالىغا، مېھىر ۋە قەھر بارگاھىغا بۇ ھەر ئىككى سۆيۈملۈك سوۋغىنى سۇنالىغان ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نېمىدېگەن بەختلىك، نېمىدېگەن تەلەيگە باي خۇش قىسمەت زات ھە! ئۇنىڭ ھاياتى ياش ۋە قاندىن ئىبارەت دەل مانا بۇ ئىككى قىممەتلىك تامچىلارنىڭ ئاشىقانە ئۆركەشلىرىگە تولغان بولۇپ، ئۇ قان ۋە ياشلىرى بىلەن سىراتەل مۇستەقىمنىڭ نەقىشلىرىنى سىزىپ، ئاخىرى ئاللاھنىڭ بارگاھىدىكى ئەڭ ئىشتىياقلىق سەجدىنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇ دەل ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئىدى.

شۇنداق، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى دەپلا خۇددى ياش يىگىتلەردەك زەربە ئۇستىگە زەربە يەپ ۋايساپ قالمىغان، بەنى مەخزۇمنىڭ ۋەھشىيانە قامچىلىرى ئۇنىڭ قىرىغان جىسمى تېرىلىرىنى تىتىپ، يىرتىۋېتىپ بولغان چاغدىمۇ، ئۇنىڭ ياشانغان ئەمما قەتئىي جاسارەتكە تولغان تەمكىن چىرايى ئىمانىي غەيرەتنىڭ شەنىگە قىلچىلىك داغ چۈشۈپ قىلىشىغىمۇ قەتئىي يول قويمىغان ئاشۇ ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئىدى.

ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنە شۇنداق غەيرەتلىك دادىنىڭ ئوغلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئايالىق ۋە قىرىلىقتىن ئىبارەت ئىككى ئاجىزلىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا مەردانىلەرچە كۆكرەك كېرىپ قەتئىي ئۆرە تۇرالىغان، ئىسلام ئۇچۇن تۇنجى بولۇپ جېنىنى تەسەددۇق ئەيلەش بىلەن ئاللاھنىڭ رىزالىقى يولىدا جان پىدا قىلىشنىڭ ئۇلۇغۋار ئەنئەنىسىنى يارىتىپ بېرەلىگەن ئاشۇ تۇنجى شېھىت ئانىمىز سۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق جاسارەتلىك قان ۋە سۈت بىلەن يېتىلگەن ئوغلان ئىدى.

زۇلۇم ھەم مۇشتۇمزورلۇق ھەققانىيەتنىڭ پىداكارلىرىغا قارشى ئوت ۋە قان ئېقىنلىرىنى بەرپا قىلىۋاتقان قورقۇنچلۇق بىر مۇھىتتا ئۇ ئىمان مەشئىلىنى ياندۇرغان ئىدى. ئەسەبىيلىكنىڭ پۈتۈن بوران ـ چاپقۇنلىرىمۇ ئۇنىڭ ئىمان مەشئىلىنى ئۆچۈرۈپ قويالمىغان ئىدى. ئۇ تېخى ئەمدى ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان نەۋقىران يىگىت ئىكەنلىكىگە قارىماي، رەھىمسىز، قانخور ئىنسانلار توپى ئارىسىدا زەربە ئۇستىگە زەربە يەۋېتىپمۇ ئاشۇ بىرلا سادانى، يەنى، ئاللاھنىڭ ئاسىيلىرى ھېچبىر زامان ئاڭلاپ تۇرۇشقا چىداپ تۇرالمايدىغان، ھەر قېتىم ئۇنىڭغا تاش، چالمىلار بىلەنلا جاۋاب قايتۇرۇلىدىغان «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن ئاشۇ سادانى ياڭراتماقتا ئىدى. ئاخىرى زۇلۇم چېكىدىن ئېشىپ، ئىنساننىڭ ئەس ـ ھوشى ۋە ھېس

- تۇيغۇلىرىنىمۇ قويماي نابۇت قىلىپ تاشلايدىغان دەرىجىدە ھالاكەتلىك ئاپەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنى ئارقا - ئارقىدىن قىزىق سۇغا تىقىپ، تۇنجۇقتۇرماقتا ئىدى. زۇلۇم - ستەمنىڭ بۇ مىسلىسىز ۋەھشىيانە قىيىن - قىستاقلىرى ئۇنىڭ بەرداشلىق كۈچىنى يوقىتىپ، خۇددى قۇرۇغان شاختەكلا سۇنىدىغان يەرگە ئەكىلىپ قويدى. مانا شۇنداق باسقۇچتا ھەزرىتى ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېغىزىدىن ئىختىيارسىز ھالدا زاھىرى كۇپۇر، ئەمما باتىنى ئىمان بىلەن تولغان بىر قانچە ئېغىز سۆز چىقىپ كېتىپ قالدى. بۇ سۆزنىڭ چىقىشى بىلەن گەرچە قىيىن قىستاقلارنىڭ ھالاكەتلىك كەلكۈنى توختىغان بولسىمۇ، ئەمما ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ روھىيەت دۇنياسىدا ئاجايىپ دەھشەتلىك ماتەمنىڭ قىيامىتى قوپۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ قورقۇنچ پۈتۈن ۋىجدانىي ئەلەملىرى بىلەن گويا ئۆلۈم سەكراتىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئازابلىق تۇيغۇغا ئايلىنىپ قالدى. «ئاشۇ ئىختىيارسىز چىقىپ كەتكەن سۆزلەر ئىمانىمنىڭ ئۆلۈمى بولۇپ قالغاندىمۇ؟ ئىنسانىي ئۇقۇبەتلەردىن ئازادلىققا چىققان بىلەن ئەمدىلىكتە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ ئاتەشلىك غارىغا مەھكۇم بولارمەنمۇ؟» دېگەنلەرنىلا ئويلىماقتا ئىدى.

ئۇ يىغلاشقا، يىغلىغاندىمۇ توختىماي پەرياد چېكىپ يىغلاشقا باشلىدى. غەم، ئەندىشىدىن يۈرەك - باغرى لەختە بولۇپ، ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداشقا، ئېسەدەپ بوغۇلۇپ قىلىشقا باشلىغان ئىدى. تۇيۇقسىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېسىگە كەلدى - دە، شۇ ھامان بىقارارلىق بىلەن ئۆزىنى ئونۇتقان ھالدا ئاشۇ زاتىنىڭ ئالدىغا، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى دوزاخ ئوتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن ئاشۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئۇ شۇنچە ئالدىراش يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى، ئەمما ئۇنىڭ قەلبى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا بۇ ئىشىمغا قارىتا زادى قانداق قارار چىقىپ قالار؟» دېگەندەك خەۋپسىرەشلەر بىلەن گويا ئورنىدىن قوزغىلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆز ئالدىدا ئۆزىگە شۇنچە يېقىن ھالدا كۆرۈپ، بىردىنلا ئۆپكىسى ئېغىزىغا تاقىشىپ قالدى.

ھەر ئىككى تەرەپنى سۈكۈت باسقان ئىدى. بىر تەرەپتە چوڭقۇر شەپقەت، تەشۋىش ۋە ھەيرانلىققا چۆمگەن سۈكۈت. يەنە بىر تەرەپتە ئازابتىن پارە - پارە بولغان يۈرەكتىكى پۇشايمان، نادامەت ۋە ۋىجدانىي ئەلەملەرگە تولغان سۈكۈت داۋام قىلماقتا ئىدى. بۇ ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۈكۈتى بولۇپ، ھەسرەتتىن تەرگە، ئىزتىرابتىن قانغا، غەم - ئەندىشىدىن ياشقا چۆمۈلگەن

ئىدى. ئۇ بىرەر ئىبغىز سۆزمۇ قىلالماستىن، خۇددى پۈتۈن دۇنياسىنى يوقىتىپ قويۇپ، يېنىدا يىغا - زارىسىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى قالمىغان ئادەمدەكلا پاڭگىدە يىغلىۋېتىشكە باشلىدى. ئەسلىدە ئۇنى ئاللاھقا بولغان قورقۇنچ يىغلاتماقتا ئىدى. ئەمما ئۇ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا قانچە مىڭلىغان پەرىشتىلەرنىڭ ئاشۇ ياش تامچىلىرىنى بىر - بىرلەپ تىرىۋىلىش ئۈچۈن يەرگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئاھ! ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغىمۇ ئاللاھنىڭ شۇنچە مۇھەببىتى قوزغالغان، نېمىدېگەن بەختىيار ئىنسان ھە!

غەمكىنلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل غەمگۇزارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەلەملىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «قەلبىڭنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سورىماقتا ئىدى.

- مېنىڭ قەلبىم... ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇقۇلدىغان ھالدا تىترەك باسقان قوللىرىنى كۆكرىكىگە مەھكەم باسقىنىچە جاۋاب قايتۇرماقتا ئىدى.

- مېنىڭ قەلبىم... ئىمانىدا قەتئىي مۇستەھكەم. ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مېنىڭ قەلبىم ئىمانىدا پۈتۈنلەي خاتىرجەم" دېيىشى بىلەن تەڭلا ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى ئالەملەرنىڭ رەھمىتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باغرىغا مەھكەم بېسىلغان ھالدا كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن ئۇنى ئۆز باغرىغا بېسىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەلەملىك ياشلىرىنى ئۆز ئېتەكلىرى بىلەن سۈرتمەكتە ئىدى.

قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئېتەكلىرىدە سۈرتۈلگەن ۋە ئاشۇ مۇبارەك ئېتەكلەرگە سىڭگەن ئەنە شۇنداق ياش تامچىلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھقا سۆيۈملۈك تامچە بولالايتتى.

- ھېچ ۋەقەسى يوق، ھېچ ۋەقەسى يوق... پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيادا پەيغەمبەردىن باشقا ھېچ كىشى تەسەللى بېرەلمەيدىغان قەلبى يىغانلىق بۇ مۆمىنگە توختىماي تەسەللى بەرمەكتە ئىدى.

بۇ يىغانلىق ياشلارنى، ئاللاھقا سۆيۈملۈك بۇ ياش تامچىسىنى ئۇ ياپ - ياش چىغىدىلا ئەنە شۇنداق ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنغان ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا شۇ قەدەر مول

يېغىشقا باشلىدىكى، ئۇنىڭ ئىمانى مەڭگۇ يېڭى ھاياتى كۈچكە تولغان ھالدا ياش پېتى قىلىۋەردى. ھەتتا ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۈتۈنلەي قېرىپ ھالى قالمىغان چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ ئىمانى ئۆز ياشلىقىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى.

يەمامە ئۇرۇشىدىكى جىھادتا ئۇنىڭ ياشىرىپ تۇرغان ئىمانى جىلۋە قىلماقتا ئىدى. مۇناپىقەت ۋە مۇرتەدلىكنىڭ ناپاك كۈچلىرى ئىسلام مۇجاھىدلىرىنىڭ قەدىمىنى چېكىنىشكە قىستاۋاتقان ئاشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ يالقۇنلۇق ھارارىتى مىڭلىغان كۆكرەكلەرگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، يالقۇنلۇق چوغقا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولۇپ، شۇ چاغدا ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر قۇلىقى ئۈزۈلۈپ كىچىككىنە تېرىسى بىلەنلا ساڭگىلاپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆز ئورنىدا چېكىنمەي مەھكەم تۇرغانچە «مانا مەن ئەممار ئىبنى ياسىر! ئەجەبا سىلەر ئاللاھنىڭ جەننىتىدىن چېكىنىۋاتامسىلەر؟ مانا مەن ئەممار ئىبنى ياسىر! ئەجەبا سىلەر ئاللاھنىڭ جەننىتىدىن چېكىنىۋاتامسىلەر؟» دەپ مۇسۇلمانلارغا ئۈنلۈك خىتاب قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئاجايىپ بىر مەنزىرە ئىدى. مەن بەزىدە ئۇنىڭ يارقىن مەستانە نەرىلىرىگە قۇلاق سالسام، يەنە بەزىدە ئۇنىڭ كىچىككىنە تېرە بىلەن ئىلىنىشىپ تۇرۇپ قالغان، قان توختىماستىن قۇيۇلۇپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ قۇلىقىغا نەزەر سالاتتىم. ئەمما ئۇ ئىسلامنىڭ شەنىگە داغ تېگىش ئالدىدا تۇرغان بۇنداق شارائىتتا قۇلىقىغا نەدىمۇ پىسەنتمۇ قىلسۇن؟!»

ھەزرىتى ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئىككىنچى سۆيۈملۈك تامچىنى، ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قان تامچىسىنى تەقدىم قىلغان چاغدا 94 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتلىق كىتابىدا شېھىتلىكتەك بىر ئۇلۇغۋار بابنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھىجرەتتىن كېيىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن ئاڭلاپ بولغان ئىدى. لېكىن ئۇ بۇ شەرەپكە يېتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قانچىلىغان ئاجايىپ روھى سىناقلارنىمۇ باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە جەمەل ئۇرۇشى (يەنى تۆگە ئۇرۇشى) يۈز بەرگەن چاغدا ئاندىن مەلۇم بولدى. بىر تەرەپتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا

ئوخشاش ئۇممەتنىڭ شۇنچە مۆھتەرەم ئانىسى، يەنە بىر تەرەپتە مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش سابىقۇنەل ئەۋۋەلۇن (ئالدىنقى پىداكار ئاۋانگارتلار) تۇراتتى. ھەر ئىككى تەرەپ مۇسۇلمان ئىدى. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ چاغدا ئەلى رەزىيەلاھۇ ئەنھۇنىڭ ھىمايىچىسى بولۇپ، ئۇ ئاجايىپ زىلزىلىلىك روھى ئىزتىراپقا چۆمۈپ كەتكەن ئىدى. «ئەمدى قانداق قىلىش لازىم؟ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەيدانىنى تاشلاش كېرەكمۇ؟ بۇ گويا ئۆزىگە نىسبەتەن قەتئىي ھالدا ھەق بولۇپ ھېسابلىنىدىغان مەيدانىنى تاشلىغانلىق بولمامدۇ؟ ياكى ئاشۇ ھەقنى قوغداش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئايالى شۇنداقلا پۈتۈن ئىسلام ئۇممىتىنىڭ مۆھتەرەم شەپقەتلىك ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈش كېرەكمۇ؟»

ئۇنىڭغا ئوخشىغان قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ قەلب، مېڭىسى ئەنە شۇنداق ئىزتىرابلىق تەشۋىشلەرگە غەرق ئىدى. قانچىلىغان كىشىلەر بىرەر چىقىش يولى تاپالماي تەنھا پىنھانلىقلارغا كىرىۋېلىپ بارماقتا ئىدى.

ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ئەجەبا مەنمۇ ئەمەلىي مەيداندىن چېكىنىپ بىرەر بۇلۇڭدا پىنھانلىقتا باش تىقىۋالايمۇ؟ ۋەھالەنكى ماڭا نىسبەتەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھىمايە قىلىش شۇ تاپتا ھەقنى ھىمايە قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇممەتنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مەيدانى بولسا، بىر ئىجتىھادىي خاتالىقتىنلا ئىبارەتتۇر» دېگەنلەرنى ئويلىدى ـ دە، ئاخىرى ئۇ «مەيلى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا نىسبەتەن قەلبىمدە ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىي ئەقىدەتنىڭ بۇ ئىككى بىسلىق تارتىششى ئوتتۇرىسىدا يۈرەك باغرىم لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، قەتئىي ھالدا ھەقنى ھىمايە قىلىشتىن يانمايمەن» دېگەن قارارغا كەلدى.

ھېسسىيات بىلەن پرىنسىپ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مىسلىسىز ئازابلىق نازۇك كۈرەشتە ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبىدە زادى قانداق ھالەت بەرپا بولغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشى بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. ئەمما تارىخنىڭ نەشىرگاھلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئاشۇنداق نازۇك باسقۇچتا ئۇنىڭ تىلى ۋە دىلىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن سادا ھازىرمۇ بىزگە ئۇنىڭ قەلب دولقۇنلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتالايدۇ. شۇ چاغدا ئۇ «ئى خالايىق! مەن ئائىشە رەيىەللاھۇ ئەنھانىڭ دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆھتەرەم مەھرىمى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى

بىلىمەن. ئەمما شۇ تاپتا ئاللاھ بىز ھەممىمىزنى سىناۋاتماقتا. قىنى سىلەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلامسىلەر ياكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغىمۇ؟» دەپ توۋلىغان ئىدى.

جەمەل ئۇرۇشىدىكى ھەقىنىڭ قۇربانگاھىدا ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنە شۇنداق ئاجايىپ پىداكارانە ئادا بىلەن ئۆز ھېسسىي تۇيغۇلىرىنى قۇربان قىلغان ئىدى. ئائىشە رەزىيەلاھۇ ئەنھانىڭ ئۇنىڭ نەزىرىدە نەقەدەر قىممەتلىك ۋە نەقەدەر مۇقەددەس، نەقەدەر ئۇلۇغ مەرتىۋىسى بارلىقىنى ئەممار رەزىيەللاھۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا كىممۇ بىر نېمە دېيەلىسۇن؟ ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جان، دىلى بىلەن مۇھەببەت قىلاتتى. شۇڭا ئېنىقكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن پەقەتلا ئۇممەتنىڭ مۆھتەرەم ئانىسىلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەڭگۈلۈك مەھرىمى ئىدى. ئەمما بىر تەرەپتە مانا شۇنداق ئۇلۇغ ھېس يەنە بىر تەرەپتە ھەقىنىڭ ئەلى تەرەپتە ئىكەنلىكىگە بولغان چوڭقۇر تۇيغۇ بولۇشتەك ئاشۇنداق نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ بۇ قاينام، تاشقىنلىرى ئىچىدە ئۇ كىمنى دولقۇنلارنىڭ پارە ـ پارە قىلىۋېتىشىگە پەرۋاسىز ساھىل تەرەپكە قويىۋەتكەن ئىدى.

مەن بۇ يەردە كىمنىڭ ھەق ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ۋە كىمدىن ئىجتىھادىي خاتالىق ئۆتكۈلگەنلىكىنى سۆزلىمەكچى ئەمەسمەن. بۇ ھەرگىزمۇ مەن بىر نەرسە دېيەلەيدىغان ئىش ئەمەس. ئاللاھمۇ ئۇنداق سۆزلەرنى قىلدۇرمىسۇن! ئەمما مەن شۇنى چوقۇم ئويلانماي تۇرالمايمەنكى، كىشىلىك ئېھتىرامنىڭ تەرەپتارى بولۇش بىلەن ھەقىنىڭ تەرەپتارى بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتايىن نازۇك كۈرەشتە ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھېسسىياتىنى قۇربان قىلغىنىدىنمۇ كاتتا قۇربانلىق بولمىسا كېرەك.

گەرچە ئۇ بۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولماي، سەففەين ئۇرۇشىدا، يەنى، بىر تەرەپتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە بىر تەرەپتە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇرغان ئۇرۇشتا شاھادەتلىك ماقامىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقەت شۇكى، جەمەل ئۇرۇشىدا ھەق ئۈچۈن ئۇنىڭ روھى دۇنياسى شېھىت بولغان بولسا، سەففەين ئۇرۇشىدا ھەق ئۈچۈن جىسمى شېھىت بولغان ئىدى. ئۇ جەمەل ئۇرۇشىدا ھەقنى دەپلا ئۆز ھېسسىي تۇيغۇلىرىنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن سەففەين ئۇرۇشىدا زەربە ئۈستىگە زەربە يەپ، قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن ئىدى. سۇ سورىۋىدى، بىرسى ئۇنىڭغا سۈت ئېلىپ

كەلدى. سۈتنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆتمۈشنىڭ ئىنتايىن گۈزەل بىر ئەسلىمىسى يادىدىن كېچىپ، خۇشاللىقتىن كۆزلىرى پارلاپ نەملىنىشكە باشلىدى. سۈت ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى شېھىتلىكنى ئىزدەش يولىدا پۈتلىرى تىلىم ـ تىلىم يېرىلغان ئاشۇ شاھادەت ماقامىغا يېتىشكە ئالامەت ئىدى.

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا... ئىمانىي غەيرەت ۋە شاھادەت ئىشقىنىڭ بىقارار ئىنتىلىشىدە ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازى ياڭرىماقتا ئىدى.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا، ”سېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىچىدىغان نەرسەڭ سۈت بولىدۇ“ دەپ خەۋەر قىلغان»

ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبىدە ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشقا بولغان ئۈمىد ۋە خەۋپنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان توسۇۋالغۇسىز ئىمانىي دولقۇن كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۇ قىلىچلارنىڭ ئۆتكۈر بىسى خۇددى ماگنىتقا ئوخشاش بويىنىنى ئۆزى تەرەپكە چاقىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئاللاھنىڭ رەھمەت، ئىنايەتلىرى ئۇنىڭغا ئۆز قۇچىقىنى ئاچماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر تال مويىدىن تارتىپ، ھەر بىر تامچە قېنىغا قەدەر پەرزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چاقىرىقىنى ياڭرىتىپ، «ھاياتلىق كىتابىڭنىڭ ئاخىرقى بېتىگە مەيلى نېمىنى يازماقچى بولساڭ، ئۆز قېنىڭ بىلەن يېزىۋال! ئى ئۆمۈر بويى ئاللاھنى ئەسلەپ ئۆتكۈچى! تېز بول! سېنى ئاللاھ ئۆز دەرگاھىغا ئالاھىدە چاقىرماقتا!» دەپ توۋلىماقتا ئىدى.

ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى ئونۇتقان ھالدا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، جىھاد ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ يالقۇنلۇق مەيدانىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئىنتايىن گۈزەل ئېغىر بىر زەربە يېيىش بىلەن، يەنى، شاھادەتنىڭ مەھلىيالىق خۇشخەۋىرىنى ئېلىپ كېلىدىغان، ئاندىن ئىنساننىڭ بىر تامچە قېنى يەرگە تېمىش بىلەنلا جەننەت ئۆز پۈتى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان، ئۇنىڭدىن چاچرىغان ھەر بىر تامچە قان ئاللاھقا شۇنچە سۆيۈملۈك ھېسابلىنىدىغان ئاشۇنداق گۈزەل بىر زەربە يېيىش بىلەن تەڭلا شاھادەت ماقامىغا يەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئىمانىي خەۋپتىن ئەنسىرەپ، ھۆكرەپ ياش بىلەن يۇيۇلغان ئاشۇ ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مانا ئەمدىلىكتە ئۆز قانلىرى بىلەن يۇيۇلۇپ ئاللاھنىڭ ئالدىدا يەردە ياتاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچ بىر خەۋپ ئەمەس ئىدى، ھېچ بىر غەم غەم ئەمەس ئىدى. كۆز ياشلىرىدىن ئىبارەت قىممەتلىك سوۋغىنى سۇنۇپ بولغان زات

مانا بۇگۈن ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قان تامچىلىرىنى سوۋغا قىلماقتا ئىدى. ھەق ئۈچۈن ھاياتىدىكى ئىككى سۆيۈملۈك تامچىنى تەڭلا ئاللاھقا سۇنالىغان ئۇ نېمىدېگەن بەختلىك، نېمىدېگەن سۆيۈملۈك زات ھە!

ئۇنىڭ ئاللاھقا نەقەدەر يېقىملىق بەندە ئىكەنلىكىنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەڭ كاتتا لەشكەر قوماندانى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەردىن تېخىمۇ ياخشى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ سۆز ئەينى چاغدا نامەلۇم ئىككى كىشى «ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەن ئۆلتۈردۈم، مەن ئۆلتۈردۈم» دېيىشكىنىچە بىر ـ بىرى بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ، ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن پەيتتە ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ئىدى. ئۇ ئىككىسى ئەسلىدە «ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سېپىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شۇنچە كاتتا ھىمايىچىسىنى ئۆلتۈرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ چوقۇم بىزدىن خوش بولۇپ كېتىدۇ» دەپ خاتا ئويلاشقان ئىدى. ئەمما ئۇلار ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىردىنلا قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، ئۇلارغا بولغان نەپرەت ۋە يىرگىنىشتىن پۈتۈن چىرايى سارغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، خۇددى باشلىرىدا چاقماق چاقىقەندەكلا ھالغا كېلىپ قالدى. شۇ چاغدا ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق قايغۇرۇپ، ھەسرەتتىن پۈتۈنلەي ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىككىسى دوزاخنى تالىشىپ تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتىدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەم، كاشكى مەن بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسام بولمامتى؟!» دەپ پەرياد چەككەن ئىدى.

بۇ نېمىدېگەن نۇرلۇق قىممەتلىك سۆز ھە! بۇ سۆز بىر تەرەپتە ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى يورۇتۇپ بېرىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەممار رەزىيەلاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنىشى ھەققىدە بېشارەت بېرىپ ئاسىي بىر گۇرۇھتىن خەۋەر بەرگەن ئاشۇ يېشىلمەس تارىخىي چىگىشنىڭ ھەل قىلىنىشى تەرەپكە ئىشارە قىلىپ بەرمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلغا ئالغان ئۇ ئاسىي گۇرۇھ ھەزرىتى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ گۇرۇھىمىدى؟ ياكى ئىككى ئادىمى ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى شېھىت قىلغانلىق تۆھپىسىنى تالىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن جېدەللەشكەن ئاشۇ مەخپىي سىرلىق گۇرۇھىمىدى؟ ئېنىقكى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئۇنھۇ گۇرۇھىنىڭ ھېس تۇيغۇلىرىغا ئەمر ئىبنى ئاس

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى ۋەكىللىك قىلماقتا، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىن بېشارەت بەرگەن ھېلىقى نامەلۇم ئاسىي گۇرۇھنىڭ قانخور ئىدىيىسىگە بولسا، ئاشۇ ئەجنەبىي ئىككى كىشىنىڭ سۆزلىرى ئەينەك بولماقتا.

* * * * * * * * * *

بىزمۇ ھامان ئاللاھ بىلەن ئۇچراشماي قالمايمىز. لېكىن قاچان ۋە قەيەردە ئۇچرىشىمىز؟ بۇنى پەقەت ئاللاھ ئۆزىلا بىلىدۇ. بىزگە ئوخشاش خەستە بەندە بىلەن ئۇنى ياراتقۇچى بۈيۈك ئاللاھ ئۇچرىشىدىغان، مەخلۇقلار ئۆز ياراتقۇچىسىنى كۆز ئالدىدا كۆرىدىغان ئاشۇ ئۇلۇغ كۈنگە تېخىچە ھازىرلىق قىلىشنى تۈزۈككىنە بىر ئويلاشقىنىمىزمۇ يوق.

قېنى بىز ئەنە شۇ زاتلارنىڭ ئاشۇ كاتتا جىلۋىگاھقا قاندالارچە شانلىق ھالدا كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كېيەنلىرىدە ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك ھەر ئىككىلى تامچىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى، ئەمما بىزنىڭ كېيەنلىرىمىزدە بولسا، جىسمىمىزنىڭمۇ ۋە ئىمان، ئەمەللىمىزنىڭمۇ ئۆلۈك جەسەتلىرى ياتقانلىقىنى ئويلاپ باقمايلىمۇ؟!

بىزمۇ بۇ كاتتا ئۇچرىشىشنى ئويلىساق، بىزنىمۇ بۇ ئوي تەشۋىشكە سالالىسا، بىزمۇ خۇددى ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش شۇنىڭ ئەندىشىسىدە جېنى چىققاندەك ئازابقا چۆمۈپ كېتىدىغان، مەجبۇر ئېغىزىدىن چىقىرىلغان بىر قانچە ئېغىز سۆز ئۇچۇن گويا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى پۈتۈنلەي تۈگەشكەندەك نالە قىلىدىغان ئاشۇنداق ئەندىشىلەرنى ھېس قىلالىساق ئىدۇق كاشكى! ھالبۇكى ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبى ئىمانىدا قەتئىي مۇستەھكەم ئىدى. ئەمما بىزنىڭ قەلبىمىزچۇ؟ بىزنىڭ قەلبىمىز شۇ ھالدا ئىكەنكى، تىل ھەم دىللىرىمىز تەڭلا «ئاھ! بىزمۇ "مۇسۇلمان"مۇ» دېگەن سوئالغا چىرمىلىپ ياتماقتا.

# قاينامدىن قىرغاقىچە

مەككىنىڭ راستچىل، ئامانەتدار، دەپ تونۇلغان بىر ئادىمى «مەن ئىنسانلارنىڭ نىجاتلىقى ئۈچۈن ئالاھنىڭ ئاخىرقى چاقىرىقىنى ئېلىپ كەلدىم» دەپ جاكارلاپتىمىش، دېگەن بۇ خەۋەر، ئىنتايىن تېزلىك بىلەن ئەتراپقا تارقالغان ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ خەۋەر غىپار قەبىلىسىنىڭ ئەڭ ھەقىقەتپەرۋەر ئادەممى ئەبۇ زەر غىپارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن ئىختىيارسىز لاسسىدە تۇرۇپ كەتتى. گويا تۆت ئەتراپنى قاپلىغان زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدا ئىنتايىن مەھلىيالىق بىر نۇر ۋىللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولغان ئىدى. چۈنكى ئۇزۇندىن بىرى ئۇنىڭ غۇبارسىز قەلبى گۇناھكارلىق، زۇلۇم ـ ستەم، ساختىلىقلارنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى قورقۇنچلۇق جاڭگالغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىدىن بولۇشغا ئۆكۈنۈپ كەلمەكتە ئىدى. چىرايلىرىدىن يىرتقۇچلارچە ۋەھشىيلىك يېغىپلا تۇرىدىغان كۆز ئالدىدىكى ئىنسانلار جەمئىيىتى خۇددى يىرگىنچلىك قان، يىرىڭ دېڭىزىغا ئوخشايتتىكى، ئۇنىڭ ۋەھشىيانە دولقۇنلىرى پۈتكۈل ئىنسانىيەت يەلكەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، كارۋانلارنى ئۆز قويىنىغا غەرق قىلغان ئىدى. غەرق بولمىغانلار سۇنۇق كېمە تاختىلىرىغا يېپىشىپ، ھەر بىر قاينامنىڭ گەردىشىدە سەرسان ـ سەرگەردان ئايلىنىپ يۈرمەكتە ئىدى. گەرچە ئۇلار قىرغاقنىڭ تەشنالىقىدا شۇنچە نالە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھېچبىرى قىرغاقنىڭ زادى قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق يېتىپ بېرىش مۇمكىنلىكىنى بىلمەيتتى.

ــ بۇ خەۋەر راست بولۇپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەسقۇ؟! ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىۋاتقان بۇ بەختسىز ئىنسانلارغا ”ھەقىقىي خۇداسى“نىڭ رەھمى

كېلىپ قالغان بولسىمۇ مۇمكىنمۇ؟! ـ ئەبۇ زەر غىپارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چوڭقۇر ئويغا پېتىپ كەتكەن ئىدى. ‹‹ھەقىقىي خۇدا›› دېگەن بۇ تەسەۋۋۇر ئۇنىڭ تىپىچەكلەپ تۇرغان باغرىنى لەرزىگە كەلتۈرۈش بىلەنلا، ئىختىيارسىز ئۇھ تارتىشقا باشلىدى.

ئاھ ھەقىقىي خۇدا! ـ ئۇنىڭسىز ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ بىھېساب خەزىنىلىرىمۇ ئىنسان قەلبىگە زەھەرلىك نەشتەردەك ئارام بەرمەيدىغان... ئۇنى ئونۇتقان، ئۇنىڭدىن يىراقلاشقان ئىنساننىڭ بارىدىغان جايى دوزاختىن باشقا بولمايدىغان... ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچنى قەلبىگە يەرلەشتۈرەلىگەن كىشى ھەتتا ئۆز قېنى بىلەن غۇسۇلى قىلىپ، ئۆز كېيىمى بىلەن كېپەنلەنگەن چاغدىمۇ، مىسلىسىز مەنىۋى مەمنۇنىيەتتىن شاتلىنالايدىغان... ئەنە شۇ ھەقىقىي خۇدانىڭ تەسەۋۋۇرى ئۇنىڭ قەلبىنى گويا پارتلاۋاتقان ۋولقانلىق تۇيغۇلارغا تولدۇرىۋەتكەن ئىدى.

ئۇنىڭ قانچە ئۇزۇنغىچە يەنە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. تەپەككۇر كەپتىرى بۇ خەۋەر ئۇستىدە قانچە پەرۋاز قىلغانسېرى ئۇنىڭغا نىسبەتەن شۇنچە گۈزەل، شۇنچە دىلكەش، شۇنچە مەنىلىك تۇيۇلۇشقا باشلىغان ئىدى.

ـ جېنىم ئۇكام! ـ ئۇ ئاخىرى ئەمەلىي قارارغا كېلىپ، ئۆز ئىنىسىغا پىچىرلاشقا باشلىدى.

ـ سەن ھازىرلا مەككىگە ئاتلىنىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشىڭ لازىم. «ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر مەبۇد يوق» دەپ جاكارلىغان ئاشۇ كىشى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات ئېلىپ، دەرھال قايتىپ كەلمىسەڭ بولمايدۇ ـ

ئىنىسى ئاكىسىنىڭ بۇ مۇقەددەس خاھىشىغا ھۆرمەت قىلىپ، دەرھال ھەققانىيەتنى ئىزدەش سەپىرىگە ئاتلىنىپ كەتتى. ئىنىسى كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەشنالىقى ئۈمىدلىنىش ھەم خەۋپسىرەش ئىچىدە، ئۇنى گويا قىيامەتنىڭ ئىزتىراپلىرىغا چۈمدۈرىۋەتكەن ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ھەممە نەرسىدىن مېھرىنى ئۈزۈپ، پەقەت مەككىنىڭ يولىغىلا تىكىلىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بېسىۋالغۇسىز مەۋج ئۇرۇۋاتقان قەلب دولقۇنلىرى ھاياتىنىكى ئەڭ كاتتا ھەقىقەتنىڭ دەرھال ئايان بولۇپ، ئۆزى بىلەن مۇجەسسەملىشىپ كېتىشىگە ئالدىراۋاتاتتى. ئاخىرى

ئىنتىزارلىقىنىڭ جان ئالغۇچ بۇ ئازابلىق سائەتلىرىمۇ ئىنتىھاسىغا يەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىرىندىشىنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى. ئۇ يىراقتىنلا ئىنىسىنىڭ چىرايىغا نەزەر سېلىپ، بۇ مۇقەددەس سەپەرنىڭ ئۇنىڭ چىرايىدا زادى قانداق تەسىرلەرنى قالدۇرغانلىقىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىردىنلا خۇشاللىق ياشلىرى جىلۋىلەندى. چۈنكى ئىنىسىنىڭ چىرايىدا ئاجايىپ بىر ئۈمىد نۇرىنىڭ چاقناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدى.

- ھە، تېزرەك ئېيتقىنە، نېمىلەرنى بىلىپ كەلدىڭ؟ - تەشنالىقتىن ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقىۋاتاتتى.

- بولىدۇ، ھاياجىنىڭنى بېسىۋالغىن ئاكا، مەن ئۇ كىشى بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم ۋە باشقىلاردىنمۇ سورۇشتۇردۇم. ئاخىرى شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، ئۇ راستىنلا كاتتا ئادەم ئىكەن، كىشىلەرگە ئاجايىپ ئېسىل سۆزلەرنى قىلىدىكەن. ھە راست، ئۇ نە شېئىرغا، نە ماقال - تەمسىلگە ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ، غەيريي بىر كالامنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىكەن.

ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەربىر ئىبغىز سۆزنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن زەن قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن قەلب تەشنالىقىنىڭ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ بىردىنلا تىت - تىت بولۇپ ئۆزىنى تۇتىۋالالماي: «ئىسىت، مەككىگە ئۆزەملا بارغان بولسامچۇ كاشكى؟ گېپىنى قىلىسىمۇ ئادەمنىڭ قەلبىگە شىرنە قۇيىلىۋاتقاندەك ھوزۇر بېرىدىغان شۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان بولسامچۇ كاشكى؟!» دەپ تۇۋلىۋەتتى ۋە ئوتلۇق ئىشتىياقىنىڭ تورسىۋالغۇسىز ھېسسىياتلىرى قوينىدا سەپەر جابدۇقى ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئالدىراش مەككىگە يۈرۈپ كەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ دۇنيانى ياراتقان ئاللاھنى ئىزدەش ئۈچۈن دۇنيادىلا سەپەرگە ئاتلانغان ئىدى.

ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنسانىنى ئۇدۇل ئۆز ياراتقۇچىسى بىلەن مۇلاقات بولۇشقا ئېلىپ بارالايدىغان، ئەمما ئىنسانلار نادانلىقتىن يوقىتىپ قويغان ئاشۇ مۇقەددەس يولنى ئىزدەشنىڭ پىراقىدا بوران - چاپقۇن، ئاپتاپ، سايلارغا ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىزلىنىشلارغا پەرۋامۇ قىلمايتتى. خۇدىنى يوقاتقان ھالدا، ئېگىز - پەس قۇم بارخانلىرىنى

كىچىپ، چۆللۈكتە تەنھا كېتىپ باراتتى. ئاخىرى بىر يىقىلىپ، بىر قوپۇپ، ئاران تەسلىكتە مەسچىتنى ھەرەمنىڭ ھويلىسىغا يېتىپ كەلدى. تېخىچە چىرايىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بىر كىشىگە بولغان بۇ ئاجايىپ قىزىقىش ئۇنى ئاقىۋەت يۇرتىدىن ئايرىپ، مانا ئەمدى غېرىب، مۇساپىرغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئەمما ئۇنى باشقىلاردىن سوراشقىمۇ پېتىنالمايتتى، چۈنكى ئەمدى تېخى قەلبىدە يانغان بىردىن - بىر ئۈمىد شامىنى ھەققانىيەت دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆچۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ئىنتىزارلىقتا تاڭ ئېتىپ كۈنمۇ چىقتى، ھەتتا شام كىرىپ كەچ بولدى. بۇ بىچارە مۇساپىرنىڭ نە تۇرغىدەك جايى، نە يېمەك - ئىچمىكىمۇ يوق ئىدى. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىنتايىن ئىخلاسمەن ساھىپخاندىن بىرسى مەيدانغا چىقتى. ئۇ دەل ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، بۇ يات مۇساپىرنى كۆرگەندە، باشقا ھېچقانداق گەپ سوراپ يۈرمەستىنلا مېھماندوسلۇق قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى ۋە ئۆيىگە ياندۇرۇپ كېلىپ قولىدىن كېلىشىچە ياخشى كۈتۈۋالدى. ئەمما مېھمان ئۆزىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدى. ئەتىسى يەنە ھەرەمگە كىرىپ، ئۆزى ئىزدەپ كەلگەن زاتنى ”ئۇچرىتىپ قالارمەنمىكى“ دېگەن ئۈمىدتە بىقارار ئىنتىزارلىق بىلەن ھەممە ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ يەنە بىر كۈننى ئۆتكۈزدى. ئەمدىلىكتە ئىككىنچى كېچە كىرىپ قالغان بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى يەنە ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. شۇنداق قىلىپ ئۈچىنچى كۈنمۇ ئۆتۈپ، ئۈچىنچى كەچمۇ كىرىپ كەلدى. بۈگۈنمۇ ئۇ يەنە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان ئىدى. بۇ جىمغۇر مۇساپىرنىڭ ھال - مۇڭىنى ئاڭلاپ، يار - يۆلەكتە بولۇشنى ئەخلاقىي بۇرچى قاتارىدا سانىغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاخىرى ئۇنىڭدىن كېلىشتىكى مەقسىتىنى سورىدى. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ كۆڭلىدىكى گەپنى ئايىماي سۆزلەپ بەردى.

- ئۇنداقتا ئەتە مەن سىنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىمەن - ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنتايىن سۆيۈنگەن ئاۋازدا ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

«لېكىن، ناۋادا يول ئۈستىدە سىنى مەن بىلەن بىرگە كۆرۈپ قالسا، مۇناسىپ بولمايدىغان ئادەملەر ئۇچرىسا، مەن ھاجەت قىلغان ياكى

ئايغىمنىڭ شوينىسىنى ئۈزۈشكە ئىمكانىيەتنى ئىشقا يېرىم باقىمەن، سەن ئۇدۇل يولنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگىن» دەپ تاپىلىدى.

ئىنتىزارلىقنىڭ بۇ ئاخىرقى تاغدەك ئېغىر كېچىسىمۇ ناھايىتى تەستە ئۆتۈپ، ئەتىسى سەھەردە ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا يۈرۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىرە - كىرمەيلا ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈرلەپ سوقۇشقا باشلىغان ئىدى. تېخى ئەمدىلا دىدارىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ گويا قەلبىنىڭ ھەر بىر دولقۇنى ئاجايىپ پارلاق نۇرغا چۈمۈپ كېتىۋاتقاندەك سېزىمگە كەلدى. ئىختىيارسىز پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئۆركەشلەۋاتقان ھۆرمەت، ئېھتىرام ئۇنىڭ ياتسىراش تۇيغۇلىرىنىمۇ، شەك - شۈبھە، گۇمانلىرىنىمۇ بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلىغان ئىدى. ئىلگىرى ئۆز خىيالىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن يول بويى ئويلاپ، مىڭ تەستە رەتلەپ، تۈزۈپ كەلگەن سوئال، پىلانلىرى بىرىنچى نەزەردىلا يوقىلىپ كەتكەن ئىدى. دېمەك، ھەققانىيەتنى ئىزدىنىشنىڭ ئۇزۇن سەپىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىنى بىرلا كۆرۈش بىلەن تاماملانغان ئىدى. بىر قانچە ئېغىز سۆز قىلىشقاندىن كېيىن قەلبىدىكى پۈتۈن تۈگۈنلەر يېشىلىپ، غىفار قەبىلىسىنىڭ بۇ يۈرەك پارىسى ئەمدىلىكتە ئۆزىنى ئىمان، ئىسلامنىڭ باغرىدا كۆرۈشكە باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ غەرىبلىشىۋاتقان مۇساپىرغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ئاساستا ئۇنىڭغا ئىسلامنىڭ ئاسانراق يولىنى چۈشەندۈرۈپ، «ھازىرچە ئىمانىڭنى ئىزھار قىلمىساڭمۇ بولىدۇ. سەن قەبىلەڭگە قايتىپ كۈتۈپ تۇرغىن ۋە بىز غەلىبە قازانغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ يەرگە كەلگىن» دەپ تەسەللى بەردى.

- يا رەسۇلۇللاھ! - ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن ئىمانىنىڭ ئەمدىكى بېسىۋالغۇسىز ۋىجدانىي جاسارىتىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى.

- مېنىڭ جېنىم ئىلكىدىكى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ھەققانىيەتنىڭ ساداسىنى مۇشۇ ئىمانسىز ئەبلەخلەرنىڭ ئارىسىدا بىر جاكارلىۋالمىغۇچە قەتئىي ئەمىن تاپمايمەن.

ئۇ راستىنلا دېگىنىدەك قىلدى. ئاجايىپ جاسارەت بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرغانچە يوغان - يوغان چامداپ، ئۇدۇل ھەرەمگە باردى ۋە جۇغلىشىپ ئولتۇرغان مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ قاپ - ئوتتۇرىسىدا ئورە تۇرۇپ «مانا مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق مەبۇد يوق! مانا مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئاخىرقى پەيغەمبىرى!» دېگىنىچە ھەققانىيەت ساداسىنى ياڭرىتىشقا باشلىدى.

ئاسي كۇپپارلارنىڭ ھەممىسى بۇ گۇلدۇرمامىدەك سادىنى ئاڭلاپ بىر ھازا نېمە قىلىشىنى بىلمەي داڭ قېتىپلا قالدى ۋە «مۇشۇنداق چاغدىمۇ قورقماستىن ئۆز ئۆلۈمىنى چاقىرىۋاتقان بۇ زادى كىم؟!» دەپ بىر- بىرىدىن ھەيرانە سوئال سوراشقا باشلىدى. ئاندىن ھەممىسى بىراقلا چىلبۆرىدەك ئېتىلىپ كېلىپ، ”ئۇرە!، ئۇر!“ دەپ تۇۋلاشقا باشلىدى.

شۇنچە كۆپ يىرتقۇچ ھايۋانلار كەبى كۇپپارلارنىڭ ئارىسىدا قالغان ئەبۇ زەر غىپارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇشمۇ - تۇشتىن تېگىۋاتقان تاياق توقماقلار بىلەن تەۋرەنمەي قارشىلىشىۋاتاتتى. بىرسى مۇشت ئاتسا، يەنە بىرسى تۇكۇرۇپ ھاقارەت قىلىۋاتقان... بىرسى تىزلىسا، ئىككىنچىسى پەشۋا تېپىۋاتقان... شۇنداقتىمۇ بۇ مەردى - مۆمىن تۆت ئەتراپىدىن تىنىمسىز يېغىۋاتقان تاش، توقماقلار ئارىسىدا، سەۋر ھەم ئىستىقامەتنىڭ نۇر مۇنارىدەك ئىرادىسىدىن يانمايۋاتقان... پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا «سەن نېمە ئۈچۈن دۇنيانى ياراتقۇچىنىڭ نامىنى تىلغا ئالىسەن؟» دەپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان... ئەمما ئۇ بارلىق كۇپپارلارنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتكەن شۇنچە كاتتا سۆزنى جاكالىيالىغانلىقىدىن شاتلىنىپ، تاياق يەپ، ھۇزۇرلىنىۋاتقان... شۇنچە شادىمان، شۇنچە بېخارامان... ھاياسىز تىل - ھاقارەتلەرگە پىسەنتمۇ قىلمايۋاتقان... ئارقا - ئارقىدىن تېگىۋاتقان پەشۋالارغا بىرەر قېتىممۇ ”ۋايجان“ دەپ سالمايۋاتقان... چۈنكى ئۇ دەيدىغىنىنى دەپ بولغان... قىلىدىغانىنى قىلىپ بولغان... ئەمدىكى نۆۋەت پەقەت بەرداشلىق بېرىشكىلا خاس بولغان... شۇڭا ئۇ قورقۇنچقا ئەمەس، خاتىرجەملىككە چۆمگەن... ”پۈتكۈل كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئارقامدا بار“ دېگەن ئىشەنچكە مەھكەم يۆلەنگەن... ئاللاھنىڭ رىزالىقى يولىدا دەسسىلىپ، يەنچىلىۋاتقانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن شاتلىققا چۆمگەن...

چەكسىز رەھىم - شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھ تائالامۇ ئۆزىگە بولغان چىن ئىخلاس، ۋاپادارلىقىنىڭ بۇ تەسىرلىك مەنزىرىسىگە نەزەر سېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاللاھنى ھەر دائىم ئۆز ئۈستىدە ھازىر ۋە نازىر دەپ بىلىشتەك تېرەن تۇيغۇلارغىلا غەرق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئەبۇ زەر غىپارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ چىدىغۇسىز تاياق - توقماقلارغا پىسەنتمۇ قىلماستىن بەرداشلىق بېرىۋاتاتتى، ئەمما ئەتراپتا تاماشا كۆرۈۋاتقانلار ئۇنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ ھەتتا ئۆپكىسى ئېغىزىغا كەپلىشىپ قېلىشقا تاسلا قالغان ئىدى. بۇ قەدەر دەسسىلىپ، يەنچىلىشلەرگە ئىنسانىيۋىلىكىنىڭ تەبىئىي شاراپىتى چىداپ تۇرالماي، ئاخىرى ئۇلار ئارىسىدىن تېخى ئىمانىنىڭ تەمىنى تېتىش نېسىپ بولمىغان ھەزرىرەتى ئابباس مەيدانغا چۈشتى ۋە دەرھال ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، زالىملارنى توسۇشقا باشلىدى.

- ئى ھاماقەتلەر! شۇنى ئويلاپ باقمامسىلەركى، ناۋادا بۇ غىپار قەبىلىسىنىڭ ئادىمى تايىقىڭلار ئاستىدا ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ شامغا بارىدىغان سودا كارۋانلىرىڭلار نېمە بولماقچى؟ ئۇنىڭ قەبىلىسىدىن سالامەت ئۆتۈش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ دەپ تۇۋلىدى.

ئاخىرەتنىڭ ئازابىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدىغان بۇ ھېسسىزلار كىچىككىنە دۇنيالىق زىياننىڭ ئېتىنى ئاڭلاش بىلەن دەرھال ھوشىنى تېپىپ ئۇرۇشتىن توختاشتى. شۇنداق قىلىپ، تاياق - توقماق دەستىدىن جان ئۈزەيلا دەپ قالغان ئەبۇ زەر غىپارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى قىلىنىڭ ئۈستىدە ئاران ساقلىنىپ قالدى. ئەمما ئەتىسى بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ ۋەقە يۈز بەردى.

ئارىدىن تېخى بىر كېچىمۇ ئۆتمىگەن، تاياق دەستىدىن ئىششىپ كۆكىرىپ كەتكەن بەدەنلىرىگە تېخى بىر سوغۇققىنە شامالمۇ تەگمىگەن، ھەتتا يېرىلىپ، پىچىلىپ كەتكەن يارا، جاراھەتلىرىنىڭ ئەتراپىمۇ قېتىشىپ دېمىگەن بىر چاغدا، ئۇنىڭ يەنە شۇنداق تاياق - توقماقلاردىن ھۇزۇرلىنىۋېلىش ئۈچۈن مەستانە كېتىپ بارغانلىقىنى ھەممەيلەن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكتە ئىدى.

ئەلمىساقتىلا پۈتكۈل ئىنسانلار روھى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئەھدى بېرىپ، ياڭراتقان ھەقنىڭ ئەنە شۇ ئۇلۇغۋار ساداسىنى ھەتتا

ئادەم ئەلەيھىسسالاممۇ تەكرار ياخرىتىش ئۈچۈن دۇنياغا چۈشكەن، نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ 950 يىلغىچە قەلب قانلىرىنى ئېقىتىش بىلەن ھارماي ياخرىتىپ، ھەتتا ئاخىرى توپان بالاسىدا كېمىسىنى لەيلەتكەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ كۇپپارلارنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتىغا تاشلىنىشقا ئىككىلەنمەي تەۋەككۇل قىلغان، يۇسۇف ئەلەيھىسسالاممۇ زىنداندا ياتقان، مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ پىرئەۋننىڭ ئىستىبداتلىقىغا قارشى دېڭىز يېرىپ قىرغاققا چىققان، ئەيسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئاشۇ ھەققانىيەت ساداسى ئۈچۈنلا كۇپپارلارنىڭ ئەسەبىي زۇلۇم ـ سىتەملىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئاخىرىدا ھەتتا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھ يولىدا ئازابتىن ھۇزۇرلىنىشنىڭ بۇ پەيغەمبىرانە ئەنئەنىسىنى ساق 23 يىلغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان، ئەنە شۇ ھەققانىيەت ساداسىنى ياخرىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسەتتە، ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ قان ئېقىپ تۇرغان زەخىملىرىنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ ئۆتكۈر، تېخىمۇ شېرىن يەنە بىر زەربە يەۋېلىش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى.

قېرىندىشىمىز ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نېمە دېگەن بەختلىك، ھە! چۈنكى ئۇنىڭ تەلىيىگە ئاشۇ ھەققانىيەت ساداسىنى ياخرىتىشنىڭ شەرىپى ئىككىنچى قېتىم يەنە پۇتۇلگەن ئىدى. باتىل ھېچ قاچان ئەپۇ قىلالمايدىغان بۇ سادا گويا ھەربىرىنىڭ كۆڭلىگە ئوت يېقىۋەتكەندەك بولدى. ياۋۇز، تەلۋە كوچلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مەردى ـ مۆمىنگە تەرەپ ـ تەرەپتىن ئېتىلىپ كەلدى. بوگۈن تونۇگۈنكىدىنمۇ ئەسەبىي تاياق توقماقلار ياغماقتا ئىدى. ناۋادا ئاللاھنىڭ فەزلى بىلەن ھەزرىتى ئاbباس يەنە ۋاقتىدا ئارىغا چۈشمەي قالغان بولسا، ئۇ شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپ شېھىت بولغان بولاتتى.

شۇنداق، جەننەتنىڭ خۇشپۇراق، ساپ ھاۋالىرىنى بىر قېتىم پۇراش بىلەن تەڭلا ئاللاھدىن دۇنياغا يەنە قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدىغان... يەنە تىرىلىپ يەنە شېھىت بولۇشنى، يەنە تىرىلىپ يەنە شېھىت بولۇشنى، ھەق يولىدا توپا ـ چاڭ، قانلارغا مىلىنىپ كېتىشنى، پارە ـ پارە بولغان جىسمىنى ئېتىكىدە كۆتۈرگىنىچە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا قايتا كېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ ھارمايدىغان... ئەنە شۇنداق شېھىتلەردىن بولۇپ كەتكەن بولاتتى. ئاخىرى ئۇ شېھىتلىك ئىشقىدا قانچە پۇچىلىنىپ، مەردانىلەرچە قانداق يول يۈرۈپ كەلگەن بولسا، بەدەنلىرىنى تولدۇرغان ھەربىر يارا، جاراھەتلىرىدە شەھادەت ئىشقىنىڭ

شۇنچە كۆچلۈك نۇرلىرىنى جىلۋىلەندۈرۈپ، شۇنداق خۇشال قايتىپ كېتىۋاتاتتى.

ئاھ! بىزدىن ئىلگىرى ئۆزىنى ”مۇسۇلمان“ دەپ تونىغان ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىز زادى قانداق ئىنسانلار بولغىيتتى ـ ھە؟! مانا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىغۇ ئۇلار بىلەن بىرگە كەتتى. ئەمما خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلدەك جېنىمىزغا چاپلاشقان بىزنىڭ ھازىرقى قىلمىشلىرىمىزچۇ؟

راستىنى ئېيتقاندا، ئاخىرەتلىكىمىز ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى دۇنيالىق ھاياتىمىز ئۇچۇن، يەنى، ھەرقانچە يېپىشىۋالساقمۇ، ئاخىرى يۇلۇپ ئېلىپ، تۇپراق ئاستىدىغا كۆمۈۋېتىدىغان مۇشۇ دۇنيالىق پانى ھايات ئۇچۇن تېخى ئۇيالماستىن ئاللاھدىنمۇ مەيۈسلىنىپ يۈرمەكتىمىز. ھەتتا ئۆمۈرۋايەت گۇناھقا مىلىنىپ ئۆتكەن كىشىنىڭ كۆزلىرىدە ئىككى تامچە نادامەت يېشى لىغىرلاش بىلەنلا كەرەملىك ئاللاھنىڭ چەكسىز ئەپۇ ـ رەھمىتى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەلمەيمىز. شېھىتلىك ئىشقىدا يەرگە بىرتامچە قېنىمىز تۆكۈلگەن ھامان جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك دەرۋازىسى ئېچىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايمىز. ئەگەر ھەقنى تونۇپ يېتىپلا پۈتۈن قەلب، ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا تىرىشقان ئاشۇ ئەجدادلار ”ئەھلى ھەق“ دەپ ئاتالغان بولسا، ئۇنداقتا پانى دۇنيانىڭ بىر قانچە تىيىنگە ئەرزىمەس راھەتلىرى ئۇچۇن جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىرىدىن كېچىۋېتىپ بارغان بىز ھەقىقانىيەتپۇرۇشلارنى نېمە دەيمىز؟

قېنى ئېيتىپ باقايلىچۇ! بىز شۇنداقتىمۇ راستىنلا ”مۇسۇلمان“ مۇ؟!

## ”سابىقۇنۇلئەۋۋەلۇن“ دىن بولۇشنىڭ پەزىلىتى

ھەزرىتى سەلمان فارسى، ھەزرىتى بىلال ھەبەشىي، ھەزرىتى سۇھەيب رۇمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىر يەرگە جەم بولۇپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئۆلتۇراتتى. گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئىنتايىن دەرىجىدە خورلانغان قۇللاردىن بولسىمۇ، ئەمما ھەقنى ئىزدەش ۋە قوبۇل قىلىش يولىدا ئاكتىپچان بولۇشتىكى ئاجايىپ ئاۋانگارتلىقى ئۇلارنى گويا ئىسلام ئاسمىنىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يۇلتۇزلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئاللاھنىڭ بۇ ئىنتايىن سۆيۈملۈك بەندىلىرى بىردىنلا كۆز ئالدىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەبۇ سۇفياننى، يەنى كۇپۇرلۇق دەۋرىدىكى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈشمۇ خۇددى ئىسلامغا قىلىنىۋاتقان ھاقارەتكە چىداپ تۇرۇشتەك ئېغىر بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنداق مەنزىرىگە، بۇنداق تۇيغۇغا ئۇلارنىڭ ئىمانىي غۇرۇرى نەدىمۇ چىداپ تۇرالىسۇن دەيسىز، بىردىنلا تىت - تىت بولۇپ، قەلبىدە جۇش ئۇرۇۋاتقان غەزەپلىك ھېسلىرى ئېغىزلىرىدىن پارتلاپ چىقماي تۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن:

- ئاللاھنىڭ قىلىچى بۇ دۈشمەنىنىڭ بېشىنى ئەجەب ئۈزۈپ تاشلىماپتىغۇ؟ دېگەن ھېسسىياتلىق ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزلەرنى خۇددى يولسىز قىلىنىۋاتقان ئاچچىق ھۇجۇمدەك ھېس قىلىپ، ئۇلارنى ئەيىپلىگەن تەرزدە:

— سىلەر قاراپ تۇرۇپ قۇرەيشنىڭ شۇنچە مۆتىۋەر ئادىمىنى مۇشۇنداق دېسەڭلار بولماس؟ دەپ نەسىھەت قىلدى.

ئەمما ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن چىغىدا، گويا زېمىن ئايىغى ئاستىدىن چىقىپ كەتكەندەكلا ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- سەن بەلكىم ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، ئەگەر راستىنلا ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويغان بولساڭ، بىلىپ قويغىنكى، سەن ئاللاھنى خاپا قىلغان بولىسەن... دېگەن ئىدى.

ياخشى ئىشتا ئالدىنقى تەشەببۇسكارلاردىن بولغان ئاشۇ بىرقانچە ئاجىز قۇللارنىڭ ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھىي ئۇنچىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان مۇبارەك ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان بۇ سۆزلەر ھەقىقەتەنمۇ يېنىك گەپ ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ سۆز ئىسلامنىڭ ئالدىنقى ئاۋانگارتلىرى بولۇشتا ئۆزىمۇ ئۇلاردىن ھېچ قانچە پەرقلەنمەيدىغان، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەتتىكى قولدىشى ۋە ئەڭ يېقىن سىردىشى شۇنداقلا مۆھتەرەم قېيىن ئاتىسى بولغان ئۇلۇغ ساھابىگە قىلىنىۋاتاتتى.

دەرۋەقە، گەرچە ھەممەيلەن ئىسلامنىڭ ئوخشاش دەرىجىدىكى ئالدىنقى ئاۋانگارتلىرىدىن بولسىمۇ، ئەمما ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادلىق ۋە باي - باياشاتلىق ئىچىدە تۇرۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقى، ھەمدە ھەزرىتى سەلمان، ھەزرىتى بىلال، ھەزرىتى سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ بولسا، قۇللۇق كىشەنلىرى ئاستىدا قاتتىق ئېزىلىۋاتقان تۇرۇپمۇ ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا قول بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئوخشىماسلىق مەڭگۈگە ئۆچمەي ساقلىنىپ قالغان ئىدى.

ئاللاھۇ ئەكبەر!

مانا بۇ ھەقنىڭ ھەقكە بەرگەن باھاسى ۋە دەرىجىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىشانىلىرى خاپىلىقتىن ئازراقلا تۈرۈلۈپ قالغۇدەكلا بولسا، گويا قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى قوپۇپ كېتىشكە تاسلا قالاتتى. ئۇلار قاياققا غەزەپ بىلەن تىكىلسە، ئاللاھنىڭ غەزىپى شۇياققا يۈزلىنەتتى.

پۈتۈن ئەزايىنى قاتتىق تىترەك بېسىپ، قورقۇنچتىن تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال بۇ ئۈچ ساھابىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپلا ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ــ ئى، جان جىگەر قېرىنداشلىرىم! مەن... سىلەرنى... خاپا قىلىپ... سالدىممۇ، قانداق؟

تۆكۈلۈپ يىغلاۋاتقانلىقى تۈپەيلى سۆزلىرىمۇ تولۇق چىقماي قىلىۋاتاتتى.

ــ ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بىز قەتئىي خاپا بولمىدۇق، بىز دائىم ساڭا ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھنىڭ بۇ ھەر ئۈچىلى مەھبۇب بەندىلىرىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ئېسىل ئەخلاق گۈلدەستىلىرىنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا گويا بۇ سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ ئەمەس، بەلكى مېھرىبان پەرۋەردىگارىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاۋاتقاندەك شاتلىقتا چۆمدى ۋە لىغىرلاپ تۇرغان ياشلىق كۆزلىرى بىلەن شۇ يەردىلا ئېچىلىپ كۈلۈۋېتىشكە باشلىدى.

* * * * * * * * * *

ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قۇل ئائىلىنىڭ شادلىق چىرىغى بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەسرەتتىن ئاققان كۆز ياشلىرى بىلەن لاۋۇلداپ، ئىسلام ئۈچۈن تۆككەن قانلىرى بىلەن پارلايدىغان ئۆچمەس چىراغ ئىدى.

شۇنداق...

تەۋھىد ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ ساداقىتىنى دەپلا كۇپۇر ھەم شېرىكچىلىكنىڭ مىسلىسىز زۇلۇم ـ ستەملىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، بۇلارغا قاراپ، يۈرەك ـ باغرى لەختە ـ لەختە يېرىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەۋر قىلىڭلار! ئى، ياسىر ئائىلىسى! سەۋر قىلىڭلار! راست ئېيتىمەنكى، ئاللاھنىڭ جەننىتى سىلەرنىڭ قارارگاھىڭلاردۇر ــ دەپ جەننەتتىن بېشارەت بەرگەن ئاشۇ ئۇلۇغ ئائىلىنىڭ كۆز قارچۇغىسى ئىدى.

لېكىن ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سېلىنىشتۇرغاندا، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۇپۇرلۇق دەۋرىدىمۇ ئاتاقلىق قوماندان ۋە

ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىنمۇ لەشكەر قوماندانى بولغان، ھەمدە قانلىق جىھاد مەيدانلىرىدا، تەڭداشسىز ئىمانىي قۇۋۋەتى بىلەن ئۆتكۈر قىلىچىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ھەتتا ئاخىرى ”ئاللاھنىڭ قىلىچى“ دېگەن نامغا سازاۋەر بولغان كاتتا ساھابە ئىدى.

گەرچە ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جىھادنىڭ ئۇلۇغۋار قوربانگاھلىرىغا ئۆز پىداكارلىقى بىلەن زىننەت قوشقان، يىغىۋاتقان ئوق، نەيزىلەرگە قارشى مەردانە كۆكرىگىنى يالىڭاچلاپ ئاچقان ئاجايىپ كاتتا ساھابىلەردىن بولسىمۇ، تارىخنىڭ نەزىرىدە، ئۇنىڭ بەرگەن قۇربانلىقلىرى بىر جەڭچىنىڭ قوربانلىقى سۈپىتىدە، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىداكارلىقلىرى بىر قوماندانىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىش ـ ئىزلىرى سۈپىتىدە گەۋدىلىك خاتىرىلەندى.

لېكىن شۇنداقتىمۇ...

ھە، راستىنلا شۇنداقتىمۇ... خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سېلىشتۇرغاندا، ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەق ـ ساداقەت ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆكرىكىنى ئاچالىغان بولغاچقىلا ئاللاھنىڭ نەزىرىدە، مەرتىۋە جەھەتتىن شۇ قەدەر يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنكى، ھەتتا شۇنچە پايانسىز زېمىننى پەتھى قىلىپ، ئىسلامنىڭ بايرىقىنى لەپىلدەتكەن خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنىڭ ئەيمىنىشلىك مەرتىۋىسىگە يېتىشەلمەي قالغان ئىدى.

بىر قېتىم مەلۇم بىر ئىش سەۋەبلىك بۇ ئىككى ساھابىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە بولۇپ قالدى. شۇ پەيتتە خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېغىزىدىن ئىختىيارسىز ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېغىر كېلىدىغان بىر سۆز چىقىپ كېتىپ قالدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاتتىق ئاچچىقلاندى.

ــ ئى خالىد! ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەلبلەرنى تىترىتىدىغان دەرىجىدە قاتتىق ھەسرەتلىنىپ سۆز قىلىۋاتاتتى.

ـ ئەممارنى ھەرگىز ئەيىبلەپ سالما! كىمكى ئۇنى ئەيىبلەيدىكەن، ئاللاھ شۇ كىشىنى ئەيىبلەيدۇ. كىمكى ئەممارغا غەزەپلىنىدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ. كىمكى ئەممارنى مەنسىتمەيدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنى

مەنسىتمەيدۇ.

ــ ئاھ! بۇ كۈن...

خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ۋەقەنى كىشىلەرگە ئۆزى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

ــ بۇ كۈن مەن ئۈچۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ ئېغىر كۈن بولۇپ قالغان ئىدى. مەن دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېلىنىپ يالۋۇرۇپ، ئاللاھ تائالادىن گۇناھىمنىڭ مەغپىرىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇشىنى تىلىدىم ۋە يۈگۈرگەنچە ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مېنى ئەپۇ قىلىشىنى، مېنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشىنى ئۆتەندىم.

* * * * * * * * * *

بىز ئەينى چاغدا ئەنە شۇنداق مۆمىنلەر ئىدۇق. ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭمۇ خاپا بولۇپ قېلىشىدىن شۇ دەرىجىدە قورقۇيتتۇق. ئەمما ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ھەتتا ئاللاھنىڭ غەزىپىدىنمۇ قورقماس بولۇپ كېتىۋاتماقتىمىز. ئەجەبا بۇ مۇسۇلمانلىقىمىزغا نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر تراگېدىيە ئەمەسمۇ؟

شۇنداق...

شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز ''مۇسۇلمان''. يەنىلا بىز ''مۇسۇلمان''.

ئەنە ئۇلارنىڭ بەزىسى ياخشىلىقتا ئالدىدا ماڭغان ئاكتىپ، ئاۋانگارتلاردىن بولغان بولسا، يەنە بەزىسى پەقەت ئازراقلا ئارقىدا قالغان ئۇلۇغۋار ئۈلگىلەردىن ئىدى. لېكىن بىزچۇ؟! بىزنىڭ زادى نەدە قالغانلاردىن ئىكەنلىكىمىزنى قېنى كىممۇ ئېيتىپ بېرەر؟! كىممۇ ئېيتىپ بېرەر؟!

* * * * * * * * * *

خەلىپىلىك قارارگاھىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا يۇقىرى ئابرۇيلۇق بىر توپ مۆتىۋەر كىشىلەر خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى. مەككىنىڭ بۇ مۆئەززىز كاتتا ئەربابلىرىنىڭ ئارىسىدا، ئەينى چاغدا شۇنچە ۋەھشىيلەرچە ئاياق ئاستى قىلىنغان بىر قارا تەنلىك قۇلمۇ مەۋجۇد بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى دەل بىلال

ھەبەشىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. لېكىن خەلىپىلىك قارارگاھىنىڭ قوبۇللۇق دەرۋازىسى ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئېچىلدى. ئىرق، جەمەت، مال ـ بايلىق ئىززەت ئابرۇي جەھەتتە ئۇنىڭدىن شۇنچە ئۈستۈن تۇرىدىغان زاتلارنىڭ ھەممىسى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەمكىن كىرىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ، ئىشىك تۈۋىدە ھەيرانە قاراشقىنىچە تۇرۇشۇپ قالغان ئىدى.

بۇ ئادەتتىكى بىر ئازاد قۇلغا قىلىنىۋاتقان ئالاھىدە ئىمتىيازلىق مۇئامىلە بولۇپ، بۇ ئىش باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ، ئېغىر ئالغانلىقى تاتارغان چىرايلىرىدىن "مانا مەن" دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەزىلەرنىڭ ھېس قىلىۋاتقان قەلب ئازارى ئاخىرى لەۋلىرىنىڭ سۈكۈتىنى بۇزۇپ، دوق ـ مالامەت قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن توپ ئىچىدىن

ــ مەككىنىڭ شۇنچە ئېسىلزادە، شەرەپلىك كىشىلىرى كۈتۈپ تۇرغان يەردە، ھەممىدىن ئىلگىرى بىر قۇلغا قوبۇللۇق شەرىپى بېرىلىۋاتقىنى نېمە ئىش؟ ــ دېگەندەك غۇدۇراشلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

بۇ مۆتىۋەر ئەربابلارنىڭ ئارىسىدا، ئەڭ رەزىل ئېپلاس، كاپىر ئەبۇ جەھىلنىڭ "ئەكرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ" ئىسىملىك ئەڭ ئېسىل ئۇنتۇلماس مۆمىن ئوغلىمۇ مەۋجۇد بولۇپ، دۇنيانىڭ يالتىراق ئىززەت ئابرۇيىغا چۈمكەلگەن بۇ غۇدۇراشلار ئۇنىڭ سەزگۈر ئىمانىي ۋىجدانىغا خۇددى تىكەندەك سانچىلىشقا باشلىغان ئىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ پۈتۈن ئېسىيادى ئۆزىنىڭ زىلزىلىلىك قاراڭغۇ ئۆتمۈشىگە شۇڭغۇپ كەتتى ـ دە، ئەينى چاغدا مەن شېرىكچىلىك ھەم كۇپۇرلۇقنىڭ زەھەرلىك نەشتىرى بولغان بولسام، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭ زەربىسىگە پەرۋاسىز ئىسلامنىڭ مەردانە كۆكرىكى ئەمەسمىدى؟! مەن ئىسلامنى يوقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن تېپىرلاپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، ئۇ ھەقنىڭ ئىمارىتىنى تىكلەش ئۈچۈن زەخىم ـ يارىلىرىدىن ئاققۇزغان قانلىرى بىلەن "ئاللاھ بىر! ئاللاھ بىر!" دېگەن ياڭراق ساداسىنى تارىخ سەھىپىسىگە يازغان ئاۋانگارت مۇجاھىد ئەمەسمىدى؟ دېگەنلەرنى ئويلىنىشقا باشلىدى ۋە غەزىپىنى باسالماي كۆپچىلىككە:

ــ نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىلەر؟! پەيغەمبىرىمىز ئەينى چاغدا ھەممىمىزنى ئوخشاشلا بىر ئاۋازدا چاقىرغان ئىدى. ئەمما بىز ئۇنىڭ چاقىرىقىغا كېيىن "لەببەيك" دېگەنلەر ئەمەسمىدۇق؟ شۇڭلاشقا ئىسلامنىڭ ئاۋازىغا بۇرۇن "لەببەيك" دېيەلىگەنلەر، قوبۇللۇق شەرىپىگىمۇ بۇرۇن ئېرىشىشكە

ھەقلىق. بىزنىڭ ھەتتا غوتۇلداشقىمۇ ھېچقانداق ھەققىمىز يوق ـ دەپ تۇۋلىۋەتتى.

گەپ ئىنتايىن ۋەزنىلىك بولۇپ، ئاۋازمۇ ئىنتايىن جاراڭلىق ئىدى. ھەممەيلەن جىمپىلا قالدى. ئۇلار ”راست ئەمەسمۇ؟! مۆمىن دېگەن مۇشۇنداق ئويدا بولۇش لازىم. ياخشى ئىشقا بالدۇر تەشەببۇسكار بولالىغانلىق، ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىشنى قىلغاندىن بەكرەك پەزىلەتكە ئىگە“ دېگەنلەرنى ئويلىماقتا ئىدى.

ئەمما بىز ... بۇ دەۋرنىڭ مۇسۇلمانلىرى ... مۆمىن بولۇپ تۇرۇپمۇ زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئويلىيالمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن سەپ ئالدىدا ماڭغۇچىلارغا ئىمتىيازلىق نەزەر بىلەن قارييالمايمىز؟

مانا بۈگۈنكى كۈندە، مەھكۇملۇق قەپەزلىرىنىڭ رەزىل ئىسكەنجىلىرى ئاستىدا ئېغىر دەرىجىدە خورلۇققا ئۇچراۋاتقان، ھەتتا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭمۇ ھۆكۈمەت، پارلامېنت بىنالىرىدىن، ئەدلىيە، ئىجتىمائىي ئورگانلىرىدىن سىقىپ چىقىرىلىۋاتقان، شۇنداقلا كوچا ـ كوي، خانىقاھ، مەسچىت، بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا بولسىمۇ ياشىيالماي تەمتىرىگەن بىر ئاتالمىش ئەگەشكۈچىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرىپ، «سىلەر مېنىڭ ئەزالىرىم، مېنىڭ مۇسۇلمانلىرىم، مېنىڭ مۆمىنلىرىم تۇرۇپ، نېمە دەپ مەندىن قېچىپ يۈرىيسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن مېنى ئازاد قىلاي دېمەيسىلەر؟ نېمە گۇنايىمغا ئىجتىمائىي ئورگانلىرىڭلاردىن چىقىرىپ تاشلاۋاتىسىلەر؟» دېگىنىچە، ئەنە قايتىدىن بىزنى ئۈنلۈك چاقىرىۋاتامدۇ؟

مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى تەشەببۇسكار ئاۋانگارتلارنىڭ دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇنى ئازاد قىلىش ۋە ئۆز ئورنىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرمامدۇ؟

ئەمما بىز ئۆز ئىسلامىمىزغا ئارقىمىزنى قىلىۋېلىپ، قىبلىمىزنى باتىلغا توغرىلاپ، سەجدە قىلغان ھالدا «ئاللاھنىڭ بىرەر ئېسىل بەندىسى بۇ ياخشى ئىشتا ئاكتىپلىق كۆرسىتىپ، قىبلىمىزنى شەرقتىن غەربكە رۇسلاپ قويسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئۈمىد كۈتۈپ ياتماقتىمىز.

ئاھ! ھەرقانداق ياخشى ئىشتىكى تەشەببۇسكارلىقنىڭ خارنى ئەزىز، كىچىكنى كاتتا قىلىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ نېمەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتسەك ئىدۇق كاشكى!

ئىسلامىمىز قىلىۋاتقان نۆۋەتتىكى مەزكۇر ئازابلىق چاقىرىقنىڭ بىزدەك ئەبگاالرنى يۈكسەكلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئالالھ تەرىپىدىن ئېچىلغان ئەڭ ئۇلۇغۋار دەرۋازا ۋە بىردىن - بىر تېپىلماس پۇرسەت ئىكەنلىكىنى قەلبىمىزگە تونىتالىساق ئىدۇق كاشكى!؟

بىزمۇ ساھابىلەردەك بۇ مۇبارەك دەرۋازىنى دادىل چېكىپ، غەنىمەت پۇرسەتتىن پايدىالنغان ھالدا ”سابىقۇنەل ئەۋۋەلۇن“ (يەنى، ئالدىنقى ئاۋانگارتالر) دىن بولالىساق ئىدۇق كاشكى!

## ھەقىقانىيەت پەرۋانىسى

ئەگەر دۇنيادا پۈتۈن ھاياتىنى ھەق ـ ساداقەتنى ئىزدەش يولىغىلا ئاتىغۇەتكەن بەختىيار زاتلارنىڭ تارىخىنى يېزىشقا توغرا كەلسە، ئىنشائاللاھ ھەزرىتى سەلمان فارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسمى ئەڭ باشقا يېزىلىدۇ.

ئاللاھ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغان بولۇپ، رىۋايەتلەردە 100 يىل، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئۆمۈر كۆرگەن دېيىلىدۇ. ئۇ گەرچە دۇنيادا شۇنچە ئۇزۇن ياشىغان بولسىمۇ، ئەمما قەلب، روھى دۇنيادىن شۇنچە يىراق، ئاخىرەتكە شۇنچە يېقىن ياشىغان ئىدى. ئۇ ئىراننىڭ ئىسفاھان شەھىرىدىن مەيدانغا چىقىپ، شام، مۇسۇل ۋە ئۇمۇرىيە تۇپراقلىرىغىچە كېزىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆزىنى ھەقىقىي ئىلاھىغا يەتكۈزۈپ قويالايدىغان بىرەر كىشىنىلا ئىزدەيتتى. ئۇ خىلى مەزگىللەرگىچە ئىسفاھان ئاتەشپەرەستلىرىنىڭ گۈلخانلىرىدىن ئۆز ئىلاھىنى ئىزدىگەن بولسا، يەنە بىر مەزگىل ھەقنى ئىزدەش يولىدا پۈتۈن ئائىلىسىدىن ۋاز كېچىپ، خىرىستىئان چېركاۋلىرىدا ئۆز ئىلاھىنى چاقىرىپ يۈرگەن ئىدى. بۇ ئىزدىنىشنىڭ ھەر بىر باسقۇچى ئۇنى يەنە باشقا يېڭى بىر باسقۇچقا تەرەپكە ئىتتىرىپ ئالدىغا ھەيدەيتتى.

سەلمان فارسى ئاتەشپەرەسلىكتىن خىرىستىيانلىقنىڭ دۇئاگويلۇقىغا قەدەر يېتىپ كەلگەن چاغلاردا، كۆپۈر ھەم شېرىكچىلىكنىڭ زۇلمەتلىك بورانلىرى خىرىستىيانلىقنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈش ئالدىدا تۇرغان بولۇپ، ئاخىرقى تىنىقىنى تىنىۋاتقان خىرىستىيانلىق ئاخىرى ئۇنىڭغا ئىسلامنىڭ ئېتىش ئالدىدا تۇرغان تېڭى تەرەپنى ئىشارە قىلغان

ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىنتىلىشچان كۆزلىرى ھەممە تەرەپتىن بۇرۇلۇپ ئىمان ۋە ئىشەنچىنىڭ ئاخىرقى قۇياشى چىقىش ئالدىدا تۇرغان جەزىبدار ئۇپۇققىلىلا تىكىلىپ قالدى. ئۇمۇرىيەنىڭ چىركاۋىدا سەكراتتا ياتقان دۇنيادىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقىي ناسارانىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇسىنىڭ بىردىن ـ بىر مەركىزى "خورمىلىق يۇرت" بولۇپ قالغان ئىدى. چۈنكى ئاشۇ "خورمىلىق يۇرت"تىكى خورمىلارنىڭ سىرلىق سايىسىدا سىراتەل مۇستەقىمنىڭ ئۆچكەن ئىزلىرى مەڭگۈگە نامايان بولۇش ئالدىدا تۇراتتى.

ــ مانا شۇنداق داۋانلارنى بېسىپ ئاخىرى سېلىنىڭ ئالدىلىرىغا كەلگەن ئىدىم ـ سەلمان فارسى سەكراتتا ياتقان ئەسقەفنىڭ كارىۋىتى بېشىدا ئەلەملىك سۆز قىلماقتا ئىدى.

ــ ئەمدىلىكتە سىلىمۇ مېنى دۇنياغا يالغۇز تاشلاپ ئۇ دۇنياغا كېتىش ئالدىدا تۇرىلا. كېتىش ئالدىدا ماڭىمۇ بىر يول كۆرسەتسىلىرى بولاتتى.

بۇ دەردلىك سادانى ئاڭلىغان پوپ ئىختىيارسىز كۆزىنى ئاچتى. سەلمان پارسىنىڭ ئەلەملىك سۆزلىرى ئۇنىڭ خۇنۇك كۆزلىرىنىمۇ لىققىدە ياشقا تولدۇرغان ئىدى. ئەسقەف رەشك، ئىخلاس، قايىللىق ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن بۇ ئاجايىپ ئىنسانغا تىكىلىپلا قالدى. چۈنكى دۇنيادا ئاللاھدىنمۇ باشقا سۆيۈلۈشكە لايىق ۋە ئۇنى ئىزدىنىشنىڭ ئۆزىلا ھەقىقىي ھاياتلىق ھېسابلىنىدىغان ئىككىنچى بىر مەۋجۇدلۇق يوق بولۇپ، سەلمان فارسى دەل ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ ئاشىقى ئىدى.

ــ ئوغلۇم! مەن ساڭا قانداقمۇ يول كۆرسىتەرمەن؟ ــ دۇنيانىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقىي ناساراسى ئۆزىمۇ يىغلاپ سەلماننىمۇ يىغلاتقان ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ئەپسۇسكى، دۇنيادا مەن ساڭا كۆرۈشۈشنى تەۋسىيە قىلغۇدەك بىرمۇ ئادەم قالمىدى. بۈگۈنكى دۇنيا ئۇنداق ئادەملەردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم. بىراق... يېقىن زاماندا بىر پەيغەمبەر... ھە، راستىنلا بىر پەيغەمبەر كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

ــ كىم ئۇ پەيغەمبەر؟ قەيەرگە كەلمەكچى؟ ــ سەلمان ئاجايىپ جىددىيچىلىك ئىچىدە سوراشقا باشلىدى.

ــ ئۇ ئەرەب چۆلىدىن چىقىپ، ئىبراھىمنىڭ دىنىنى يېڭىدىن ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلىدۇ ـ بۇ سۆزلەرنى قىلغۇچە پوپىنىڭ نەقەدەر ھاياجانغا چۆمۈپ كېتىۋاتقانلىقى ھەر بىر سۆزىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

ــ ئۇ ‘‘خورمىلىق يۇرت’’ تەرەپكە ھىجرەت قىلىدۇ... ھەر راست، ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى بار... ئەگەر سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالىساڭ، چوقۇم كۆرۈشكىن، ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم دىدارلاشقىن.

جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئەسقەفنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بۇ سۆزلەر شۇ قەدەر ھاياتى كۈچكە تولغان ئىدىكى، قاپ ـ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە كۆزىنى يوغان ئاچقىنىچە ھەممە ئەتراپىدىن بىر مەۋھۇم نۇرنى جىددىي ئىزدەۋاتقان سەلماننىڭ ھەقسۆيەر قەلبىلا ئۇنىڭ قىممىتىنى ئوبدان بىلەتتى. پوپنىڭ بۇ سۆزلىرى گويا سەلماننىڭ قاراڭغۇ ئەتىسىگە يېقىلغان نۇرلۇق شام ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پوپ جان ئۈزۈپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى. سەلمان فارسى بولسا، ئاشۇ شامنىڭ يورۇقىدا ئاللاھنى ئىزدەپ ئەرەب زېمىنىغا يېتىپ كەلدى. بىراق ھەقىقىي ئىلاھنىڭ بوسۇغىسىغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئىنسانىي قوللۇقتىن ئىبارەت ئېغىر سىناققا دۇچ كەلدى. مەدىنىدە بىر يەھۇدىينىڭ قوللۇق تورىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ‘‘خورمىلىق يۇرت’’قا كېلەلىگەنلىكىنىڭ خۇشاللىقىدا، قۇللۇقنىڭ چىدىغۇسىز ئازاب ـ ئۇقۇبەتلىرىنى سەزمەيتتى. بەلكى پۈتىدىكى زەنجىرلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچە سۆيۈملۈك تۇيۇلاتتى. ئىنسانىي قۇللۇقنىڭ پۈتۈن ئازابلىرى «ئاخىر زامان پەيغەمبىرى چوقۇم مۇشۇ ‘‘خورمىلىق يۇرت’’تىن ئۆتىدۇ» دېگەن بىرلا ئۈمىدنىڭ ئۇچقۇنىدا غايىب بولغان ئىدى. چۈنكى ئۇ ئاجايىپ ئىشتىياقلىق ئىنتىزارلىقتا مۈپتىلا ئىدى. نامەلۇم بىر زات بىلەن ئۇچرىشىشقا بولغان بۇ ئاجايىپ ئىنتىزارلىق ئۇنىڭ بىردىن ـ بىر ئۈمىدى ۋە ھايات قىلىش رىغبىتى ئىدى. بۇ شېرىن ئىنتىزارلىق بەزىدە ياشقا ئايلىنىپ كۆزلىرىدىن تامچىسا، بەزىدە شادلىق كۈلكىسى بولۇپ، ئىختىيارسىز لەۋلىرىدە ئوينايتتى. يەنە بەزىدە تەپەككۇرانە سۈكۈتكە ئايلىنىپ ئۆز قەلبىنىڭ شىۋىرلاشلىرىنى تىڭشايتتى.

توغرا، ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ يولىغىلا، يەنى زامانلاردىن

بىرى ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە كېلىدىغانلىقى ئالدىن بېشارەت بېرىلىپ كەلگەن ئاشۇ پەيغەمبەرنىڭ يولىغىلا قارايتتى. ھەر كۈنى ئەتىگىنى شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش سەلمان پارىسىنىڭ يولغا تىكىلگىنىچە ئىنتىزار ئولتۇرغانلىقىنى كۆرمەي ئۆتمەيتتى. كەچ كىرگەن ھامان سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار ئەرەب زېمىنىدىكى ئاشۇ ئەجنەبىي مۇساپىرنىڭ ئاشىقانە ئىنتىزارلىقىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئاسماننىڭ قەھرىدە بەس ـ بەستە جىمىرلىشاتتى.

بىراق، قۇللۇق ئۇنى شۇ قەدەر مەھكەم ئىشكەنجىگە ئېلىۋالغان ئىدىكى، قەلبى توختىماي تېپىرلاپ دىدارىنى ئىزدەۋاتقان ئاشۇ مۇھەببەت ئۈچۈن پۇتىنىڭمۇ سەھرا كېزىپ بىر پۇخاردىن چىقىۋېلىشىغا ئامالسىز قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزى ئىزدەۋاتقان قۇياشنىڭ مەككە ئاسمىنىدا پارلاپ بولغانلىقىنى، ئالدىغا ئۆزىنى تاشلاپ، قانغۇچە بىر يىغلىۋالماقچى بولۇۋاتقان ئاشۇ مۇبارەك زاتنىڭ ئاياقلىرىنى تائىفتىكى ھايۋانلاشقان ئىنسانلارنىڭ رەھىمسىزلەرچە تاش ياغدۇرۇش ئارقىلىق يارا قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇبارەك قان تامچىلىرى بىلەن ئەرەب چۆلى گۈلزار بولۇپ، ئازغۇنلۇق ئالىمىگە سىراتەل مۇستەقىمنىڭ خەرىتىسى سىزىلىۋاتقانلىقىنى تېخىچە بىلمەيتتى.

توغرا، ئۇ پۈتۈنلەي خەۋەرسىزلىك ئىچىدە يەنە شۇ ئىنتىزارلىقنى، يەنە شۇ تۈگىمەس، جان ئالغۇچ ئازابلىق ئىنتىزارلىقنى....

ياق، بەلكى ھايات بەخش، مىسلىسىز شېرىن ئىنتىزارلىقنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى.

ئاخىرى بۇ ئىنتىزارلىقمۇ ئىنتىھاسىغا يەتتى. شۇ كۈنى ئۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ خوجايىنى دەرەخ سايىسىدا نېمىلەرنىدۇر ئويلاش بىلەن بەند ئىدى. تويۇقسىز ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى گويا مەدىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ جىددىي خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەندەك ھاسىراپ، ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى.

ــ ئاللاھ بەنى قەيلە قەبىلىسىنى ھالاك قىلغاي! ــ ئۇ كېلىپلا غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈرۈشكە باشلىدى.

ــ ھەممەيلەن قۇبادا بىر كىشىنى ئارىغا ئېلىۋاپتۇ ۋە «بۇ ئاللاھنىڭ مەككىدىن كەلگەن پەيغەمبىرى» دېيىشىپ يۈرىيدۇ.

بۇ سۆزلەر سەلماننىڭ قولىقىغا كىرىشى بىلەن تەڭلا ئۇ ئۆزىنىڭ قەيەردە، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، خۇددى دەرەختىن يىقىلىپ چۇشكەندەكلا گۇپپىدە يەرگە چۈشتى. يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كەتكەن بولغاچقا ھەتتا سوقۇشلىرى قۇلىقىغا ئاڭلىناتتى. ئۇ ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي: «سىلەر زادى نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟» دەپ سوراشقا باشلىدى. ئۇ گويا نەچچە مىڭ مىتىر يىراقتىن يۈگۈرۈپ كەلگەن ئادەمدەك ھاسىراپ كېتىۋاتماقتا ئىدى.

ــ ئاللاھنىڭ يېنىدىن كەپتىمۇ؟... مېنىڭ ئاللاھىمنىڭ يېنىدىن كەپتىمۇ؟... ئۇ زادى كىم ئىكەن؟... قەيەردە ئىكەن؟... - سەلمان بۇ سوئاللارنى تىنىمسىز گۇپۇلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتقان يۈرىكىدىن سورىماقتا ئىدى. خوجايىنىدىن بولسا ئۆزىنى ئونۇتقان ھالدا: «سىلەر زادى نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟» دەپ قايتىلاپ سوراشقا باشلىدى.

يەھۇدىيلار بۇ ئادەتتىكى قۇلنىڭ ئاجايىپ كەيپىياتىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ ئاچچىقلىنىشىپ كەتتى.

ــ ھوشۇڭنى يىغ! بۇنداق ئىشلار بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ. ماڭ! بېرىپ ئىشىڭنى قىل! - دېگىنىچە مۇشت بىلەن بىرنى ئۇردى.

ئىنسانى قوللۇقنىڭ مۇشت، پەشۋالىرى ئاللاھنىڭ قۇللىقىغىلا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان پاك روھلارنى نەدىمۇ توسۇپ قالالىسۇن دەيسىز: بىر كۈنى سەلمان پۇرسەت تېپىپلا، مەرھۇم ئەسقەف ئېيتىپ بەرگەن ئالامەتلەردىن بىرنى سىناپ بېقىش ئۇچۇن سەدىقە ئورنىدا خورما ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەدىقە خورمىلارنى ئۆزى يېمەي باشقىلارغا تارقىتىپ بەردى. بۇنى كۆرگەن سەلماننىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتكەن ئىدى. ئەتىسى يەنە ھەدىيە ئورنىدا خورما ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمۇ يېدى ۋە باشقىلارغىمۇ تارقىتىپ بەردى. ئەمدىلىكتە مەرھۇم ئەسقەف ئېيتىپ بەگەن ھەر ئىككى ئالامەت توغرا چىققان بولۇپ، سەلمان ئۇچىنچى ئالامەتنى كۆرۈش ئۇچۇن تەقەززا ئىدى. ئاخىرى پەيغەمبەرلىك مۆھۈردىن ئىبارەت بۇ ئۇچىنچى ئالامەتنى كۆرگەن چېغىدا سەلمان ئۆزىنى تۇتالماي ئارقىدىن ئېڭىشىپلا ئىسسىق لەۋلىرى بىلەن پەيغەمبەرلىك مۆھۈرنى سۆيۈۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

بۇرۇلۇپ ئارقىغا قارىسا، ئۇ خۇشاللىقتىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىۋاتماقتا ئىدى.

ئاھ! پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتقان نېمە دېگەن تەلەيلىك ئىنسان ھە؟!

يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن دىدارلاشقان نېمە دېگەن ئامەتلىك كۆزلەر ھە؟!

ــ قېنى ئالدىمغا بىر كەلگىنە! ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭقۇر تەبەسسۇم قىلغان ھالدا ئۇنى ئالدىغا چاقىردى. ساھابىلەر بۇ ئاجايىپ مەنزىرىگە ھەيران بولۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىكىلىپ قىلىشقان ئىدى. سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەممەيلەنگە ئۆزىنىڭ پۈتۈن كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ھېكايىمۇ ئاخىرلاشتى. ئاللاھقىلا مەلۇمكى، قانچىلىغان كۆزلەر ئاجايىپ ھەيرانلىق، ئىمانىي رەشك، چوڭقۇر قايىللىق بىلەن تاراملاپ ياش تۆككەن ھالدا بۇ تارىخىي مۇسۇلماننىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قىلىشقان ئىدى. خىرىستىيانلىق ئۇنى ئىسلام تەرەپكە يوللىغان بولۇپ، ئۇ ئىككى دىن ۋە بىر قانچىلىغان تىللارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تارىخىي ھالقا ۋە بىر تارىخىي كۆۋرۈك بولۇش رولىغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ تېرىك دەلىلى ئىدى. ئۇ ھەم ھەقنىڭ داۋاسى ھەم داۋانىڭ ئىسپاتى ئىدى.

گەرچە ئۇنىڭ بېشى ئاللاھنىڭ بوسوغىسىنى بىقارار سەجدىلىرى بىلەن سۆيۈپ ئاللىبۇرۇن پۈتۈن دۇنيانىڭ قۇللىقىدىن ئازادلىققا چىقىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما پۇتلىرى يەھۇدىي خوجايىن بىلەن تۇزۇلگەن قۇللۇق ئەھدىسىنىڭ زەنجىرىگە تېخىچە باغلاقلىق ئىدى. ئاخىرى بۇ زەنجىرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن ئۈزۈپ تاشلىدى. ھەزرىتى سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەھۇدىي خوجايىنى بىلەن ئازادلىق كېلىشىمى تۈزۈشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن 300 تۈپ خورما دەرىخى تىكىپ، 40 ئۇقىيە ئالتۇن بېرىش شەرتى بىلەن ئازادلىققا چىقىش كېلىشىمى تۈزۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە ئۆز قولى بىلەن 300 تۈپ خورما

دەرىخنى تىكىشىپ بەردى. ئاندىن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئالتۇن ھەدىيە كەلگەن بولۇپ، سانىسا، دەل 40 ئۇقىيە چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى شۇ ھامان سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ھەر ئىككىلى شەرت تولۇقلىنىپ، ئاللاھنىڭ قۇلى ئازاد بولغان ھالدا ئاللاھنىڭ سېپىگە قېتىلىپ كەتتى.

تىنىمسىز ئىسسىق ياشلىرى بىلەن دائىم سەجدىگاھىنى يول قىلىپ كەلگەن بۇ مەردى مۆمىنىنىڭ شېھىتلىك ئىشقىدا تۇنجى قېتىم قاتناشقان جىھادى دەل ئەھزاب غازىتى بولۇپ، بۇ غازات پەقەت ئاشۇ ھەقىقەتپەرۋەر زاتنىڭ بەرىكىتى بىلەنلا تارىختا ”خەندەك غازىتى“ دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئەرەبلەرنىڭ پۈتۈن باتىل كۈچلىرى مۆرىنى ـ مۆرىگە تىرەپ، باشنى بىر يەرگە ئەكىلىپ، گويا گۈلدۈرمامىلىق قارا قويۇندەك بېسىپ كېلىشكەن بولۇپ، 24 مىڭدىن ئارتۇق قانخور دۈشمەنلەر ئىسلامغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇشقان ئىدى. ئاللاھ تائالا شۇ چاغدا سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبىگە شۇنداق بىر تەدبىرنى ئىلھام قىلدىكى، شۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ ئاپەتلىك ھۇجۇمى ئالغا ئىلگىرىلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. خەندەك كولاپ دۈشمەنلىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش پۈتۈن ئەرەب تارىخىدىكى تۇنجى ئىش بولۇپ، بۇ مەسلىھەتنى دەل سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلغان ئىدى.

سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە خەندەك كولاش ئۈچۈن ھەر قايسى مۇجاھىدلار ئەترەتىگە ئون گەزدىن زېمىن تەقسىم قىلىنىۋاتقان شۇنداقلا جىھاد ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ مۇقەددەس مۇھىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاجايىپ دەردلىك زىلزىلىگە سالغۇچ ساداسى بىلەن: «ئى ئاللاھ! ھايات دېگەن ئاخىرەتنىڭ ھاياتىدىنلا ئىبارەتتۇر... سەن بۇلارنىڭ ھەممىنى مەغپىرەت قىلغىن، دىنىڭ يولىدا يۇرت، ماكانلىرىنى تاشلىغانلارغىمۇ ۋە سېنىڭ ئاجىز بەندىلىرىڭگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئىمانىي قېرىنداشلىقتا قىزغىن قول ئۇزاتقانلارغىمۇ رەھمەت قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىۋاتقان پەيتتە بۇ تەسىرلىك دۇئانى ئاڭلىغان مۇھاجىر، ئەنسارلاردىن ئىبارەت پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاجايىپ شىددەتلىك ھاياجانغا چۆمۈپ كەتكەن ئىدى.

ھەممەيلەن تەڭ، «مانا بىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە “تىنىمىزدە بىر تىمىم قېنىمىز قالغۇچە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىمىز” دەپ ئەھدە بەرگۈچىلەر» دەپ توۋلىشىپ كەتمەكتە ئىدى. دەل ئەنە شۇ بېسىۋالغۇسىز ھاياجانلىق مۇھىتتا ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا يەنە «سەلمان پارسى زادى قايسىمىزغا تەۋە؟» دېگەن تالىشىشمۇ ئەۋجىگە چىقتى.

مۇھاجىرلار: «سەلمان بىزگە تەۋە!» دەپ ۋارقىرىسا، ئەنسارلارمۇ: «ياق سەلمان بىزگە تەۋە!» دەپ توۋلىشىپ كەتمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ دەرھال: «سەلمان مانا بىزگە تەۋە! ئۇ بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئادىمى» دەپ توۋلىدى.

بۇ سۆزلەرنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى پەقەت، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرەر قېتىملىق ئاياق ئىزىغا بولسىمۇ ئۆزىنى مەنسۇپ قىلىۋېلىش يولىدا ھەر كاتتا شاھى خەزىنىلەرنىمۇ ئېتىراپ تاشلىيالىغان ئەزىمەتلەرلا تولۇق بىلىپ يېتەلەيدۇ. ئەنە شۇلار بۇ سۆزلەرنى ھەقىقىي قەدىرلىيەلەيدۇ.

ئاھ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بىزنىڭ» دېگەن ۋە «بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئادىمى» دېگەن ئۇ زاتنىڭ قەلبى شۇ چاغدا نەقەدەر سۆيۈنۈپ كەتكەت بولغىيتتى، ھە؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قانچىلىغان زوقمەن كۆزلەرنىڭ رەشك، ئىخلاس، زوق، مۇھەببەت بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالغانلىقىنى قېنى كىممۇ تولۇق تەسۋىرلەپ بېرەلىسۇن؟

دەرۋەقە بۇ، ھەرقانداق مۆمىن ئۈچۈن، ماكانىدىن مىڭ قېتىم ۋاز كەچسىمۇ ئازلىق قىلىدىغان قىممەتلىك سۆز ئىدى. يىللاردىن يىللارغىچە ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ئىزدەش يولىدا ھەزرىتى سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چەككەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ مۇكاپاتى ئىدى.

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇ ئۇلۇغۋار نېمەتنى قەلب، ۋۇجۇدى بىلەن قەدىرلىدى. قەدىمى قاياقا تاشلانسا شۇ ياق جەننەتنىڭ يولىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىدىن يۈرۈش ئۇچۇن بارچە ھاياتىنى ئاتىۋەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ خىيالىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملا مەۋجۇد ئىدى. مەيلى خىلۋەتتە بولسۇن، مەيلى جەمئىيەتتە بولسۇن ھەر دائىم ئۆزىنى خۇددى رىسالەتنىڭ پەرۋانىسىدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن تۇتاتتى. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان يېقىنلىقى كۆنسېرى ئېشىپ ماڭماقتا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قەلب، نەزىرىنىڭ سايىسىدا ھايات بىلەن ماماتنىڭ، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ سىرىنى يېشىپ، ئۇنى ئەمەلىي ھاياتقا ئايلاندۇرۇش بىلەن كېچە ـ كۈندۈز بەند بولۇپ ياشايتتى.

بىر قېتىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا شۇ ھەقتە توختىلىپ: «بۇ ئاجايىپ ئىش ئىدى. سەلماننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان يېقىنلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۇلار تەڭ كېچىگىچە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشاتتى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنچە يېقىن مۇڭدىشىپ كەتكەن چاغلىرىنى كۆرگەندە ‟ئاپلا ئەمدى بىزنى ئۇنتۇپ قالارمۇ؟” دەپ ئەنسىرەشكە باشلايتتۇق» دېگەن ئىدى.

بۇ روھانىي يېقىنلىق سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ماقامىنى ھەتتا ئەرشكە يەتكۈدەك دەرىجىدە يۈكسەلتكەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بويىچە، ئاللاھنىڭ جەننىتى ئۇنىڭغا ئىنتىزار ئىدى. ئۇ رەنجىسە ئاللاھمۇ تەڭ رەنجىيدىغان، خۇشاللانسا ئاللاھمۇ تەڭ خۇشاللىنىدىغان يېقىن بەندىلەردىن بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۇ ئاللاھنىڭ رىزاسىغا باش تەقدىم قىلىش يولىدا خەندەك غازىتىدىن كېيىنمۇ ئىزچىل تۇردە جىھادقا قاتنىشىپ تۇردى. قانچىلىغان رەھىمسىز ئوقيا بورانلىرى، مەيداندا تىك تۇرۇپ ئەزان توۋلاۋاتقان سەلماننى ئۇچرىتاتتى. ئۇ جىھاد ۋە ئۇلۇغلۇق مەيدانىدىكى ئىشتىياقلىق نامازلىرىنى ۋەھىملىك قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىلا ئوقۇيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ھاياتى ئۆز ئىلاھى بىلەن ئۇچرىشىشقا بولغان ئۇچۇن ئۆلۈمنى قوغلاپلا يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق شېھىتلىك ھىجرانىدا بىقارار تىپىرلاشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تاكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىگە قەدەر داۋاملاشتى. شۇ جەرياندا ھەتتا ئۇنىڭ ۋەتىنى ئىراندىمۇ جىھاد بەرپا بولدى. ئەمما ئاللاھنىڭ دەرگاھىنىلا ئۆزىنىڭ بىردىن ـ بىر ۋەتىنى ۋە ماكانى دەپ بىلگەن سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆپۈر ھەم

شېرىكچىلىككە قارشى يالىڭاچ قىلىچنى ئېلىپ مەيدانغا چىقتى. ۋەتەنداشلىرىنىڭ قىسمىتىنى قىلىچ بىلەن بەلگىلەشتىن ئىلگىرى قەلب سادالىرىنى ئاڭلىتىپ، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۆمىنلىك بۇرچى ھېسابلىدى. ئىرانىنىڭ كۆپۈرلىق تىلسىملىرىنى مېھرى - مۇھەببەت بىلەن پاچاقلاپ تاشلاشقا تىرىشىپ: «مەنمۇ بىر چاغدا سىلەر بىلەن مىللەتداش ئىدىم. لېكىن ئاللاھ مېنى ئىسلام ناملىق بۇ ئۇلۇغ نېمەتكە ئىگە قىلدى. ئەستە تۇتۇڭلاركى، ئەمدىلىكتە سىلەر يا ئاللاھنىڭ ياكى ئەرەبنىڭ قۇلى بولىسىلەر. ئەگەر ئاللاھنىڭ قولى بولۇشنى خالىمىساڭلار، سىلەرنى ھېچ كىشى ئەرەبنىڭ قۇلى بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. مانا كېلىڭلار! ئاللاھنىڭ قۇلى بولۇپ ئالاھنىڭ قۇللىرىغا قېتىلىپ كېتىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار سىلەرمۇ ئەرەبلەر بىلەن تەڭ ھوقۇققا سازاۋەر بولىسىلەر. ئۇنداق بولمىغاندا زېمىنلەرگە (يەنى كاپالەتلەنگۈچىلەرگە) ئوخشاش ھايات كەچۈرۈش تەقدىرىڭلارغا پۈتۈلىدۇ» دېگىنىچە ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى.

بىراق مىللەتداشلىرى ئۇنىڭ قەلب ساداسىنى ئاڭلاپمۇ ھېچقانداق تەسىرلەنمىگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ھۆججەتنى تاماملاپ بولغان سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتكۈر قىلىچىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىشتىن قىلچە ئىككىلىنىپ قالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىمانىي قۇۋۋىتى دۇنيانىڭ پۈتۈن رىشتە، مۇھەببەتلىرىدىن غالىب ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئىماندىن ئىبارەت شۇنچە كاتتا بايلىققا ئېرىشكەن تۇرۇقلۇق، ھەرقانداق بىر دۇنيالىق بايلىققا بولغان مۇھتاجلىقنى ھېس قىلىشنى شۇنداقلا ئاللاھدىن ئىبارەت شۇنچە قۇدرەتلىك تايانچقا ئىگە بولغان تۇرۇقلۇق، باشقىلاردىن تايانچ ئىزدەشنى ئىمان ۋە ئىشەنچكە قىلىنغان ئېغىر ھاقارەت دەپ قارايتتى. ئۇ ھەر دائىم ئىسلامغا ئېرىشىش ئۈچۈنلا بارلىقىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇراتتى. ئەمدىلىكتە ئىسلامغا ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ جان پىدالىقىنىڭ قانداق يۈكسەك پەللىگە چىققانلىقىنى قېنى كىممۇ بىر نېمە دېيەلىسۇن؟ چۈنكى ئۇ دەپ يۈرىيدىغان ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي باشتىن كەچۈرگەندىلا ئاندىن چۈشەنگىلى بولىدىغان يۈكسەك پەللىدۇر.

سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلب، روھى دۇنيادىلا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەھكەم باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، باشقا پۈتۈن رىشتىلەرنى ھاياتلىقىدىلا قەتئىي ئۈزۈپ تاشلاپ، ھەممىنى ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتكىلا مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ تارىختا، يا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن تۇرۇپ ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاۋاتقان يا ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن سەجدىگاھنى كۆز ياشلىرى بىلەن نەملەپ، قانلىق جىھاد مەيدانلىرىدا يۈگۈرۈپ، چېپىپ، قىلىچ ئوينىتىۋاتقان ئىككىلا ھالەتتە كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىش ئىشتىياقىنىڭ نەقەدەر بىقارارلىققا تولغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزى ئۈچۈن دۇنيادا ئۆي سېلىشنى ئويلاشنىمۇ قەلبىگە ئاجايىپ ئېغىر ئالىدىغانلىقىدىن بىلىۋېلىشقا بولاتتى.

قىسقىسى سەلمان پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەرقانداق مۆمىن ئۈچۈن ھەقىقەتەن ياقا يۇرت ھېسابلىنىدىغان بۇ پانى دۇنيادا راستىنلا بىر ئەجنەبىي مۇساپىردەك ھايات كەچۈرەتتى. دۇنيادا ئۇ بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىردىن ـ بىر ماكان قەبرىدىنلا ئىبارەت ئىدى.

ــ بىزنىڭ سىزگە بىر ئۆي سېلىپ بەرگۈمىز بار ــ بىر قېتىم ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەن ئىدى.

سەلمان پارىسى رەزىيەلاھۇ ئەنھۇ ئۇنى توسۇپ: «ياق، ھەرگىز بولمايدۇ، ماڭىمۇ سەن خۇددى مەدائىنىدا ئۆزۈڭگە ياساتقاندەك بىر ئۆي ياساپ بېرەي دەۋاتامسەن؟» دېدى.

ــ ياق، ئۇنداق ئەمەس ــ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا دەرھال چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

ــ بىز سىزگە قومۇچتا شۇنداق بىر ئوي ياساپ بېرەيلىكى، ئۇنىڭ تۈرىسى شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان بولسۇن، چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئۆرە تۇرسىڭىز بېشىڭىز تاقىشىدىغان، ياتسىڭىز ھەر ئىككى تەرەپتىن تاملىرى تېگىپ تۇرىدىغان بولسۇن.

بۇ مەسلىھەت سەلمان پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىنتايىن ياراپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ پانى دۇنيادىكى مۇساپىرغا بۇنىڭدىن ئارتۇقىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىنتايىن شاتلانغان ھالدا «ئى قېرىندىشىم، خۇزەيفە! سەن راستىنلا دەل كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپسەن» دەپ توۋلىۋەتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى. شۇڭا ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدائىننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن ئىدى. ئۇ ئۆزۋەزىپىسىنى ئىنتايىن بىجانىدىللىق بىلەن لايىقىدا تولۇق ئورۇندىغان بولسىمۇ، ئەمما پېقىرلىقتىن ئىبارەت تەڭداشسىز بايلىقىنى باغرىدىن نېرى قىلمىغان ئىدى. يەنە شۇ كېچىك ھەم تار كېلىپ قالغان يەكتىكىدىن، يەنە شۇ ئوشۇقى ئېچىلىپ قالىدىغان تامبىلىدىن، يەنە ھېلىقى ئىلگىرىمۇ ۋە ۋالىيلىقتىن كېيىنمۇ ھېچقاچان ئېگەر تاقىلىپ باقمىغان كونا ئېشىكىدىن ئايرىلمىغان ئىدى. ھەتتا ۋالىينى بۇ ھالەتتە كۆرگەن كېچىك باللار ئارقىغا كىرىۋېلىپ، ئەسكەرلەر كۈلكىسىنى تۇتالماي قالغان چاغلارمۇ بولغان ئىدى. ئەمما كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇش ياكى ياقتۇرماسلىقىغا قارايمەن دەپ، بۇ پېقىرلىق لىباسىنى سېلىپ تاشلاش ئۇنىڭغا نەدىمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ چۈنكى ئاللاھقا بولغان ئىشقى - مۇھەببىتى ئۇ لىباسنى ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن كەيدۈرۈپ قويغان ئىدى. يەنە تېخى بەزىدە، كىشىلەر ئۇنى خاتا ھالدا ھامبال چاغلاپ قېلىپ، يولدا كېتىۋاتقىنىدا بېشىغا يۈكنى ئارتىپ قويىدىغان دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئاللاھنىڭ بۇ ئاقكۆڭۈل ساددا بەندىسى خۇددى ئاللاھنىڭ ياۋاش قۇلىدەك لام - جىم دېمەستىن يۈكنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېرەتتى. ئۆزىنىڭ مەدىكار ئەمەسلىكىنى بەلكى شۇ شەھەرنىڭ ۋالىيسى ئىكەنلىكىنى قەتئىي سەزدۈرمەيتتى.

— بۇ ئوت - چۆپلەرنى ئۆيۈمگىچە ئاپىرىپ بەرگەن! - بىر قېتىم بىرسى شۇنداق دېگىنىچە كېلىپلا چوڭ بىر باغلام ئوت - چۆپنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتتى.

سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ھېچ تەكەللۇپسىزلا دەرھال يۈكنى كۆتۈرۈپ ئۇ كىشى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. يول ئۈستىدە ئۇنى تونۇيدىغانلار كۆرۈپ قىلىپ، يۈگۈرۈپ كېلىشكىنىچە يۈكنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈشمەكچى بولۇپ، ھېلىقى كىشىگە بولۇشىغا كايىشقا باشلىدى.

يول بويى گەپ - سۆزسىز يۈكنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى كۆرۈپ: «ياق، مەن بۇ يۈكنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگىچە ئاپىرىپ بېرىشنى نىيەت قىلىپ بولدۇم. ئەمدى بۇ يۈك ئۆيگە بارغاندىلا ئاندىن ئۈستۈمدىن چۈشىدۇ» دەپ ھەممەيلەننى رەت قىلدى.

قاتتىق خىجالەتتە قالغان ھېلىقى كىشى يالۋۇرۇپ، «ئەمدى بولدى قىلسىلا مەن ئۆزۈم كۆتۈرەي» دەپ تۇرىۋالسىمۇ، سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: «ياق، ھەرگىز بولمايدۇ، بۇنىڭدا ماڭا نىيەتنىڭ ساۋابى بار» دەپ تۇرۇۋالدى.

گەرچە ئاللاھ ئۇنىڭغا شانۇ ـ شەۋكەت بىلەن 34 مىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتەك شۇنچە ئېسىل ئاسايىشلىق شارائىتنى بەرگەن بولسىمۇ ''نىيەتنىڭ ساۋابى'' دېگەن مۇشۇ بىر تەسەۋۋۇر ئۇنى پۈتۈن خەلقنىڭ خىزمەتكارىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئۇ ھەتتا قىلغان خىزمىتىنىڭ ھالال ھەققىنى ئۆزى ئۈچۈن سەرپ قىلىشنىمۇ ئاخىرەتلىكىگە نىسبەتەن زىيانلىق ھېسابلايتتى. 5 مىڭ تەڭگىدىن ئىبارەت پۈتۈن مائاشىنى باشقىلارغا تارقىتاتتى. ئۆزى بولسا، ئارپا سوقۇپ سوغۇق سۇ بىلەن قورسىقىنى تويغۇزاتتى. ئۇنىڭ خالايدىغىنى پۈتۈن ئىش ھەققىنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئاللاھنىڭ قولىدىن ئېلىشتىنلا ئىبارەت ئىدى.

ھۆكۈمرانلىق تەختىدىن قېچىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرۇپمۇ يەكتەكتىن ئايرىلماسلىقى نېمە دېگەن گۈزەل پېقىرلىق ـ ھە! ئىنسانغا تەركى دۇنيالىق بىلەن دۇنياپەرەسلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا نورمال ياشاشنى ئۆگەتكەن ۋە ئۆگەتكۈزگەن نېمە دېگەن مۇقەددەس مۆمىنانە كەمتەرلىك ـ ھە؟!

توغرا، سەلمان پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نە تەركى دۇنيا ئەمەس ئىدى، نە دۇنيا پەرەسمۇ ئەمەس ئىدى. بەلكى ئاخىرەتلىكنىڭ غېمىدە دۇنيانى نابۇت قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى توپا ـ چاڭغا مىلەپ، دۇنيانى تېخىمۇ تۈزەشكە بەل باغلىغانلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ زاھىدانە ئاققۇزغان مۇقەددەس ياشلىرىدىن ھاياتلىق گۈللىرى ئېچىلىپ، دۇنيانىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىغا چىراغ ياقاتتى. ئۇ دۇنيانىڭ ھۆسنىگە ھەرقانچە ھۆسن قوشسىمۇ، بىراق ئۆزى دۇنيانىڭ ھۆسنىگە قەتئىي ئەسىر بولمايتتى. دۇنيادىن قېچىشنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىق دەپ ھېسابلايتتى ـ يۇ، بىراق دۇنيادا ياشاۋېتىپ دۇنيانى شۇنداق تاشلاپ بولغان ئىدىكى، ناۋادا ئۆلۈم كەلگەن تەقدىردىمۇ، يالغۇز ئۇنىڭ جىسمىنىلا ئۇچرىتاتتى، مال بايلىق، قەلب، روھ... ھەممە نەرسىسى ئاللىبۇرۇن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېتىپ بولغان ھالەتتە ئىدى.

ئاللاھنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى قان، رەڭ ۋە جەمەت ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئىمان، ئېتىقاد ئاساسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلىق قۇرغانلىرىنى تىكلەۋاتقان چېغىدا، سەلمان پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن دىنىي قېرىنداش قىلىپ قويغان ئىدى. بۇ قېرىنداشلىق ئۇنىڭغا ھەتتا بىر ئانا، بىر داددىن بولغان قېرىنداشلىقتىنمۇ بەك قىممەتلىك ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ دائىم قائىدىلىك ھالدا سۆيۈملۈك دىنىي قېرىندىشى ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرۇشنى تاشلىمىغان ئىدى.

بىر كۈنى ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىدە سەلمان پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەڭگىسىنىڭ ناھايىتىمۇ ناچار كونا كىيىملەرنى كىيىۋالغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭدىن: «ئۇستى بېشىڭىزغا قارىماسىز؟! ئۆزىڭىزنى نېمانچە تاشلىۋەتتىڭىز؟» دەپ سورىدى.

يەڭگىسى: «قېرىندىشىڭىز دۇنيا بىلەن كارى يوق بولۇپ كەتكەن تۇرسا، مەن كىمگە جابدۇنۇپ يۈرەي ئەمدى؟!» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

بۇنى ئاڭلىغان سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىنىي قېرىندىشىنىڭ ئىبادەتنى كۆپ قىلىمەن دەپ، ئايالىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىگە يۈرىكى ئېچىشىپ، غەزىپى تاشماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئاران ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، تاماق ئەكىلىشنى بۇيرۇدى. تاماق كەلگىنىدە خۇددى كۈتكەندەكلا ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە روزا تۇتىۋالغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن سەلمان پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ قېيداپ: «ئۇنداقتا مەنمۇ تاماق يېمەيمەن» دېگىنىچە تاماق يېگىلى ئۇنىمىدى ھەمدە كېچىسى يەنە شۇ ئۆيدە قونۇپ قالدى.

تەڭ كېچە ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەھەججۇد ئوقۇغىلى قوپقاندا سەلمان پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، «سېنىڭ ئۇستىڭدە ئاللاھنىڭمۇ، كۆزۈڭنىڭمۇ ۋە ئايالىڭنىمۇ ھەققى بار، روزا تۇتساڭ، ئىپتار قىلىش ۋە كەچ بولسا ئۇخلاش ناھايىتى مۇھىم» دەپ سۆز باشلىدى.

ئۇلار بۇ مەسىلە ئۇستىدە خېلى ئۇزۇن تالاش ـ تارتىش قىلىپ، ئەتىگىنى سەھەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پىكىر ئېلىش ئۈچۈن ھۇزۇرىغا باردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇ دەردا! سەلمان دىنىنى

سەندىن ئوبدانراق چۈشىنىدۇ» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

كېيىنكى چاغلاردا سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىراقتا ۋە ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامدا ياشايدىغان بولغاندا، ئاللاھ تائالا ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مال ـ بايلىقىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئاۋۇتۇپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىۋي ھاياتىغا ئالاھىدە ھەسسە قوشقان سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سېغىندى ۋە نۆۋەتتىكى خۇشال تۇرمۇشىدىن ئۇنىمۇ خەۋەرلەندۇرۇپ خۇشال قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئىراققا مەكتۇپ يوللىدى. سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ خەتكە باشقىچىلا جاۋاب قايتۇرغان ئىدى. بۇ دەل دۇنيا خۇشاللىقىنىڭ يۈنىلىشىنى مۆمىنىنىڭ دەنا پاراستى ئاخىرەتنىڭ غېمى تەرەپكە بۇرىۋېتىدىغان ھەل قىلغۇچ خەت بولغان ئىدى.

ئۇ خېتىدە، «ئاڭلاپ قويغۇنكى، مال ۋە پەرزەنتنىڭ كۆپلىكى ياكى مۇقەددەس زېمىندا تۇرغانلىق پەزىلەت ئەمەس. پەزىلەت ئۆزۈڭگە ۋە ئاخىرەتلىكىڭگە مەنپەئەتى بولغان ئەمەل بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىڭدا» دەپ يازغان ئىدى.

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تاكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىگە قەدەر گوياكى تىنى دۇنيادا بولغىنى بىلەن روھى ئاللىبۇرۇن ئاخىرەتكە كېتىپ بولغاندەك، ئەنە شۇنداق شانلىق ھايات كەچۈردى. ئاخىرىدا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئارزۇلۇق ۋىسال بايرىمىغا، يەنى مۆمىنگە نىسبەتەن ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئەڭ ئېسىل نادىر پۇرسىتى بولغان، بىراق كاپىرغا نىسبەتەن ھالاكەتنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدىغان ئۆلۈم پۇرسىتىگە سازاۋەر بولدى.

سەكراتتا ياتقىنىدا سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى يوقلاپ كەلدى. سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، ئۇنىڭدەك شۇنچە كاتتا زاتنىڭ ئۆلۈم يېقىنلاشقاندا بۇنچە يىغلاپ كېتىشىگە قاتتىق ھەيران قالغان ئىدى. ئۇ قاتتىق ئەجەبلەنگەن ۋە ئەپسۇسلانغان ھالدا: «ئى ئابدۇللاھنىڭ دادىسى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىزدىن شۇنچە مەمنۇن ھالدا دۇنيادىن كەتتى، ئەمدى سىز ئۇنىڭ بىلەن ھەۋزى كەۋسەرنىڭ بويىدا ئۇچرىشىدىغان ۋە باشقا نۇرغۇن سېغىنىشلىق

قەدىناس دوستلار بىلەن دىدارلىشىدىغان تۇرسىڭىز، يەنە نېمىگە بۇنچە يىغلايسىز؟» دەپ سورىدى.

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆلۈمدىن قورقۇپ يىغلاۋاتقىنىم يوق، ياكى بۇ دۇنيادا ئۇزۇن تۇرىۋالغۇمۇ يوق... ـ

سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسەدەپ يىغلاۋاتقان ئاۋازى تىترەپ بوغۇلۇپ قالماقتا ئىدى.

ــ بىلەمسەن؟! مەن ئاللاھنىڭ روسۇلىغا دۇنيادا بىر مۇساپىرنىڭكىدىن ئارتۇق مال ـ مۈلۈك توپلىماسلىق ھەققىدە ۋەدە بەرگەن ئىدىم. ئەمدى قارىمامسەن مېنىڭ بۇ ھالىمغا؟! ئەتراپىمدىكى چېچىلىپ ياتقان بۇ يىلانلارغا؟!!...

سەئد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنتايىن ئازابلىق نەزەر بىلەن سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يامغۇردەك يىغلاۋاتقان كۆزلىرىگە تىكىلدى ۋە «چېچىلىپ ياتقان يىلان» دېيىلگەن مال ـ مۈلكىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. قارىسا، ئۇنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكى، بىر تال يوغان چېنە، بىر لىگەن ۋە بىر پالاستىنلا ئىبارەت ئىدى. سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس دەرھال بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئۇنىڭغا قېتىلىپ ئۇزۇنغىچە توختىماي يىغلاپ كەتتى.

بىراق بۇ ماھىيەتتە يىغلاش ئەمەس، بەلكى مەمنۇنلۇق ئىدى. كۆزلەردىن تۆكۈلىۋاتقىنى ياش تامچىسى ئەمەس، بەلكى قەلب روھلاردا باھار ئاچىدىغان، ئىمان، ئىشەنچنى كۆكلىتىپ، تامچىلىغانلا يەرنى جەننەتنىڭ بېغى قىلىۋېتىدىغان ئابى ھاياتنىڭ قەترىسى ئىدى.

يوقلاپ كەلگۈچىلەرنىڭ سانى ئاۋۇشقا باشلىغانچە، ئاخىرەتكە ئاتلىنىش ئۈچۈن ئۇزەڭگىگە پۇتىنى ئىلىپ بولغان مەردى مۆمىن ئۆلۈمنىڭ ھەر بىر دەقىقىسىنى تەقەززالىق بىلەن ساناشقا باشلىغان ئىدى. ھەممەيلەننىڭ قەلبىگە قەلب ساداسىنى ئاڭلىتىپ، ئاخىرىدا، خۇددى ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان شام كۈچلۈك بىر يالقۇنلىغاندەك، گويا ئۆلۈش ئالدىدىكى ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىغا بىردىنلا مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ قانلىرى يۈگۈرۈپ كەتكەندەك ھەممەيلەنگە ئۇنلۇك خىتاب قىلىشقا باشلىدى: ـ

ــ مەيلى قايسىڭلار بولماڭلار، كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە شۇنىڭغا قەتئىي تىرىشىڭلاركى، جېنىڭلار ھەج قىلىۋاتقان ياكى ئۆمرە قىلىۋاتقان، ياكى ئاللاھ يولىدا قىلىچ ئوينىتىۋاتقان ۋەياكى قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان پەيتتە چىقسۇن! ھەرگىزمۇ پىسقى ـ پۇجۇر ئىچىدە، خىيانەت ۋە ديانەتسىزلىك ئىچىدە چىقمىسۇن!

ئۆينىڭ ئىچى ھا ـ ھۇ، يىغا ـ زارىغا تولۇپ كەتكەن ئىدى. ياش تۆكۈۋاتقان پۈتۈن كۆزلەر ئەڭ ئاخىرقى نەپەستىكى بۇ ئۆچمەس سادالىرىنى ياڭرىتىۋاتقان ئاشۇ مۇبارەك بىرلا چىرايغا تىكىلگەن ئىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئاۋازى ئېتتىكلىشىپ، ھەممەيلەننى بىر ئاز سىرتقا چىقىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ھەممەيلەن سىرتقا چىقتى ـ دە: «بۇ بەلكىم مۇساپىرنىڭ سەپىرى ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك» دېگەننى ئويلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ زېمىن بىلەن ۋە زېمىن ئەھلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ، كۆكتىكىلەر مەردى مۆمىننى ئېتىكىگە ئېلىش ئۈچۈن يەرگە شۇڭغۇپ بولغان ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ خىلۋەتخانىسىغا كىرگىنىدە ئۇنىڭ پەقەت جىسمىلا قالغان بولۇپ، سەلمان پارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى سۆيۈملۈك ئاللاھىنىڭ ھۇزۇرىغا كېتىپ بولغان ئىدى.

ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن!

ئاھ بۇ سۆز... ھاياتلىق ۋە ماماتلىق ئالىمىنى تەۋرىتىۋېتىدىغان بۇ بىر جۈملە سۆز... ھەر كاتتا مەغرۇر باشلارنى يەرگە قاراشقا مەجبۇر قىلىدىغان... تاشتىنمۇ قاتتىق يۈرەكلەرنى ئاخىرەت ئۈچۈن چاك ـ چاك يېرىۋېتىدىغان بۇ سۆز... ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن!

قېنى قايسىمىز بۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىمىز؟ ئەجەبا پىشانىمىز ئاللاھنىڭ ئالدىدا سەجدىدە تۇرۇپمۇ قەلبىمىز دۇنيانىڭ ھېساۋاتىدىن ئاجرىمايدىغان بىز ئەبگارلار بۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگەندىمىزمۇ؟ ئەجەبا قەبرىنىڭ بۇيىدا تۇرۇپمۇ دۇنيادىن كۆزىمىزنى ئۈزەلمەيدىغان دەرىجىدە ئاخىرەتتىن يىراقلىشىپ كەتكەن بىز غاپىللار بۇنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشىنەرمىزمۇ؟

ياق، ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، ھەتتا مۇرىمىزدە جىنازە كۆتۈرۈۋاتقان تۇرۇپمۇ ئۆلىمىمىز يادىمىزغا كەلمەيدۇ. بىز ئۆلۈمنى ئەسلىمەيمىز. مىڭ ئەپسۇسكى، ئۆلۈمنى ئەسلەشنى بىلمەيمىز.

ئۇنداقتا بىز قارغۇمۇ؟ ياق.

گاسمۇ؟ ياق.

ساراڭمۇ؟ ياق.

ئەمىسە ئېيتىپ باقايلىكى، شۇنداقتىمۇ بىز مۇسۇلمانمۇ؟

## ئۆچمەس قۇياش

(بىرىنچى قىسىم)

باغدادتا ئالەمشۇمۇل ھۆرمەتكە سازاۋەر، پەۋقۇلئاددە كاتتا بىر ئىنسان دۇنيادىن ۋىدالىشىپ، مەڭگۈگە كۆز يۇمغان ئىدى. گەرچە ئىلگىرى ئۇ كۇفەنىڭ ئادەتتىكى بىر سودىگىرى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىلىم ۋە ئەمەل جەھەتتە ياراتقان ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ جىنازىسى ئالدىدا دۇنيانىڭ ھەر كاتتا ئىمام، ھۆكۈمران، تاجدارلىرىنىڭمۇ چوڭقۇر ھۆرمەت، ئىخلاس، بىلەن قايغۇرۇپ باشلىرىنى تۆۋەن سالغان ھالدا، قول باغلاپ سۈكۈتتە تۇرغانلىقىنى بارچە ئالەم كۆرۈپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇ ئىلىم ۋە ئەمەل ساماسىدا تەڭداشسىز قۇياش كەبى شۇقەدەر شانلىق چاقنىغان ئىدىكى، ئۇنىڭ ياراتقان ئىلمىي سەلتەنىتى ئاباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ پۈتۈن تېررىتورىيەسىدىنمۇ ھالقىپ كەتكەن ئىدى.

ئىلگىرى رەخت دۇككىنى ئاچقانلىرىدا، خېرىدارلار ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلاردىنلا كەلگەن بولسا، كېيىن ئىلمىي جەۋھىرىنى ئەتراپقا يايغاندا، مەككە، مەدىنە، دەمشىق، بەسرە، رەملە، مىسىر، يەمەن، يەمامە، بەھرەين، باغداد، ئەھۋاز، ئىسفاھان، ئەستەر ئاباد، ھەمدان، نىھادەند، رېقومس، تىبرىستان، جەرجان، نىيشاپور، سەرخىس، بۇخارا، سەمەرقەند، ھىرات، تەرمىز، خۇۋارىزىم، سىيىستان، مەدائىن، موۋسىل ۋە ھەمەس... دېگەنلەرگە ئوخشاش دۇنيانىڭ سانسىزلىغان مەشھۇر ئىلىم مەركەزلەردىكى ئاتاقلىق ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ خېرىدارىغا ئايلىنىپ، پۈتۈن دىققىتىنى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە مەركەزلەشتۈرگەن ھالدا، ئالدىدا ئەدەپ بىلەن قول باغلاپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۇ ھەقىقەتەن ئەنە شۇنداق ئالەمشۇمۇل كاتتا ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتى قانچە يۈكسەك بولغان بولسا، مۇخالىپەتچىلىكمۇ يەنە شۇنچە كۈچلۈك بولدى. ئەمما ئۇنىڭ دوستلىرىلا ئەمەس، ھەتتا رەقىپلىرىمۇ ئۇنىڭ راستىنلا شۇنداق ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر نۇقتىنى ئورتاق ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايتتى. ئۇ قانداقلا جايدىن ئۆتسە، خەلقى ئالەمنىڭ ھەممىسى پەرۋانىلەرچە ئەتراپىغا توپلىشىپ، قەلب، كۆزلىرىنى ئۇنىڭ يولىغا پاياندار قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىلمىي سورۇنلىرىغا دەۋرىنىڭ ئەڭ سەزگۈر قەلب ساھىپلىرى بىلەن ئەڭ ئۆتكۈر پىكىر ساھىپلىرىنىڭ ھەممىسى قولنى قولغا تۇتقان، مۆرىنى مۆرىگە تىرىگەن ھالدا توپ ـ توپ بولۇپ، شۇ قەدەر بەس ـ بەستە كېلىشەتتىكى، ھەتتا مەيداندا يۇت تىققۇدەكمۇ يەر قالمايتتى.

ئۇ دۇنيادىن ۋىدالىشىپ ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلانغاندا بولسا، گويا ئىنسانىيەت دېڭىزىدىن كەلكۈن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەكلا ئەھۋال يۈز بەردى. بىر دەم ئىچىدىلا باغداد شەھىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالىشىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ تۆت ئەتراپىدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ بىرىنچى قېتىملىق جىنازە نامىزىغا توپلاشقان سانى 50 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. بىر قېتىم جىنازە نامىزى تۈگەپ بولغۇچە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەر يەنە بەس ـ بەستە سەپ تۈزۈپ، ئىككىنچى قېتىملىق جىنازە نامىزىنى ئوقۇيتتى. شۇنداق قىلىپ، بىر كۈن ئىچىدە بىر جىنازە ئۈچۈن جەمئىي ئالتە قېتىم ناماز ئوقۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھەتتا ئۇ يەرلىككە قويۇلۇپ بولۇپمۇ، باغدادقا سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان ئەقىدەتمەنلىرى تەرىپىدىن ساق يىگىرمە كۈنگە قەدەر ئاشۇنداق ئارقا ـ ئارقىدىن جىنازە نامىزى ئوقۇلۇپ تۇردى. بۇ كاتتا ئىنسان ئۆز ۋەسىيىتىگە بىنائەن خېيزاننىڭ قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى. چۈنكى ئۇ زۇلۇم ۋە ئىستىبداتلىقنىڭ سىياسىي قارا قوللىرى تېگىپلا قالغان ھەرقانداق بىر زېمىنغا ئۆز جەسىتىنىڭ دەپنە قىلىنىشىنىمۇ خالىمىغان ئىدى. ئۇنىڭ بىلىشىچە خېيزان باشقىلار تەرىپىدىن ناھەق ئىگەللىۋېلىنمىغان پاك زېمىن ئىدى.

ھىجرىيە 150 ـ يىلىنىڭ بىر ئاخشىمى ئىلىم، ئەخلاق، دىيانەتنىڭ بۇ پارلاق قۇياشى تۇپراق ئاستىغا كىرىپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ قالدۇرغان ئۆچمەس نۇرلىرى مانا ھازىرمۇ شەرق، شىمال، غەرب، جەنۇب، ھەممە

ئەتراپنى ئوخشاشلا يورۇتۇپ تۇرماقتا.

ئەينى چاغدا ئۇنىڭ مېيىتىنى غۇسۇلى قىلدۇرۇۋاتقان دەۋر ئىماملىرىنىڭ ھەممىسى قاتتىق قايغۇرغان ھالدا قەلب ناۋالىرىنى ياڭرىتىپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلى ھەممىدىن كاتتا فەقىھ، ھەممىدىن كاتتا ئابىد ۋە ھەممىدىن كاتتا زاھىت ئىدىلە! پۈتۈن ئېسىل سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى سىلىگە مۇجەسسەملەشكەن ئىدى. سىلى ئىلىم دۇنياسىدا شۇ قەدەر يۇكسەك مەقام ياراتتىلىكى، پۈتۈن ئىزباسارلىرىنىڭ ھەممىسى سىلىدەك ئۇنچە يۇكسەكلىكنى ھاسىل قىلالىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە قاتتىق مەيۈسلەنمەي تۇرالمايدۇ» دەپ توۋلىغان ئىدى.

بۇ ئىشقا مىڭ نەچچە يۈز يىلمۇ بوپ قالغان مانا بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيانىڭ تۆت ئەتراپىدىكى مىليونلارچە مۇسۇلمانلار قەلبىدىن: «ئى ئىمامىمىز! ئى ئىمامى ئەزەم ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ! تۇپراقلىرىنىڭ ھەر بىر زەررىسىگە ئاللاھنىڭ رەھمەت نۇرلىرى توختىماي ياغسۇن، چۈنكى سىلى بىزگە دىنىي ئىلىم دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى قانداق ئادا قىلىش لازىملىقىنى ھەقىقىي مەنىدىن ئۆگەتتىلە!» دېگەن يەنە ئاشۇ مۇڭلۇق سادا توختىماي ياڭراپ كەلمەكتە.

ئەسلىدە ئۇ كۇفەدىكى ”نوئمان“ ئىسىملىك ئادەتتىكى بىر سودىگەر يىگىت ئىدى. بىر قېتىم كۇفەنىڭ ئەڭ كاتتا ئىمامى شەئبىي رەھىمەتۇللاھى ئەلەيھى ئۇنىڭ پېشايىسىدا پارلاۋاتقان ئىلىم ۋە پەزىلەتنىڭ نۇرىنى بايقىغان چاغدا، ئۇنىڭدىن كىمنىڭ يېنىغا بېرىپ دەرس ئالىدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇ قاتتىق مەيۈسلىنىپ، ھېچ كىشىنىڭ يېنىغا بارمايدىغانلىقىنى، پەقەت تىجارەت بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىمام شەئبى رەھىمەھۇللاھ ئۇنىڭ چىرايىغا چوڭقۇر بىر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن: «مەن سەندە ئالاھىدە بىر ئىقتىدارنى بايقىغاندەك قىلىۋاتىمەن، ياخشىسى ئۆلىمالارنىڭ سۆھبىتىگە كۆپرەك قاتنىشىپ تۇرغىن» دەپ نەسىھەت قىلدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ دىنى بىلىم ئىگەللەشنى باشلىغان ئىمامى ئەزەمنىڭ قەلبىدە ئىلمىي ئىقتىدارنىڭ نۇرلىرى چاقنىشى بىلەن تەڭلا ئىلىمگە ۋە ئىلىم ئەھلىگە بولغان ھۆرمىتى شۇ قەدەر ۋايىغا يەتتىكى، ھەتتا ئۇستازى ھەمماد رەھىمەھۇللاھنىڭ پۈتۈن ھاياتلىقىدا بىرەر قېتىم ئۆز ئالدىغا ئىلمىي سورۇن ئويۇشتۇرۇشنىمۇ ئۇستازىغا قىلىنغان

ھۆرمەتسىزلىك دەپ بىلىپ، پەقەت تالىبلىق سالاھىيىتى بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزدى. ئۇستازىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ مەرھۇم ئۇستازىنىڭ ئوغلى بىلەن ئىككىنچى ئۇستازىنىڭ ئالدىدا ئەدەپ بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشنى قەتئىي تاشلىمىدى. ئاخىرى ئىزباسار ئۇستازلار ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھنى مەرھۇم ئۇستازىنىڭ مۇنبىرىگە ئولتۇرغۇزغان چاغدىلا ئاندىن ئىلىم ۋە پەزىلەتنىڭ بۇ خازاك بولماس باھارى ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ئىلمى سەمەرىسىنى مەيدانغا چىقىرىشقا باشلىدى. دەل شۇ پەيتلەردە ئۇ چۈشىدە ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى كولاۋاتقان ھالدا كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ بۇ چۈشنى ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىقتىدارسىزلىقىنىڭ ئالامىتى، دەپ تونۇپ، ۋەھىمە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما كېيىنچە ئاتاقلىق چۈش مۇتەخەسسىسلىرى چۈشكە تەبىر بېرىپ، «سەن دىنىي ئىلىم دۇنياسىغا يېڭىدىن ھاياتى كۈچ قوشىدىكەنسەن» دېگەن چاغدىلا ئاندىن ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى ئەسلىگە كەلدى ۋە بۇ تەبىرنى رېئاللىققا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم ۋە ئەمەلگە بېرىلىپ كەتتى. تارىخ گۇۋاھكى، بۇ تەبىر ئاخىرى ھەقىقەتكە ئايلىنىپ ئىلىم دۇنياسىدا ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھنىڭ ئىسمى ھەتتا ھەرقانچە شىددەتلىك بوران چاپقۇنلاردىمۇ مەڭگۈ ئۆچمەس مەشئەلگە ئايلىنىپ قالدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىنساننىڭ شۇنچە كاتتا ماقامغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ يەنىلا كاتتىلىقىنى ھېس قىلماسلىقى ۋە چوڭلارنىڭ ئالدىدا دائىم كىچىك پېئىللىق بىلەن ئەدەپلىك تۇرۇشى، گەرچە قارىماققا بەك ئاددىي ئىشتەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ھەرگىزمۇ ئاددىي چاغلىغىلى بولمايدىغان يۈكسەكلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ شاگىرتلىرىنىڭ ئۆزىنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشىنى قەتئىي مەنئى قىلاتتى. مۇستەقىل پىكىر ھەم ئىجتىھات قىلىشىنى، ئۆزىگە دەلىللىك ھالدا تەنقىد بېرىشنى تەۋسىيە قىلاتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆلىمالارنىڭ ئىززىتىنى قىلىش ئەڭ كۆڭۈللۈك مەشغۇلات ئىدى. ھەردائىم ئۇنىڭ يېنىغا يېڭى مېۋە ـ چېۋە كېلىپ قالغان ھامان ئالدى بىلەن شەھەردىكى ئالىم، ئۆلىمالارنىڭ ئۆيلىرىگە ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئېغىز تەگمەيتتى. ئۆي ـ ئۆي بېرىپ، دائىم ئىلىم ئەھلىنى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ

ئىمانىي تۇيغۇلىرى ئىلىم، ئەخلاقىنىڭ شۇ قەدەر يۈكسەك پەزىلەتلىرىگە چۆمۈلگەنكى، ئىلىمنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۈچۈن دۇنيانىڭ جەزبىدار مال ـ بايلىق، مەرتىۋە ـ مەنسەپلىرىگە ئېسىدە يوقمۇ قاراپ سالمايتتى. ئۇمەۋىيە خانىدانلىقىنىڭ تاجدارى يەزىد ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى ئۈچۈن دەۋرنىڭ بۇ پەزىلەتلىك ئالىمىنى ئوردىغا ئېلىپ كىرمەكچى بولغاندا، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ ئۆزىگە پەش ـ پەش قىلىنىۋاتقان دۆلەت خەزىنىسىنىڭ باش ۋەزىرى بولۇش مەنسىپىنى پەرۋاسىز ئىتتىرىپ تاشلىغان ئىدى. چۈنكى ئۇ مەنسەپنى قوبۇل قىلىپ، دىنىي ئىلىمنىڭ ئۇلۇغۋار مەسئۇلىيەتلىرىنى دوغا تىكىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىنى ھۆكۈمرانىنىڭ جازاسىغا تۇتۇپ بېرىشنى ئەلا بىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق مەيداندىن غەزەپلەنگەن ھۆكۈمران ھەر كۈنى دۇمبىسىگە ئون دەررە ئۇرۇش جازاسى بەردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئىلىم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۆز مەيدانىدىن قەتئىي يانمىدى. گەرچە ھەر كۈنى ئۇرۇلۇۋاتقان دەررىلەر تۇپەيلى بەدەنلىرى ئىششىپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا قەدەملىرى تەۋرىنىپ قالمىدى. ئۇمەۋىيە خانىدانلىقى غۇلاپ چۈشۈپ، ئاباسىيە خانىدانلىقى مەيدانغا چىققاندا بولسا، دىنىي ئىلىمنىڭ ئېغىر سىناقلىرى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ بەك كەسكىنلەشتى.

دەۋر تاجدارى مەنسۇر ئىمام ئەزەمنىڭ ئىلىم، ئەخلاقىنى دۆلەتنىڭ باش قازىلىق مەنسىپى بەدىلىگە سېتىۋالماقچى بولۇپ مەيدانغا چىقتى. ھوقۇق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ مەسلىكىدە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ «مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بۇ مەنسەپنى چوقۇم قوبۇل قىلىشىڭ لازىم» دەپ تەھدىت سالدى. ئەمما ئىلىم، ئەخلاقنىڭ تاجدارى ئىمامى ئەزەم بۇنىڭغا قارىتا، «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ مەنسەپنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايمەن» دەپ كەسكىنلا جاۋاب قايتۇردى. بۇنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتا قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن ئوردا ئۆلىمالىرى ئىمامى ئەزەمگە بۇ ئىشنىڭ كاتتا ئاسىيلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆز پىكرىنى قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىش مەسلىھەتى بەردى. ئەمما ئىمامى ئەزەم ئۆز پىكرىدىن قەتئىي يانمىدى. ئاخىرى غەزىپىنى باسالمىغان مەنسۇر ئىمامى ئەزەمنى زىنجىر كىشەنلەپ زىندانغا تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سادىق تىلىدا ”مۇئمىن ئۈچۈن زىندانغا ئوخشايدۇ“ دەپ تەرىپلەنگەن بۇ دۇنيا ئىمامى ئەزەم ئۈچۈن ھەقىقىي زىندانغا ئايلىنىپ قالدى. دۇنيانىڭ شۇنچە جەلپكار مال ـ بايلىق، مەرتىۋە ـ مەنسەپلىرىنىڭ

ھەممىسى، ئۇنىڭ ئارقىدىن ئىبنى ئىزنىنى يالاشقىنىچە ھەيرانە ـ قارىشىپ قېلىشقان ئىدى. ئەمما ئىمام ئەزەم ئۇلارغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ نەزەر سېلىپ بېقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قالغان بارلىق ھاياتىنى قاراڭغۇ زىنداننىڭ قاباھەتلىك تەنھالىقىدا ئۆتكۈزۈۋېتىشنى ئەلا بىلدى. ئاخىرىدا ئىمام ئەزەم رەھىمەھۇللاھنىڭ ئاللاھغا سەجدە قىلىۋاتقان پىتى جان ئۈزگەن جەسىتى زىنداندىن يورۇق دۇنياغا ئېلىپ چىقىلدى. ”إنا لله وإنا اليه راجعون“

ئەينى چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ تالانتلىق شاگىرتى قازى ئەبۇ يۇسۇف رەھىمەھۇللاھغا نەسىھەت قىلىپ: «ئىلىم ـ دۇنيانى كۆزلەپ ئىگىلىمەكچى بولغان كىشىنىڭ قەلبىدە ھەرگىز يىلتىز ئالمايدۇ» دېگەن ئىدى.

ئاللاھ گۇۋاھكى، ئۇ قىلغان ھەر بىر سۆزىگە ئالدى بىلەن ئۆزى ئەمەل قىلدى. دۇنيانىڭ ھەرقانچە قىممەتلىك گۆھەرلىرىنىمۇ ئىلىم يولىدا خۇددى تاشنى تەپكەندەك پەرۋاسىز تېپىۋېتىپ كېتىۋەردى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەققانىيەت ئىلمىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چوڭقۇر يىلتىز ئالدۇرۇپ، ئىلىم ساھەسىدىكى ئەڭ يۇكسەك مەرتىۋىگە سازاۋەر قىلدى. ناۋادا تارىخ كۆزنەكلىرىدىن ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ ھاياتىنىڭ ھەر بىر سەھىپىسىگە نەزەر سالىدىغان بولسىڭىز، ئىلىمغا بولغان مۇھەببىتى تومۇرلىرىدىكى قانغا ئايلانغان ئۇنداق كىشىنىڭ نەقەدەر ئەيمىنىشلىك ئۇلۇغ ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى ھەقىقىي مەنىدىن كۆرۈپ يېتەلەيسىز. ھەمدە ئىنسانىي ئاجىزلىقلار ئىنساننى ھالاكەتكە ئىتتىرمەي قويمايدىغان ھاياتنىڭ شۇنچە قورقۇنچلۇق ھاڭلىرىدىمۇ دىنىي ئىلمىنىڭ بەرىكەتلىرى ئۇنداق كاتتا ئىنسانلارنى نەقەدەر يۇكسەكلىككە ئېرىشتۈرۈپ، مەڭگۈ باھار باغۇ ـ بوستانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسىز.

بىر قېتىم خەلىپە ھارۇن رەشىد قازى ئەبۇ يۇسۇفكە «ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ پەزىلەتلىرىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز» دەپ ئىلتىماس قىلغان ئىدى. قازى ئەبۇ يۇسۇف ئىمامى ئەزەمنىڭ ئۇلۇغۋار شانلىق ئوبرازىنى بىر قۇر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن چوڭقۇر ئىخلاس بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

«مېنىڭ بىلىشىمچە، ئىمام ئەزەم ئىنتايىن خۇشئەخلاق، ئاجايىپ تەقۋادار ئادەم ئىدى. شەرىئەت توسقان ھەممە ئىشتىن ساقلىناتتى. كۆپىنچە جىمغۇر، پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ھەرقانداق

بىر كىشى ئۇنىڭدىن مەسىلە سورىغاندا بىلسە، جاۋاب بېرەتتى، بىلمىسە، سۈكۈت قىلىش ئۇنىڭ ئەڭ دىيانەتلىك جاۋابى ئىدى. ئۆزى ساخاۋەتكە ئىنتايىن ئامراق، ئىككىنچى بىرسىنىڭ ئالدىدا ھەرگىز ئۆز ھاجىتىنى تىلغا ئالمايدىغان كىشى ئىدى. دۇنيادىن يىراق تۇرىدىغان، دۇنيانىڭ يۇقىرى ئىززەت، مەرتىۋىلىرىگە نەپرەتلىك نەزىرى بىلەنلا باقىدىغان كىشى ئىدى. غەيۋەتتىن قاتتىق ساقلىناتتى. ئىلىمدىن كىشىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرۈشتە كۆڭلى - كۆكسى دەريادەك تەڭداشسىز كاتتا ئالىم ئىدى»

ئىنسانىي ئەخلاقنىڭ بۇ گۈزەل تەرىپىنى ئاڭلاپ پۈتۈن ئوردا ئەھلى خېلى ئۇزۇنغىچە ئېغىر سۈكۈتكە پاتتى. ئىلىم ۋە ئەمەلنىڭ ئۇلۇغۋار پەزىلىتى ئالدىدا دەۋرىنىڭ كاتتا ئىمام، تاجدار، ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەممىسى قەلب قايىللىقىنى ئىزھار قىلماقتا ئىدى. خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ چوڭقۇر ئىخلاس بىلەن، «شەكسىزكى، سالىھ، پاك ئەخلاقلىق، ئەڭ ئېسىل مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتى دەل ئەنە شۇنداق بولىدۇ» دېگەن قەلب ناۋاسى پۈتۈن سورۇننى سۈكۈتتىن ئويغاتتى.

ئىمامى ئەزەم ھايات چاغدا بىر قېتىم مەلۇم بىرەيلەن ئۆزىنىڭ قاتتىق ھەيرانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «كىشىلەر سېلى تۇغرىلىق ھەر قىسىم گەپلەرنى قىلىپ يۈرىيدىكەن، ئەمما سىلىنىڭ ئېغىزلىرىدىن بىرەر كىشىنىڭ يامان گېپى چىقىپ باققىنىنىمۇ قەتئىي ئاڭلىغىلى بولمايدىكەن» دەپ سورىغان ئىدى. ئىمامى ئەزەم خاتىرجەم بىرنى تىنغان ھالدا، «شۇنداق، بۇرادەر! مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئاللاھنىڭ خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدىغان ئەڭ كاتتا مەرھەمىتى» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

بىر قېتىم ئىمام سۇفيان سەۋرى رەھىمەھۇللاھنىڭ ئالدىدا ئىمامى ئەزەمنىڭ گېپى چىقىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن بىر قېتىممۇ باشقىلارنىڭ ھەققىدە غەيۋەت ئاڭلىنىپ باقمىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، ئىمام سۇفيان سەۋرى «ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ ئۇنداق بىر تەرەپتىن ياخشى ئەمەل قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن زايە قىلىۋېتىدىغان ھاماقەتلەردىن ئەمەس ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

ئەمما ئەپسۇسكى، ئەمدىلىكتە غەيۋەتخورلۇق ئاز بىر قىسىم ئالەمشۇمۇل تەسىر يارىتالىغان ئۆلىمالىرىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۈگۈنكى بىز مەھەللىۋي موللىلارنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى بولۇپ قالماقتا. نەگىلا

بارساق، بىر ـ بىرىمىزنى غاجاپ چىشلەپ، ئۆز ـ ئارا ھاقارەت قىلىش پىكىر بازار تاپقۇزۇشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالماقتا. دىنىي دەۋەت سورۇنلىرىمىزنىمۇ غەيۋەت ـ شىكايەتنىڭ بازىرىغا ئايلاندۇرۇپ، تىرىكلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ئاز كەلگەندەك، ھەتتا ئاشۇنداق پەزىلەتلىك ئالەمشۇمۇل ئىماملارغىمۇ ھاقارەت قىلىش تەبلىغكە ئايلىنىپ قالماقتا. شۇڭا ھەتتا شاراپخور شائىرلار جىبىندا بۇ خىل رەزىل قىلمىشىمىزدىن بولۇشىغا شىكايەت قىلىپ: «ناز ـ كەرەشمە ـ خىنىم، چوكاننىڭ ئىشى. رەشكى، ھەسەت ـ موللا، ئىشاننىڭ ئىشى» دەپ شېئىر يېزىشماقتا.

ئەجەبا ئىلمىي ئېتىقادىرىمىزنى بازارغا سېلىش ئۇچۇن باشقىلارنى تىللاشتىن باشقا يول تېپىلماسمۇ؟ گەرچە يەتكۈدەك ئىلىمگە سازاۋەر بولغان بولساقمۇ، ئەمما ئىلمىي پەزىلەتكە سازاۋەر بولالمىغان بىز سويما موللىلارنىڭ ئەمەللىرى خۇددى يۇقىرىدا سۇفيان سەۋرى رەھىمەھۇللاھ دېگەندەك ھاماقەتنىڭ ئەمىلىگە ئايلىنىپ قالماسمۇ؟ بىزنىڭ ئەھۋالىمىز بۇ بولسا، بىز پىكىر بايراقدارى بولۇۋاتقان مىللەتنىڭ ۋە بىزگە ئەگىشىۋاتقان جامائەتنىڭ ئەھۋالى نېمە بولماقچى؟

ئەسلىدە گەرچە بىز ماھىر تەپسىرچى، شەرھشۇناس، رەتلەپ، توپلىغۇچى بولالىغان بولساقمۇ، ئەمما توپلىغان بىلىمىمىزنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، بىلىمگە يارىشا ئىلمىي ئەخلاق يارىتالمىدۇق. خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا ماس مۇستەقىل غايە، سىستېمىلىق قاراش تىكلىيەلمىدۇق. شۇڭا سىرتتىن چىققان شاماللاردا پالاقلاشتىن باشقا ئىش قولىمىزدىن كەلمەي يۈرمەكتە.

ياخشىسى بىز يەنىلا ئويلىنايلى! ھازىرمۇ يەتكۈدەك ۋاقىت بار، دەرھال ئۆزىمىزنى تونۇپ، ئىسلاھ قىلىۋالايلى! ئەتىگە پاسىق ھاراقكەشتىن بىرى كېلىپ «سەنمۇ ''مۇسۇلمان''مۇ؟» دەپ بىزگە سوئال قويۇشتىن ئىلگىرى «ئاھ بىزمۇ ''مۇسۇلمان''مۇ؟» دېگەن بۇ سوئالنى ئۆزىمىزدىن ۋە قىلىۋاتقان ئەمەللىرىمىزدىن سورىۋالايلى!

# ئۈچەس قۇياش

(ئىككىنچى قىسىم)

دەرۋەقە، دۇنيادىكى ھەر بىر قەۋمدە ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىمۇ كىشىلەرنىڭ رىئايە قىلىشى ئۈچۈن بىرى، ئۆرپ ـ ئادەت، يەنە بىرى، ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇندىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈزۈم مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا كۆرە ئىزاھلىنىپ، ئۆزلۈكسىز بېيىتىلىپ كەلگەن. مانا بۇ نۇقتىدىن دۇنيا قانۇنچىلىق ساھەسىدە ئىلگىرى قەتئىي مەۋجۇد بولۇپ باقمىغان، رەتلىنىش ئۇسلۇبىمۇ يېگانە بولغان ”ئۇسۇلى فىقھى“ (يەنى، قانۇنچىلىق ئاساسىي) مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيادىكى پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئەڭ بۈيۈك تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنى دەل ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ باشچىلىقىدىكى ئاز بولمىغان پېشقەدەم فەقىھلىرىمىز قۇرئان كەرىمدىكى «كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاءِ» «كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شاخلىرى ئاسمانغا يېيىلغان ياخشى دەرەخكە ئوخشايدۇ» (14/24) دېگەن ئايەتكە ئاساسەن سىستېمىلىق رەتلەپ چىققان. ئايەتتىكى ”ئۇسۇل“ دېگەن سۆزنى ئاساسقا، ”شاخ“ دېگەن سۆزنى قانۇنغا مىسال قىلىپ، ئىستىلاھ ئورنىدا (يەنى تېرمىن ئورنىدا) ئىشلەتكەن.

مۇقەررەركى، ئىسلام قانۇنى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيي نازىل بولۇش بىلەن باشلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىلاھىي ۋەھيي توختاپ،

قانۇنچىلىقنىڭ تۈپ مەنبەسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن تەلىماتلىرى بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغان بولغان. ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىسلام قانۇنىنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۇسۇلىنىمۇ بىرگە قالدۇرۇپ كەتمىگەن بولسا ئىدى، چوقۇمكى كۆپ ھاللاردا بىز دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان بەزى يېڭى مەسىلىلەرگە ئىنكاس قايتۇرۇش قىيىنغا توختىغان بولاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ھەزرىتى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئۆلكە رەئىسى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى ئەۋەتىشتىن ئىلگىرى ”نېمە بىلەن ھۆكۈم چىقىرىسەن؟“ دەپ سورىغان ئىدى. ئۇ ”ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن“ دەپ جاۋاب بەرگەندە، ”ناۋادا كېرەكلىك مەسىلىنى قۇرئاندىن تاپالمىغاندىچۇ؟“ دەپ سورىغان. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ”ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ سۈننىتى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىمەن“ دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ”ناۋادا كېرەكلىك مەسىلىنى سۈننەتتىن تاپالمىغاندىچۇ؟“ دەپ سورىغاندا، ئۇ ”ئۆز پىكرىمگە بىنائەن ئىجتىھات قىلىمەن، تىرىشچانلىقتا ھېچ بىر كەملىك قالدۇرمايمەن“ دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغۇز سۆيىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قولىنى ئېگىز كۆتىرگىنىچە «ئى ئاللاھىم! سېنىڭ ئەلچىڭنىڭ ئەلچىسىگە بەرگەن بۇ تەۋپىقىڭدىن مەن رەسۇلۇڭ ھەقىقەتەن سۆيۈنۈپ كەتتىم» دەپ دۇئا قىلغان.

دېمەك، بۇ ئۇسۇل ئىسلام قانۇنىغا ھەرقانداق زامان ۋە ھەرقانداق ماكاندا، پۈتكۈل ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇۋېپ كېتەلەيدىغان ھاياتى كۈچ بەخش ئەتكەن. مانا شۇنىڭغا ئاساسەن ھەر بىر مۇسۇلمان، «1400 يىلدىن بۇيان ئىسلام قانۇنى قاتمال، تۇرغۇن ھالەتكە كېلىپ قالماستىن، ئۆز ھاياتى كۈچىنى ئىزچىل نامايان قىلىپ كېلىۋاتماقتا ۋە بۇندىن كېيىنمۇ ئىزچىل نامايان قىلىپ كېتىۋېرىدۇ» دېيىشكە تامامەن ھەقلىق.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، بەلكىم بەزىلەر بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەت جەھەتتىكى ساغلاملىقىغا ئەمەس، بەلكى قۇرئان كەرىمدىكى ”اليوم اكملت دينكم“ ”بۈگۈن دىنىڭلارنى مۇكەممەل قىلدۇق“ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىگە زىت كېلىدىغانلىقىنى دەلىل قىلىپ، ئېتىراز بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن. ئەمما شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى،

ھەزرىتى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن مەزكۇر ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن بۇ ئۇسۇل دەل ئەنە شۇ ”اليوم اكملت دينكم“ ”بۈگۈن دىنىڭلارنى مۇكەممەل قىلدۇق“ دېگەن ئايەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. يەنى، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن ئىسلام دىنى، ئىجتىھات ئۇسۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ھەرقانداق ھەدىس ناۋادا رىۋايەت ئۇسۇلى جەھەتتە ساغلاملا بولىدىكەن، گەرچە مۇنداقلا قارىماققا بەزى نۇقتىدىن ئايەتنىڭ مەنىسىگە زىت كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە يەنە باشقا نۇرغۇن تۇقتىلاردىن قۇرئاننىڭ روھىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالمايدۇ. چۈنكى مۇھەددىسلەرنىڭ ھەدىس قوبۇل قىلىشتىكى مۇھىم شەرتلىرىنىڭ بىرسى دەل قۇرئاننىڭ روھىغا خىلاپ بولماسلىقتىن ئىبارەتتۇر. ئېنىقكى، ئۇلار بۇ نۇقتىدا ھېچقاچان سەل قاراپ باققان ئەمەس.

ناۋادا ئىجتىھات بولماي قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغان ئەھۋال بولسا ئىدى، بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە ھەدىسلەردىن دەلىل ئېلىش قىيىنغا توختايدىغان، نۇرغۇن مەسىلىلەردە زادى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان، مەسىلىلەرنىڭ تەكتىگە بەزىلەرنىڭ نەزىرى يېتىپ بارسا، يەنە بەزىلەرنىڭ يېتىپ بارالمايدىغان ئەھۋاللار مەيدانغا كېلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. بۇ نۇقتىدىن ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھقا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

بىر قېتىم مەلۇم بىر ئەر ـ خوتۇن ئۆز ـ ئارا جېدەللىشىپ قېلىپ، بىر ـ بىرىگە ماي تارتىشىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئېرى ئايالىغا ”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ناۋادا تاڭ ئاتقىچە ماڭا گەپ قىلمىساڭ تالاق بولغان بولىسەن“ دېگەن. ئۇنىڭ جېدەلخور ئايالىمۇ ئاچچىقلىنىپ، ”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، تاڭ ئاتقىچە مەن ساڭا ھەرگىز گەپ قىلمايمەن“ دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە تاڭ ئاتقىچە ھېچ قانداق گەپ ـ سۆز قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن ئېرى بۇ مەسىلىنى ”ئىبنى سىيرىن“ ئىسىملىك ئاتاقلىق فەقىھنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغان.

ئىبنى سىيرىن ۋەقەنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن ”خاتالىق سەندىن ئۆتۈلۈپتۇ، ئەمدى ئايالىڭ تالاق بوپتۇ“ دەپ جاۋاب بەرگەن. كۆڭلى قىيماي، بولىشىغا ھەسرەت چەككەن ئەر يىغلاپ ـ قاخشاپ بۇ

مەسىلىنى ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھنىڭ ئالدىغىمۇ ئېلىپ بارغان. ئىمامى ئەزەم ۋەقەنى تەپسىلىي ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن «سەن خاتىرجەم بولۇپ، ئايالىڭنىڭ يېنىغا بېرىۋەرسەڭ بولىدىكەن، تالاق دېگۈدەك ھېچ قانداق ئىش بولماپتۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران قالغان كىشى دەرھال ئىبنى سىيرىننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ «سەن ”تالاق بوپتۇ“ دېگەن ئىدىڭ، ئەمما ئەبۇ ھەنىيفە ”تالاق بولماپتۇ“ دەپ پەتىۋا بەردىغۇ؟!» دەپ بارغان. ئاندىن ئىبنى سىيرىن ئۇ كىشىنى ئېلىپ، ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋە «ئى ئەبۇ ھەنىيفە! ئاللاھدىن قورققىن، سەن قاراپ تۇرۇپ تالاق بولۇپ بولغان مەسىلىگە ”تالاق بولماپتۇ“ دەپ پەتىۋا بېرىپسەن، ناۋادا ئۇ ئايالى بىلەن ھەمىياستۇق بولسا، زىنا قىلغان بولمامدۇ؟ سەن بۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستۈڭگە ئالالامسەن؟ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا زادى قانداق جاۋاب بېرىسەن؟!» دەپ سورىغان.

ئەبۇ ھەنىيفە ئۇ كىشىگە ۋەقەنى قايتىدىن يەنە بىر قېتىم بايان قىلىش تەكلىپى بەرگەن. ۋەقەنى قايتا ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن چۈشەندۈرۈش بېرىپ «مەن يەنىلا ”تالاق بولماپتۇ“ دېگەن ئۆز پىكرىمدە چىڭ تۇرىمەن. چۈنكى بۇ كىشى گەرچە ئايالىغا ”ئەگەر گەپ قىلمىساڭ“ دېگەن شەرتنى قويغان بولسىمۇ، ئەمما قانداق گەپ قىلىش شەرتىنى قويمىغان. دېمەك، ئايالىنىڭمۇ قەسەم ئىچىپ، ”مەن تاڭ ئاتقىچە گەپ قىلمايمەن“ دېگەنلىكى ماھىيەتتە گەپ قىلغانلىق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا تالاق بولمىغان بولۇۋېرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئوخشاش بىرلا مەسىلىگە بىرەيلەن مەلۇم بىر نۇقتىدىن قارىغان بولسا، يەنە بىرەيلەن باشقا بىر نۇقتىدىن نەزەر سالغان. قىسقىسى، ناۋادا ئىجتىھات بولمىغان بولسا ئىدى، ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارغۇ ئۇياقتا، ھەتتا ھەر كاتتا فەقىھلەرمۇ بەزى يېڭى مەسىلىلەردە قۇرئان ۋە ھەدىستىن دەلىل ئالالماي ئىككىلىنىپ يۈرۈشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

”خۇلەفائىر راشىدىن“ (توغرا يولدىكى خەلىپىلەر) نىڭ دەۋرىدىمۇ كىشىلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، مەلۇم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان، ھەرخىل پىكىرلەرنى بېرىپ ئۆز - ئارا مۇنازىرە قىلىشىدىغان، ئاخىرىدا مەلۇم نەتىجىگە كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن شۇنى ئاساس قىلىدىغان

ئىشلار بولۇپ تۇراتتى. ئەينى چاغدا تېخى ھەدىسلەر توپلانمىغان، بۇخارى، مۇسلىم قاتارلىق ''سەھاھ سىتتە'' (يەنى ئالتە ساغلام كىتاب) يېزىپ چىقىلمىغان دەۋر بولغاچقا، ھەر قانداق يېڭى مەسىلە كۆرۈنسە كىشىلەر ئۆز ئىلمىگە ۋە قول يازما، ئەس ـ خاتىرىلىرىدە ساقلىنىۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ئاساسەن مۇنازىرە قىلىپ، مەلۇم يەكۈنگە كەلگەندىن كىيىن ئاندىن بىر تەرەپ قىلاتتى. ھەمدە ئىسلام قانۇنىغا دائىر ھەدىستىكى مەلۇماتلار جەملىنىپ قانۇننىڭ مەخسۇس ماددىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلەتتى. مانا شۇ خىل ئۇسۇل بىلەن داۋام قىلغان بۇ ئىجتىھادنىڭ يوللىرى ئاخىرىدا ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھنىڭ تۆھپىسى بىلەن رەسمىي سىستېمىلاشتۇرۇلغان.
ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ ''ئۇسۇلۇل فىقھى'' ھەققىدە تۇنجى بولۇپ ''كىتاب الرأي'' دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىش ئارقىلىق ئىسلام قانۇنىغا ئىنتايىن چوڭ تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد شەيبانىيلارمۇ ''كىتاب الرأي'' گە قارىتا ''كىتاب الاصول'' دېگەن ئوخشاش نام بىلەن ئىككى ئايرىم ـ ئايرىم شەرھى يېزىپ چىققان. يەنە باشقا بىرقانچە شاگىتلىرىمۇ بۇ ھەقتە تەپسىلىي شەرھىلەرنى يېزىپ قالدىرغان. ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ يەنە خەلقئارا قانۇن ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ، دۇنيادىكى تۇنجى سىستېمىلىق خەلق ـ ئارا قۇنۇن كىتابى ''كىتاب السير''نى يېزىپ چىققان. (يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كىتابلارنىڭ نۇرغۇنلىرى موڭغۇللارنىڭ ئىستىلاسى داۋامىدا شۇلار تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كىلەلمىگەن. ئەمما ئىمام شافىئىي ۋە باشقا ئالىملارنىڭ كىتابلىرىدا شۇ كىتابلاردىن ئېلىنغان ئىقتىباسلارنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ) ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىبراھىم فىزارى تۇنجى بولۇپ ئوخشاش ئىسىم بىلەن''كىتاب السير''نىڭ شەرھىسىنى يازغان. ئاندىن ئىمام مۇھەممەد شەيبانىي''كىتاب السير الصغير'' ۋە ''كىتاب السير الكبير'' دېگەن ئىككى كىتابنى شەرھى ئورنىدا يېزىپ چىققان. ئاندىن ئىمام زەفەرمۇ ''كىتاب السير'' دېگەن ئوخشاش نام بىلەن شەرھىي يېزىپ چىققان. شۇنىڭدەك، ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھغا زاماندىش فەقىھلەردىن، ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەۋزائىيلارمۇ ''كىتاب السير''نىڭ تەسىرىدە، ئوخشاش نام بىلەن ئىككى ئايرىم ـ ئايرىم كىتاب يېزىپ چىققان. ئاندىن ئۇلارنىڭ يەنە قانچىلىغان شاگىرتلىرىمۇ خەلق ـ ئارا

قانۇن ھەققىدە مەخسۇس ئەسەرلەرنى مەيدانغا چىقارغان ۋە بۇ بارلىق ئەسەرلەر دەۋرىمىزدىمۇ ئۆز قىممىتى بىلەن مەۋجۇد بولۇپ ساقلانماقتا.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ ئۆز شاگىرتلىرىغىمۇ ئىجتىھادنى قاتتىق تەكىتلەيتتى. مۇستەقىل پىكىر قىلىش ۋە ئۆز پىكرىنى دادىل، دەلىللىك ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلىم بېرەتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆز پىكرىنى شاگىرتلىرىغا مەجبۇر تاڭمايتتى. دائىم شاگىرتلىرى ئارىسىدا خۇددى تالىبتەك ئولتۇرۇپ، مەلۇم بىر كۆز قارىشنى بايان قىلغاندىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ دەلىللىك تەنقىد بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ۋە شۇ مەسىلە ھەققىدە خېلى ئۇزۇن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىنكى ئەمەلىي يەكۈن قوبۇل قىلىناتتى. شۇڭا ھەنەفىي مەزھىبىدە ئىمام ئەزەمنىڭ ئاران 15 پىرسەنت پىكرىگىلا ئەمەل قىلىنىدۇ. قالغان 85 پىرسەنتى شاگىرتى ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد شەيبانىلارنىڭ ئۇستاز بىلەن ئورتاق بىر پىكىرگە كەلگەن قاراشلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە دەرس سۆزلەش جەريانىدىمۇ تەنقىدلەرگە چىدامچان، ئاجايىپ تەقۋادار، سەۋرچان كىشى ئىدى.

بىر قېتىم بىرسى مەسىلە سورىغاندا ئىمام ئەزەم مۇناسىپ جاۋابنى قايتۇرغان. ئەمما سورىغۇچى ”بۇ مەسىلىگە ھەسەن بەسرى باشقىچە گەپ قىلدى“ دەپ تۇرۇۋالغان. ئىمام ئەزەم ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن ”شۇنداق، ھەسەن بەسرى خاتالىشىپتۇ“ دەپ جاۋاب بەرگەن. دەرس مەيدانىدا ھەسەن بەسرىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىنمۇ بىرسى ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ ”ئى ئىبنى فاھىشە (يەنى ھارامىلىق) سەن تېخى ھەسەن بەسرىنى خاتالاشقان دەۋاتامسەن؟“ دەپ ھاقارەت قىلغان. ئىمام ئەزەمگە قىلىنىۋاتقان بۇ ئەخلاقسىز ھاقارەتكە قارىتا سوۋرۇندا غەزەپلىك غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. ئەمما ئىمام ئەزەم يەنىلا ئاچچىقلىنىپ كەتمەستىن، گويا سەۋر، قانائەتنىڭ تەۋرەنمەس تاغ چوققىسىدەك تەمكىن ھالدا ”شۇنداق، ھەسەن بەسرى بۇ مەسىلىدە خاتالاشقان، چۈنكى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتى تېخىمۇ بەك كۈچلۈك“ دەپ جاۋاب قايتۇرغان.

ئەبۇ ھەنىيفە بىلەن زاماندىش يەزىد ئىبنى كەممىيەت ئىسىملىك ئاتاقلىق زاھىت كىشى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

''ئىمام ئەزەم دەرس سۆزلەۋاتاتتى. بىرسى ئاجايىپ ئەدەپسىزلىك بىلەن ھە دېسىلا، قۇسۇر چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئەدەپسىزلىكى قانچە ھەددىدىن ئاشقانسىرى ئىمام ئەزەمنىڭ يۇمشاقلىقى شۇنچە ئېشىپ ماڭاتتى. ئاخىرى ھەتتا ئەدەپسىزلىك چېكىدىن ئېشىپ، ئىمام ئەزەمگە ئالايغان ھالدا ''ئى زىندىق'' (يەنى دىنسىز) دەپ ھاقارەت قىلىش دەرىجىسىگە يەتتى. ئىمام ئەزەمنىڭ قەلبى گەرچە بۇ سۆزدىن شۇنچە ئازابلانغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا تەمكىنلىك بىلەن ''ئاللاھ سىنى مەغپىرەت قىلسۇن، ماڭا ئىشلەتكەن بۇ سۆزۈڭنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئاللاھ ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ'' دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمامى ئەزەم دائىم ئۆزى ھەققىدە توختالغاندا، ''مەن ھېچ بىر كىشىنى ھاقارەتلەپ باقمىدىم، ھېچ كىشىدىنمۇ ئۆچ ئالمىدىم. مۇسۇلمان ياكى زىممى (ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ غەيرىي دىندىكى پۇقرالىرى) ھېچ بىر ئىنساننى قاقشاتمىدىم ياكى ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلىپ، ئادەم ئالدىمىدىم'' دەيتتى.

بىر قېتىم دەرس جەريانىدا بىر ياش بالا ''ئى ئەبۇ ھەنىيفە! سېنىڭ بەرگەن جاۋابىڭ پۈتۈنلەپ خاتا'' دەپلا ئورنىدىن تۇردى. بۇ دەرسكە ھەر كاتتا ئۆلىما، فەقىھلەرمۇ قاتناشقان بولۇپ، ياش بالىنىڭ بۇنداق ئەدەپسىزلىكىگە ھەممەيلەن خاپا بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەبۇل خەتتاب جۇرجانىي ئىسىملىك كاتتا ئالىم غەزىپىنى باسالماي، «ئى جامائەت! جۇرئەتسىزلىكىڭلار بەك چېكىدىن ئېشىپ كەتتى. نەدىكى بىر سويمىلار كېلىپ ئىمامىڭلارنىڭ شەنىگە ئېغىزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ يۈرسە، ۋىجدانىڭلار قايناپمۇ قويمايدىغۇ!» دەپ جامائەتنى ئەيىپلەشكە باشلىدى.

باياتىن بىرى ياش بالىنىڭ سۆزىگە ئاچچىقلانماي تەمكىن ئولتۇرغان ئىمامى ئەزەم ئەبۇل خەتتاب جۇرجانىنىڭ سۆزىگە ئاچچىقلىنىپ ''مىنىڭ بۇ يەردە ئۆلتۇرغۇنۇم باشقىلارنىڭ ئەركىن ھالدا مېنى تەنقىد قىلىشى ئۈچۈن، خاتالىقىمنى ئېيتىپ بېرىشى ئۈچۈن شۇنداقلا ئۆزەمنىڭمۇ چىداپ ئاڭلاپ تۇرۇشۇم ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭغا نىمە دەپ جامائەتنى ئەيىپلەيسەن؟'' دەپ خاپا بولدى.

ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ خۇددى ئىچكى گۈزەللىكىگە ئوخشاشلا تاشقى گۈزەللىكىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى. جۈملىدىن كىيىم

- كىچەك، يىمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى پاكىزلىقتا قاتتىق دىققەت قىلىشتەك گۈزەل ئىستىتىكىسى روھىي گۈزەللىكىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. ئۇنىڭ رەتلىك كىيىملىرى ئىچىدىكى تىپچەكلەپ تۇرىدىغان قەلبىگە قانداق مىسلىسىز قىممەتلىك بايلىق يوشۇرۇنغانكىنتاڭ، دۇنيانىڭ ھەرقانچە يۈكسەك تاجۇ - تەخت، مەنسەپلىرىنىمۇ قىلچە پىسەنتىگە ئالمايتتى. ھەق گەپنى قىلىشتا ھېچ كىشىدىن ئەيمەنمەي قالمايتتى.

بىر قېتىم كۇفەنىڭ ئۆلكە رەئىسى ئاجايىپ يالۋۇرۇش تەلەپپۇزىدا ''سىلى بىز تەرەپلەرگە بىرەر قېتىممۇ قەدەم تەشرىپ قىلىپ قويساي دىمەيلا'' دەپ سورىغان ئىدى. گەرچە ئىمام ئەزەم ئۇنىڭ قانداق ھېسسىياتتا سۆز قىلىۋاتقانلىقىنى تولۇق ھېس قىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا تەسەللى ئۈچۈن سىپايىلىك قىلىپ يۇرمەستىن، بەلكى نەق گەپنىڭ ئۆزىنىلا قىلىپ ''سەن بىلەن كۆرۈشۈپ نىمە قىلىمەن؟ مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ، سېنىڭ سېتىۋېلىشىڭغا دۇچ كېلىپ قىلىشتىن قورقىمەن، ناۋادا غەزەپ بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ، ئادەمنى خارلىقتا تىقىسەن. سەندە بار بايلىقتا مىنىڭ ئېھتىياجىم يوق، ئەمما مەندە بار بايلىقنى ھېچ كىشى تارتىۋالالمايدۇ'' دەپ جاۋاب قايتۇردى.

بىر قېتىم ئابباسىيە خانىدانلىقىنىڭ ھەرەمخانىسىدا خەلىپە مەنسۇر بىلەن ئايالى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق دەتالاش بولۇپ قالدى. ئايال خەلىپىنىڭ ئەر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئادىل مۇئامىلە قىلمايۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنماقتا ئىدى. مەنسۇر بۇنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمايتتى. مەنسۇر ئاخىرى مەسىلىنى ئايرىشقا ئۈچىنچى بىرسىنى تەكلىپ قىلىش قارارىغا كەلدى. ئايال دەرھال ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھنى تاللىدى. چۈنكى ئىمامى ئەزەمنىڭ ھەق گەپنى قىلىشتا ئالتۇن - كۈمۈش، ھوقۇق - مەنسەپلەرگە پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. تەكلىپكە بىنائەن ئىمامى ئەزەممۇ يېتىپ كەلدى.

خەلىپە ئىنتايىن مۇغەمبەرلىك بىلەن ئىشنى تىزلا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ''شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمىگە بىنائەن ئەر زادى قانچە خوتۇنلۇق بولسا بولىدۇ؟'' دەپ سورىدى.

ئىمام ئەزەم قىسقىلا قىلىپ، ''تۆت'' دەپلا جاۋاب بەردى.

بۇنى ئاڭلىغان مەنسۇر ئەرنىڭ غالىبانە ھوقوقىدىن ماختانغاندەك قىلىپ ”خوتۇن ئاڭلىدىڭلىمۇ؟“ دەپ سورىدى.

ئايالى ئىنتايىن قايغۇلۇق ئاۋازدا ”ھەئە، ئاڭلىدىم“ دەپ جاۋاب قايتۇردى.

ئىمامى ئەزەم ئايالنىڭ قايغۇلۇق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغان بولغاچقا، ناۋادا ئايالنىڭ ھەق - ھوقوقىمۇ جاكارلانمىسا، ھەقىقەتكە زۇلۇم قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. قائىدە بويىچە سۆھبەت پۈتۈنلەي تاماملانغان بولسىمۇ ئىمامى ئەزەم يەنىلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ مەنسۇرغا تىكىلگەن ھالدا، ”ئەمما بۇ رۇخسەت ئاياللىرى ئارىسىدا ئادىل مۇئامىلە قىلالايدىغان كىشىلەرگىلا خاس. ناۋادا ئۇنداق بولمايدىكەن، بىردىن ئارتۇق خوتۇن ئېلىش توغرا بولمايدۇ“ دەپ خىتاب قىلدى.

ئۆز مەغلۇبىيىتىنى ھېس قىلغان مەنسۇر ئاستا بېشىنى يەرگە ساڭگىلاتتى. ئىمام ئەزەممۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. تېخى ئەمدى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا ئوردا خىزمەتكارى ئىشىكنى قېقىپ، خانىشنىڭ تەشەككۇر بىلدۇرۇش يۈزىسىدىن 50 مىڭ دىنار ھەدىيە ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئىمام ئەزەم ھەدىيەنى قەتئىي رەت قىلىپ ”مەن پەقەت ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلدىم. بۇنىڭدا بىرەر شەخسىي خاھىشنى كۆزدە تۇتقىنىم يوق“ دېگەن جاۋاب بىلەن خىزمەتكارنى ھەدىيىسىگە قوشۇپ يولغا سېلىپ قويدى.

ئىمام ئەزەمنىڭ تىرىكچىلىك ۋاستىسى تىجارەت بولۇپ، تىجارەت ساھەسىدىمۇ ئۇنىڭ بارلىقىنى ئاللاھقىلا ئاتىۋېتىشتەك مىسلىسىز تەقۋالىقى گويا مەڭگۈ ئۆچمەس نۇر مۇناردەك ئۇلگە ياراتقان ئىدى. بىر قېتىم بىر نەچچە تاي رەختنى باشقا يەرگە ئەۋەتمەكچى بولۇپ، ئۆز ۋاكالەتچىسىگە ”پالان - پالان توپتا مۇنداق ئەيىبلەر بار خېرىدارغا مەلۇم قىلماي ھەرگىز ساتمىغىن“ دەپ تاپىلىدى. ئەمما ۋاكالەتچىسى بۇ سۆزنى ئۇنتۇپ قىلىپ، ئەيىبنى دېمەستىن مالنى سېتىپ پۇلنى ئېلىپ كەلدى. گەرچە ئىمامى ئەزەم ئىشنى جېكىلەش ئارقىلىق ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا مالنىڭ پۇلى ۋىجدانىغا زەھەرلىك نەشتەر بولۇپ سانچىلماقتا ئىدى. خىلى ئۇزۇنغىچە ئىزتىراپتا ئالىقىنىنى ئۇۋۇلاپ، ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ ئويغا پاتقاندىن

كېيىن ئاخىرى بارلىق پۇلنى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىۋېتىش قارارىغا كەلدى. تاكى مالىنىڭ ئومۇمىي پۇلى بولغان 30 مىڭ دىنارنى بىر تىيىنىنىمۇ قويماي سەدىقە قىلىۋەتمىگىچە ۋىجدانى راھەت تاپمىدى.

دېمەك، ئىمان ۋە دىيانەتدارلىقنى ”ھاياتنىڭ بىردىن بىر ھاسىلى“ دەپ ئەنە شۇنداق چۈشىنەلىگەندىلا ئاندىن ئىنساننىڭ ئەمەلىي ھاياتى يېڭى - يېڭى ئۈلگىلىك كۆرۈنۈشلەرنى مەيدانغا چىقىرالايدۇ.

يەنە بىر قېتىم بىر ئايال ناھايىتى قىممەت باھالىق رەخت توپىنى ساتماق ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئىمام ئەزەم باھاسىنى سورىغاندا، ئايال ”يۈز دىرھەم“ دەپ باھا قويۇپ، ئىمامى ئەزەمنىڭ نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. ئىمام ئەزەم بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن ”بۇ بەك ئازغۇ؟“ دەپ سورىدى.

بۇنىڭدىن ھەيران قالغان ئايال ”ئەمىسە ئىككى يۈز بەرسىلە“ دەپ جاۋاب بەردى.

بۇنىڭغا قارىتا ئىمام ئەزەمنىڭ ئېغىزىدىن ”ياق، بۇنىڭ قىممىتى ھەرگىزمۇ بەش يۈزدىن كەم ئەمەس“ دېگەن مۆمىنلەرچە سادا ياڭراشقا باشلىدى. تىجارەت تارىخىدىكى بۇ ئاجايىپ ۋەقەدىن ھەيران قالغان ئايال ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى ۋە ئەجەبلەنگەن ھالدا ”سىلى چاقچاق قىلىۋاتامدىغانلا؟“ دەپ سورىدى.

ئىمام ئەزەم گەپ - سۆزسىزلا رەختنى ئېلىپ، 500 دەرھەمنى ئايالغا تۇتقۇزدى.

بىر قېتىم بىر قانچە ئادەم ئىمام ئەزەم بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن نامرات كىيىنگەن بىر كىشىمۇ بار بولۇپ، سۆھبەت ئاخىرلىشىپ ھەممەيلەن قايتىشقا باشلىغاندا، ئىمامى ئەزەم ئۇ كىشىنى ئېلىپ قالدى ۋە جاينامازنىڭ ئاستىنى كۆرسىتىپ، ”ئۇنىڭ ئاستىدا ئون مىڭ دىرھەم پۇل بار شۇنى ئېلىپ ئىشلەتكىن“ دېدى.

ئۇ كىشى بۇ گەپتىن قاتتىق چۈچۈپ: ”ياق، مەن ئىقتىسادىم بار باي ئادەممەن، ماڭا بۇنىڭ كېرىكى يوق“ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئىمامى ئەزەم قاتتىق خاپا بولغان ھالدا: ”ئۇنداق

بولسا، سەن كۆرۈنۈشۈڭدىن نامراتتەك بۇنداق قىياپەتتە يۈرمەسلىكىڭ لازىم“ دەپ كايىدى.

بىر قېتىم كېسەل يوقلىغىلى كېتىۋاتقىنىدا، يولدا ئۆزىدىن قېچىپ چەتتە كېتىۋاتقان قەرزدارنى كۆرۈپ قالدى. ئىمام ئەزەم ئۇنى ئاتايىن چاقىرىپ نېمە ئۈچۈن ئۆزىدىن قاچقانلىقىنى سورىدى.

ئۇ كىشى: ”چۈنكى مەن سىلىگە ئون مىڭ دەرھەمگە قەرزدار“ دەپ جاۋاب قايتۇردى. نومۇستىن ھەتتا ئىمامى ئەزەمنىڭ چىرايىغىمۇ قاراشقا پېتىنالمايۋاتاتتى. بۇنداق نومۇسچانلىقىنىڭ ۋىجدانىي ئازابىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىمام ئەزەم ”بولدى، مەن پۈتۈن قەرزنى ئەپۇ قىلىۋەتتىم، ئەمدى سەن قەرز قايتۇرۇشنىڭ غېمىنى قىلمىساڭمۇ بولىدۇ“ دەپ كېتىپ قالدى.

ئىمام ئەزەم قوشنىلارغا مۇئامىلە قىلىشتىمۇ ئالاھىدە ئۈلگە ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ تام قوشنىسى بىر موزدۇز ئىدى. ھەر كۈنى دېگۇدەك كېچىسى ھېچ ئۇخلىماستىن گۈلدۈر ـ كالاپ قىلىش بىلەن بىرگە:

جەڭگە يارايتتىم، ياماققىمۇ ھەم، قەدرىلىمىدى مېنى كىشىلەر

مەندەك شۇنچە كاتتا ئىنساننى قولدىن بېرىپ قويدى كىشىلەر.

دەپ ناخشا توۋلاپ چىقاتتى. ئىمامى ئەزەم گەرچە قوشنىسىنىڭ قالايمىقان ۋارقىراشلىرىدىن بولۇشىغا سىقىلسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭغا كايىپ يۈرمەيتتى. موزدۇزمۇ ئۆزىنىڭ ناخشا توۋلاشلىرى بىلەن ئىمامى ئەزەمنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىگە ۋە كېچىلىك ئىبادەتلىرىگە قانچىلىك زور تەسىر يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى سەزمەي يۈرۈۋېرەتتى. ئاخىرى بىر كۈنى بۇ ناچار قوشنا ھاراق ئىچىش جىنايىتى بىلەن تۈرمىگە كىرىپ قالدى. ئىمام ئەزەم شۇ كېچىسى قوشنىسىنىڭ ھېلىقى ناخشىسىنى ئاڭلانمىغاندىن كېيىن قاتتىق ئەنسىرەپ، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ چىقتى ۋە تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن مەھكىمىگە باردى.

ھەتتا شاھ ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىسىمۇ بارغىلى ئۇنىمايدىغان ئىمامى ئەزەمنىڭ ئۆز پۇتى بىلەن مەھكىمىگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى كۆرگەن ھۆكۈمران ئاجايىپ كاتتا ئىززەت ئىكرام بىلەن ئىمامى ئەزەمنى

قارشى ئېلىپ نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى سورىدى.

ئىمامى ئەزەم ”مېنىڭ بىر قوشنام تۇتۇلۇپ قىلىپ تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ شۇنى تىلىۋالغىلى كەلدىم“ دەپ جاۋاب بەردى.

ھۆكۈمران دەرھاللا تۈرمە باشلىقىنىڭ نامىغا ئۇنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە يارلىق يېزىپ بەردى. ئىمامى ئەزەم تۈرمىگە بېرىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ ئۆيگە ئېلىپ مېڭىۋاتقان چاغدا، مۇزدوزنىڭ ھېلىقى ناخشىسىنى ئەسلىتىپ ”بۇرادەر، كۆرگەنسەن؟! مانا بىز سېنى قولدىن بېرىپ قويمىدۇق“ دېدى.

مۇزدوزئىنتايىن مەمنۇن بولغان ھالدا ”ياق سىلى قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققىنى ئادا قىلدىلا“ دەپ جاۋاب قايتۇردى. بۇ مۆمىنلەرچە ئېسىل ئەخلاقنىڭ يۇمران ئوقى ئۇدۇل مۇدوزنىڭ قەلبىگە تېگىپ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھاراق ئىچىشتىن تەۋبە قىلىپ ئىلىم ۋە ئەمەلنىڭ يولىغا يۈرۈپ كەتتى.

باشقىلارغا بولغان كۆيۈمچانلىق ۋە دەرتخانلىق شۇ دەرىجىدە ۋايىغا يەتكەنكى، باشقىلارنىڭ ئازابىنى كۆرۈپ تۇرۇشقۇ ئۇياقتا، ھەتتا ئاڭلاپ تۇرۇشقىمۇ چىداپ تۇرالمايتتى. بىر قېتىم مەسچىتتە دەرس جەريانىدا كىشىلەر مەلۇم شەخسنىڭ ئىشەكتىن يىقىلىپ چۈشكەنلىكى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتى. بۇنى ئاڭلاپ قەلبى جىغغىدە بولغان ئىمامى ئەزەم شۇ يەردىلا ”ۋاي، ئاپلا!“ دەپ ئۇنلۇك توۋلاپ سالدى. مەسچىتتە ھەممەيلەن تەئەججۈپلىنىپ قارىشىپ قالغان ئىدى. ئىمامى ئەزەم دەرھال دەرسنى تاشلاپ شۇ كىشىنىڭ كېسىلىنى يوقلاش ئۈچۈن كېتىپ قالدى.

ئىمامى ئەزەم ئۆزىگە كەلگەندە بولسا، ئىنتايىن تەۋەككۈلچى، قورقۇمسىز ئادەم ئىدى. بىر قېتىم مەسچىت ئۆگزىسىدىن بىر زەھەرلىك يىلان ئۇدۇل ئىمامى ئەزەمنىڭ قۇچىقىغا چۈشتى. كىشىلەر قورقۇشۇپ، ئالا ـ توپا بولۇشۇپ كەتتى. ئەمما ئىمامى ئەزەم ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەمكىن قاراپ ئولتۇراتتى.

ئىمامى ئەزەمنىڭ ئانىسىمۇ خۇددى قەدىمكى زاماننىڭ تەرسا قېرىلىرىدەك جاھىل مىجەزلىك بولۇپ، شەھەردىكى ئاتاقلىق ۋائىزلارغا بەك ئەقىدە قىلاتتى. ھەرقانداق بىر دىنىي مەسىلىنى بىلگۈسى كەلسە، ئىمام ئەزەمدىن سوراشنىڭ ئورنىغا شەھەردىكى ئاتاقلىق ۋائىز ئۆمرو

ئىبنى زەرقە رەھىمەھۇللاھنىڭ يېنىغا ئوغلىنى ئەۋەتەتتى. دەۋرنىڭ كاتتا ئىمامى ئانىنىڭ ھۆكۈمىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خۇددى تالىبقا ئوخشاش ئۆمرو ئىبنى زەرقانىڭ ئالدىغا بېرىپ، مەسىلىنى سورايتتى.

ۋائىز ”قېرىندىشىم، سىلى تۇرغان يەردە مەن قانداق ئېغىز ئاچالايمەن؟“ دەپ تۇرىۋالاتتى. ئەمما ئىمامى ئەزەم ئانىنىڭ ئىتائەتمەن ئوغلىدەك يېلىنغان ھالدا، ”ئانام شۇنداق بۇيرۇغان، سىلە جاۋاب بەرمىسىلىرى زادى بولمايدۇ“ دەپ تۇرىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋائىز كۆپ ھاللاردا ”ئالدى بىلەن سىلى ئېيتىپ بەرسىلە، ئاندىن مەن شۇنى تەكرارلاپ بېرەي“ دەيتتى.

بەزىدە ئانىسى ”ئوغلۇم ئۆزى جاۋاب بەردىمىكى“ دەپ گۇمانلىنىپ، ”مېنى ۋائىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ بار“ دەپ تۇرىۋالاتتى. ئىمام ئەزەم دەرھال ئېشەكنى ھازىرلاپ، چۈلۋۇرىدىن يېتىلىگىنىچە ۋائىزنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ ئانىسىنى قانائەتلەندۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلەتتى.

كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بۇ قەدەر دىيانەتلىك، پاك ئەخلاقلىق زاتنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىبادەتتىكى ئاجايىپ تەقۋادارلىقىغىمۇ كىشىلەر ھەيرەتتە قالماي تۇرالمايتتى. كۆپىنچە نامازدا قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىۋاتقان چاغلىرىدىمۇ ئاۋازلىرى بىردىنلا تىترەپ، چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمۈپ كېتەتتى ۋە ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئېسەدەپ يىغلاپ سالاتتى.

ئىبراھىم بەسرى رەھىمەھۇللاھ ”مەن بىر قېتىم بامدات نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ، قۇرئاندىكى ”ئاللاھ زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئەمەس“ دېگەن مەزمۇنلۇق ئايەتكە كەلگەندە ئىمام ئەزەمنىڭ چوڭقۇر ھاياجانغا چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، پۇتلىرىنىڭ ئۆرە تۇرغان پېتى لاغ ـ لاغ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم“ دەپ بايان قىلىدۇ.

زائىدە ئىسىملىك يەنە بىر كىشى ”مەن بىر قېتىم مەلۇم بىر مەسىلىنى سوراش ئۈچۈن بېرىپ ئىمام ئەزەم بىلەن خۇپتەن نامىزىنى بىرگە ئوقۇدۇم. نەپلە نامازلىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مەسىلىنى سورايمەن دەپ كۈتۈپ ئولتۇردۇم. ئەمما ئاخىرىدا ئىمامى ئەزەم قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ”وَوَقَانَا عَذَابَ السَّمُومِ“ (52 / 27) ”ئاللاھ بىزنى

زەھەرلىك ئازابتىن ساقلىدى“ دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئايەتتىكى ئازابنىڭ ئاچچىقىنى ھېس قىلغاندەك بىردىنلا چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمۈپ كەتتى. كېچىچە ئاشۇ بىرلا ئايەتنى ئارقا ـ ئارقىدىن تىلاۋەت قىلىپ ئېسەدەپ يىغلاش بىلەن ھەتتا تاڭ ئېتىپ كەتتى“ دەپ بايان قىلىدۇ.

ئىمام ئەزەم بىلەن زاماندىاش ئاتاقلىق ئابىد يەزىد ئىبنى كەممىيەت مۇنداق دەيدۇ:

”بىر قېتىم خۇپتەن نامىزىدا ئىمامى ئەزەم زەلزەلە سۈرىسىنى ئوقۇغان ئىدى. كىشىلەر نامازنى ئوقۇپ بولۇپ قايتىپ كېتىشتى. ئەمما مەن بىر ئاز تۇرۇپ قالدىم. قارىسام ئىمامى ئەزەم قاتتىق ئىستىغراققا (يەنى چوڭقۇر ھاياجانغا) چۆكۈپ ئولتۇرغان ئىكەن، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇنىڭ قاتتىق ئۇھ تارتىۋاتقانلىقىنى، بايقاپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇ غەمكىن كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن جىمغىنە قايتىپ كەتتىم. ئەتىسى سەھەردە بامدات نامىزىدىن بۇرۇنراق بېرىپ قارىسام، ئىمامى ئەزەم يەنە شۇ ھالدا قۇللىرى بىلەن توختىماي ساقىلىنى سىلىغاتقان پېتى ئولتۇرۇپتۇ ھەمدە ئېسەدەپ، بوقۇلداپ يىغلىغانچە ”ئي زەررىچە ياخشىلىق بىلەن زەررىچە يامانلىقنىڭمۇ تېگىشلىك ھەسسىسىنى بەرمەي قويمايدىغان ئالLاھ، پېقىر نوئماننى دوزاخ ئوتىدىن ساقلىغايسەن، دوزاخ ئوتىدىن ساقلىغايسەن“ دەپ دۇئا قىلغىلى تۇرۇپتۇ“

ئىمام ئەزەم بىر قېتىم بازاردا كېتىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر ياش بالىنىڭ پۇتىغا دەسسەپ سالدى. بالا ۋارقىرىغانچە ”ئەجەبا ئالLاھدىن قورقمامسەن؟“ دەپ تولۇلىدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا ئىمام ئەزەمنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ شۇ يەردىلا ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن كىشىلەر ”بىر گۆدەك بالىنىڭ گېپىگىمۇ شۇنچە تەسىرلىنىپ كېتىشىڭ نېمە ھاجىتى؟“ دەپ سورىدى.

ئىمام ئەزەم ”ئاشۇ ياشنىڭ ئېغىزى بىلەن ماڭا غەيبتىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن بولۇشىمۇ ئەجەب ئەمەسقۇ؟“ دەپ جاۋاب قايتۇردى.

بىر قېتىم ئۇ مەلۇم بىر مەسىلىگە جاۋاب بېرىۋاتاتتى؛ يەنە بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ”ئى ئەبۇ ھەنىيفە! ئالLاھدىن قورقۇپ تۇرۇپ پەتىۋا بەرگىن“ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئىمامى ئەزەمنىڭ چىرايى قورقۇنچتىن پۇتۇنلەي

سارغىيىپ كەتتى ۋە تىترەپ كېتىۋاتقان ئاۋاز بىلەن ”قېرىنداشىم، ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن، ئەگەر مەن ئاللاھنىڭ ”ئىلىمنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن يوشۇردۇڭ؟ دەپ جاۋابكارلىققا تارتىدىغانلىقىدىن قورقمىسام ئىدىم، پەتىۋاغا ھەرگىز ئېغىزىمۇ ئاچمىغان بولاتتىم“ دەپ جاۋاب بەردى.

ئاتاقلىق بۇزرىكلاردىن فۇزەيل ئىبنى ئاياز رەھىمەھۇللاھ ئىمام ئەزەمنىڭ بىرەر مەسىلىنى بىلەلمەي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ھەرقانداق چاغدا ”بەلكىم بىرەر گۇناھىم تۈپەيلى شۇنداق بولۇۋاتسا كېرەك“ دېگەننى ئويلاپ، بالىلاردەك ئېسەدەپ يىغلاپ كېتىدىغانلىقىنى، دەرھال تاھارەت ئېلىپ، سەجدىگە باش قويۇپ، گۇناھىغا مەغپىرەت تىلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ:

«ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھنىڭ گۇناھى ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئىكەن، چۈنكى ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەنمۇ تەۋبە قىلىپ يىغلاپ كېتىدىكەن. ئەمما باشتىن ئايىغىچە گۇناھقىلا پاتقان كىشىلەر بولسا، گەرچە بېشىغا مىڭلاپ بالايى ـ ئاپەتلەر كەلسىمۇ، ”بۇ بەلكىم غەيبتىن بېرىلىۋاتقان ئاگاھلاندۇرۇشتۇر“ دېگەننى قەتئىي خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ ـ دېگەن ئىدى.

قېرىنداشلار، بىزنىڭ ئوقۇپ ئۆتكىنىمىز شۇنداق مىسلىسىز تەقۋادار ئىمامنىڭ ھېكايىسىكى، بىر قېتىم خىزمەتكارى دۇككاننى ئېچىشنىڭ ئالدىدا خەيرلىك تىلەپ ”ئاللاھ بىزگە جەننەت ئاتا قىلغاي“ دېگەن ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ بەندىچىلىكنىڭ ھاياجانلىق تۇيغۇسىدا ھۆكۈرەپ يىغلاپ سالغان ئىمام ئەزەمنىڭ تىنىقى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، ئاۋازىمۇ بوغۇلۇپ قېلىشقا باشلىدى. ھەتتا دۇككاندا ئۆزىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇش مۇمكىن بولماي دەرھال تاقاپ ئورمانلىققا يۈگۈردى ۋە ئۆزىنى قويۇپ بېرىپ پۇخادىن چىققۇچە يىغلىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئورمانلىقتىن يېنىپ چىقتى. بىر ئازدىن كېيىن كۆڭلى سەل تىنغاندەك بولغاندا، خىزمەتچىسىگە ھەسرەتلىك قاراپ ”بۇنچە چوڭ گەپنى قىلىشقا نەدىمۇ بىزنىڭ سالاھىيىتىمىز توشسۇن؟ ناۋادا ئازابتىنلا ساقلىنىپ قالالىساق شۇنىڭ ئۆزى كاتتا بەختىيارلىق بولىدۇ“ دېدى ۋە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەسىنى ئەسلىتىپ، «ئۇ شۇنچە كاتتا ساھابە تۇرۇپمۇ ھەر دائىم ”ھېساۋىم تەڭدە ـ تەڭ چىقىپلا قالسا، ناھايىتى ئاسان سودىغا

يولۇققان بولىمەن“ دېگەننى تەكرارلايتتى» دەپ چۈشەندۈردى.

دېمەك، ئۆزىنى ”مۇسۇلمان“ دەپ ئاتايدىغان ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇنداق مۇسۇلمان ئىدى. ئەمما بىزچۇ؟ بىز رەھمەتلىك ئاللاھقا سەجدىكار بولۇشتەك پەزىلەتتىن قېچىپ، دۇنيانىڭ رەزىل مال ـ بايلىقلىرىغا سەجدە قىلغانچە بۇرنىمىزنى يەرگە سۈۋاپ يۈرمەكتىمىز. ئۇڭ تەرىپىمىزدە ئاللاھنىڭ بىزنى تۇغما مۇسۇلمان قىلىپ ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت كاتتا مەرھەمىتى سايە تاشلاۋاتقان بولسا، سول تەرىپىمىزدە ”مۇسۇلمان پېتى ئۆلەلەمدۇق يوق؟“ دېگەن ئەڭ قىيىن مەسىلە مەھشەرنىڭ زىلزىلىسىنى ئەسلەتمەكتە. ئەمما بىز شۇنداقتىمۇ يەنىلا شۇنچە بىپەرۋا، شۇنچە نانكور، شۇنچە ھېسسىز. توۋا دېمەي بولمايدۇكى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا ”مۇسۇلمان“، يەنىلا ”مۇسۇلمان“.

# ياشلىق ۋە پىداكارلىق

دەرۋەقە، ياشلىق ئىنساننىڭ دۇنيادىكى هاياتلىق سۆيگۈسىگە ئېستېتىك تەم، ياشاش رىغبىتىگە جاسارەتتىن دەم بەخش ئېتىدىغان ئەڭ قىممەتلىك بىر چاغ. شۇڭا ئىنسانغا ياش ۋاقتىدا دۇنيا تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ئەمما هەزرىتى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ دۇنيا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاخىرەت ئۈچۈن پىدا قىلغان ئاشۇ ياشلىقى تارىختا ئەڭ گۈزەل، نادىر ئوبرازنى ياراتقان بولۇپ، ئۇ ياشلىق مۇهەببىتىنى دۇنيانىڭ جەلپكار رەڭ، پۇراقلىرىغا ياكى قىزلارنىڭ هۆسنى ـ جامال، مەپتۇنكارلىقىغا ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاهقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا كەلتۈرگەن ئىمانىنىڭ ئىشقىغىلا ئاتىۋەتكەن ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىمان ئېيتىپلا ئىلگىرىكىدىن باشقىچىلا بىر ئىنسانغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ناۋادا ئۇنىڭ ئىمان ئېيتىشتىن سەللا ئىلگىرىكى هاياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئانا مېھرىنىڭ شەپقەتلىك سايىسىدا ۋە مال ـ بايلىقنىڭ خۇمارلىق ئاسايىشلىقىدا، ئۆلۈم هەم ئۆلۈمدىن كېيىنكى هاياتلىق ساهىلىنى قىلچە پەرۋايىغا ئالماستىن، مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش كوچىسىنىلا قاتراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئۇ كېلىشكەن قامىتى ۋە ئاجايىپ ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلىرى ئارقىلىق ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىقىنى ۋە هەممىنى هەيرەتتە قالدۇرىدىغان گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ، ئىشلەتكەن ئالىي دەرىجىلىك ئەتىرلىرى بىلەن مەككە كوچىلىرىنى خۇشپۇراققا تولدۇرۇپ، يولدىن ئۆتكەنلىرىدە، پۈتۈن مەككە نازىنىنلىرى لەۋ چىشلىگەنچە قارىشىپ قالاتتى. شۇڭا هېچ كىممۇ بۇنداق بىر ئامەتلىك يىگىتنىڭ هاياتىدا، ئاللاهنىڭ نەزىرى چۈشۈش بىلەنلا ئەيشى ـ ئاراملىرىنى تاشلاپ، غەم ـ قايغۇغا

قۇچاق ئاچىدىغان ئۇنداق ئۆزگىرىش بولۇپ قالار، ئىبسىل، خۇشپۇراق كېيىملىرىنىڭ ئورنىغا كىرلىنىپ، توپا - چاڭغا مىلىنىشنى ئەلا بىلىدىغان، دۇنيا ۋە دۇنيا ھاياتىنىڭ راھەت - پاراغەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىشنى ئەمەس، ئاخىرەت ۋە ھەققانىيەت ئۇچۇن جان تەقدىم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئۆز ئۆلۈمى ئارقىلىق پۈتكۈل ئاسمان - زېمىننى، جۈملىدىن ئۆز پەرۋەردىگارىنى مەمنۇن قىلغان ھالدا ئاخىرەتكە يول ئالىدىغان، ئۇنچە كاتتا ئىنقىلاب بەرپا بولۇپ قالار، دېگەننى قەتئىي تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

ئەمما سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئىلاھنى بىرلا تونۇشتۇرۇش بىلەن، مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا، دۇنيانىڭ بارچە خۇشنەما پەردىلىرى بىراقلا قايرىلىپ، ئاخىرەت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي جامالى بىلەن ئەينەن ئەكس ئېتىشكە باشلىغان ئىدى.

شۇنداق...

ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش ئىنسانغا ياشاشنىمۇ ھەم ئۆلۈشنىمۇ ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن ئۆگىتىپ قويىدىغان ئاشۇ ئاخىرەت...

ئۇنىڭغا بولغان ئىماندىن مەھرۇم كىشى گەرچە دۇنيادا ھەرقانچە كاتتا مەرتىۋىلىك بولالىسىمۇ، ئەمما ھەقىقىي ”ئىنسان“ بولالمايدىغان ئاشۇ ئاخىرەت...

ئۇنىڭدىن جەننەتنىڭ ھىدىنى ئېلىش بىلەنلا ئىنسان دۇنيادا تىكەن - چاتقاللار ئۈستىدە مېڭىۋېتىپمۇ، گۈل ياپراقلىرى ئۈستىدە مېڭىۋاتقاندەك، بەدەنلىرى زەخىملىنىپ تۇرۇپمۇ، مەلھەم سۈركىلىۋاتقاندەك، ئوت، يالقۇنلار ئىچىدە قىلىپمۇ، باغۇ - بوستاندا سەيرى قىلىۋاتقاندەك ئىچ - ئىچىدىن تەبەسسۇم قىلىشقا باشلايدىغان ئاشۇ ئاخىرەت...

شۇنداق...

ئىنسان ھەرقانچە ئۇنى ئىنكار قىلغان بىلەنمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئاشۇ ئاخىرەت ئۆز مەنزىرىسىنى مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىغان ئىدى.

شۇڭا ئۇ قەلبىدىكى پۈتۈن بۇتلارنى دەرھال چىقىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەقىقىي ئىلاھىنىڭ زىكرىنى چوڭقۇر يەرلەشتۈرۈپ، تۆت ئەرتاپقا باققىنىدا، ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ماماتلىق ئۇزۇلمەس كۈرەشنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆيىدە، ئۇنى جان دىلىدىن ئەزىز كۆرىدىغان مېھرىبان ئانىسىمۇ تېخىچە تاشتىن ياسالغان ساختا ئىلاھلار ئالدىدا بۇرنىنى يەرگە سۈۋاشتىن توختىمىغان ئىدى. بۇنى كۆرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاتتىق ئۆرتىنىشكە سېلىۋاتقان ھەققانىيەتنىڭ مەنىۋى چوغلىرىنى ئۇ، ئۇن ـ تىن چىقارماستىن، سۈكۈت قىلىپ، ئۆز باغرىدا يۇشۇرۇن ساقلاشقا تىرىشتى.

ئەمما چوغنى سۈكۈت پەردىلىرى بىلەن يۆگەپ قىلىش نەدىمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ئاخىرى پەردىلەر كۆيۈپ چوغ ”مانا مەن“ دەپلا ئوتتۇرىغا چىقتى. دۇنيا گەرچە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمىسىمۇ ئەمما ئۆزى پۈتۈن مەۋجۇتلۇقنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بىردىن ـ بىر قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ ئالدىدا، مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سەجدىگە باش قويۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ بەختسىزلىكىگە ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى ھالاكەتكە ئىتتىرىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت تەتۈرلىكىگە ھەسرەتلىك ياش تۆكىۋاتقان ھالدا كۆرۈپ قالدى.

ـ بۇ سېنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىڭ؟! ـ ئانىسى گويا دۇنيادىكى ئەڭ قەبىھ گۇناھكارنى جىنايەت ئۈستىدىلا تۇتىۋالغاندەك غەزەپلىك ۋارقىرىماقتا ئىدى.

ـ مەن ھەقىقىي ئىلاھىمىز بولغان ئاللاھقا سەجدە قىلىۋاتىمەن ـ مۇسئەب ئاجايىپ جاسارەت بىلەن ھەققانىيەتنىڭ شوئارىنى جاكارلاشقا باشلىدى.

ـ جېنىم ئانا! ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبىرى.

بۇنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىغان ئانىنىڭ جاھىلانە جۇدىنى تۇتۇپ، بىردىنلا چالۋاقىغانچە: ”بولدى بەس! ئاغزىڭنى يۇم!“ دەپ نەپرەت بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا پۈتۈن قان رىشتىلەرنىمۇ قويماي ئۈزۈپ تاشلايدىغان ھەقىقەت بىلەن ساختىلىقنىڭ زىلزىلىلىك كۈرەشلىرى باشلىنىپ كەتتى.

شۇنىسى ئېنىقكى، مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ بارچە تۈيغۇلىرى

ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىن توپلىنىپ، بىرلا نۇقتىغا مەركەزلەشكەندە ۋە بىرلا دائىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆزئارا تىركىشىشكە باشلىغاندا، ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق مەيدانغا چىققان بولىدۇ. ئىنسان دەل ئەنە شۇ چاغدىلا دۇنيانىڭ پۈتۈن ھىيلە - نەيرەڭ، ئەپسۇنكارلىقى بىلەن يالىڭاچلانغان ئەپتى - بەشىرىسىنى تولۇق كۆرۈشكە سازاۋەر بولالايدۇ. بۇنداق چاغدا ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بەندە بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭلا ھەقىقىي ئۇزۇلمەس مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت چىن ھەقىقەتنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالماي تۇرالمايدۇ. ھەمدە دۇنيادىكى ”تايانچ“ بولۇپ تۇيۇلىۋاتقان بارلىق تايانچ، ۋاسىتىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەڭ ئىپلاس ساختىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئىشەنگەن مۇستەھكەم قەلئەلەرنىڭمۇ قەلئە ئەمەس، بەلكى ھەققانىيەتنىڭ يېنىككىنە بىر شامىلى بىلەن توزۇپ تۈگەيدىغان قۇم دۆۋىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. مانا شۇنداق بوران - چاپقۇنلۇق، ئىنتايىن نازۇك ئىمتىھان باسقۇچىدىلا ھەقىقىي ئىمان بىلەن مۇناپىقلىقنىڭ پەرقى ”ئىبقى ئاق، قارىسى سىياھ“ بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ باسقۇچتا ھەق سۆيەرلىكنىڭ ۋە ئاللاھ سۆيەرلىكنىڭ ئېغىزدىلا كۆچەپ توۋلىنىدىغان قۇرۇق شۇئارۋازلىقلىرى زادىلا ئاقمايدۇ. بەلكى باتىلنىڭ غەزەپلىك تۈنجى زەربىسى بىلەنلا خىرقىراپ قىلىشقا باشلايدۇ.

ھە... ئەمما بۇ، يەنە شۇنداقمۇ باسقۇچكى، ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئىماننىڭ باستۇرۇلغان ئۇچقۇنلىرى مۆمىن ۋۇجۇدىدىن ھەيۋەتلىك ۋولقان كەبى پارتلاپ چىقىپ، باتىلنىڭ ئاتالمىش ”يېمىرىلمەس لەشكەرلىرىنى“ كۆيدۈرۈپ كۈل قىلغانچە، دەپسەندە قىلىۋېتىشقا باشلايدۇ. مۆمىنىنىڭ بىچارىلەرچە ئامالسىزلىقىلا ھەممىدىن كاتتا كۈچ - قۇۋۋەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. مۆمىنىنىڭ يوقسۇللۇقى ئۇنى شۇنداق قوراللاندۇرىدۇكى، ھەتتا تەنھا بىرلا ئىسلام لەشكىرى ئۆز ۋۇجۇدىدا گويا پۈتۈن دۇنياغا يالغۇز جەڭ ئاچالايدىغان، يالغۇز ئۆزىلا جەڭ قىلىپ، ھەرگىز مەغلۇپ بولمايدىغان قەتئىي ئىرادىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. شۇڭلاشقا باتىل ھەرقانچە بولغاندا مۆمىنىنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا تىرىشالىسىمۇ، ئەمما ھەرگىز باش ئەگدۈرەلمەيدۇ.

ھەزرىتى مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بىرلا چامداش بىلەن يۈكسەكلىكنىڭ ئەنە شۇنداق كاتتا ماقامىنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، گەرچە ئۇنى لەززەت، راھەت - پاراغەتلەر بەدىلىگە سېتىۋېلىش

ئۇچۇن كەڭرى تورلار يېيىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ دۇنيانىڭ بۇنداق رەزىل تىرىشچانلىقلىرىغا بىر تەرەپتىن نەپرەتلىنىپ كۈلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچ ئاغرىتىپ ياش تۆكتى. مېھرى ـ شەپقەت، كۆيۈنۈشلەر بىلەن ئۇنى ئېرىتمەكچى بولغان باتىل ئالدىدا، ئۆزىنىڭ گوياكى بىر تەۋرەنمەس تاغ چوققىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىدى. دۇنيانىڭ نامراتلىق ۋە يوقسۇزلۇق بىلەن قورقۇتۇشلىرى ئالدىدا، ئاخىرەتنىڭ ھالاكەتلىك شەرمسارلىقىدىن باشقا ھەرقانداق غەم ـ ئەندىشىلەرنى پىسەنتىگىمۇ ئالمىدى. ئەنە شۇ چاغدىلا كەرەملىك ئاللاھۇ تائالا بۇ ياپ ياشلا بەندىسىنىڭ قەلبىنى مەڭگۈ تامام بولماس قەلب بايلىقىنىڭ خەزىنىسىگە ئايلاندۇرۇپ بەردى.

ئۇ پۈتۈن دۇنيادىن پېشىنى قېقىپ ئورنىدىن دەس تۇردى. مېھرىبان ئانىسىدىن، ھەيۋەتلىك كاتتا قورۇ ـ جايدىن، قىممەتلىك ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن ۋاز كەچتى. لەززەتلىك تائاملارغا تولغان داستىخانلاردىن قوپۇپ، ھەتتا ۋەتىنىدىنمۇ ئايرىلدى. بىرلا ئاللاھ ئۇچۇن پۈتۈن دۇنياسىنى تاشلاپ چىقتى. يېڭى بىر ئىسلام ۋەتىنىنى ئىزدەش كويىدا ئۆزلىرى ۋەتەنسىزلىشىپ كېتىۋاتقان يوقسۇل مۇسۇلمانلار كارۋىنىغا قوشۇلۇپ، مەككىدىن ھەبەشىستانغا يۈرۈپ كەتتى.

دېمىسىمۇ ۋەتەنسىزلىشىش ئۇنچە ئاددىي ئىش ئەمەس. ئەمما بۇ ئىش دۇنيانىڭ ھېچ بىر يېرىدە ھەقىقىي ئۆيىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەن، ھەمدە ئەسلىدىكى ھەقىقىي ئۆيىنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىنلا باشلىنىپ كېتىدىغان يەنە بىر ئىككىنچى دۇنيادا مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئەڭ كۆڭۈللۈك پائالىيەت بولۇپ ھېسابلىناتتى. چۈنكى ئۇلار ئاشۇ ئىككىنچى دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە نەزەر سېلىپ، كىمنىڭ ئاخىرەتنى دۇنياغا تېگىشىپ، يەنە كىمنىڭ دۇنيانى ئاخىرەتكە تېگىشىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى، ئۇ دۇنيانىڭ بىر تەرىپى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ، ھەسەل بۇلدۇقلايدىغان، ياپ ـ يېشىل بوستان، گۈل ـ گۈلىستان، چىمەن، باغلار، خۇشپۇراق مەيىن شاماللار، خوشناۋا ھەمدۇ ـ سانالار بىلەن تولغان، غەم ـ ئەندىشىلەردىن پۈتۈنلەي خالىي، زەپمۇ گۈزەل، ئاجايىپ يېقىملىق، پۈتۈن ئارزۇ ـ تىلەكلەرنىڭ رېئال دۇنياسى بولغان جەننەت ئىكەنلىكىنى، يەنە بىر تەرىپى بولسا، ھەممە يېرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىغان، تاش، كېسەكلەر بىلەن تاش يۈرەك ئىنسانىنىڭلا ئۇستىخانلىرىنى ئۆزىگە يېقىلغۇ قىلىدىغان،

مىڭلىغان ئىنسانلارنى يۇتۇپ تۇرۇپمۇ، ”ھل من مزيد؟!“ ”يەنە بارمۇ؟!“ دەپ توختىماي توۋلاپ تۇرىدىغان تويماس ئوتلار ئىنسانلارنى ئوزۇق قىلسا، ئاچكۆز ئىنسانلار دوزاخ ئوتىنى يەپ، ئىپلاس جاراھەتلىرىدىن ئاققان قان يىرىڭلارنى ئۇسسۇزلۇق قىلىدىغان قاباھەتلىك جەھەننەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىدى.

ھەزرىتى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەبەشىستانغا يول ئالغاندا، ئۇنىڭ كۆركەم جىسمىدا غەزەپلىك ئانىسىنىڭ زەنجىرلەشلىرى تۇپەيلىدىن قىلىپ قالغان ئىز، يارىلارنىڭ داغلىرىلا بار ئىدى. ئەمما قايتىپ كەلگىنىدە بولسا، گۇلدەك يۇمران بەدەنلىرى جىھاد ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ يالقۇنلۇقلۇق خۇمدانلىرىدا بولۇشقا كۆيۈپ، قارىداپ تاۋلىنىپ كەلگەن ئىدى. مەككە كوچىلىرى تېخى يېقىندىلا شۇنچە قىممەتلىك ئېسىل كىيىملەر بىلەن ھەممىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈپ، ئۆتكەنلا كوچىنى سائەتلەرگىچە ئەتىر پۇرىقىغا تولدۇرۇپ، مەغرۇرانە قەدەم تاشلاپ يۈرىدىغان بۇ سۆلەتلىك يىگىتنىڭ ئەمدىلىكتە بولسا، بىر پارچە يىرتىق پېپىنچىنى ئۇستىگە ئارتىۋالغانلىقىنى، يەنە كېلىپ، يېپىنچىسىغىمۇ رەخ تېپىلماي، ئەسكى تېرىلەردىن ياماق چۈشكەنلىكىنى كۆرمەكتە ئىدى.

گۇلدەك چىرايى سارغىيىپ قالغان، ھۇپپىدە ئاناردەك مەڭزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، پارقىراق نۇرانە پىشانىسىدىن ۋەتەنسىزلىكنىڭ ئەلەملىك غۇبارلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان، ئەركە ياشلىقى ئاخىرەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ غېمىدە ۋاقىتتىن ئىلگىرى ياشىنىپ قالغان...

ئەمما قەلبىچۇ؟! قەلبىنىڭ ھەربىر سوقۇشلىرى شاد خوراملىقتا، قەتئىي ئىشەنچ، جاسارەت ۋە غەيرەتنىڭ نۇرلۇق فونتانلىرىغا چۆمۈلۈپ، ئاخىرەت سەپىرىنىڭ ھەر بىر مەنزىلىنى جاھالەت ۋە ئاسىيلىق تۇپەيلى جەھەننەم تەرەپكە يول ئالغان ھالدا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل زېمىن، ئاسمانلارنىڭ نۇرى ئاللاھۇ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ جەننىتى تەرەپكە يول ئالغان ھالدا بېسىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بېسىلغان ھەر بىر قەدەمنىڭ ئۇنى بارغانچە جەھەننەمدىن يىراقلاشتۇرۇپ، جەننەتۇل پىردەۋس تەرەپكە يېقىنلاشتۇرىۋاتقانلىقىنى چەكسىز بەختىيارلىق ئىچىدە ھېس قىلىدۇرۇۋاتقان...

ئەنە شۇنداق روھىي مەمنۇنىيەت بىلەن ئۇ ئەڭ دەسلەپ ئاللاھنىڭ

رەسۇلى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا سالامغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بۇ ئەركە ئۈممىتى بىلەن قاتتىق سىغىنىش ئىچىدە دىدارلاشقاندىن كېيىن مۇبارەك لەۋلىرىدە تەبەسسۇم، دەردمەن كۆزلىرىدە ياشلار لىغىرلاشقا باشلىدى ۋە ئۆزىنى تۇتالماي، "مانا قاراڭلار! بۇ دەل پۈتۈن دۇنياسىنى ئاللاھنىڭ ئىشقىغىلا تەسەددۇق ئەيلىگەن يىگىت ئەمەسمۇ؟!" دېگىنىچە قەلب ساداسىنى جاراڭلىق ياڭراتتى.

ئىككىنچى تەرەپتە، ئوغلىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئانا "ئى ۋاپاسىز! شەھەرگە قايتىپ كەپسەنۇ ـ ئاناڭ بىلەن كۆرۈشكۈڭ كەلمىدىمۇ؟" دەپ خەۋەر ئەۋەتتى.

ھەزرىتى مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئانىغا جاۋابەن "ئى جېنىم ئانا! ئەمدى مەن ئاللاھنىڭ رەسۇلىغىلا تەئەللۇق. ئۇنىڭ بىلەن دىدارلاشماي تۇرۇپ، ھەرقانداق ئىككىنچى بىرسى بىلەن كۆرۈشۈشنى قەتئىي خالىمايمەن" دەپ سۆز يوللىدى.

ئاللاھنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى بىلەن قانغىچە دىدارلىشىپ، قەلبىنى تەسكىن تاپقۇزغاندىن كېيىن ئۆز ئانىسىنى جەھەننەمنىڭ يالقۇنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئاخىرقى قېتىم تىرىشىپ بېقىش كويىدا يەنە ئۆيىگە راۋان بولدى.

ـ ۋاي تېخىچە سەن ئاشۇ دىندىمۇ؟! ئانا ھەيرانلىق ئىچىدە غەزەپلىك ئاۋاز بىلەن ئوغلىدىن سورىماقتا ئىدى.

ـ شۇنداق، ئانا! ئاللاھ ئۆزى ئۈچۈن ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى ئۈچۈن تاللىغان ئاشۇ مۇقەددەس دىندىمەن. ئوغۇل ئانىسىغا قاتتىق ئېچىنغان ھالدا جاۋاب بېرىپ، دوزاخ ئوتىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئانىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم قولىنى ئۇزاتتى. ئەمما ئانا يەنىلا ئۇنىمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھنىڭ بۇ جان پىدا بەندىسىگە نىسبەتەن "ئانىنىڭ مۇھەببىتىنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۈچۈن قۇربان قىلالامدۇ، يوقمۇ؟" دېگەن نازۇك ئىمتىھان يەنە داۋاملىشىشقا باشلىدى.

بەختسىز ئانا بەختىيار ئوغلىنىڭ چەكسىز كۆيۈمچانلىق ئىچىدە ئۇزاتقان قولىنى ئىتتىرىپ تاشلاپ، «يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى، مەن ھەرگىزمۇ سېنىڭ دىنىڭغا كىرمەيمەن. ئەجەبا كىشىلەر مېنىڭمۇ

پىكرىمنى ئەيىبلەپ، ”ئەقىلدىن ئاجرىغان“ دەپ باھا بەرسۇنمۇ؟ يوقال! دەرھال كۆزۈمدىن يوقال! مەن يالغۇز دىنىڭنىلا ئەمەس، بەلكى سېنىمۇ قوشۇپ مەڭگۈگە ئۆيۈمدىن ھەيدىدىم» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

ئەمەلىيەت راستىنلا شۇنداق بولدى. ئىمان بىلەن كۇپۇر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە ئاقىۋەت ئانا بىلەن بالا بىر ـ بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلدى. قارىماققا ھەر ئىككىيلەننىڭ بەرگەن قۇربانلىقى ئوخشاشلا بىر خىل بولسىمۇ، نەتىجە ۋە خاراكتېر ئېتىبارى بىلەن ئاسمان، زېمىن پەرقلىنەتتى.

ئانا قۇربانلىق بېرىش بەدىلىگە غەزەپلىك ئۆرتىنىشلەرنىڭ ئازابلىق تۈيغۇ كەلكۈنلىرىنى ھاسىل قىلغان بولسا، ئوغۇل قۇربانلىق بېرىپ، ئىتائەت ۋە قانائەتنىڭ ئىلاھىي سوۋغىسىغا سازاۋەر بولغان ئىدى. بىر قەلب قۇربان بېرىش ئارقىلىق تېخىمۇ قېتىپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر قەلبتە ئىلگىرىكىدىنمۇ كۈچلۈك سەمىمىيەت ۋە تەقۋالىق پەيدا بولۇپ، ”ئانام ماڭا ئەمەس، ئۆزىگە زۇلۇم قىلدى“ دېگەن تونۇش بارلىققا كەلگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنىدە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن تەيىنلەپ، يولغا سالغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلۇم سالغۇچى ئىنسانىيەتنىڭ ئىستىقبالىغا نىسبەتەن نەقەدەر چوڭقۇر، تەسىرچان ئىزگۈ، ھەسرەتنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكى رەسمىي نامايان بولۇشقا باشلىدى.

تۇنجى ئۇقبە بەيئىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان 12 مۇسۇلماننى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتكۈل مەدىنە شەھىرى جاھالەت ۋە شېرىكچىلىكنىڭ قايناق بازىرىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇنداق بىر جايدا ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاتالمىش مەبۇتلارنىڭ ساختىلىقىنى ئېلان قىلىش ھەقىقەتەن ئويىنىشىدىغان كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئېلاننى جاكارلاش ھەرىنىڭ كۆنىكىگە قول تىققاندەكلا ئىش بولاتتى. يەنە كېلىپ بۇ ئىش قەلبىدە ئاللاھنىڭ زاتى ـ سۈپەتلىرىگە نىسبەتەن ھېچ بولمىغاندا ئۆز ۋۇجۇدىغا ئىشەنگەندەك قەتئىي ئىشەنچ تۇرغۇزالىغان، ھاياتىنى ھەق يولىدا پىدا قىلىشنىلا ھەقىقىي ھاياتلىققا ئېرىشكەنلىك دەپ بىلەلەيدىغان كىشىنىڭلا قولىدىن كېلەتتى.

ئەمما شۇنىسى ئايانكى، ھەزرىتى مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆكرەكلىرى، خۇددى ھازىرقى بىز مۇسۇلمانلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىمان، ئىشەنچىنىڭ قىممەتلىك بايلىقىدىن ۋە ئازابتىن ھۇزۇرلىنىشتەك ئۇنداق كاتتا بەختىيارلىقتىن خالىي ئەمەس ئىدى. بەلكى دەل ئەكسىچە ئاشۇ ئىشەنچ ئۇچۇنلا پۈتۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىش يولىدا تىنماي تىپىرلاپ تۇراتتى.

ئاھ! ئۇنداق قەتئىي ئىشەنچنىڭ زادى نېمىلىكىنى ۋە قايسى خىل ھاياتىي كۈچكە تولغان بولىدىغانلىقىنى ئارىمىزدىن قېنى كىممۇ ھەقىقىي تۇردە تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن؟! چۈنكى كۆكرەكلىرىمىز ئىمان، ئىشەنچتىن مەھرۇم بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ چىن ھالاۋىتىنى تېخىچە بىرەر قېتىم تېتىپ باقمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بىز ئۇ ھەقتە پەقەت باشقىلاردىن ئاڭلىدۇق ۋە كىتابلاردىن ئوقۇدۇق. ئەمما ھېچ بىر زامان ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا ئۇنداق ئىشەنچنىڭ ئۆركەشلىك ئېقىنلىرىنى دولقۇنلاۋاتقان ھالدا ھېس قىلىپ باقمىدۇق.

ھەزرىتى مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەل ئەنە شۇنداق ئىشەنچنىڭ ئۆركەشلىك ئېقىنىنى مەھكەم باغرىغا باسقان ھالدا مەككىدىن چىقىپ، چۆللۈكلەرنىڭ چاڭقاق قۇم، زەررىلىرىنى زەخىملىك پۇتلىرىدىن ئېقىۋاتقان قان دانچىلىرى بىلەن ۋە ئالاھنىڭ ئىشقىدا تىنىمسىز تۆكۈۋاتقان ياش تامچىلىرى بىلەن نەملەپ، ئاخىرى مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. مەنزىلگە يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ قەلبى ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىنى باتىلدىن ھەقكە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن دۇپۇرلەپ سوقۇشقا باشلىدى. قەلبىدىكى بۇ ئۆركەشلىك دولقۇنلار ئۇزۇنغا قالمايلا مەدىنە دۇنياسىغا باشقىچە رەڭ بېرىشكە باشلىدى. جاھالەت بىلەن جۇھۇدلۇق دەستىدىن قاتقان يۈرەكلەر ئېرىپ، ئۇنىڭدا ئىماننىڭ يالقۇنلۇق ھارارىتى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي باتىلمۇ ئۇنىڭغا قارشى دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، ھەرقانداق بىر ھەققانىيەتچى ئاشۇنداق خەتەرلەرنى بېسىپ ئۆتمەي تۇرۇپ، ھەرگىز ئۇتۇق قازىنالمايدىغان ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش باشلىنىپ كەتتى.

بەنى ئەشھەل قەبىلىسىنىڭ سەردارى سەئد ئىبنى مۇئاز بۇ يېڭى ھەرىكەتتىن خەۋەر تېپىپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاچچىقى يامان، سەپرا خىزمەتكارى ئۇسەيدگە نەيزە

تۇتقۇزۇپ: «سەن ئالدى بىلەن مەككىدىن كېلىپ بىزنىڭ ياشلىرىمىزنى يولدىن چىقىرىۋاتقان ئۇ ئەبلەخنىڭ كىملىكىنى بىلگىن، ئاندىن مەيلى قانداق قىلساڭ قىلىپ، ھەتتا ئۆلتۈرسەڭمۇ ئۆلتۈرۈپ، مەدىنىدىن قوغلاپ چىقارماي قايتىپ كەلمە» دەپ تاپىلىدى.

ئۇسەيد كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچراتقىنىچە مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئەسەبىيلەشكەن ھالدا: «سەن زادى كىم؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ ئەگەر ئۆلۈشنى خالىمىساڭ، دەرھال كەلگەن يېرىڭگە تىكىۋەت!» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

ئاجايىپ تەڭداشسىز ئىمانغا ئىگە مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بۇ تەھدىتلىرىدىن قورقۇپ قالمىدى ياكى ئاچچىقلاپمۇ كەتمىدى. بەلكى مەخسۇس مۆمىنلەرنىڭلا خۇسۇسىيىتى بولغان ھېكمەت دۇردانىلىرىدىن گۈلدەستە تىزىپ، تەرسا ئۇسەيدنى ئالدى بىلەن ئولتۇرۇپ سۆزنى تىڭشاپ بېقىشقا كۆندۈردى. ئۇسەيد قولىدىكى نەيزىنى يەرگە سانجىپ قويۇپ، غەزەپتىن قاپاق تۈرگىنىچە يەردە ئولتۇردى. مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاجايىپ دىلكەش، مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن قۇرئاننىڭ تېخى بىر قانچە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىشى بىلەن تەڭلا ئۇسەيدنىڭ چىرايى سارغىيىپ، ئەھۋالى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. تۈرۈلگەن قاپاقلىرىمۇ لاسسىدە بوشىشىپ قالدى. ئەلەملىك ھېس، تۇيغۇلىرى چىرايىدا نامايان بولۇپ، تېخى بايىلا غەزەپتىن ئوت چاچرىتىپ تۇرغان كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

قىسقىسى، ئۇسەيدنىڭ قەلبى ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ بىردەم ئىچىدىلا ئۆزىنى ئىسلامنىڭ ئېتىكىدىن ئورۇن ئالغان ھالدا ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆزىنى ئەۋەتكەن كاپىر سەردارنى ئىسلامغا باشلاپ كېلىش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ چاقىرىشى بىلەن سەئىد ئىبنى مۇئازمۇ يېتىپ كېلىپلا ھەققانىيەتنىڭ قەلب ناۋاسىغا مەھلىيا بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، شام ۋاقتى كىرىپ بولغۇچە پۈتۈن قەبىلىنىڭ قەلبىنى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەردلىك سادالىرى ئىسلامغا تارتىپ بولدى. ھەممە ئۇرۇن ئۆتمەيلا مەدىنە شەھىرىنى ئۇرۇشسىز پەتھى قىلىنىشقا ھازىر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ

تۇرغان ئىسلام شەھىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

ئەمما مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەلاھۇ ئەنھۇ بۇ ئۇرۇشىنىز جىھادتا كۆپۈر ھەم شىرىكچىلىكنىڭ ئەنە شۇنداق قانچىلىغان سەپلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ بولۇپمۇ، يەنىلا «ئاللاھقا بولغان بەندىچىلىكنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمىدىم» دەپ ئۆكۈنۈپ يىغلايتتى. شۇڭا ئۇ بەدىر ۋە ئۇھۇدتىن ئىبارەت قانلىق ئۇرۇشلارغىمۇ بىقارارلىق بىلەن قاتنىشىپ، ئاخىرى ئۇھۇد مەيدانىدا ئىسلام ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىپ، شېھىتلىك مۇرادىغا يەتتى.

بۇ ئۇرۇشتا ئىسلامنىڭ بايرىقى ئۇنىڭ قولىدا بولۇپ، گەرچە دۈشمەننىڭ قىلىچلىرى ئۇنىڭ قولىنى ئۈزۈپ تاشلىيالىغان بولسىمۇ، ئەمما بايراقنى يەرگە چۈشۈرەلمىدى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يالغۇز بىرلا قولىنىڭ قالغانلىقىنى ۋە بۇ يالغۇز قول بىلەن قىلىچنى كۆتۈرۈپ ئۆز جېنىنى قوغداش ياكى قىلىچنى تاشلاپ، ئىسلام بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشتىن پەقەت بىرىنىلا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھېچ ئىككىلەنمەستىن قىلىچنى تاشلاپ، بايراقنى ئېگىز كۆتۈردى. چۈنكى ئۇ بىر دەم بولسىمۇ ئىسلام بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇشنىڭ دۇنيادا مەڭگۈ ئۆلمەي ياشاشتىنمۇ بەك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ ياشلىق ھاياتى ئىمانىي تۇيغۇلىرىنىڭ ئىشارىلىرى بىلەنلا ئەنە شۇنداق ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسا، بايراقنى دەرھال ئېگىز كۆتۈرگەن ئىككىنچى قولى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن شېھىت بولۇپ، كېسىلىپ چۈشىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. دۈشمەننىڭ ياۋۇز قىلىچى ئۇنىڭ ئىككىنچى قولىنىمۇ ئۈزۈلدى. ئەمما ئۇ ئۈزۈلگەن قوللىرى بىلەن يەرگە چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان ئىسلام بايرىقىنى مەھكەم كۆكرىكىگە بېسىۋالدى. بۇنى كۆرۈپ، ئەسەبىيلەشكەن دۈشمەننىڭ ئۇرغان نەيزىسى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تېگىش بىلەن سۇنۇپ، يېرىمى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆكرىكىدە قادىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ جىسمى بىر ئاز دەلدۈگۈنىشتىن كېيىن يەرگە يىقىلدى، ئەمما ئىسلام بايرىقى يەنىلا يەرگە چۈشمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ تېپىرلاپ تۇرغان جىسمى ئۈستىگە چۈشتى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جەسىتى يېنىغا كېلىپ، مەككىنىڭ شۇنچە كېلىشكەن سۆلەتلىك يىگىتىنىڭ ئاللاھ يولىدا

قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدى. كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلۇپ، مۇبارەك ئاۋازى ئاجىيىپ ھاياجان بىلەن پارتلاپ چىقماي تۇرالمىدى.

- ئىي مۇسئەب! - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شېھىتنىڭ روھىغا خىتاب قىلىۋاتاتتى.

- مەن مەككىدە سىنىڭدەك كېلىشكەن، ئېسىل كىيىملىك ئىككىنچى بىرسىنى كۆرمىگەن ئىدىم. مانا بۈگۈن چاچلىرىڭ چۇۋۇلغان، جىسمىڭدا بىر ئورانجىدىن باشقا نەرسە بولمىغان ھالدا يېتىپسەن.... مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، قىيامەت كۈنى چوقۇم ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئىنتايىن كاتتا مەرتىۋە بىلەن ھازىر قىلىنىسەن.

ئاھ! ئۇنىڭ ئاشۇ بىر تال ئورانجىسىمۇ كېپەن بولۇشقا يەتمەي، بېشىنى ياپسا پۇتى، پۇتىنى ياپسا بېشى ئېچىلىپ قالدى. ئاخىرى شېھىتلەر يىگىتىنىڭ پۇتىنى ئوت - چۆپلەر بىلەن يېپىپ، دەپنە قىلدى.

* * * * * * * * * *

ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئەنە شۇنداق گۇۋاھلىق بەرگەن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمانى ئادەمنىڭ نەقەدەر ھەۋىسىنى قوزغايدۇ ۋە بىزنىڭ ئۆز قەلبىمىز گۇۋاھلىق بىرىۋېتىپ، نېمىلەردىندۇر قورقىنچە جىمىپ قالىدىغان نۆۋەتتىكى پوچۇك ئىمانىمىز نەقەدەر ئىنساننىڭ يىغىسىنى قوزغايدۇ - ھە؟! ئەتىگە ھەشىر مەيدانىدا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆزى گۇۋاھلىق بېرىپ ”مۇسئەب ھەقىقەتەن مېنىڭ بەندەم ئىدى“ دەۋاتقان ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ قانغا بويالغان ۋۇجۇدى ئاللاھنىڭ كاتتا مەرھەمىتىگە نائىل بولۇۋاتقان پەيتلەردە، بىز زادى نەدە، قانداق ھالدا بولارمىز ؟!

قېرىنداشلار! بىر دەم بولسىمۇ ئاقىۋىتىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى قېنى ئويلاپ باقمايلىمۇ؟! بىز ئاللاھ ئۈچۈن جان بېرىش ۋە كۆكرەككە نەيزە يېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئىنسان ياكى ھايۋان ئىكەنلىكىمىزنىمۇ پەرقلەندۈرگىلى بولمىغۇدەك نۆۋەتتىكى ئاسىيلىق ۋە

ھاياسىزلىقىمىزدىن ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشقىمۇ چارىسىز قالماقتىمىز. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، بىز ئاللاھنىڭ ھېسابسىز، نازۇ ـ نېمەتلىرىگە ھەتتا ئىگىسىنىڭ كىچىككىنە ياخشىلىقىدىن مىننەتدار ئىتچىلىكمۇ جاۋاب قايتۇرالمايۋاتىمىز. شۇنداق ئىكەن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئەمدى قايسى يۈزىمىز بىلەن بارارمىز؟! زادى قايسى يۈزىمىز بىلەن بارارمىز؟

بىز ھەنەفىي، ھەنبەلىي، مالىكىي، شافىئىي، ئەھلى ھەدىس ۋە ھەتتا مۇنكەرى ھەدىس... ھەممە نەرسە بولالىدۇق ـ يۇ، ئەمما قەلب، ۋۇجۇدىمىز ھەر دائىم كەلىمە تەۋھىدنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا تېپىرلاپ تۇرىدىغان ئاقكۆڭۈل، ساددا ''مۇسۇلمان'' بولالمىدۇق.

ئاھ! كەلىمە تەۋھىدنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتكەن ھامانلا ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق كۈرەشكە كۆكرەك كىرىپ سەكرەپ چۈشىدىغان، بەدەنلىرىمىز تىتما ـ تىتما بولۇپ، روھىمىز ''ئەلۋىدا!'' دەۋاتقان مىنۇتلاردىمۇ، قەلبىمىز تەكتىدىن ''ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز! مۇشۇنداق ھاياتنى يەنە مىڭ قېتىم ئاتا قىلساڭ، ۋە ئۇنى بىز يەنە مىڭ قېتىم سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈنلا قۇربان قىلساق'' دەپ سادا ياڭرىتالايدىغان پىداكار مۇسۇلمانلار بولالمىدۇق.

كاشكى ۋىجدانىمىزدىن سوراپ باقساق ئىدۇق، بىز يەنىلا ''مۇسۇلمان''مۇ؟!

## پىلسىرات كۆۋرۈكى

ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەققانىيەتتىن رەڭ ئېلىپ، ئاجىزانە بەندىچىلىك تۇيغۇلىرىدىن جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان جەسۇر قانلىرى تومۇرلىرىدا ئۆركەش ياساپ ئېقىشقا ئەمەس، بەلكى ھەق ئۈچۈن يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىشكە قايىل ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا سەجدىگە باش قويۇپ، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قول بەرگەن چاغنىڭ ئۆزىدىلا، ئاخىرەتنىڭ بۇ پانىي دۇنيادىن نەقەدەر كاتتا، نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ زالىملارنىڭ قانخور كۆزلىرىگە تىكىلگەن ھالدا ”بۇ پۈتكۈل كائىنات دەل مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاشۇ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ مۈلكى. ئۇنىڭدىكى بارچە مەۋجۇتلۇق ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى ۋە قۇللىرى“ دېگەن زىلزىلىلىك شوئارنى جاكارلىيالايدىغان ئاجايىپ بىر جاسارەتنىڭ ھارارىتىنى ھېس قىلغان ئىدى.

ئاخىرى ئۇ راستىنلا شۇنداق قىلىپ كۆرسەتتى. تېخى ئەمدىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارگاھىدا باغرىغا باسقان ھەقنى جاراڭلىق جاكارلاش ئۈچۈن كوچىغا ئاتلاندى. گەرچە ئەينى چاغدا ئىماننى ئاشكارا جاكارلاش جاننى دوغا تىككەن بىلەن ئوخشاش بولۇپ ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، ئۇدۇل بارغىنىچە قانچە يۈزلىگەن بۇتلارنىڭ ئالدىدا ۋە قانچە مىڭلىغان ياۋۇز، قانخور مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ تەۋھىدىنى ۋە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئۈنلۈك ياڭراتتى.

غەزەپتىن قاپاقلار تۈرۈلۈپ، چەكچەيگەن كۆزلەر ئوت چاچرىتىشقا، نەپرەت ۋە ئەسەبىيەتنىڭ تاش ـ توقماقلىرى تۇشمۇ ـ تۇشتىن يېغىشقا

باشلىدى. ئەمما شۇنچە شىددەتلىك ھۇجۇم، زەربىلەرمۇ ئاللاھنىڭ بۇ تەنها بەندىسىنى بويۇن ئەگدۈرەلمىدى. ئۇ دەسسەپ، يەنچىۋېتىلگەن جىسمىنى ئاران سۆرەپ قۇتۇلۇپ كەلگەن ئاشۇ قاباھەتلىك مەيداندا، ئەتىسى يەنە ھەقنىڭ ساداسىنى ياڭراتقىنىچە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ساداسى مەككىدىكى 360 دانە بۇتنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىپ، گويا باتىلنىڭ پولات قەلئەلىرىگە تىگىۋاتقان چاقماقتەك گۈلدۈرلىمەكتە ئىدى. تەنها بىرلا ئىنساننىڭ قورقۇمسىز جاسارىتى مىڭلىغان ياۋۇز ئەبلەخلەرنى دوئىلغا چاقىرماقتا ئىدى. چۈنكى ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرگە ئۇخشاش ھېسسىز گۆش، سۆڭەكنىڭ جۇغلانمىسى ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان پولاتتەك ئىماننىڭ پەلەك سۆيەر ساداسى بولۇپ، ئۇ گويا تىنىمسىز جۇش ئۇرۇۋاتقان ئىمان، ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان دولقۇن، روھنىڭ ھەممىنى زىلزىلىگە سالغۇچ ساداسى، قەلبنىڭ ھاياجانلىق ساماسى ئىدىكى، باتىلنىڭ ھەممە ئەتراپىنى چىرماپ تۇرغان قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلىرىغا تۇپ ئوقىدەك ئېتىلغانچە بېرىپ، پارە ـ پارە قىلىپ تاشلاشنى ھەمدە ئىلگىرى ئىنسان پەيدا قىلىنغان ۋە ئاخىرىدا قايتا يەنە ئۇنىڭدىن تۇرغۇزىلىدىغان ئاشۇ تۇپراققا ھەق ئۇچۇن كۆمۈلۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئۇنىڭ قەلبىدە توختىماي لاۋۇلداپ تۇرىدىغان ئىنقىلاب يالقۇنى ۋە كاپىرلارغا چاقماق بولۇپ ئۇرۇلىدىغان ئاشۇ قورقۇمسىز جاسارىتى ”مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ ئاتلىق مۇبارەك زاتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بولسا، ئېھتىرام ۋە ئاجىزانە ئەقىدەتتىن بۆلەكچىلا ھالغا كېلىپ قالاتتى. دېمەك، ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇخشاش قورقۇمسىز، شىر يۈرەك مەردانىلارنىڭ قەلب دولقۇنلىرى ھەق، ساداقەتنىڭ مۇجەسسىمى بولغان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرلا ئىشارىسى بىلەن ساماغا چۇشۇپ، يەنە بىرلا ئىشارىسى بىلەن ئىزىدا توختايتتى.

بارلىق ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كامالەتلىك كىشىلىك ئوبرازىدىن ئۆز سالاھىيەت قىزغىنلىقىغا يارىشا مۇكەممەل ئۇلگە ئالغان بولۇپ، ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەھدۇ ـ پېقىرلىقىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ۋە ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدىدا شۇ قەدەر تولۇق نامايان قىلغان ئىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ زەھدۇ ـ پېقىرلىقىنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زاھىدلىقىغا ئوخشاتقان ئىدى.

ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى گەرچە ئۇ رەھىمسىز قاراقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇنغا بارمايلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قەلبى ''پۈتكۈل كائىناتنىڭ پەقەت بىرلا خۇداسى بار'' دەپ گۇۋاھلىق بەرمەكتە ئىدى. تەۋھىدنىڭ بۇ ھارارىتى ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا يالقۇنلاشقا باشلىغاندا بولسا، كىشىلەردىن يۇلاپ ئېلىپ كۆنۈپ قالغان بۇ رەھىمسىز ئىنسان، بىردىنلا بارلىقىنى ئاللاھ يولىدا ئاتىۋېتىشكە ئالدىرايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمدىلىكتە دۇنيانىڭ بايلىقلىرىدىن سەسكىنىپ، دىنىنىڭ بايلىقىغا تەلەپكار بولۇپ قالغان ئىدى. ئاللىبۇرۇنلا تەپەككۇرغا تايىنىپ، ئۆزى ئىمان ئېيتىپ بولغان ئاشۇ ئاللاھنى ئۇنىڭ قەلب، روھى ئىزدەپ تېپىشقا بىقارار ئىدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي شۇنچە يىراقتىن ھەققانىيەتنىڭ شەيدىسىنى ئاڭلاش بىلەنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا يۈرۈپ كەتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە پارلاۋاتقان ھەققانىيەتنىڭ تەجەللىسىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا مەڭگۈگە ئاتىۋەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىكىدە زادى قانداق مىسلىسىز بايلىقنى كۆرۈپ يەتتىكىن ـ تاڭ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى تاش، تۇپراقتەكلا قىممەتسىز ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ پەقىرانە ھاياتىغا مەنسەپ، بايلىق دېگەننىڭ سايىسىنىمۇ يېقىن كەلگىلى قويمىدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى شۇ قەدەر چوڭقۇر ئىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا سۆز قىلاتتى. ھەتتا ۋاپات بولۇش ئالدىدىمۇ ئۇنى سېغىنىپ چاقىرتقان ئىدى. ئەينى چاغدا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن دىدارلىشىۋېلىش ئۈچۈن يېنىغا كەلگەندە، ماماتلىق كارۋىتىدا ياتقان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گويا ئۇنى دۇنيادا تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغاندەك ئۇزۇنغىچە باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىغان ئىدى.

ئاھ! پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باغرىغا بېسىلغان نەقەدەر شەرەپلىك، نەقەدەر مۇبارەك، نەقەدەر بەختىيار كۆكرەك ھە؟! كاشكى بىزمۇ شۇ دەۋردە تۇغۇلغان بولساق، بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولداشلىرى، سەپداشلىرى، ئەسھابىلىرى بولالىغان بولساق، قانغىچە دىدارلىشىپ، مەھكەم بىر قۇچاقلىيالىغان بولساق،

قەلبلىرىمىز شاتلىقتىن چاك ـ چاك يېرىلماسمىدى؟ بىزمۇ ساھابىلەردەك ”ئاتا ـ ئانام ساڭا تەسەددۇق يا رەسۇلۇللاھ!“ دەپ تۇۋلىغان بولماسمىدۇق؟

شۇنداق، ساھابىلەرنىڭ ھاياتلىق خاتىرىلىرىنى ئوقۇپ، ئاشۇنداق ھەسرەتتىن يۈزلىرى ياش بىلەن ھۆل بولۇپ كېتىدىغانلارمۇ ئارىمىزدا ئاز ئەمەس، ھەمدە ئەمەل جەھەتتە ئەبۇجەھىل ۋە ئەبۇلەھەبلەرنى بېسىپ چۈشىدىغانلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا بەلكىم ئاللاھ تائالا ئەبۇ جەھىل ۋە ئەبۇلەھەبلەرنىڭ سانىنى ئاۋۇتماسلىق ئۈچۈن ئۆز رەھمىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن بىزنى كېچىكتۈرۈپ ھازىرقى دەۋردە پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا نىسبەتەن شۇ قېتىمقىسى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئاخىرقى قېتىم قۇچاقلىشىش بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇقەددەس باغرىغا بېسىلىشتەك شەرەپ قۇچقان ئاشۇ بەختىيار كۆكرەكلىرى شۇ قەدەر مىسلىسىز ھارارەت ھاسىل قىلغان ئىدىكى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پانىي دۇنياغا قۇچاق ئېچىشنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا نىسبەتەن گويا دەرەخ سايىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، يىراققا ئاتلانغان مۇساپىر ئۇنىڭ ئاستىدا بىر دەملىك سايىدىۋالسا بولاتتىكى، ھەرگىزمۇ پۈتىنى ئۇزىتىپ يېتىشقا بولمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتلىقىدا ئۇ پەقەت بىرلا قېتىم قوماندانلىقنى تەلەپ قىلىپ باققان ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيىدىن باشقا سۆز چىقمايدىغان مۇبارەك ئېغىزىدىن ”ئى ئەبۇزەر! سەن تېخى ناتىۋان ئادەم، مەن سەن ئۈچۈن ئۆزۈمگە ئەڭ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرىمەن“ دېگەن ئىدى. ئۇ بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن تارتىپلا دۇنيانىڭ مەھلىيالىق زەرلىرىنى ئۆز ئېتىكىدىن مەڭگۈگە قېقىپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ زۇھدۇ ـ پېقىرلىققا شۇ قەدەر چۆكۈپ كەتتىكى، ئاخىرەتكە يېقىن، دۇنيادىن يىراق ياشايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ بەزىدە راھىبلىقتەك تۇيۇلۇپ كېتىدىغان بۇ زاھىدلىقى ئەمەلىيەتتە ھەرگىزمۇ راھىبلىق ئەمەس ئىدى. ئۇ دۇنيادىن قاچقانلاردىن بولماستىن، بەلكى دۇنيادا تۇرۇپ دۇنيانى تاشلىغانلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ زاھىدلىقىنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنى ئەڭ يېقىن دوستى

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بولغان سۆھبەتتىن تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ ''ئى قېرىندىشىم! ئى قېرىندىشىم!'' دېگىنىچە ئۇنى باغرىغا باسماقچى بولدى.

ئەمما ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئۆزىدىن يىراققا ئىتتىرىپ: ''ھازىر سەن بىر ۋالىي تۇرساڭ، مەن قانداقمۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭ بولىمەن؟'' دەپ تۇرۇۋالدى.

ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ دېگىنى ''ناۋادا قەلب بايلىقىڭنىڭ ئورنىنى ھوقۇق بىلەن دۇنيانىڭ بايلىقى ئىگەللىۋالمىغان بولسا، بىز قېرىنداشمىز، ئۇنداق بولمايدىكەن، سەندەك باياشات ۋالىي بىلەن مەندەك بىر پېقىرنىڭ نەدىمۇ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بولسۇن؟'' دېگەنلىك بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە بىر كۆرۈشۈش پۇرسىتى كەلگەندە بۇ ئىش ئايدىڭلاشقان ئىدى.

شۇ چاغدا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىنچى قېتىم يەنە چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن ئۇنى باغرىغا باسماقچى بولغاندا، ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن: ''بىرەر ئېگىز ئىمارەت سېلىۋالمىغانسەن؟ ياكى كاتتا ئېتىز، نۇرغۇن مال، ئۇلاغلارغا ئىگە بولۇپ قالمىغانسەن؟'' دەپ سورىدى.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ''ياق ئۇنداق قىلمىدىم'' دەپ جاۋاب بەردى. شۇ چاغدىلا ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامنىڭ ھەقىقىي قېرىنداشلىق تۇيغۇسىنى ئىزھار قىلىپ: ''ئەمىسە راستىنلا مېنىڭ ھەقىقىي قېرىندىشىمكەنسەن'' دەپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلاشتى.

بىر قېتىم ئۇنىڭ بىرلا يېپىنچىغا يۆگىنىپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەبۇ مەرۋان نامازدىن كېيىن ''ئى ئەبۇزەر! مۇشۇ يېپىنجاڭلا قالدىمۇ؟ ئىلگىرى باشقا كىيىم ـ كېچەكلىرىڭمۇ بار ئىدىغۇ؟!'' دەپ سورىدى.

ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ''باشقا كىيىملىرىم بولغان بولسا، كۆزۈڭ كۆرمەمتى؟ مەن ئۇلارنى ھاجەتمەنلەرگە بېرىۋەتتىم'' دەپ جاۋاب بەردى.

قاتتىق ھەيران قالغان ئەبۇ مەرۋان، "ئەسلى شۇنىڭغا سەن ئۆزۈڭ ھاجەتمەن تۇرساڭ" دېۋىدى، بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىرايىدا بىردىنلا ئاجايىپ روھىي ئىزتىراپلار نامايان بولۇشقا باشلىدى ۋە قاتتىق ھەسرەتلىك ئاۋاز بىلەن، ن «ئاللاھ سېنى ئەپۇ قىلسۇن، سەن مېنى "دۇنيانى ئاۋۇتقىن" دېمەكچىمۇ؟ ئەجەبا كۆزۈڭ كۆرمەيۋاتامدۇ؟ بىر يېپىنچىغا يۆگىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن، مەسچىت ئۈچۈن يەنە بىرسى بار. سۈتىنى سېغىپ ئىچىشكە بىر قانچە ئۆچكىلىرىم بار. تاماق ئېتىپ بېرىشكە بىر خادىمىم بار. قېنى ئېيتىپ باققىنە، بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە بولۇشى لازىم ئىدى؟» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەمما ئەمەلىيەتتە، ئۆچكىلىرىدىن ساغقان سۈتىنمۇ ئۇ ئۆزىلا ئىچمەيتتى. سۈتتىن ئىبارەت بۇ نېمەتنى كۆرگەندە، ئاتا قىلغۇچىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەتراپتىكىلەرنى ئەسلەيتتى. ئۇنىڭ داسقىنىنىڭ دائىملىق مېھمانلىرى بولىدىغان قولۇم ـ قوشنا، غېرىب ـ غورۇۋالارغا تارقىتىپ بېرەتتى. شۇنىڭدىن ئېشىپ قالغانلىرىنى ئاندىن ئايالى بىلەن ئۆزى ئىچەتتى. بەلكى كۆپ ھاللاردا سۈت تۈگەپ كېتىپ، ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان نېمەتنىڭ شۈكرانىسى بىلەنلا قانائەتلىنەتتى.

ئۇ زۇھدۇ ـ پېقىرلىققا شۇ دەرىجىدە قاتتىق بېرىلىپ كەتكەن ئىدىكى، بۇ نۇقتىدىن ھەتتا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ يۈكىنى تەڭلا كۆتۈرۈپ، پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان باشقا نۇرغۇن كۈچتۈڭگۈر ساھابىلەر بىلەن بەزىدە پىكىر توقۇنۇشى كېلىپ چىقىش خەۋپى باردەك تۇيۇلۇپ قالاتتى. بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈنلا بولسا كېرەك، بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن "ناۋادا ئۆزىگە كۆپرەك ئۆلۈش ئېلىۋالىدىغان كىشىلەر ساڭا ھۆكۈمران بولۇپ قالسا، قانداق قىلىسەن؟" دەپ سورىغان ئىدى.

ئۇ: "قىلىچىمنى ئىشقا سالىمەن" دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مەن ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى مەسلىھەت بېرەي، ئۇ چاغدا سەن تاكى ئاخىرەتتە مەن بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر سەۋر قىلغىن" دەپ تاپىلىغان ئىدى.

بىر قېتىم ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسچىتتە يېتىپ تۇرۇشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە كەلگۈسىدىكى

بولىدىغان غەيىب ئىشلار تەرەپكە ئىشارە قىلغان ھالدا: ”ئى ئەبۇزەر! ناۋادا بۇ جايدىن قوغلانساڭ قانداق قىلىسەن؟“ دەپ سورىدى.

ئۇ: ”ئۆز ئۆيۈمگە ياكى مەسچىت نەبەۋىگە كېتىمەن“ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ”ناۋادا ئۇ يەردىنمۇ قوغلانساڭچۇ؟!“ دەپ يەنە سورىدى.

ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ”ئۇ چاغدا قىلىچىمنى ئىشقا سالىمەن“ دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئاستا قولىنى قويۇپ: ”ئى ئەبۇ زەر! ئاللاھ سىنى ئەپۇ قىلسۇن... قىلىچىڭنى چىقارمىغىن، بەلكى ئۇلار سېنى قەيەرگە دېسە، شۇ يەرگە كەتكىن“ دەپ بۇيرۇدى.

تارىخ گۇۋاھكى، ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، ئۇنىڭغا زەبدەگە كېتىپ تۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىلدى. ئۇ سۆزسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇدۇل زەبدەگە كەتتى ۋە شۇ يەردە ئىستىقامەتلىك ھاياتىنى باشلىۋەتتى. زەبدەدىكى كىشىلەر ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىلتىماسىنىڭ ئۈستىگە ئىلتىماس قىلىپ، ”سىز ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمانغا قارشى قوزغالسىڭىز، بىز سىزنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز“ دەپ تۇرۇۋالدى. ئەمما ئۇ بۇ پىتنىنىڭ بېشىنى پۈتۈنلەي يانچىپ تاشلاش ئۈچۈن شۇ كۈندىن باشلاپ، بىر قارا تەنلىك قۇلغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيدىغان، ھەتتا نامازدا جامائەتكە ئىمام بولۇشنىمۇ قەتئىي قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمايدىغان بولىۋالدى. سەۋەبىنى سورىغان كىشىلەرگە: ”مېنىڭ ئەڭ يېقىن جان ـ جىگەر دوستۇم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى شۇنداق بۇيرۇغان“ دەپ سۆزلەپ بېرەتتى.

ئاھ! پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ سەردارى، ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ”ئەڭ يېقىن، جان ـ جىگەر دوستۇم“ دەپ ئاتىيالايدىغان ئاشۇ كىشىلەر نەقەدەر شەرەپلىك، نەقەدەر بەختىيار زاتلار بولغىيتتى ـ ھە؟!

ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش باتىل ئۈچۈن شەمشىرى يالىڭاچ، شىر يۈرەك، چېكىنمەس مەردانىلار ھەر بىر سۆزىگە پىداكارانە ئىتائەت قىلغان ئاشۇ پەيغەمبىرىمىز نەقەدەر كامالەتلىك، ئەيمىنىشلىك

ھەم سۆيۈملۈك، ئۇلۇغ ئىنسان بولغىيتتى ـ ھە؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ھەدىسىدە، "مەندىن كېيىن شۇنداق ئۇممەتلىرىممۇ بارلىققا كېلىدۇكى، ئۇلار مېنى ھېچ كۆرمەستىن، ئىمان ئېيتىدۇ. ئەمما مەن ئۇلارنى كۆرۈشنى شۇنداق ئارزۇ قىلىمەن" دېگەن ئىكەن.

ئاھ! بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئاشۇ بەختلىك ئۇممەتتىن بولالىساق ئىدۇق كاشكى! ئەمما ئەمەلىيىتىمىز شۇ قەدەر يىرگىنچلىك ئىكەنكى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىنى چۈشىمىزدە بولسىمۇ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلالاي دېمەيمىز.

ئەبۇزەر غىپارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زەبدەدىكى ھاياتى دەل مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىلاپلار باش كۆتۈرۈپ، پىتنىگە ئايلىنىپ قىلمىۋاتقان دەۋرگە توغرا كېلەتتى. بىر تەرەپتىن ئۇرۇش غەلىبىلىرىگە ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ بايلىقى سەلدەك ئېقىپ كېلىشكە باشلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن پىتنە يالقۇنلىرى ئەۋج ئالماقتا ئىدى. ئەبۇزەر غىپارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مانا بۇ ھەر ئىككى خىل پىتنىدىن ساقلانماقچى ئىدى. شۇڭا تەنھالىقنى مەھكەم قۇچاقلاپ، بۇ ھەر ئىككى سىناقتىن سالامەت قالدى. لېكىن ئائىلىگە نىسبەتەن ئۇنىڭ بۇنداق زۇھدۇ ـ پېقىرلىقى چىدىغۇسىز ئېغىر سىناققا ئايلىنىپ قالماي تۇرالمىدى.

بىر قېتىم ئىمران ئىبنى ئەۋتان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ خۇددى شىددەتلىك بوراندىن قاچقان ئادەمدەك مەسچىتنىڭ بۇلۇڭىغا كىرىۋېلىپ تەنھا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەندە، ئېتىراز بىلدۈرگەن ئاھاڭدا، "بۇ يەردە يالغۇز نېمە ئىش قىلىپ يۈرىيدىغانسىز؟" دەپ سورىغان ئىدى.

ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ: «مەن سەردارىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەلەمنىڭ "يامان ھەمراھتىن يالغۇزلۇق ياخشى" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

ئەبۇ ئەسما دەل ئاشۇ دەۋرلەردە ئۇنىڭ بىلەن مۇلاقەتتە بولۇش ئۈچۈن زەبدەگە كەلدى ۋە ئائىلىنىڭ شۇ قەدەر ھالى خاراپلىقىنى، ئەمما ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆز پېقىرلىقى بىلەن مەستخۇش ئىكەنلىكىنى كۆردى.

ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ئايالىنى ئىشارە قىلىپ تەبەسسۇم قىلغان ھالدا، «بۇ ئايال ماڭا ئىراققا كەتسەك، دەيدۇ. لېكىن ئىراققا بارسام كىشىلەر دۇنيانى ئالدىمغا قويىدۇ، ئاندىن بۇ ئىبغىر يۇك مېنى پۇلسىرات كۆۋرۈكىدىن يېقىتماي قالمايدۇ. شۇڭا مەن ئۆزۈم كۆتۈرەلمەيدىغان بۇنداق ئېغىر يۈكلەردىن خالىي ياشىماقچى بولۇۋاتىمەن» دېدى ۋە بىر ئاز جىمىلىقتىن كېيىن، «چۈنكى سۆيۈملۈك دوستۇم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ”جەھەننەمنىڭ كۆۋرۈكى ئالدىدا پۇتنى تېيىلدۇرۇۋېتىدىغان بىر يول بار، سىلەر شۇنىڭدىن ئۆتەلىشىڭلار لازىم“ دېگەن ئىدى» دېيىش بىلەن سۆزىنى تاماملىدى.

بىر قېتىم ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەيتۇلمۇقەددەستە، بىر ئادەمنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇزۇنغىچە توختىماي سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى ھەمدە ئۇ كىشىگە ئالاھىدە قىزىقىپ، سەۋەبىنى بىلىپ بېقىش كويىدا ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ۋە قەستەن گەپ كوچىلاپ، مەنىلىك ھالدا، «سىز مېنىڭ قانچە رەكئەت ئادا قىلغانلىقىمنى ئېيتىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن؟» دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ نېمە مەقسەتتە شۇنداق سوراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ”ئەگەر مەن بىلمىسەم، ئاللاھ چوقۇم بىلىدۇ“ دەپ قىسقىلا جاۋاب قايتۇردى. ئاندىن بىرئاز ئىزاھلاپ قويۇش ئۈچۈن ئىنتايىن تىترەڭگۈ ئاۋازدا سۆز قىلىشقا باشلىدى.

ـ مېنىڭ سۆيۈملۈك دوستۇم... ئەبۇل قاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا...

ئۇ سۆزىنى تولۇقلىيالماي ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشكە باشلىدى.

ـ مېنىڭ سۆيۈملۈك دوستۇم... ئەبۇل قاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا...

ئىككىنچى قېتىممۇ ئاران تەستە شۇنچىلىكلا دېيەلىدى. خۇددى بىرسىنى قاتتىق سېغىنغان ئادەمدەك ئىچ ـ ئىچىدىن ئېغىر ئۇھسىراشقا باشلىغان ئىدى. ئاخىرى ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرۇش زادىلا مۇمكىن بولماي بىردىنلا پاڭڭىدە يىغلاپ تاشلىدى. كۆزلىرىدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار ساقاللىرىدىن ئاقماقتا ئىدى. ئۈچىنچى قېتىم قايتا يەنە تىرىشىپ،

ئاران تەسلىكتە سۆزىنى تولۇقلىيالىدى.

- مېنىڭ سۆيۈملۈك دوستۇم... مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا... «كىمكى ئالالاھقا سەجدە قىلسا، ئالالاھ ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۇستۇن قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ، ئورنىغا ياخشىلىق يازىدۇ» دەپ تاپىلىغان ئىدى.

ئارقا - ئارقىدىن سەجدە قىلىۋېرىشىنىڭ سىرىنى چۈشەنگەن ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چوڭقۇر ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن: «سىز زادى كىم بولىسىز؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئۆتمۈشىنىڭ ئەسلىمىلىرىگە چۆكۈپلا كەتكەن قايغۇلۇق ئاۋازدا، ئىنتايىن كەمتەرلىك بىلەن، «ئالالاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دوستى، ئەبۇزەر بولىمەن» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

تەبۇك غازاتى مەزگىلىدە، مۇسۇلمانلار مەيدانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن جەڭگە قاتناشماي قېلىپ قالغانلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر - بىرلەپ خەۋەر قىلماقتا ئىدى. شۇ قاتاردا ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسمىمۇ تىلغا ئېلىندى. ئەمما ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئۆلگى ياخشى يول يۈرمىگەنلىك سەۋەبىدىن ئارقىدا قالغانلىقىنى ۋە ئاخىرى ئۇلاغنى تاشلاپ، ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ، پىيادە كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئونۇتقان، ئالالاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ئەسلەش بىلەنلا مەستانە، ئىتائەت ۋە پىداكارانە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە ئىدى.

بىردىنلا ”ۋوي! يىراقتىن بىرسى كېلىۋاتىدۇ“ دېگەن ئاۋاز ياڭرىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچ ئىككىلەنمەستىن، ”ئۇ بەلكىم ئەبۇزەر بولۇشى مۇمكىن“ دەپ جاۋاب قايتۇردى.

بىر ئازدىن كېيىن، ”ئالالاھ بىلەن قەسەمكى، راستىنلا ئەبۇزەر ئىكەن“ دېگەن ئىككىنچى ئاۋاز ياڭرىغاندا، ئۇنىڭغا جاۋابەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ”ئەبۇ زەرگە ئالالاھ رەھمەت قىلسۇن، ئۇ تەنھا يول يۈرىدۇ، تەنھا ئۆلىدۇ ۋە تەنھا قوپىدۇ“ دېگەن سۆزلىرى ياڭرىدى.

ئەمەلىيەت راستىنلا شۇنداق بولدى. ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ھاياتىنى يېگانە زۇھدۇ - پېقىرلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئەڭ ئاخىرى بىر چۆللۈكنىڭ خارابىلىقىدىكى تەنھالىقتا ئاخىرقى تىنىقىدىن ئايرىلدى.

ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئايالىدىن باشقا ھەمراھى يوق بولۇپ، ئامالسىز قالغان ئايالى "سىلى بۇ ھالدا تۇرسىلا ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن؟" دېگىنىچە يىغلاشقا باشلىغان ئىدى.

ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىسمانىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ھالى قالمىغان ئەھۋالدا بولسىمۇ، يەنىلا ئىمان تەپتىدە تاۋلىنىپ پىشقان ئىلگىرىكى قەتئىيلىكى بىلەن: " خوتۇن، نېمىگە يىغلايسەن؟" دەپ سورىدى.

ئايالى: "مەندە كېپەنلىك قىلغۇدەكمۇ رەخت بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلى... سىلى... بۇ خارابىلىقتا ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلىنىپ كېتىدىغاندەكلا تۇيۇلىۋاتسىلا... - دېگىنىچە سۆزىنى داۋام قىلالماي ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

- بولدى بۇنىڭ غېمىنى قىلمىغىن! - ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇنىڭ لەۋلىرى مۆھتەرەم ساھابىلەرگە خاس ئىمانىي قەتئىيلىك بىلەن ھەرىكەتلەنمەكتە ئىدى.

- بىز بىر قانچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «سىلەردىن بىر كىشى چۆللۈكتە جان بېرىدۇ، شۇ چاغدا مۇسۇلمانلاردىن بىر توپ كىشىلەر شۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ» دېگەن ئىدى. ئەينى چاغدا مەن بىلەن بىرگە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى شەھەردە جان بېرىپ بولدى. ئەمدى چۆللۈكتە جان بېرىدىغان بىر مەنلا قالدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، دېگۈچىمۇ راست ئېيتىپتىكەن، مەنمۇ راست ئاڭلاپتىكەنمەن، ماڭغىن، سەن بېرىپ قاراپ باققىن، بەلكىم ئاشۇ بىر توپ كىشىلەر كېلىۋاتقان بولسا كېرەك.

ئايالى قاتتىق خورسىنغان ھالدا "ھازىر يوللار شۇنداق بوش، ھاجىلارنىڭ كارۋانلىرىمۇ ئۆز يوللىرىغا كېتىپ بولغان چاغ تۇرسا، ئەمدى بۇ يەرگە كىممۇ كېلىدۇ دەيلا؟" دېدى.

ئەمما ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتتىق تۇرۇۋېلىشى بىلەن سۆزىنى رەت قىلالماي، ئاخىرى بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. قارىسا، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كېلىۋاتقان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ۋەسىيىتىگە بىنائەن يەرلىكىگە

قويۇلدى. ئۇ ھەتتا ئاشۇ ئاخىرقى چېغىدىمۇ دۇنيادىن پېشىنى قەتئىي قېقىپ: ”ئەگەر ئايالىمدا كېيەنلەشكە يەتكۇدەك رەخت چىقىپلا قالسا، مېنى شۇنىڭدا كېپەنلەڭلار، ئەمما قەسەمكى، مەنسەپدارلىق بىلەن ئازراقلا ئالاقىسى بولۇپ قالغان ھەرقانداق كىشى ماڭا ھەرگىز كېپەن كىيگۈزمىسۇن“ دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىدى.

مانا ئۇلار، ”ئاللاھنىڭ جەننىتى ئاسان قولغا كېلىدىغان يەردە ئەمەس، بەلكى قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈر پىلسىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئۇ قېتىدا“ دېگەننى مەھكەم ئېسىدە ساقلىغان كىشىلەر ئىدى. ئەمما بىزچۇ؟! بىز نادانلار پىلسىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئۇ قېتىدا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ مۇشۇ قېتىدىلا جەننەتكە ئېرىشسەك دەيمىز.

ئۇلار دەل ئەنە شۇ خەتەرلىك كۆۋرۈكتە يۈك بولۇپ قالمىسۇن ئۇچۇن دۇنيانىڭ يۈكلىرىدىن ئامال بار يېنىكلەشكە تىرىشقان بولسا، بىز دۇنيانى ۋە دۇنيانىڭ مال ـ ۋارانلىرىنى بېشىمىزغا ئارتىپ، پۇتلىرىمىزغا مەھكەم چىگىۋالغان ھالدا دوزاخنىڭ دەل ئۈستىدىكى، قىلدىنمۇ ئىنچىكە، قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈر ئاشۇ خەتەرلىك پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەكچى بولماقتىمىز. ئەگەر ئەھۋالىمىز راستىنلا شۇنداق بولسا، ئاقىۋىتىمىز زادى قانداق بولماقچى؟

بۇنى ئويلاش ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن تەقەززاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئوي بولمىغان يەردە ئىمانمۇ بولمىغان، ئەمەلىي روھتىن مەھرۇم، جانسىز، قۇرۇق داۋراڭلا قالغان بولىدۇ. قېنى ئويلىنايلى، بىزدە ھېچ بولمىغاندا، ”ئاقىۋىتىم قانداق بولار؟“ دېگەن ئاشۇ ئوي ھەقىقىي مەۋجۇتمىدۇ؟ ئەگەر مەۋجۇد بولمايدىكەن، ئۇنداقتا بىز يەنىلا ”مۇسۇلمان“مۇ؟!

## ئاشقانه بەندىچىلىك سەيرى

قاقاس چۆللۈكىنىڭ يالقۇنلۇق باغرىدا ئىنتايىن پاك روھقا ئىگە ئۈچ كىشى ئاشقانە بەندىچىلىك سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى. ئۇلار ئەر ـ ئايال ۋە سەبى بالىدىن ئىبارەت بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ، مەككىنى تاشلاپ مەدىنە تەرەپكە كېتىپ باراتتى. ھالبۇكى مەككە ئۇلارنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىز ئانا ۋەتىنى ئىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىنسانغا نىسبەتەن ۋەتەن تۇرماق، ھەتتا ئۆز ئۆيىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىمۇ، مەھەللىسىنىڭ بولۇڭ ـ پۇچقاق كوچىلىرىمۇ ئاجايىپ سۆيۈملۈك، قىممەتلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھۈنەر، كەسىپ ـ تىجارەتلىرىمۇ ئىنسان قەلبىنى ۋەتەن بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ھەر خىل ئالاقە، دوست ـ بۇرادەرچىلىك ئۈچۈنمۇ ئىنسان ئالاھىدە كۆڭۈل بولۇپ، قەلب تۆرىدىن ئورۇن بەرمەي قالمايدۇ. ئەمما بۇ ئۈچەيلەن ئاشۇ ئايرىلىشقا كۆز قىيمايدىغان ئەزىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىپ، باشقا بىر جايغا يۆتكەلمەكتە ئىدى. كۆز ئالدىدا قاقاس چۆللۈك. چۆللۈكنىڭ ئۇ قېتىدا بولسا، ئۇلار يېڭى دۇنياسىنى قۇرۇپ چىقماقچى بولۇۋاتقان، يېڭى ھاياتقا شۇ يەردىن باشلاپ قەدەم قويۇپ، ناۋادا قەدەم قويالمىسا، پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان ”مەدىنە“ ئىسىملىك ياتلا بىر شەھەر ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى ئىدى.

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ سەپەرگە ھېچكىممۇ ئۇلارنى مەجبۇرلىمىغان، ياكى ئۇلارنىڭ ياخشىراق جاھاندارچىلىق قىلىشتىن بىرەر تەمەسىمۇ يوق، ۋەياكى ئۇلار ئەقلىدىن ئازغان ساراڭ كىشىلەرمۇ ئەمەس ئىدى.

ئەمىسە، ئۇلار زادى كىملەر؟ نىمە ئۇچۇن كۆچۈپ يۈرمەكچى؟

تارىخ بىزگە ئۇنلۇك توۋلىغان ھالدا، «ئۇلار ئاللاھنىڭ ھەقىقىي بەندىلىرى بولغان سەلىمە، ئۇممى سەلىمە ۋە ئەبۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىدى! ئۇلار ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان راھەت ـ پاراغەتلىك ئەزىز نەرسىلىرىنىڭ ھەممىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئاللاھقا سازاۋەر بولۇش ئىشتىياقىدا، ئاشىقانە بەندىچىلىك سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئارمانلىرىغا قارشى كۈرەش قىلمىسا بولمايدىغان، ئۆز قولى بىلەن ئۆز قەلبىگە تىغ ئۇرمىسا بولمايدىغان ھىجرەتتىن ئىبارەت ئەڭ كاتتا جىھادنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى» دېگىنىچە، ھەم مەنىلىك ھەم تەنىلىك جاۋاب قايتۇرىدۇ.

دەرھەقىقەت، بۇ شۇنداق سەپەركى، ئۇنىڭغا تۇنجى قەدەمنى باسقان ئىنسان ”مۇقىم ماكانىم“ دەپ چۈشەنگەن بۇ رەڭدار دۇنيانىڭ ھېچ باقاسى بولمىغان پانىي نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئۇزىنىڭ ئەسلىدە، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن كېلىپ، يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېتىۋاتقان يولۇچى، مۇساپىر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ.

ئۇلارغا ئەسلىدە، مەككىنىڭ ئەڭ راستچىل ئادىمى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق تەلىم بەرگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆزىمۇ كىچىكىدىن تونۇيدىغان، ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە شۇنچە راستچىل، پۈتۈن ھاياتىدا بىر قېتىممۇ يالغان سۆزلەپ باقمىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىيكتە ئاللاھقا مۇناسىۋەتلىك ئىشقا كەلگەندە يالغان سۆزلەپ قېلىشىغا قەتئىي ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭ تەلىماتىغا جان ـ دىلى بىلەن تولۇق ئىمان كەلتۈرگەن ئىدى. مانا بۇ ئىشەنچ ئۇلارنى ئۆز ئۆيىدىمۇ ۋە ئانا ۋەتىنىدىمۇ تېپىرلاپ تۇرالمايدىغان، ئۆزىنى ”مۇقىم“ دەپ ھېس قىلالمايدىغان يەرگە ئەكېلىپ قويغان ئىدى. چۈنكى ھەممە ئەتراپنى كۈيۈر بىلەن شېرىكچىلىك قورشاپ، ئۇلارغا ئاليغان ھالدا: «ناۋادا ئاشۇ ئىشەنچتىن ۋاز كېچىپ، سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش دۇنيانى ”ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ ئاخىرقى مۇقىم ماكانىمىز“ دەپ ئېتىراپ قىلساڭلار، ئاندىن بىز سىلەرگە ھېچ نەرسە دېمەيمىز. ھۆكۈمرانلىقىمىزدىن ئىبارەت مەنئۇى ئىلاھلار ئالدىدا شۇنداقلا بىز ئۆز قولىمىز بىلەن ئويۇپ چىققان ساناقسىز

تاش ئىلاھلار ئالدىدا بىزگە ئوخشاش باش ئەگسەڭلار، بۇ ۋەتەن ھەم سىلەرنىڭ، ھەم بىزنىڭ ۋەتىنىمىز بولغان بولىدۇ. ئاندىن سىلەر ئايال، بالا - چاقىلىرىڭلار بىلەن بىخارامان تۇرمۇش كەچۈرەلەيسىلەر، تىجارىتىڭلارمۇ ئۆزۈڭلارغا مەنسۇپ، بىزمۇ سىلەرگە مەنسۇپ بولغان بولىمىز. ناۋادا بۇنىڭغا ئۇنىمايدىكەنسىلەر، ئۇ چاغدا ھېچ نەرسىنىڭ سىلەرگە مەنسۇپ بولۇشىغا يول قويمايمىز» دېمەكتە ئىدى.

دېمەك، دۇنياپەرەسلىك ۋە ئاللاھ سۆيەرلىكتىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل كۆز قاراش بىر - بىرى بىلەن قاتتىق تىركەشمەكتە ئىدى. ئاربىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاللاھ سۆيەرلىكنىڭ ئىمان قۇربانگاھىدا پۈتۈن دۇنياسىغا ئىككىلەنمەي پەشۋا تېپىۋاتقان ئاجايىپ ئوبرازنى دۇنياپەرەسلىك ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ ئۇچەيلەن دۇنيادىن دەرھال پىشىنى قېقىپ، ھېچ ئىككىلەنمەستىن، ئاللاھ تەرەپكە يول ئالغان ئىدى. بۇنچە چوڭقۇر قەتئىي ئىشەنچنى كۆرۈپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىۋاتقان كۇپپۇرلىق ئۇلارنى نەدىمۇ مۇنداقلا كەتكىلى قويسۇن دەيسىز؟

تاغۇتنىڭ ئاللاھقا، كۇپپۇرلىقنىڭ ئىمانغا بولغان ئۆچمەنلىكى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەبۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كاپىر قەبىلىسى بەنى ئەبدۇ ئەسەد بىلەن، ئۇممى سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كاپىر قەبىلىسى بەنى مۇغىيرە، ئىككى تەرەپتىن تەڭلا ئۇلارنى قوغلاپ چىقتى. ھەمدە ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇپ كېلىپ، بىر تەرەپتە بەنى مۇغىيرە قەبىلىسى ئۆز قەبىلىسىگە تەۋە ئۇممى سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى مەجبۇر سۆرەشكە باشلىسا، يەنە بىر تەرەپتە بەنى ئابدۇ ئەسەد قەبىلىسى ئانىنىڭ قۇچىقىدىكى سەبى بالىنى تارتىپ ئېلىپ، «سىلەر ئۆز قەبىلەڭلارغا تېگىشلىك ئايالىنىلا ئېلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ، ئەمما ئوغۇل بىزنىڭ قەبىلىمىزگە تەۋە. شۇڭا بىز ئوغۇلنى ئېلىپ كېتىمىز» دەۋاتاتتى.

دادا بۇ ئېغىر مۇسىبەتتىكى چارىسىزلىق دەستىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قېتىپلا قالغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى قەبىلە ئوتتۇرىسىدا بالىنى يىرتقۇچلارچە تالىشىپ - تارتىشىش باشلىنىپ كەتتى. ئاتا - ئانىنىڭ نالە - پەريادلىق سادالىرى ھېچ بىرىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ھەتتا تارتىشىش جەريانىدا گۆدەك

سەلىمەنىڭ بىلىكىمۇ ئورنىدىن چىقىپ كەتتى. ئەمما يەنىلا ياۋۇزلارنىڭ قەلبى زەررىچە ئىچ ئاغرىتاي دېمەيتتى. ئاغرىقتا چىدىماي ۋارقىراپ يىغلاپ، ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپ كېتىۋاتقان يۈرەك پارىسىنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ شۇنچە زورۇقۇشلىرى ۋە نالە قىلىپ تۆككەن ياشلىرى يەنىلا نەتىجىسىز قىلىۋەردى.

ئاخىرى بەنى ئەبدۇ ئەسەد قەبىلىسى ئاتا ـ ئانىسىغا تەلمۈرۈپ، قاتتىق ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان بالىنى يۇلۇپ ئېلىپ يولغا يۈرۈپ كەتتى. بەنى مۇغىرە قەبىلىسى بولسا، زارلىنىپ ھالىدىن كەتكەن ئانىنى باشقا بىر تەرەپكە سۆرىگەنچە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئانىنىڭ قەدىردان يولدىشى ۋە بالىنىڭ شەپقەتلىك دادىسى بولغان ئەبۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۈز كۆزلىرى بىلەن قوشۇپ، پۈتۈن قەلب، روھى قانغا بويالغان ھالدا قاقاس چۆللۈكتە يالغۇز قالدى. گەرچە ئۇ پۈتۈن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ”مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى“ دېگەننى ھەرگىز ئەستىن چىقىرىپ قويمىدى. ئۇ سۆرەلگىنىچە ئېلىپ كېتىلىۋاتقان سۆيۈملۈك رەپىقىسى بىلەن چىقىراپ يىغلاۋاتقان ئوماق بالىسىنىڭ ئارقىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈش ئىچىدە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنىلا ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە مەدىنىگە قاراپ يولىنى داۋاملاشتۇردى.

ئاللاھنىڭ ھەقىقىي بەندىسى ئاللاھ تەرەپكە يول ئالغان ئىدى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر سۆزى ھەق ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنەتتى. بۇ ئازابلىق مۇسىبەتلەرنىڭ پەقەتلا بىر سىناق ئىكەنلىكىگە، نەتىجىنىڭ چوقۇم ئىزىلگۈچىلەرنىڭ غەلىبىسى ۋە زالىملارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن تاماملىنىدىغانلىقىغا، باتىلنىڭ ھالاكىتى بىلەن ھەققانىيەتنىڭ نۇسرىتى مۇتلەق ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ ھەر بىر قارارىدا زۇلمەت ئەمەس، ھېكمەتنىڭ مەۋجۇتلىقىغا تولۇق ئىشەنگەن ئىدى.

ئېنىقكى، ئاللاھقا نىسبەتەن مانا شۇنداق مۇستەھكەم ئىشەنچ بولغاندىلا ئىنسان ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزىنى غالىب ھېس قىلالايدىغان، ئازابتىن قەلبلىرى لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتسىمۇ، ئەمما قەتئىي ئۈمىدسىزلىنىپ قالمايدىغان، ھەرقانچە ئاچچىق

ئەمەلىيەتلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندىمۇ، ئاللاھنى ئۆزىگە تايانچ قىلىش ئارقىلىق ئاچچىق ئەلەملەرنى ئىچىگە يۇتۇپ كېتەلەيدىغان، ئاللاھقىلا يۆلىنىشتىن ئىبارەت بىردىن ـ بىر قەلب تايانچىسى ھەرقانداق پالاكەتلىك ئەھۋالدىمۇ قىلچە تەۋرىنىپ قالمايدىغان، بەلكى ئازابقا يولۇققانسېرى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ كېتىۋېرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئەمما قەلبى بۇنداق تايانچتىن مەھرۇم، ھەممە نەرسىنى ماددىي سەۋەب، ۋاستىلەرگىلا باغلاپ چۈشىنىدىغان بىز بىتەلەيلەرنىڭ نەقەدەر بەختسىزلىككە قارىمامدىغان؟! چۈنكى بىز ئۇ خىل تايانچتىن مەھرۇم پىتى ياشاۋېرىشنى خالايمىز ۋە خالاۋاتىمىز ھەتتا ئۇنىڭدىن مەھرۇم پىتى ئۆلۈشكىمۇ رازىمىز.

لېكىن ئۇ ئۇچەيلەن ئاللاھقا يۆلىنىشتىن ئىبارەت دەل ئەنە شۇ تايانچىنىلا ئۆزى ئۇچۈن يېتەرلىك دەپ بىلگەن بولغاچقا، ئاقىۋەت ئۇنىڭ ھەقىقەتەن يېتەرلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. گەرچە ئۆلارنىڭ ئائىلە كېمىسى سىناق دېڭىزىنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرىدا پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاردىن بىر يىل ئۆتمەيلا ئۆلارنىڭ تەنھا تايانچى بولغان مېھرىبان پەرۋەردىگارى كېمىنى ساق ـ سالامەت ساھىلغا يەتكۈزۈپ بەردى.

دېمەك، ئىنساننىڭ كۈتۈپ تۇرالىشىنى، سەۋر قىلالىشىنى، ھەرگىزمۇ كاپىرلارغا ئوخشاش يەكۈنگە يۈگرەك، ئالدىراڭغۇلاردىن بولماسلىقىنى شەرت قىلغان ”ھەقىقەت“ ئاخىرى مەيدانغا چىقتى. بۇ بىر يىلغا سوزۇلغان قاتتىق سىناق جەريانىدا ئۇممى سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئەبۇ سەلىمە رىزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھنىڭ قارارىنى كۈتۈپ سەۋر قىلالىدى. ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىيلەن بۇ ئېغىر كۈنلەرگە ھەرگىز باش ئېگىپ قالمىدى. ئەبۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە ئۆز ئايالىنىڭ ۋە ئوماق يۈرەك پارىسىنىڭ ھىجران ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان بولسا، ئۇممى سىلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ ساق بىر يىلغا قەدەر چۆللۈكلەرنى كۆز يېشى بىلەن نەملەپ ۋىسال پەيتلىرىنى كۈتۈپ تۇرالىدى. كۈيۈر ۋە شېرىكچىلىكنىڭ قوينىدا قولغا كېلىدىغان ھەربىر راھەت ـ پاراغەتنى خۇددى ئۆز روھىغا سانچىلىدىغان زەھەرلىك نەشتەردەك بىلەلىدى. ھەر دائىم ئوماق

بالىسىنىڭ شوخ كۈلكىلىرىنى ئەسلەپ، يۈرىگى پۇچىلانغان چاغلاردا چۆللۈككە بېرىپ، ئاسمانغا تىكىلگىنىچە ئاللاھنىڭ ئالدىدا كۆز يېشى قىلىش بىلەنلا ئۆزىگە راھەت تاپالىدى. داتلاش ئورنىغا تەشەككۈر، قايغۇرۇش ئورنىغا تەسبىھ، نالە قىلىش ئورنىغا تىلاۋەت بىلەن قەلبىنى تەسكىن تاپقۇزالىدى. يىغلىماقچى بولسا، پەقەت ئاللاھقىلا يېلىنىپ يىغلىدى. كۈپپارلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىنى ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاھنىڭ رەھىم ـ شەپقىتىنىلا ئۈمىد قىلىش بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى تاپالىدى.

ئانا، دادا، بالا، ھەر ئۈچەيلەن تېنىمسىز ياش تۆكۈۋاتقان، ئوخشاشلا ھىجراننىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان، ئەمما قەلبلىرى شۇنچە خاتىرجەم شۇنچە بىخىرامان، كۈپپارلارغا غەزەپلىك بېقىپ: «سىلەر بىزنى ھەممە نەرسىمىزدىن ئايرىۋەتكەن بولساڭلارمۇ، قەلب تەسكىنىمىز بىلەن قەلبىمىزدىكى ئىمانىمىزدىن ئايرىيالمىدىڭلار» دەپ مەغرۇر خىتاب قىلىۋاتقان، پۈتۈن دۇنيانى نارازى قىلغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھنى رازى قىلالايدىغانلىقى بىلەنلا پەخىرلىنىۋاتقان... ئاشۇنداق گۈزەل، شېرىن ئائىلىلەر قويىنىدا ئاخىرى ئازابلىق بىر يىلمۇ تامام بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن غەم ـ ئەندىشە، مۇسىبەتلەرمۇ بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. چۈنكى دۇنيا پانىي بولغاچقا ئۇنىڭ غەم ـ قايغۇلىرىمۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس ئىدى. مۇسىبەت گەرچە ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، ئەمما دائىم شۇ پېتى كېتىۋېرەلمەيتتى.

زۇلۇم بىلەنمۇ غەلىبە قىلالمىغان كۈپۈرلۈق ئاخىرى ئۈممى سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تەڭداشسىز سەۋرچانلىقى ئالدىدا تەسلىم بولۇپ، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن قويۇپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان بەنى ئەبدۇ ئەسەد قەبىلىسىمۇ بالىنى ئەكېلىپ ئانىنىڭ قوچىقىغا سېلىپ بەردى.

ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان شۇنداق قەتئىي ئىشەنچىسىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە، ھەل قىلغۇچ قارارنى پەقەت ئۆزىلا چىقىرىدىغان، بەندىلەرنىڭ قەلبى ئىككى بارمىقى ئارىسىدىلا بولغان، قەلبلەرنى ئۆزى خالىغان تەرەپكە بۇرايدىغان ۋە بۇراۋاتقان ئاشۇ قۇدرەتلىك ئاللاھ تاشتەك قاتمال يۈرەكلەرنى ئېرىتىپ، ئۇلارنى ياۋۇزلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. قاتتىق ئېچىنىشلىق ھالدا بىر ـ بىرىدىن

جۇدا بولغان بۇ ئائىلىنى يەنە بىر يەرگە جەم قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يەنىلا ياش تۆكۈشتىن توختىمىغان ئىدى. لېكىن بۇ ۋىسال شاتلىقىنىڭ تەشەككۇرانە كۆز يېشى بولۇپ، ئۇلار ياشلىق كۆزلىرىنى كۆككە تىككىنىچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پەرۋەردىگارىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈۋاتاتتى.

"ئى مېھرىبان پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا مىڭ مەرتىۋە شۈكرى! مىڭ مەرتىۋە شۈكرى! بۇ ئېغىر سىناقلارغا بىزنى ئۆزۈڭ باشلىغان ئىدىڭ، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشىمىز ئۈچۈن جىدامچانلىقنىمۇ يەنە ئۆزۈڭ ئاتا قىلدىڭ، مانا ئاخىرى بۇ سىناقتىنمۇ يەنە ئۆزۈڭ غەلىبە قىلدۇردۇڭ! ئەمدى بېشىمىزدىكى ئېغىر مۇسىبەتلەر تۈگىدى. ئەمما سېنىڭ ئىنئامىڭ مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ!" دەپ نىدا قىلىۋاتاتتى.

قېنى بىز شۇنچە قاتتىق قورقۇنچلۇق سىناقلاردىمۇ قەتئىي تەۋرىنىپ قالمىغان ئاشۇ ئەجدادلىرىمىز، ئاشۇ ئۆز قېرىنداشلىرىمىز ياراتقان ئېسىل كىشىلىك ئوبرازغا قاراپ باقمايلىمۇ؟! ئۇلار سەۋر ھەم جىدامچانلىقنىڭ ئاشۇنداق تىك قىيالىرىنىمۇ خۇشاللىق بىلەن كېسىپ ئۆتەلىگەن، ھىجراننىڭ ئاتەش، يالقۇنلىرىنىمۇ پەقەت ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈنلا قىزىل گۈل بىلىپ باغرىغا باسالىغان، ياخشىلىق ھەم يامانلىقنىڭ ھەممىنى قازا ۋە قەدەردىنلا كۆرەلىگەن.

ئەمما بىزچۇ؟ بىز ئۇنداق سىناقلارغا يولۇقۇش شەرىپىنىڭ ئەمەس، ھەتتا خاتىرجەم، باياشاتلىقنىڭ شۈكرانىسىنىمۇ جايىدا ئورۇندىيالماي يۈرمەكتىمىز. ئۇتۇق، ئامەتلەرنىڭ ھەممىنى ئەقلىمىزدىن كۆرۈپ، مەغلۇبىيەتنىڭ ھەممىنى شۇم پېشانىمىزغا دۆڭگىمەكتىمىز. ئەتراپىمىزدىكى تاسادىپىي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان قېرىنداشلىرىمىزغا "ئەقىلسىز، ھاماقەتلەر" دەپ باھا بېرىپ، ئۆزىمىزنىڭ قانچىلىك دانالىقىمىزنى بازارغا سېلىپ يۈرمەكتىمىز. ئەگەر ئاشۇ ئەجدادلىرىمىزنى ھەقىقىي مۆمىن دەيدىكەنمىز، ئۇنداقتا ئۆزىمىزگە نېمە دەيمىز؟!

بۇ سوئالنى ساھابىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا شەكىللەنگەن نۆۋەتتىكى شۇنچە پەرقلىق تەپەككۇر مىزانىمىزدىن سورايلى! ئۆز قەلبىمىزدىن سورايلى! ۋىجدانىمىزدىن سورايلى! ئۇنداق ئىمان

مەشئىلىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ زەررىچە ئۇچقۇنىنى بولسىمۇ زۇلمەت باسقان قوتۇر قەلبىمىزنىڭ بىرەر بۇلىڭىدىن ئۇچرىتالامدۇق، يوق؟ بۇنىڭغا ئىنچىكىرەك قارايلى!

شۇنداق... قارايلى، قېرىنداشلار قارايلى!

ھازىر بىز ھەممە دە ـ تالاشنى قويۇپ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مۇسۇلمان ياكى ئەمەسلىكىمىزگە قارايلى!

# مۇھەببەتكە مۇھەببەت قىلىش

ئۇكازىنىڭ تارىخىي سودا بازىرىدا، ئىنسانىيەت ئۇلاغ ئورنىدا بازارغا سېلىنىۋاتقان ئىدى. ساتقۇچىمۇ ”ئىنسان“، سېتىۋالغۇچىمۇ ”ئىنسان“، سېتىلىۋاتقانمۇ دەل ”ئىنسان“ ئىدى. ”زەيد“ ئىسىملىك ئوماققىنە بىر گۆدەك ”ئىنسان“ غا باھا قويۇلىۋاتاتتى.

ئۇ ئەسلىدە يەمەننىڭ ئەڭ شانۇ ـ شەۋكەتلىك قەبىلىسىدىن بەنى قۇزائەنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، دادىسى ھارىسە بىلەن ئانىسى سۇئىدانىڭ مېھرى ـ شەپقىتى سايىسىدا، دۇنيانىڭ ھېچقانداق ئىسسىق ـ سوغۇقىنى كۆرمەي گۆھەردەك ئەتىۋارلىنىپ چوڭ بولغان ئىدى. زەيد ياۋۇزلارنىڭ قانخورلۇقىنى ئەمەس، ئىنسانىيۋىلىكنىڭ پاك سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنىلا تونۇيتتى. ھايۋانىي غەزەپ ـ نەپرەت دېگەننى ئەسلا بىلمەيتتى. ئەمما ئۇ قىسمەتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ چۈشىنىپ يەتمىگەن گۆدەك يېشىدا، تۇيۇقسىز شەيتانىي نەپسانىيەتچىلىكنىڭ قارا قويۇنلىرىغا يەم بولدى.

بەنى قەيىن قەبىلىسىنىڭ قانخور باسمىچىلىرى بەنى قۇزائە قەبىلىسىگە باستۇرۇپ كېلىپ، نۇرغۇنلىغان جانسىز، ماددىي بايلىقلارنى بولاش بىلەن بىرگە ئاشۇ تىرىك، كىچىككىنە گۆدەك بالىنىمۇ، ئانىسىنىڭ مېھرىلىك قويىنىدىن يۇلۇپ، دادىسىنىڭ شەپقەتلىك باغرىدىن ئايرىپ تاشلىغان ئىدى.

كۆكرەكتىن ئاجرىغان بالا ئازاب شىددىتىدە بوغۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە يۇرىكى جۇدالىقنىڭ زەھەرلىك تىرناقلىرىدا يارىلىنىپ، كۆزلىرى ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئازابلىق ئىڭراشلىرىغا جاۋابەن رەھىمسىز تەستەك تېگىۋاتقىنىنى كۆرمەكتە ئىدى. باسمىچىلاردىن قايسىدۇر بىرى ئۇنىڭ يىغا ـ زارىنى ئاڭلاپ، ئېتىلىپ كەلگەنچە، قاتتىق بىر شاپىلاق

بىلەن غۇنچىدەك رۇخسارىنى سارغايتىپ قويغان ئىدى. ۋەھشىلىكنىڭ بۇ تۈنجى زەربىسى تېگىش بىلەن تەڭلا گۆدەكنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ جىمىپلا قالدى. غەزەپلىك كۆزلەر... تاشتەك قەلبلەر... گۇناھكارلىقنىڭ قورقۇنچلۇق تەلەتى... قارانىيەتلىكنىڭ لەنتى ياۋۇزلىقى... قورشاۋىدا، زەيد تۈنجى قېتىم ئىنسانىيەتنىڭ ھايۋانلاشقان يىرگىنچلىك ئەپتى - بەشىرىسىنى كۆرمەكتە ئىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، گەرچە شەكلى ئىنسانغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمما ئىنسانىنىڭ دەردىگە يېتىشنى بىلمەيدىغان يەنە بىر توپ كىشىلەر ئۇكازىنىڭ بازىرىدا ئۇنىڭ ئالاقزادە كۆزلىرىگە چېلىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھېسسىز كۆزلىرى زەيدكە مىختەك قادالغان بولۇپ، زەيدنىڭ جىسمانىي ئەزالىرىنى، گۆش، ئۇستىخان، مۇسكۇل، تېرىلىنى ئۆلچەپ، باھالاپ، قۇللۇق يۈكىنى تارتىش كۈچىنى دەڭسەپ، نەرخ تالاشماقتا ئىدى. بۇ ئاجايىپ كۆزلەر زەيدنىڭ پۈتۈن ئەزايىغا شۇنچە سىنچىلاپ قارايتتى - يۇ، ئۇنىڭ جاراھەتلىك كىچىككىنە قەلبىگە نەزەر سالمايتتى. قاراقچىلارنىڭ قويۇۋاتقان باھالىرىنى شۇنچە قۇلاق سېلىپ ئاڭلايتتى - يۇ، ئوماققىنە سەبىنىڭ ساداسىز پەريادىنى تىڭشاي دېمەيتتى.

- ئاھ! سىلەر راستىنلا ئىنسانمۇ؟!

زەيدنىڭ يىگانىلىق دەشتىدە ئېزىلگەن روھى ئازابتىن نالە قىلماقتا ئىدى.

- سىلەر زادى قانداق ئىنسانلار؟! كۆزۈڭلار پۇلتىيىپ تۇرغان بىلەن مېنى كۆرمەس قارىغۇ. قۇلىقىڭلار بولغان بىلەن پەريادىمغا گاس ئىكەن. چىراي شەكلىڭلار دادامغا ئوخشايدىكەنۇ، لېكىن سەبىيلەرگە شەپقەتتىن دېرەكمۇ يوق ئىكەن. ئاھ! سىلەر قاراقچىنىڭ شېرىگىمۇ يە؟! ياۋۇزنىڭ دوستىمۇ يە؟! سىلەر نېمە ئۈچۈن سەبىنىڭ دەردىگە ئىچ ئاغرىتىشنى بىلمەيسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن زالىمغا نەپرەت قىلمايسىلەر؟

ئەمما ئاللاھنىڭ ساداسىنى ئاڭلىمايدىغان قۇلاقلار ئىنساننىڭ ئاۋازىنى قانداقمۇ ئاڭلىسۇن، دەيسىز! ئۇنىڭ بۇ ئەلەملىك روھىي پىغانىنى ئاڭلىيالايدىغان بىرەر ئىنسانمۇ يوق ئىدى.

بۇ دەل زەيد كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان ئىلگىرىكىدەكلا شەپقەتسىز، ئىككىنچى قېتىمقى يىرگىنچلىك مەنزىرە بولۇپ، ئۇنىڭ قاباھىتى ھەتتا

ئىنساننىمۇ ئىنسانىيلىكتىن يىرگەندۈرۈشكە ئېلىپ باراتتى. ئاخىرى باھا تارتىشىش ھەكىم ئىبنى ھىزام ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن ئاياقلىشىپ، ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ بۇ چىدىغۇسىز مەنزىرىسى ئۆز ئىنتىھاسىغا يەتتى.

ھەكىم ئىبنى ھىزام زەيدنى ئېلىپ، مەككىدىكى ئەڭ ئېسىل ئەخلاقلىق ئايالغا، يەنى، ھاممىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ھەدىيە قىلىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئالالھنىڭ تەقدىرى زەيد ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇقەددەس سايىسىدا پاناھلىنىش يولىنى ئاچقان ئىدى. زەيد خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن خاتىرجەملىكىنىڭ تۈنجى تىنىقىنى تىندى. ئەمما شۇنداقتىمۇ ئۆتمۈشىنىڭ ئاچچىق ئەسلىمىلىرى ئۇنىڭ روھىيەت دۇنياسىغا زادىلا ئارام بەرمەيتتى. گەرچە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يۇمشاق مۇئامىلىسى ئۇنىڭ دەردىگە مەلھەم بولغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما سېغىنىشلىق ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىللىق مېھرىگە بەدەل بولالمايتتى. ئەخلاق ۋە شاراپەتنىڭ بۇ يېڭى دۇنياسىدا گەرچە زەيدنىڭ قەلبى ئارام تاپقاندەك قىلسىمۇ، روھى تەسكىن تاپمىغان ئىدى. سۆيۈملۈك ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تاتلىق ئەسلىمىلىرى بىر دەممۇ ئۇنىڭدىن نېرى كەتمەيتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن پۇچىلىنىۋاتقان سەبى روھى يۈرەك ـ باغرىدىكى دەرد ـ ئەلەملەرگە شىپا بولالايدىغان بىر نادىر مەلھەمگە تەشنا ئىدى.

خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا گەرچە تۇل ئايال بولسىمۇ، يەنىلا ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان ھەر كاتتا باي، رەئىس، سەردارلارنىڭ توي تەلىپىنى قوبۇل قىلمايتتى. نۇرغۇن قەبىلە سەردارلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئورتاق ھايات كەچۈرۈشنى كېچە ـ كۈندۈز چۈشەپ يۈرەتتى ـ يۇ، ئەمما خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا نە ئۇلارنىڭ سەردارلىقىغا، نە مال، بايلىقىغا قىزىقمايتتى. چۈنكى ئۇمۇ زەيدكە ئوخشاش ئىنسانلار جەۋھىرىنىڭ تەلەپكارى بولۇپ، دەردىنىڭ دەرمانى ئۈچۈن قەلبلەر ئۈستىدە شاھلىق قىلالايدىغان، ئازغۇن ئىنسانىيەت كارۋانلىرىغا ھەقىقىي رەھنەما بولالايدىغان ئەڭ ئۇلۇغ نادىر بىر زاتقا تەشنا ئىدى. گويا مەلىكە بىلەن قۇل، زەيد بىلەن خەدىچە، تەڭلا ھەقىقىي ئادىمىيلىكنىڭ جەۋھىرىنى ئىزدەۋاتاتتى.

ئاخىرى بۇ جەۋھەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن مەككىدە ھېچكىمنى پىسەنتىگىمۇ ئالمايدىغان خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ تەڭداشسىز جۇلاسى ئالدىدا

ئۆزى ئېگىلىپ، توي تەلىپىنى سۇندى. تويدىن كېيىن پات يېقىندا پەيغەمبەرلىكنىڭ دۇنيادىكى تۇنجى روھانى قەسىرگە ئايلانماقچى بولۇۋاتقان ئۇلۇغۋار ئۆيگە يۆتكەپ كېلىندى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە (پۈتۈن ئالەمنىڭ شاھلىقىدىنمۇ ئۇنىڭ قۇللۇقى بەكرەك قىممەتلىك بولغان) مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە زەيدمۇ تەڭ ھازىر بولدى. زەيد، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىنلىقىغا ئېرىشىش بىلەنلا ئۇنىڭ ئازابلىق روھى، شادلىق ساماسىدا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇنى سېزىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى يېڭى بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك، گويا، پۈتۈن مەككىلىكلەر ھۆرمەت قىلىپ، نامىنى ئاتىماي، بەزىدە "ئامانەتدار" بەزىدە "ساداقەتمەن" دەپ چاقىرىدىغان ئاشۇ بىرلا "ئىنسان" مەۋجۇد يېڭى بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

- ئۇ نېمانچە يېقىملىق ئۆزگىچە "ئىنسان"، ھە؟!

زەيد ئىچ - ئىچىدە ئويلاۋاتاتتى.

- ھەتتا خىزمەتكارىنىڭمۇ خىزمىتىنى قىلىۋېلىشقا ئالدىرايدىغان... بىچارىلەرگە خۇدا بولىۋېلىشنىڭ ئورنىغا خۇدانىڭ ئامانىتىنى ساقلىغاندەك كۆڭۈل بۆلۈپ ئاسرايدىغان... نەزىرىنى ئۇستۇن قىلىپ باققانلىرىدا، گويا دۇنيادىكى بارلىق مېھرى - مۇھەببەت ئۇنىڭ كۆزىگىلا مۇجەسسەملەشكەندەك ئىللىق قارايدىغان... سۆز قىلىدىغان بولسا، قەلبلەرگە خۇشپۇراق ئەنبەر قۇيۇلىۋاتقاندەك ياكى ھەسەل تامىتىۋاتقاندەك ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇ بېرەلەيدىغان... تەبەسسۇم قىلىدىغان بولسا، پۈتۈن ھاياتلىق مەۋھۇم لەززەتلەر قوينىدا مەستانىلەرچە تەڭكەش قىلىشقا باشلايدىغان... باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلىرىدا، خۇددى قەلب دولقۇنلىرىنى ساناۋاتقاندەك ئەستايىدىللىق بىلەن تىڭشايدىغان...

ئاھ! ئۇنىڭ باغرىدا ئانامنىڭ ئىللىق مېھرى بىلەن دادامنىڭ شەپقەتلىك قەلبى مەۋجۇتمىدۇ - يە؟... ياق، بەلكى ئۇلاردىنمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ ئىللىق، ئاجايىپ بىر مۇقەددەس دۇنيا ئۇ...

زادى نېمە ئۈچۈن ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە "ئاتا - ئانامنى تەسەددۇق!" دەپ توۋلىغۇدەك كېلىدىغاندۇ؟!....

بۇ زەيدنىڭ ۋۇجۇدىدا بەرپا بولۇۋاتقان ئەزىم ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ قەلبىدە ئاجايىپ سىرلىق بىر مەھلىيالىقنى

سەزمەكتە ئىدى. بۇ ئىنسانىي جەزىبدارلىقنىڭ سىرلىق تۈگىنى دەل ھىرا غارىنىڭ خىلۋەتلىرىدە، ئاللاھنىڭ پەرىشتىسى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام، ناھەقچىلىككە قارشى ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ كۈرەش ئۈچۈن مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەزىپە تاپشۇرغان چاغدىلا ئاندىن يېشىلەتتى. ئەمما زەيد ئەنە شۇ ھەقىقەتنىڭ تۈنجى سېزىمىنى ھازىردىنلا ھېس قىلماقتا ئىدى.

ئۇ سېغىنغان ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ چىن مۇھەببىتىنى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئېتىۋاتقان ھالەتتە كۆرۈشكە سازاۋەر بولدى. قەلبىدىكى نامەلۇم مەھلىيالىق ئۇنى تاتلىق ھاياجانغا چۆمدۈرمەكتە ئىدى. ”چىن ئىنسان“ ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئويغانغان بۇ تۇنجى يارقىنلىق مۇھەببەت بارغانچە يېتىلمەس ئىشەنچ ھەم پىداكارلىقنىڭ ئەمەلىي ۋولقانىغا ئايلىنىپ، زەيدنى گويا ئۇنىڭ نۇرىنى تاۋاپ قىلىپ قانمايدىغان مەستانە پەرۋانىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئەمما يىراق يەمەندە، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شۇنچە يىللاردىن بېرى يوقىتىپ قويغان ئارزۇلۇق كۆز قارچۇغىسىنىڭ دەردىدە قاتتىق ھىجران ئازابى چەكمەكتە ئىدى.

بىر كۈنى مەككىدىن كەلگەن بىر يەمەنلىك ”يۇرەك پارەڭلار مەككىدە ئىكەن، مۇھەممەد ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ يېنىدا ساق ـ سالامەت تۇرىۋېتىپتۇ“ دېگەن خوشخەۋەرنى يەتكۈزدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانا ئۆزىنى تۇتالماي شاتلىقتىن ھۆڭرەپ يىغلىشىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەيلا ھارىسە ئىنىسى كەئبىنى ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن زەيدنى تىلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراش يولغا ئاتلاندى. ئۇلار خۇشاللىقتا مەككىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەيلا قىلغان ئىدى.

ـ خالايىق! بىز مۇھەممەدنى ئىزدەيتتۇق، ئۇنى نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟
ـ ئۇلار كىشىلەردىن ئالدىراش سۈرۈشتۈرمەكتە ئىدى.

ـ مۇھەممەد شۇ تاپتا مەسچىتى ھەرەمدە ئولتۇرىدۇ ـ دېگەن جاۋابنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا بىر دەم ئىچىدە پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغىمۇ ھازىر بولدى ۋە «ئى، قەۋمىنىڭ سەردارى ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى! ئابدۇل مۇتەللىبنىڭ نەۋرىسى! بىلىشىمىزچە، سىلى ھەرەمدە تۇرىدىغان، غېرىب ـ غورۇۋالارغا ياردەم قىلىدىغان، ئاچ ـ يالىڭاچلاردىن خەۋەر ئالىدىغان پەزىلەتلىك ئادەمكەنلا. بىز سىلىنىڭ

ئالدىلىرىغا يۈرەك پارىمىزنى ئازاد قىلىپ، كاتتا بىر ئىھسان قىلارمىكىن، دېگەن تىلەك بىلەن كەلدۇق. ئەگەر ھەق تۆلىشىمىزنى خالىسىلىرى، ئېغىزلىرىدىن چىققاندىن ئاشۇرۇپ پۈتۈن دۇنيايىمىزنى تەقدىم قىلىشقا ھازىرمىز“ دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

ماھىيەتتە، ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ مەرھەمەتلىك سايىسى ئاستىدا، ئاللاھدىن غەيرىگە قۇل بولۇشتىن مەڭگۈ ھۆرلۈككە چىقىش ئالدىدا تۇرغان زەيدنى ئازاد قىلماقچى بولۇۋاتاتتى. ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ قاتمال تەڭگىلىرى بىلەن ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇھەببەت پەرۋانىسىنى سېتىۋالماقچى بولۇۋاتاتتى.

شۇنداق،

ئەمەلىيەت راستىنلا شۇنداق بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن، ”سىلەر زادى قايسى قۇلنىڭ ئازادلىقىنى تەلەپ قىلىۋاتىسىلەر؟ سىلەرنىڭ يۈرەك پارەڭلار زادى كىم؟“ دەپ سورىدى.

”زەيدنى...“ دېگەن تىترەڭگۈ سادا ئۇلارنىڭ ھىجراندا پۇچىلانغان قەلبلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئەلەملىك قاقشال لەۋلىرىدە مۆڭلىنىماقتا ئىدى. ئۇلار كۆڭلىدە ”ئەمدى قانداق جاۋابقا ئېرىشەرمىز“ دېگەن ئەندىشىلەرنىمۇ قىلماي تۇرالمىدى.

دېمىسىمۇ، يات بىر ئادەملەرنىڭ تەلىپى ئۈچۈنلا سېتىۋېلىنغان بىر قۇلنىڭ ئازاد قىلىنىشى ئاسان گەپ ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۆزىنى قويۇپ، ئۆزگىنىڭلا غېمىنى يەپ ئادەتلەنگەن مېھرىبان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ بارلىق غەم ـ ئەندىشە، دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئاللىبۇرۇن چۈشىنىپ يەتكەن بولغاچقا كامالى مېھرىبانلىق بىلەن، ”بىز قىلىپ بېرەلىگۈدەك يەنە باشقىمۇ خىزمىتىڭلار بارمۇ؟“ دەپ سورىدى.

بۇ سوئال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجايىپ ساخاۋەتكارلىق بىلەن تىلگۈچىلەرنىڭ ئەلەملىك تىلەكلىرىدىنمۇ ئاشۇرۇپ بېرىۋېتىش ئۈچۈن تەييار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرمەكتە ئىدى.

ـ ياق، ئى ئۇلۇغ شەپقەتچىمىز! بىزگە باشقا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس...

ھارىسە مەمنۇنىيەتتىن لەرزىگە كەلگەن ھالدا ئالدىراش جاۋاب

بىرىۋاتاتتى.

- مۇشۇ قىلغانلىرىڭنىڭ ئۆزىلا ھەممە نەرسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈكۈت ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئويلىنىشقا باشلىدى. بىر تەرەپتە، قەلب رىشتىسى باغلىنىپ، سۆيۈملۈك جان - جىگىرى بولۇپ قالغان زەيد، يەنە بىر تەرەپتە، ئاشۇنداق قىممەتلىك مۇھەببەتنىڭ ھىجران ئازابىدا پىغان چېكىۋاتقان بىر ئاتا قاراپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ئازابلىق قەلبىگە مۇز تېگىپ، بىراۋنىڭ دەردىنى ئەلا بىلگەن ھالدا،

- ئۇنداقتا زەيدنى چاقىرتايلى، ئۇ مەن تەرەپتىن ئازاد. ئەگەر ئۇ سىلەر بىلەن كېتىشنى خالايدىغانلا بولسا، ئېلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ - دەپ جاۋاب بەردى.

ھارىسە بىلەن كەئىب ”ئەگەر ئۇ سىلەر بىلەن كېتىشنى خالايدىغانلا بولسا“ دېگەن بۇ جۈملىنى بىرئاز غەلىتىرەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇلار ”شۇنچە يىل ئاتا - ئانىسىنىڭ جۇدالىقى بىلەن قوللۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بىر سەبىي، ئاران تەستە مېھرىبان - ئاتا - ئانىسىغا سازاۋەر بولغاندا، بىرگە كېتىشنى رەت قىلىدۇ، دەپ قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟“ دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرالمىدى.

لېكىن ”ئېلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ“ دېگەن سۆزدىن ئۇرغۇپ تۇرغان كامالى ساخاۋەتنىڭ مەمنۇنىيىتى ئۇلارنى ئىلگىرىكى جۈملىدىن ھەيران قالدۇرۇپ يۇرمىگەن ئىدى. دەل ئەنە شۇنداق پەيتتە زەيدمۇ يېتىپ كەلدى.

ئۇ شۇ تاپتا ئىنتايىن نازۇك بىر ئاچا يولغا كېلىپ قالغان بولۇپ، بىر تەرەپتە، شەپقەتلىك، قەدىردان ئاتىسى غۇلاچلىرىنى كەڭ ئېچىپ، ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ ”دادا!“ دەپ يۈگۈرگەنچە باغرىغا ئۆزىنى ئېتىشىنى، دادىسىنىمۇ يىغلىتىپ، ئۆزىمۇ تەڭ يىغلاپ كېتىشىنى ئاجايىپ تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە، ئائىلە، قان - قېرىنداشلىق جەھەتتىن زەيدنىڭ ھېچ نەرسىسى ھېسابلانمايدىغان يات، ئەمما ھەقىقىي ”ئىنسان“ قاراپ تۇراتتى. زەيدنىڭ دادىسىنى سېغىنغان كۆزلىرى مۇشۇنداق ۋىسال پەيتىدىمۇ ئۆزىگە ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تىكىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ جىمغۇر نەزەرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان قەتئىي ئېتائەتمەنلىكىنى جاكارلاۋاتقاندەك چوڭقۇر ئەدەپ، ئېھتىرام بىلەن يەرگىلا تىكىلىپ تۇراتتى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ مۇھەببەت ئىزھارى بولغان بۇ بېقىشلىرىغا قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدە زادى قانداق ھېسلار بەرپا بولغانلىقىنى ھېچ كىشى بىر نېمە دېيەلمەيتتى.

- زەيد!... سەن بۇلارنى ... تونۇمسەن؟ - دائىم تەبەسسۇم بىلەن سۆز قىلىدىغان ئەمما ھەرگىز قاقاقلاپ كۈلمەيدىغان كامالى ئەخلاقلىق زات سۆز قىلىۋاتقان بولۇپ، مۇبارەك ئاۋازىدا گويا، ئاتا - بالىنىڭ ۋىسال شاتلىقى بىلەن بىرگە، ئۆز ئەزىزىدىن ئايرىلىش ھەسرىتىمۇ ئورتاق ئىپادىلىنىۋاتقاندەك بىلىنىپ تۇراتتى.

- ھەئە! - زەيد جاۋاب بەرمەكتە ئىدى.

- ناھايىتى ياخشى تونۇيمەن. بۇ كىشى مېنىڭ ئاتام ھارىسە، بۇ كىشى تاغام كەئىب بولىدۇ.

زەيد مۇشۇنچىلىكلا سۆز قىلىپ باشقا ھېچنەرسە دېمەستىن، جىمىدە بولۇپ قالدى. باشلىرى يەرگە ساڭگىلىغانچە، كۆزلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياقلىرىغا تىكىلگەن ئىدى. سىرلىق مۇھەببەت ۋە چىن ئىشەنچىنىڭ ئۇزۇلمەس رىشتە يىپلىرىغا باغلانغان زەيد، نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ، ئائىلە، قان - قېرىنداشلىق رىشتىسىنىڭ قايناق بولىقى بولغان قەدىردان ئاتىسىغا مۇشۇنداق كەم ئۇچرايدىغان ۋىسال پەيتلىرىدىمۇ قېنىپ بىر قاراپ دېمەيتتى. ھارىسە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپلا قالدى. كەئىبمۇ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ چوڭقۇر ئويغا پېتىپ كەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلكەش ئاۋازى بىردىنلا ھەممەيلەننى سۈكۈتتىن ئويغاتتى.

- مېنىڭ كىملىكىمنى ھەم ساڭا قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىمنى ياخشى بىلىسەن. ئەمدى ساڭا ئىككىلا يول بار؛ بىرى، خالىساڭ مەن بىلەن قالساڭمۇ بولىدۇ. يەنە بىرى، داداڭ بىلەن ئەزىز تۇغقانلىرىڭنىڭ يېنىغا كەتسەڭمۇ بولىدۇ.

جىمجىتلىق يەنە ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. ھارىسە ئۈمىد بىلەن خەۋپنىڭ جان ئالغۇچ كەيپىياتىدا سىقىلىشقا باشلىدى. كەئىبمۇ ئەندىشىلىك خىياللىرى بىلەن زەيدكە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا،

تەمكىنلىكىنىڭ مۇجەسسەم تەسۋىرىگە ئايلانغان ئىدى.

زەيد نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، خۇدىنى يوقاتقان ھالدا بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە بىر ھازا سۈكۈتتە قالدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ دەرھال بېشىنى كۆتۈردى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆزىدە شادلىق ئەمەس، بەلكى ئەلەملىك ياشلارنىڭ لىغىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرىۋاتاتتى. بۇ دەل ”چىن ئىنسان“غا بولغان مىسلىسىز سۆيگۈ بىلەن پىداكارلىقنىڭ ھەسرەتلىك كۆز يېشى ئىدى. ئاخىرى جىسمى بىلەن ساداقەت ئۇتتۇرىسىدىكى بۇ ھېسسىياتلىق مۇھەببەت كۈرىشىدە يەنىلا ساداقەت غالىب كەلدى. زەيد بۇنداق شارائىتتا دۇنيانىڭ تەسەۋۋۇرىغىمۇ سىغمايدىغان ئاخىرقى قارارىنى تىترەپ كېتىۋاتقان ئاۋاز بىلەن جاكارلاشقا باشلىدى.

- مەن ھەرگىزمۇ سىلىنى قويۇپ، باشقىنى ئەلا بىلىدىغانلاردىن ئەمەس. سىلى مەن ئۈچۈن ئاتا - ئانامدىنمۇ ئەزىز ھەم قەدىرلىك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جاۋابىدىن چوڭقۇر شاتلىققا چۆمدى. ھارىسە بىلەن كەئىب بۇ قارارنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا باشلىرىنى چاڭگاللىغانچە ئولتۇرۇپ قالغان ئىدى.

ئۇلار، ”بىز زادى نېمىنى ئاڭلاۋاتىمىز؟ نېمىنى كۆرۈۋاتىمىز؟ ھەتتا ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان بۇ زادى قانداق رىشتە؟“ دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرالمىدى.

- ئەس - ھوشۇڭ جايىدىمۇ قانداق؟! - ھارىسە ئاچچىقلاپ قاتتىق ۋارقىراپ كېتىۋاتاتتى.

- ئېسىت! ئېسىت! ساڭا زادى نېمە بولدى؟! ئەجەبا داداڭنى تاشلاپ يات بىرسىنى ياخشى كۆرىۋاتامسەن؟ قاراپ تۇرۇپ، قۇللۇقنى ئازادلىقتىن ئەلا بىلىۋاتامسەن؟

زەيد ئەمدى تۇنجى قېتىم دادىسىغا بېقىپ قارىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قانداقتۇر ئاجايىپ بىر يۈكسەك ھەققانىيەتنىڭ نۇرلىرى پارلاپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇ ئىلگىرىكى گۆدەك زەيد ئەمەس، بەلكى تومۇرلىرىدا قان ئورنىغا ساداقەتنىڭ نۇرى ئېقىۋاتقان، جىسمى ئارقىدا قىلىپ، روھى ئالدىدا مېڭىۋاتقان باشقىچىلا بىر زەيد ئىدى.

- توغرا، مەن بۇ گەپنى پۈتۈن ئەقلى - ھوشۇم بىلەن بىلىپ قىلىۋاتىمەن

- زەيد ھەققانىيەت ئىرپانىغا چۆمۈلگەن ھالدا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشكە باشلىدى

- سىلەر ياخشىسى مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار، مەن بۇ ئۇلۇغ زاتتا باشقا ھېچ ئىنساندا كۆرمىگەن پەزىلەتنى كۆردۈم. ئەمدى مەن ھېچ كىشىگە ئەمەس، بەلكى پەقەت يېگانە ئاللاھىم بىلەن مۇشۇ كىشىگىلا مەنسۇپ!

ئۇنىڭ بۇ ياڭراق ساداسى پۈتۈن ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ھاياجان بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، دە - ھەجرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى ۋە ئۇلۇك خىتاب قىلىپ: ”خالايىق! گۇۋاھ بولۇڭلاركى، بۈگۈندىن باشلاپ زەيد مىنىڭ ئوغلۇمدۇر! بۈگۈندىن باشلاپ، زەيد مىنىڭ ئوغلۇمدۇر!“ دەپ ئېلان قىلىشقا باشلىدى.

ئىككى ئىنساننىڭ مۇھەببەت ۋە ساداقەت ئاساسىدا قۇرۇپ چىققان بۇ ئاجايىپ مۇناسىۋىتى نېمە دېگەن قالتىس، نېمە دېگەن مۇستەھكەم، ئۈزۈلمەس رىشتە، ھە!

ھالبۇكى، زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە ھاياتىغا ئادەتتىكى سېتىۋېلىنغان قۇل سۈپىتىدە كېرىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ مەككىنىڭ ئاشۇنداق ئىنسانخور، ئىنسانپۇرۇش جەمئىيەت مۇھىتىدا، بىرەر ئىنساننىڭ ئۆزىنى باغرىغا مەھكەم بېسىشىنى، ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، قۇللۇق تامغىسى بېسىلغان ئەرزىمەس پىشانىسىگە مېھىرلىك لەۋلىرى بىلەن سۆيۈش ئارقىلىق قۇل، خوجايىن، ھەممەيلەننىڭ ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە بەندىسى ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەندۈرەلىشىنى قەتئىي ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بايان قىلىشىچە، زەيد ھەر قېتىم ئۆيگە كىرىپ چاقىرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى قانداقلا ئەھۋالدا بولمىسۇن، دەرھال يۈگۈرۈپ چىقاتتى. ۋە چوڭقۇر مېھرى بىلەن زەيدنىڭ پىشانىسىگە سۆيۈپ تىنچ - ئامانلىق سورايتتى.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ ئادەتتىكى ”قۇل“نىڭ ئەلەملىك باغرىدا تىنىمسىز جۇش ئۇرۇۋاتقان ھەقىقىي ئىنسانىيلىك جەۋھىرىگە بولغان چوڭقۇر تەشنالىقنى شۇ قەدەر چۈشىنىپ، شۇ قەدەر قەدىرلەپ، دەردىگە دەرمان، يارىسىغا مەلھەم بولغانكى، شۇنىڭ نەتىجىسىدە زەيد

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پۈتۈن دىلى ۋە جېنى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن ئىدى.

بىر تەرەپتە زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەت ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنى، ۋەتەن، قەۋمىنى جۈملىدىن پۈتۈن دۇنياسىنى تەسەددۇق ئەيلىگەن بولسا، ئىككىنچى تەرەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەتتىكى بىر قۇلغا ئۆز نەۋرە سىڭلىسى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھلاپ بېرىش ئارقىلىق پۈتۈن ئەرەب قەۋمىنىڭ نەسەبۋازلىق بۇتلىرىنى چاققان ئىدى.

بىر تەرەپتە تائىفنىڭ ئەسەبىي كۇپپارلىرى ھەق ـ ساداقەتنىڭ ئۆچمەس مەشئىلىگە تاش، كېسەك ياغدۇرۇشنى باشلىغاندا، زەيد ئۆز ۋۇجۇدىنى قالقان قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغدىغان بولسا، ئىككىنچى تەرەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىھاد ئۈچۈن ئاتلانغان شۇنچە كاتتا ساھابىلەر قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق تاجىنى زەيدنىڭ بېشىغا كىيگۈزگەن ئىدى. ھەتتا ئاخىرىدا زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىتلىك ۋىسالىغا يەتكەن مۇئەتتا غازىتىدىمۇ نەق ئۈچ مىڭ مۇجاھىدقا قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان ئىدى.

شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرە قېرىندىشى ھەزرىتى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”يا رەسۇلۇللاھ! سەپتە مەن تۇرغان يەردە قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە زەيد ئەمەس، مەن تەيىنلىنىمەنغۇ! دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم“ دەپ پىكرىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى گويا زەيىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتىنى كەم سۇندۇرىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قاتتىق ئەسكەرتىش بەرگەن ھالدا: ”خەپشۇك! ئاللاھغا نىسبەتەن كىمنىڭ بەكرەك يارامىلىق ئىكەنلىكىنى سەن تېخى بىلمەيسەن“ دېگەن ئىدى.

ئاندىن دەل ئاشۇ يارامىلىق ”ئىنسان“نىڭ شېھىت بولغانلىق خەۋىرى كەلگەندە بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلىغانچە ”ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم! زەيدنى مەغپىرەت قىلغىن! زەيدنى بەختىيار قىلغىن!“ دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چەكسىز مۇھەببىتى زەيدنى ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغان بولۇپ، ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى

شۇ قەدەر چوڭقۇر سۆيگەن ئىكەنكى، ئاخىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك يۈرەك پارىسى ۋە جان ـ جىگەر ئوغلىغا ئايلىنىپ، ھەتتا پۈتۈن خالايىقلار كىمنىڭ سۆيگۈچى، كىمنىڭ سۆيۈلگۈچى ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمايدىغان مۇھەببەت ئوبرازىنى بەرپا قىلغان ئىدى.

دەرۋەقە، مۇھەببەت ۋە مۇھەببەتنى قەدىرلەشنىڭ بۇنداق مىسلىسىز تارىخىنى تەۋھىد بىلەن پەيغەمبەرلىكتىن باشقا دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ كەچمىشلىرىدىن ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بۇ نادىر سۆيگۈ تارىخىنى بارلىق پىداكار ئەزىمەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئەسلىدىكى ھاياتى كۈچى بىلەن شۇ قەدەر مۇستەھكەم ساقلاپ كەلگەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەقىقىي سۆيىدىغان ھەرقانداق ”ئىنسان“ ئۇنىڭ مۇبارەك نەزىرى چۈشكەنلا ھەربىر نەرسىگە جان ـ دىلىدىنمۇ بەك مۇھەببەت قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى.

شۇڭلاشقا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خەلىپىلىك دەۋرىدە، شامغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كاتتا قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى ھەزرىتى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇرغان ئىدى. ئەينى چاغدا خېلى كاتتا دانىشمەن زاتلارمۇ بۇنداق چوڭ ئىش ئۈچۈن تېخى ياپ ـ ياشلا ئۇسامەنى باش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي ئېتىراز بىلدۈرۈشتى. ئەمما ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا ئۇلارغا جاۋابەن: ”ئەجەبا سىلەر رەسۇلۇللاھ ئاتا قىلغان قوماندانلىقنى سەن تارتىۋال دېمەكچىمۇ؟!“ دەپ خاتاب قىلغان چاغدىلا، ئاندىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھ ئەنھۇنىڭ زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا نەقەدەر ئەقىدە قىلىدىغانلىقىنى، ئەسلى بۇ ئىشنىڭ ئارقىدا، رەسۇللاھنىڭ مۇھەببىتىگە مۇھەببەت قىلىش ئىشتىياقىنىڭلا رول ئويناۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى.

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەڭگە ئاتلىنىش ئۈچۈن ئات مىنىپ يولغا چىقىۋاتقان پەيتتىمۇ دۇنيادىكى سۆلەتۋاز، ئابرۇيپەرەسلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتىگە مۇھەببەت قىلىش ئىشتىياقىنىڭ ئاجايىپ بىر ئۆزگىچە ئىزھارىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا داڭ قېتىشىپلا قىلىشقان ئىدى.

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئوزۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن چىققان خەلىپە

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇددى ئادەتتىكى بىر قۇلغا ئوخشاشلا ئاتنى چۇلۇۋۇرىدىن يېتىلەپ پىيادە كېتىپ بارماقتا ئىدى. ئات ئۈستىدە بولسا، بىر قۇلنىڭ پەرزەنتى بولغان ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئۇنھۇ قوماندانلىق شەۋكىتى بىلەن ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسىلا دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا مۆمىن بولۇپ ھېسابلىنىدىغان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى نامايان قىلىش يولىدا كىيىم ـ كېچەك، ئۈستى ـ باشلىرىنى ئات تۇياقلىرى ئاستىدىن كۆتىرىلىۋاتقان توپا ـ چاڭلارغا مىلەپ پىيادە كېتىپ باراتتى.

ئۇسامە بۇ مەنزىرىگە زادىلا چىداپ تۇرالماي قالدى. ئەمما ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھقا بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتنىڭ دىلكەش ئەسلىمىلىرىگە شۇڭغۇپ كەتكەن بولغاچقا، سالاپەت، شانۇ ـ شەۋكەت دېگەنلەرنى قەتئىي خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ يۈرمىگەن ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا بىر تۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قۇچىقىدا ھەزرىتى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى، يەنە بىر قۇچىقىدا ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇخلىتىپ ”ئى كەرەملىك ئاللاھىم! مەن بۇلارغا مۇھەببەت قىلىمەن، سەنمۇ بۇلارنى مۇھەببىتىڭنىڭ رەھمەتلىك سايىسىدىن ئايىرمىغىن“ دېگەن دۇئاسى بىلەن ئەللەي ئېتىۋاتقانلىقىنى خىيال قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تۈرۈپ، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇرنى ئېقىپ كەتكەن ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىرگەن چاغلىرىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرھال كېلىپ مۇبارەك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بۇرنىنى تازىلاپ قويۇۋاتقانلىقىنى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇنى كۆرۈپ ”يا رەسۇلۇللاھ! مەن تۇرغان يەردە مۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرمىسىلىرى بولاتتى“ دەۋاتقانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنتايىن قايغۇلۇق دىلكەش ئاۋازدا ”ئى ئائىشە! مەن ئۇنىڭغا مۇھەببەت قىلىمەن، سەنمۇ ئۇنىڭغا مۇھەببەت قىلغىن“ دەۋاتقانلىقىنى ئويلاۋاتاتتى.

بىردىنلا ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ”سىلىنىڭ توپىغا مىلىنىۋاتقانلىرىغا مەن قانداقمۇ قاراپ تۇرالايمەن؟ بولدى مەن ئاتتىن چۈشەي“ دېگەن ئاۋازى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۈرۈۋاتقان شېرىن خىياللىرىدىن ئويغىتىۋەتتى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: ”ياق، ئى ئوماق ئۇسامە! مەن ئۆزۈمنى مۇشۇنداق توپىغا مىلىنىۋالغۇم كەلدى. بۇ دېگەن ھەققانىيەت

يولىنىڭ توپا ـ چاڭلىرى... بۇ دېگەن، رەسۇلۇللاھقا بولغان مۇھەببەت يولىنىڭ توپا ـ چاڭلىرى... ئى ئۇسامە! بۇ دېگەن، بىر قەدەم ماڭسا، يەتتە يۈز ياخشىلىق يېزىلىدىغان مۇقەددەس يولنىڭ توپا ـ چاڭلىرى... مېنىڭ بۇنداق توپىغا مىلەنگىنىمدىن ئۆكۈنمەي، خۇشال بولۇشۇڭ لازىم... شاتلىنىشىڭ لازىم...“ دېگىنىچە يەنىلا ئاشۇ تاتلىق ئەسلىمىلىرى سۈرۈپ تەمكىن قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى.

دېمەك، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا بارلىق ساھابە كىراملارنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھقا شۇنداقلا رەسۇلۇللاھنىڭ ھەربىر سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىگە مۇھەببەت قىلىشنىڭ، جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر سۈننىتىنى جېنىدىنمۇ ئەلا بىلىشنىڭ ئەنە شۇنداق تىرىك داستانىنى تارىخ بوينىغا تۇمار قىلىپ ئاسقان ئىدى.

ئەمما نۆۋەتتىكى بىز مۇسۇلمانلار، ساھابىلەر ھاياتىنىڭ بۇ مۇقەددەس ئەينەكلىرىدە ھېچ يېرى ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان ئەبگا ئەكسىمىزنى كۆرگىنىمىزدە، دەرھال تەۋبە قىلىپ، مۇھەببەت، نەپرەت مىزانىمىزنى ئىسلاھ قىلىۋېلىشنىڭ كويىدا بولماستىن، ئەكسىچە، ئەپتىمىزنىڭ قوتۇرلىقىغا ئاشۇ مۇقەددەس ئەينەكلەردىن دەلىل ئۇندۇرۇشنىڭ كويىنى قىلىپ يۈرمەكتىمىز. ھەتتا ئاشۇنداق شۇملىقىمىز ئۇچۇن سۈننەت، پەرىزلەردىنمۇ تۈك ئۇندۇرۇپ، تولغاپ ئوينىماقتىمىز. ئەپسۇسكى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز ”مۇسۇلمان“! يەنىلا بىز ”مۇسۇلمان“!